


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئاپتورنىڭ رۇخسىتى ۋە تەلىپى
بىلەن ئېلكىتاب توردا تۈنجى بولۇپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org



ئۆمەر ئىمن

(لاگېر پاجىئەلىرىدىن ئوچېرىك ۋە ھېكايىلەر)

# پانىي دۇنيادىكى دوزاخ

دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى

ئۆمەر ئىمن
پانىي دۇنيادىكى دوزاخ
(لاگېر پاجىئەلىرىدىن ئوچېرىك ۋە ھېكايىلەر)
دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى









ISBN 978-82-691948-1-4

ئۆمەر ئىمىن

# پانىي دۇنيادىكى دوزاخ

## (لاگېر پاجىئەلىرىدىن ئوچېرك ۋە ھېكايىلەر)

دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى

# پانىي دۇنيادىكى دوزاخ

(لاگېر پاجىئەلىرىدىن ئوچېرىك ۋە ھېكايىلەر)

Die Hölle in dieser Welt
The Hell in This World
Bu Dünyadaki Cehennem

Author: Ömer Imin

ئاپتور: ئۆمەر ئىمىن
تەھرىر: مۇتەللىپ سەيدۇللا
كوررېكتور: مەمەتئېلى نىياز ئۇيغۇربەگ
بەتچىك: ئالىمجان ئىبراھىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: شادىيە ھاشىم
نەشر قىلغۇچى: دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى
2020 - يىلى 10 - ئاي

ISBN 978-82-691948-1-4

ھەمكارلاشقۇچى: ئېلكىتاب تورى
www.elkitab.org
ئېلكىتاب

# مۇندەرىجە


ئۆمەر ئىمىننىڭ تەرجىمىھالى .......... I

تارىخنى ئوقۇش .......... III

ئاپتوردىن .......... VII

ئۆمەر بېكئالى نېمىنى ئىقرار قىلىشى كېرەك ئىدى؟ .......... 1

زۇمرەتنىڭ زۇلمەتلىك كۈنلىرى .......... 35

مېھرىگۈلنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدىغان كەچۈرمىشلىرى .......... 59

پانىي دۇنيادىكى دوزاخ .......... 101

ۋەھىمىدە قالغان ئادەم .......... 123

بوۋاق مەھبۇس .......... 137

ئىسىم پاجىئەسى .......... 151

جەسىتى سۇدىن سۈزۈۋېلىنغان بالا .......... 167

جەسىتى مۇز ئارىسىدىن تېپىلغان بالا .......... 183

چېكىت چىقارغان چاتاقلار .......... 197

گۈلنىسانىڭ گۈلى نەدە ئېچىلاتتى؟ .......... 215

ئانام بىز ئۈچۈن ھەم ئانا ھەم دادا بولدى .......... 237

ئامانگۈلنىڭ ئاھىغا كىم قۇلاق سالاتتى؟ .......... 263

ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ھاجى .......... 279

ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مۇدىر .......... 297

ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىمام .......... 313

قوشماق تۇغقاننىڭ قوش ۋەزىپىسى .......... 329

ئايتۇرسۇننىڭ ئانىسى نېمىشقا يىغلىمىسۇن؟ .......... 337

قىزىم، سېنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم .......... 351

ھايۋان قۇتقۇزۇش نامايىشىدىن تۇغۇلغان ھېسلار .......... 361



ئۆمەر ئىمىن

# ئۆمەر ئىمىننىڭ تەرجىمھالى

ئۆمەر ئىمىن 1967 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق توقسۇ ناھىيىسىدە خىتاينىڭ ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى باشلىغان، زۇلمەتلىك قارا يىللارنىڭ ئەتىياز پەسلىدە گۈل - گىياھلار بىخ سۈرۈپ، دەرەخلەر پوتلا تاشلاپ، تەبىئەت ئىللىشقا باشلىغان 5 - ئايدا دۇنياغا كۆز ئاچقان.

1974 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە توقسۇدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1984 - يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە فاكولتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1988 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئوقۇش جەريانىدا خىتاي سىياسىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىككى قېتىملىق نامايىشىغا قاتناشقان ۋە خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى سىياسىي ھەرىكىتىنى باشلىغان.

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن دەسلەپ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە مەكتىپىگە تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ، ئائىلە - تاۋاباتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن يۇرتى توقسۇغا قايتىپ، ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدە ۋە قۇشۇمچە توقسۇدا ئېچىلغان سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ قارمىقىدىكى ئالىي تېخنىكوم مەكتىپىدە سىياسەت پەنلىرى لېكتورى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئۆمەر ئىمىن 1994 - يىلى 2 - ئايدا يۇرتى توقسۇدا سەپداشلىرى بىلەن بىرگە «شەرقىي تۈركىستان ھەققانىيەت پارتىيەسى»نى قۇرۇپ چىقىپ، ياشلارنى تەشكىللەپ، خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىدىئولوگىيىلىك تەشۋىقات ۋە ئەمەلىي قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەققانىيەت پارتىيەسىنىڭ پائالىيەتلىرى ئاشكارلىنىپ قېلىپ، پارتىيەنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى تۇتقۇن قىلىنغان. ئۆمەر ئىمىن بەختكە يارىشا ئامان قېلىپ، چەتئەلگە چىقىپ كېتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، 1996 - يىلى

گېرمانىيەگە كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ۋە ھازىرغىچە گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ.

ئۆمەر ئىمىن گېرمانىيەدە ھەرخىل سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقاندىن باشقا، قوشۇمچە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ 2016 - يىلى 11 - ئايدا ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى تەرىپىدىن «نىدا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

# تارىخنى ئوقۇش

مۇتەللىپ سەيدۇللا

تارىخ ئۈستىدە ھەر قېتىم سۆز ياكى پاراڭ تېمىلىرى بولغاندا، چوڭقۇر سۈكۈت ۋە ئېغىر خۇرسىنىشلارغا چۆكىمەن. بۇ بەلكىم تارىختىن ئۆزەمنى قاچۇرۇش ياكى تارىخنى ۋاراقلىغىنىمدا، يۈرەكنى ئازابلايدىغان چوڭقۇر بىر يارىنى ھېس قىلىدىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك. نېمىلا بولسۇن يەنىلا ياشىماققا مەجبۇرمىز. «تارىخنى غالىبلار مەغلۇبلارنىڭ دۈمبىسىگە يازىدۇ. ــ نېتزى». بۇ سۆزنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا خاتىرەمگە كۆچۈرۈۋالغان ئىدىم. شۇ ۋاقىتلاردىكى تۇيغۇلىرىم ھېلىھەم ئېسىمدە. كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تارىخنى تېما قىلغان رومانلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئوقۇلۇشى بىزنىڭ تارىخقا بولغان مۇرەككەپ تۇيغۇلىرىمىزنى ئۆز تارىخىمىزغا مۇراجىئەت قىلىشىمىزدىكى تۈپ سەۋەبلەرنى ئازراق ھېس قىلغان ئىدىم، يەنى ئۆز تارىخىغا تەشنا بولغان بىر مىللەتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر سېغىنىشلىرى بولسا كېرەك. دېمەككى تارىخنى ئوقۇش تارىخنى يېزىشتىن ئوڭاي. باھا بەرمەكمۇ قولاي.

بىراق تارىخ ئۈستىدە گەپ بولغاندا شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بىز ئۇلۇغ بىلگەن شۇ تارىخ بىر بەتتىن، بىر ۋاراقتىن، بىر قۇردىن، بىر ھەرپتىن تىزىلىپ بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلقى مول ھېسسىياتقا تولغان بىر مىللەت. بىزدە نۇرغۇن تارىخىي رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەر بار. بۇلار ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، ھازىرغا قەدەرگە بىر قىسىملىرى بىزگە يېتىپ كەلدى. كۆپۈنچىلىرى ئاستا ـ

ئاستا ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ قۇيرۇقىنى قۇم باستى ياكى ئۇنتۇلۇپ كەتتى. دېمەك، تارىخنى پۈتۈك قىلىش، قەغەز يۈزىدە يېزىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىزگە يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى. ھەممىمىز كۆرۈۋاتىمىز، تارىخ ھېچكىمنىڭ ياكى ھېچقانداق مىللەتنىڭ كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ ھەم كۆز ياشلىرىغا ئەسلا رەھىم قىلمايدۇ. بۈگۈن بىلەن ئەتىنى بىرلەشتۈرسەك دەل بىز ئەكسىمىزنى يەنى بىز بىلمەكچى بولغان تارىخنى كۆرەلەيمىز.

سىلەر كۆرۈۋاتقان «پانىي دۇنيادىكى دوزاخ» ناملىق بۇ كىتابتىكى تىرىك شاھىدلارنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى كۆرۈۋېتىپ كىتابنىڭ ئىسمى مېنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ بىر پارچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دوزاخ ۋە جەننەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ. بىز روھىمىزدىكى، خىيالىمىزدىكى دوزاخ ۋە جەننەت ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئەخلاق مىزانىنى، ھاياتتىكى يولىمىزنى، ھەرىكەتلىرىمىزنى تەڭشەپ كەلدۇق. يەنى «كىشىنىڭ كىشىدە قالمايدۇ» دېگىنى بويىچە، ئامال بار دوزاختا ئەمەس جەننەتتىن مەرتىۋە ئىزدەپ كەلدۇق. رىئاللىق ھەممىدىن ئۈستۈن بولغىنىدەك، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشىدا كۆيۈۋاتقان دوزاخ ئوتى بۈگۈنكىدەك ئۆزىنى مەدەنىيەتتە ۋە تېخنىكىدا بىر يېڭى ئېرادا ياشاۋاتىمىز دەۋاتقان بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت تەرىپىدىن خۇددى بىر ھەر فىلىم كۆرۈلۈۋاتقاندەك يىراقتىن كۆرۈلدى جاۋابسىز ۋە ئاۋازسىز قېلىندى. بۇ يەردە نۇرغۇن سىياسىي ۋە دىپلوماتىك سەۋەبلەر بولسىمۇ. بۇ خىل باھانە سەۋەب ۋە نەزەرىيەۋى تەسەللىلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۈگۈنكىدەك ئاچچىق قىسمەتلىرىگە، تارىختا مەڭگۈ ئۇنتۇشقا بولمايدىغان مەڭگۈلۈك ئازابلىرىغا يول ئاچتى. بۇ قولىڭىزدىكى ئەسەر دەل مۇشۇ تارىخى رىئاللىقنىڭ تۇنجى قەدەمدە قەغەز يۈزىدە بىزگە ۋە باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشى.

مەن بۇ كىتابنىڭ تۇنجى ئوقۇرمىنى بولۇش سۈپىتىم بىلەن خېلى ئۇزۇن سۈكۈتكە چۆمدۈم. نېمە ۋەجىدىندۇر بېشىدا

ئازاپلاندىم، ئاخىرىدا بىر ئاز ئۈمىد ئۇچقىنى كۆردۈم. تارىخنى قايتا ۋاراقلاش ياكى قايتا ئانالىز قىلىش كۈچلۈك روھىي قۇۋۋەت ۋە ساپا تەلەپ قىلىدىغان ئىش. ئەمما بىزنىڭ رېئاللىقىمىز ھەمىشە تارىخ ئالدىدا چارىسىز، تولىمۇ بىچارە قالدى. بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبلىرى مۇكەممەل بىر تارىخنى يېزىقىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويالمىدۇق ياكى شانلىق تارىخىي پاكىتلىرىمىز كۆيدۈرۈلدى، يوقىتىلدى، چەكلەندى يەكلەندى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلار ئالدىدا چارىسىزلىككە مەھكۇم بولدۇق. بۈگۈنكىدەك ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ ئۆلۈمگە ياكى جازا تۈرمىلىرىگە مەھكۇم بولۇشىنى دۇنيا سۈكۈتكە چۆمۈپ جاۋابسىز قالدۇردى، دەل مۇشۇنداق چارىسىزلىكنى، بىچارىلىكنى قولىڭىزدىكى مۇشۇ ئەسەر ئارقىلىق تارىخقا يازدى ھەم يازدۇ دېيەلەيمىز. بۇ كىتابتىكى شەخسلەر ئاشۇ بىگۇناھ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان پەقەت بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىسپاتى خالاس. ئۇيغۇرلاردا «ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق» دېيىدىغان بىر گەپ بار. بىر كۈنلەردە شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ شۇ زالىم مۇستەبىت خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئادالەت سوتىغا تارتقاندا، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تارىخى پاكىتلار ئارقىلىق شۇ ئىبلىس نىجىسلارنى بارار جايىغا يوللايمىز. بۇنىڭغا تارىخ ئۆز قارارىنى چوقۇم بېرىدۇ. بىراق تارىخمۇ مۇشۇنداق بىر ھەرپ، بىر بەتلەردىن بېرىكىپ مۇكەممەل بولغان بىر تارىخى پاكىتقا ئايلانغۇسى. ئەلۋەتتە، بۇ بىرلا كىتاب نەشىر قىلىنىپ ھەممە مەسىلە ھەل بولمايدۇ، بىراق بۇ بىزنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا باشلانغان قۇتلۇق قەدەمدۇر.

بۇ كىتابتا تەسۋىرلەنگەن شاھىدلارنىڭ گۇۋاھلىقى مىليونلىغان قارا زىنداندىن شۇنداقلا بۇ دۇنيادىكى دوزاختىن چىقالىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى خالاس. بىراق بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى قەدەمدۇر. مەن بۇ كىتابنىڭ بەدىئىي

ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختالماي. چۈنكى كىتابتىكى پاجىئەلەر يۈرەك قەلبلىرىمىز چارىسىزلىك ئىچىدە پۇچىلانغان ۋە تىلدا ئىپادىلەپ بولغۇسىز پانىي دۇنيانىڭ دوزاخلىرىدا بىگۇناھ ھالدا كۆيۈۋاتقان بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ كۈلپەتلىرىنىڭ، ئازابلىرىنىڭ پەقەتلا بىر بۆلۈكى خالاس. تارىخ چۈشەنگەنلەر ئۈچۈن بىر روھتۇر. بۈگۈننى خاتىرىلەش گۈزەل كەلگۈسىمىزنىڭ باشلانغۇچى بولۇپ قالغۇسى. تارىخىي ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا بولىدىكى، قايتا تەكرارلاشقا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەمدىلىكتە تاقەت ۋە سەبرى يوقتۇر.

ئاخىرىدا ئۆمەر ئىمىن ئەپەندىنىڭ بۇ قىرغىنچىلىقتىكى يۈرەك ئاغرىقى ۋە روھى بېسىملاردىن دەس تۇرۇپ، قەلەم كۈرىشىگە ئاتلانغان قۇتلۇق قەدىمىگە مۇبارەك بولسۇن دەيمەن. ئۆمەر ئىمىن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى بىلىمنىڭ زاكىتىنى بەرگەن بىر ئۇيغۇرنىڭ پەرزەنتى دەپ قارايمەن. بۇ تېخى بىر باشلىنىش، ئالدىمىزدىكى قۇتلۇق قەدەملىرىنى مىللەتنىڭ تەنتەنىسى بىلەن بىرگە قۇتلۇقلاش نېسىپ بولغاي.

2020 - يىلى 20 - سېنتەبىر (ئوسلو، نورۋېگىيە)

# ئاپتوردىن

ھۆرمەتلىك كىتابخان، قولىڭىزدىكى «پانى دۇنيادىكى دوزاخ» ناملىق كىتاب ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن قايتىدىن پەيدا قىلىنغان، ئەمما ئىلگىرى دۇنيادىكى تىنچلىق سۆيەر ئىنسانلار تەرىپىدىن: «ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيادا قايتا تەكرارلانمايدۇ» دېيىلگەن ئاتالمىش يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ۋە تۈرمىلەرگە قامالغان مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەمەلىي پاجىئەلەرنى ھېكايە شەكلىدە ئوقۇرمەنلەرگە جانلىق بايان قىلىش ۋە ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلىپ يېزىلدى. كىتابتىكى ھېكايىلەردە ھەقىقىي بولغان ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنى ئوبرازلاشتۇرۇپ بايان قىلىش ئۇسۇلى بويىچە يېزىلىپ، ۋەقەلىكنىڭ چىنلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەقسەت قىلىندى. شۇنداقتىمۇ بۇ بىر ئەدەبىي ئەسەر بولغاچقا قىسمەن بەدىئىي توقۇلمىلاردىن خالىي ئەمەستۇر ئەلۋەتتە!

ئاپتور كىتابتا سۈرەتلەنگەن لاگېر پاجىئەلىرىنى يورۇقلۇققا چىقىرىشتا: «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» مۇخبىرلىرىنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە ئالغان خەۋەرلىرى ۋە «ئىستىقلال تور تېلېۋىزىيەسى» نىڭ «پارتىلىغان سۈكۈت» پروگراممىسىنىڭ نەق مەيدان پروگراممىسىغا قاتناشقان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ «گۇۋاھلىق بايانلىرى»نى مەنبە سۈپىتىدە پايدىلىنىپلا قالماستىن، يەنە بىر قىسىم پېرسوناژلارنى بىۋاستە زىيارەت قىلىپ سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن پاجىئەلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ ۋەقەلىكنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتى.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، مەزكۇر ھېكايىلەر خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان ئاتالمىش

«كەسپى قايسى تەربىيەلەش مەركىزى»دىكى گۇناھسىز تۇتقۇنلارغا سالغان ۋە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنىڭ مىڭدىن بىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن بولۇۋاتقان زۇلۇملارنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىغا قىسمەن بولسىمۇ نامايان قىلدۇرۇپ، زۇلۇمغا قارىتا يۈرىكىڭىزنى ئازراق بولسىمۇ تىترىتەلىسە، لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە قامالغان مىليونلىغان ئەزىمەت ئوغلانلىرىمىز ۋە قىزلىرىمىزنىڭ، ياشانغان موماي ۋە بوۋايلارنىڭ، تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان سەبى باللارنىڭ، داڭلىق زىيالىي ـ ئالىملىرىمىزنىڭ، دىنىي ئۆلىمالىرىمىزنىڭ پاجىئەسىگە قارىتا كۆزىڭىزگە بىر تامچە بولسىمۇ ياش كەلتۈرەلىسە ھەمدە سىزدە شۇ تىراگېدىيەلەرگە قارىتا مەلۇم نىسبەتتە ھېسداشلىق پەيدا قىلالىسا ئاپتورنىڭ تەۋرەتكەن قەلىمىنىڭ سىياھى بوشقا كەتمىگەن بولاتتى ئەلۋەتتە!

ھۆرمەتلىك كىتابخان! ناۋادا سىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن زۇلۇم چېكىۋاتقان خەلقىڭىزگە بولغان ھېسداشلىقىڭىز ئازراق بولسىمۇ ئاشسا، زۇلۇم سالغۇچى خىتاي جاللاتلىرىغا بولغان بولغان نەپرىتىڭىز كۈچەيسە، بۇ ئاپتور ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. ئۆزىڭىز ئۈچۈن شەرەپلىكتۇر. چۈنكى، مەن ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دېگەندەك مەزكۇر ھېكايىلەر ۋەتىنىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان تىراگېدىيەلىك پاجىئەلەرنى كۆز ئالدىڭىزغا جانلىق سۈرەتلەپ، سىزنى ۋەقە بولۇۋاتقان مەيداندىكى بىر گۇۋاھچىدەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ، بۇ تىراگېدىيەلەرنى ئۆزىڭىزنىڭمۇ تىراگېدىيەسىدەك، گويا سىزنى شۇ نەق مەيداندىكى ۋەقەلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، سىزنى مۇشۇ تىراگېدىيەلەردىن قۇتۇلۇش ياكى قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى بىر قەھرىمانغا ئايلاندۇرالىسا ئەجەب ئەمەس، ئەلۋەتتە!

ھۆرمەتلىك كىتابخان! بۇ كىتابتىكى ھېكايىلەردە يېزىلغان ۋەقەلىكلەر ۋەتىنىمىز ئىچىدىكى لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە قامالغان مەلۇم بىر كونكرېت شەخسلەرنىڭلا تىراگېدىيەسى بولۇپ قالماي، بەلكى

بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان تىراگېدىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن سىزنىڭمۇ بېشىڭىزغا كەلگەن تىراگېدىيەدۇر. ئەلۋەتتە، زامان ۋە ماكان شارائىتلىرى تۈپەيلى ھەر بىر شەخسنىڭ بېشىغا كەلگەنلەر ۋە ياكى باشتىن كەچۈرگەن تىراگېدىيەلىرى ئوخشاش بولماسلىقى تەبىئىي، شۇڭلاشقا سىز كىتابتىكى ھېكايىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ۋەقەلىكلەرگە قارىتا: «بۇ بىر ھەقىقىي بولغان پاجىئەمىدۇ ياكى پۈتۈنلەي توقۇپ چىقىرىلغان ھېكايىمىدۇ؟ ياكى بولمىسا ئاپتور ھېسسىياتقا بېرىلىپ بەك ئاشۇرۇۋەتكەنمىدۇ؟» دېگەندەك سوئاللاردا بولۇشىڭىز مۇمكىن، شۇنداق بولغاندا سىز ۋەتىنىمىزنىكى لاگېر ۋە قاراڭغۇ تۈرمىلەردىكى بۇ دەھشەتلىك پاجىەلەرنى تىرىك شاھىتلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ بېقىڭ! ياكى مەلۇم دەرىجىدە كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ! شۇندىلا بۇ سوئاللىرىڭىزنىڭ جاۋابىنى تاپالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل.

ئاخىرىدا شۇنى دېمەكچىمەنكى، بۇ كىتابتىكى ھېكايىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە مەنبە سۈپىتىدە ياردەمچى بولغان «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى»نىڭ پىداكار ۋە مىللەتسۆيەر مۇخبىرلىرىغا، «ئىستىقلال تور تېلېۋىزىيەسى»نىڭ «پارتلىغان سۈكۈت» پىروگراممىسىدىكى مىللىتىگە جان كۆيەر ئەزىمەت خىزمەتچىلىرىگە، قورقماس ۋە مەردانە گۇۋاھچىلارغا، شۇنداقلا زىيارىتىمنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ئەينەن بايان قىلىپ بەرگەن ئۆمەر بېكئالى، زۇمرەت داۋۇت، مېھرىگۈل تۇرسۇن ۋە ئىلمىنۇر خانىملارنىڭ ھەممىسىگە ئالاھىدە رەھمىتىمنى ئېيتىمەن. ئاللاھ سىلەردىن رازى بولسۇن!

# ئۆمەر بېكئالى نېمىنى ئىقرار قىلىشى كېرەك ئىدى؟

ئۆمەر بېكئالى تۇتقۇندىكى تۈرمە ھاياتىدا ئۇيغۇر كامىرداشلىرىدىن مۇنداق بىر ئالىيجاناب سۆزنى ئاڭلىغان: «خىتايلار بىزنىڭ پۇت - قولىمىزنى باغلىيالىسىمۇ، ئەمما روھىمىزنى مەڭگۈ باغلىيالمايدۇ».

ئۆمەر بېكئالى 1976 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پىچان ناھىيەسىنىڭ كارىز كۆل مەھەللىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئانىسى ئۇيغۇر، ئاتىسى قازاق ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇپ ، ئۇيغۇر بالىلار بىلەن بىللە ئويناپ، قويۇق ئۇيغۇر مۇھىتىدا چوڭ بولدى. ئۇ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پىچاندا تۈگىتىپ، ئۈرۈمچىدە خىتاي تىلى تەييارلىق سىنىپىدا ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن خىتاي پايتەختى بېيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىپ، سودا - تىجارەت كەسپىدە ئوقۇدى. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋە قارامايدا خىزمەت قىلدى. ئۇ 2006 - يىلى قازاقىستانغا كۆچۈپ چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي قازاقىستان ۋەتەنداشلىقىغا قوبۇل قىلىندى.

ئۆمەر بېكئالى قازاقىستانغا كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، بىر نەچچە يىل ئۆز ئالدىغا شىركەت قۇرۇپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ تىجارىتى ئاساسەن ئالمۇتا - ئۈرۈمچى ئارىسىدا بولۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ يىلدا بىر نەچچە قېتىم شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ، مال زاكاز قىلىش، مال كۆرۈش ۋە بۇيرۇتۇش ئىشلىرىنى قىلغاچ ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ تۇراتتى. كېيىنچە ئۇ قازاقىستاندىكى مەلۇم بىر ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىگە تەكلىپ قىلىنىپ، شىركەتنىڭ خىتاي بۆلۈمىدە مەسئۇل مۇئاۋىن دىرېكتورى بولۇپ ئىشلىدى.

2017 - يىلى قازاقىستاندا «ئېكسپو» ناملىق بىر چوڭ يەرمەنكە ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ شىركىتى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر سودا - سانائەت مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ قىلىندى. ئۇلار بۇ يىغىنغا شىركەت دىرېكتورىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

بىر گۇرۇپپا ھالىتىدە كېلىپ قاتناشتى. يىغىن ئىككى كۈن داۋام قىلىپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يىغىننىڭ ئۈچىنچى كۈنىدىكى بوش ۋاقىتتا پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇ باش دىرېكتوردىن بىر كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ، ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كەچتە پويىز بىلەن پىچانغا يېتىپ كېلىپ، ئاتا - ئانىسى بىلەن ئاران بىر كېچىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە مۇيەسسەر بولدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆمەر بېكئالى ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرگە ناشتا قىلىپ بولۇپ، دۇئادىن كېيىن بۇ بىر كۈنلۈك قىممەتلىك «دىدار غەنىيمەت كۈنى»نى قانداق ئۆتكۈزۈشنى مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. توساتتىن ئىشىك قوڭغۇرىقى ئەنسىز چېلىنىپ، ھېچ كۈتۈلمىگەن بەش مېھمان تولۇق قوراللانغان ھالەتتە كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۆمەر بېكئالىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدىلا قولىغا كويزا سېلىپ: «ئوغلۇڭ تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ» دېگەن بىرلا ئېغىز گەپ بىلەن ساقچىغا ئېلىپ مېڭىشتى. ئۆمەر بېكئالى ئۇلارغا پاسپورتىنى كۆرسىتىپ: «مەن قازاقىستان پۇقراسى، جۇڭگو پۇقراسى ئەمەس، سىلەرنىڭ مېنى تۇتۇش ھوقۇقۇڭلار يوق» دېدى ئاچچىق بىلەن، بۇنى ئاڭلىغان ساقچىلارنىڭ ئىچىدىكى پاكىنەك كەلگەن، چوشقىدەك سەمرىپ كەتكەن بىر خىتاي ئېغىز ئېچىپ: «سەن قازاقىستان پۇقراسى بولساڭ نېمە بولۇپتۇ؟ قازاقىستان بىز ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەس، سېنى ئەمدى پىرېزىدېنتىڭ نەزەربايوف كەلسىمۇ قۇتقۇزالمايدۇ» دېدى كۆرەڭلىك بىلەن ۋارقىراپ، ئاندىن:

— نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسىلەر؟ ئاختۇرۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ياللاقچىلىرىغا، شۇنىڭ بىلەن تۆت ساقچى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ سومكا، يانچۇق - پورتمانلىرىنى ئاختۇرۇپ، ھەممە نەرسىنى تارتىۋالدى. يانفونىدىكى شەخسى رەسىم ۋە خەت - ئۇچۇرلارنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۆمەر بېكئالى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، ساقچىلاردىن ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى قازاقىستان كونسۇلىغا تېلېفون

قىلىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئېيتقاندا، ئۇلار بۇنىڭغىمۇ يول قويمىدى. ئۇ يەنە پىچان ساقچىلىرىدىن ئۆزىنى نىمشقا تۇتقۇن قىلغانلىقىنى سورىغاندا ئۇلار: «سەن بىر تېررورچى بولۇشۇڭ مۇمكىن» دېدى. ئۆمەر بېكئالى بۇنىڭغا ئىنتايىن ھەيران قالدى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن قارامايدىن تۆت ساقچى كېلىپ، ئۇنى قارامايغا ئېلىپ كەتتى.

قارامايدىكى ساقچىلار خۇددى دۇنيادىكى «ئەڭ چوڭ تېررورچى»نى تۇتۇۋالغاندەك كۆرەڭلەپ كېتىشكەن ئىدى. ئۇلار ئۆمەر بېكئالىنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، مەخپىي ھالدا قاراماي شەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئالاھىدە تەكشۈرۈش بۆلۈمىدە ئېلىپ كىردى. دوختۇرلار ساقچىلارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇنىڭ يۈرەك، جىگەر، ئۆپكە ۋە بۆرەك دېگەندەك بارلىق ئىچكى ئەزالىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئىككى بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان ئالدى. بىر نامەلۇم سۇيۇقلۇقنى ئوكۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلىكىگە ئۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن شەخسىي تارىخىنى سوراپ ئېلىپ، كومپيۇتېرغا كىرگۈزدى. بۇ بىر قېتىملىق قان ئەۋرىشكىسىنى ئېنىقلاشلا ئەمەس بەلكى بىر DNA سىنى تۇرغۇزۇپ ئېلىش جەريانىغا ئوخشايتتى. چۈنكى، بۇ جەرياننىڭ ھەممىسى زامانىۋى ئاپپارات بىلەن تاماملىنىپ، كومپيۇتېرغا ئېلىنغان ئىدى.

بۇ دوختۇرلۇق تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن، ئۆمەر بېكئالى يەنە ساقچىخانىغا ئېلىپ كېلىندى. ئاندىن ساقچىخانىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە ئەكىرىلىپ، تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، پۇتى ۋە قولىنى تۆمۈر ئورۇندۇققا مەھكەم چېتىپ، زەنجىر بىلەن باغلاپ، مىدىر - سىدىر قىلالماس قىلىپ قويىدى. تۆت ساقچى خۇددى جاللاتلاردەك ۋەھشىيلەرچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۆمەر بېكئالىنىڭ كۆزىگە ئۇلار ھازىرلا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قاتىللاردەك كۆرۈنۈپ، بەدىنى شۈركۈنۈپ، يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا مىلتىق - تاپانچا قارا ۋە رەڭلىك توك كالتىكى، زەنجىر -

كىشـەن دېگەنـدەك جـازا قورالىرىنىـڭ ئـەڭ ۋەھشـىيلىرى تۇراتتـى. دەھشـەتلىك سـوراق باشـلاندى:

ــ جىنايىتىڭنـى ئىقـرار قىـل، ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىـك قىلىنىدۇ، قارشـىلىق قىلساڭ ئېغىـر جـازا بېرىلىدۇ؟

ــ نېمىنـى ئىقـرار قىلىمـەن ، مـەن ھېچقانـداق جىنايـەت ئۆتكۈزمىگـەن تۇرسـام!

ــ سەن دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كەلدىڭ!

ــ مـەن قانداقسـىگە سـىلەرنىڭ دۆلىتىڭلارغـا تەھدىـت ئېلىـپ كېلەلەيمـەن ؟

ــ سـەن تېرروزچىلارغـا يـاردەم قىلىـپ، قازاقىسـتاندىن تۈركىيـە، سۈرىيەلەرگە جىھاتچىلارنـى يولغـا سـالغان بولۇشـۇڭ مۇمكىـن؟

ــ سـىلەر ماڭـا تۆھمـەت قىلىۋاتىسـىلەر، مـەن ھېـچ كىمنـى، ھېـچ يەرگـە يولغـا سـالمىدىم. مـەن ھېچقانـداق تېرروزچىلارنـى تونۇمايمـەن.

ــ يالغان سۆزلەۋاتىسەن، بىزنىڭ قولىمىزدا ئىسپات بار.

ــ قېنى ئۇنداق بولسا، ئىسپاتىڭلارنى كۆرسىتىڭلار ؟

ــ ئىسـپات دەمسـەن ؟ بىـزدە ئىسـپات دېگـەن نۇرغۇن، بىـز ھازىرلا سـاڭا كۆرسـىتىپ قويىمىـز ، مەسـىلەن: قارامـاي ،ئۈرۈمچـى، قەشـقەر ۋە خوتەنلەردىـن نۇرغـۇن ئۇيغـۇرلار قازاقىسـتان ۋە قىرغىزىسـتان ئارقىلىـق تۈركىيـە ۋە سۈرىيەگە بارغـان، ئۇلارغـا سـەن يـاردەم بەرمىسـەڭ قانـداق قىلىـپ سۈرىيەگە بارالايتتـى؟

ــ مېنىـڭ سـۈرىيە ۋە تۈركىيەگـە بارغانـلار بىلـەن ھېچقانـداق مۇناسـىۋىتىم يـوق، مـەن ئۇلارنىـڭ بىرسـىنىمۇ تونۇمايمـەن.

ــ ئۇنداقتـا سـەن تۈركىيەگـە نېمشـقا بارغـان ؟ بىـرەر مەقسـىتىڭ بولمىسـا تۈركىيەگـە نېمگـە باراتتىـڭ؟

ــ مەن تۈركىيەگە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بارغان.

ــ ھـەي، سـەن يالغـان سۆزلەۋاتىسـەن ؟ بىـز سـاڭا ئىشـەنمەيمىز! سـەن بىـر تېرروزچـى.

ــ مـەن ھېچقاچـان يالغـان سـۆزلەپ باقمىغـان، سـىلەر مـاڭا

تۆھمەت چاپلاۋاتىسىلەر! مەن تېرروررچى ئەمەس مېنى قويۇۋېتىڭلار! بولمىسا، ئۇستۇڭلاردىن قازاقىستان كونسۇلى ئارقىلىق ئەرز قىلىمەن.

— ھەددىڭنى بىل! بىزگە تېرورچىلىق جىنايىتىڭنى ئىقرار قىل! بىز سېنىڭ كونسۇلۇڭدىن قورقۇپ قالمايمىز، ساڭا جازا قوراللىرىمىزنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويمىساق، ھەددىڭنى بىلمەيدىغان ئوخشايسەن: قېنى بۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇڭلار! - دەپ ۋارقىرىدى ئۇزۇنتۇرا، قىسىق كۆز كەلگەن بىر خىتاي ساقچى يېنىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن ئۈچ ساقچى تەڭلا ئېتىلىپ كېلىپ، كالتەك بىلەن ئۆمەر بېكئالىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ يۈز - كۆزى قانغا بويۇلۇپ كەتتى. ئۇ تاياق زەربىسىگە چىداشلىق بېرىپ، ئامال بار «ۋايجان» دەپ تۇۋلاپ سالماسلىققا تىرىشتى. ئەمما تېگىۋاتقان كالتەكلەر ئۇنىڭ جان - جېنىغا ئۆتمەكتە ئىدى.

— ئىقرار قىل! - دەپ ۋارقىرىدى يەنە ھېلىقى ئۇزۇنتۇرا خىتاي چىرايىنى سەت پۈرۈشتۈرۈپ، شۇ تۇرقىدا ئۇ خۇددى بىر يىرتقۇچ ۋەھشىي مەخلۇققا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى.ئۆمەر بېكئالى يۈزىدىن ئېقىپ ئاغزىغا كىرىپ كېتىۋاتقان قاننى تازىلاپ، يەرگە قاراپ تۈكۈرىۋېتەي دەپ تۇرۇۋىدى، ئۇ يەنە: «ئىقرار قىل!» دەپ ۋارقىرىدى خۇددى چوشقىدەك چىرقىراپ. ئۆمەر بېكئالى: «نېمىنى ئىقرار قىلىمەن؟» دەپ جىم تۇرغاندىن كېيىن ئۇ يەنە قول ئاستىدىكى جاللاتلىرىغا بۇيرۇق قىلدى:

— ئۇرۇڭلار! توختىماي ئۇرۇڭلار! ئۇ بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىزنىڭ قۇدرىتىنى تېخى بىلمەيۋاتىدۇ. سوراقچى جاللاتلار ئۆمەر بېكئالىنى يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى. يۈز - كۆزى، مەيدە - كۆكسى ھەتتا قورساق ۋە يوتىلىرىغىچە تاياق تەگمىگەن يەر قالمىدى. ئۇ ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. گەپ قىلغۇدەكمۇ ھالى قالمىدى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن سوراقچى خىتاي بىر ۋاراق قەغەزنى ئەكېلىپ: «مانا بۇ سېنىڭ ئىقرارنامەڭ، بۇنىڭغا قول قوي!» - دېدى يەنە ۋارقىراپ، ئۆمەر بېكئالى بېشىنى چايقاپ قول قويمايدىغانلىقىنى ئىشارەتلىدى. غالجىرلاشقان

سوراقچى باشلىقى ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ، قول چوماقچىلىرىغا بىر نېمىلەرنى دېۋىدى ئۇلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۆمەر بېكئالىنى يولۋاس ئورۇندۇقتىن بوشىتىپ، سوراقخانىنىڭ تورۇسىدىكى زەنجىرگە ئىككى قولىنى باغلاپ، پۇتى يەرگە تەگمەيدىغان قىلىپ ئېسىپ قويدى.

ئۆمەر بېكئالى بۇ كېچىنى ئېسىقلىق ۋە هوشسىز هالەتتە ئۆتكۈزدى. ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ساقچىلار هەيۋە بىلەن تەهدىت سېلىپ يەنە كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۆمەر بېكئالىنى ئېسىلغان يەردىن بوشۇتۇپ، 5 مىنۇت تەرەت قىلىۋېلىشقا رۇخسەت قىلدى. ئاندىن بىر تال هورنان بىلەن بىر چىنە قايناق سۇ ئەكېلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئازراق ماغدۇر كىرىپ، ئۆزىنى هاياتتەك هېس قىلدى. ئۇنىڭ بېشىدا خۇددى هەققى باردەك قاراپ تۇرغان سوراقچىلار ئۇنى ئالدىرىتىپ:

ــ تېز بول! بىز خىزمىتىمىزنى باشلىمساق بولمايدۇ! ـ دەپ، ئۇنىڭ بىر قېتىم راهەتراق تىنىۋېلىشىغىمۇ ئىمكان بەرمىدى. سوراق دەرهال باشلىنىدىغاندەك قىلاتتى. جاللاتلار ئۇنى يەنە يولۋاس ئورۇندۇققا باغلىدى. سوراقچى باشلىقى بىر نېمىنى ساقلاۋاتقاندەك سائەتكە قاراۋاتاتتى. هايال ئۆتمەي دوختۇردەك ئاق خالات كىيىۋالغان ئىككى خىتاي كىرىپ بەلگىلىك سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىشتى ۋە باشلىق خىتاينىڭ كۆزىگە قارىدى. باشلىق خىتاي خۇددى ئۇلارغا مۇهىم يوليورۇق بەرگەندەك، ئۇلار بىلەن بىر نەچچە مىنۇت ئايرىم سۆزلەشتى ـ دە، «باشلاڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇلار ئۆمەر بېكئالىنىڭ ئۆپكە ـ يۈرەك، جىگەر ـ بۆرەك قاتارلىق هەممە ئىچكى ئەزالىرىنى تەكشۈردى. ئىككى بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان ئالدى. ئاندىن نامەلۇم بىر ئاپئاق دورىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ: «مانا بۇنى يېگىن، قۇۋۋەت دورىسى، نېرۋاڭنى تىنچلاندۇرىدۇ» دېدى. ئۆمەر بېكئالىنىڭ شۇئان كاللىسى ئىشلەپ: «مەندەك پاك بىر ئادەمنى جىنايەتچى دەپ تۆهمەت قىلىۋاتقان خىتايلار قانداقمۇ ماڭا قۇۋۋەت دورىسى بەرسۇن؟ بۇ بىر

ئادەم ئۆلتۈرىدىغان زەھەر بولۇشى مۇمكىن» دېگەننى ئويلىدى - دە، ئۇ دورىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. ئەمما، ئۇنى يۇتۇپ كەتمەستىن تىلىنىڭ ئاستىغا تىقىۋېلىپ، خۇددى ئۇنى يۇتىۋەتكەندەك قىلىپ ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، دوختۇرلارنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ ئۆتكۈزىۋەتتى. دوختۇرلاردىن بىرى، بىردەم ئۇنىڭغا نېمە ئۆزگىرىش بولار بولاركىن؟ دېگەندەك قىلىپ قاراپ تۇردى. يەنە بىرى كومپيۇتېرنى ئېچىپ، نامەلۇم ۋە سىرلىق خەتلەرنى يېزىۋاتاتتى. خىتايچە «تۈگىدىمۇ؟» دېگەن سوئالدىن كېيىن دوختۇرلار سايمانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كامېردىن چىقىپ كېتىشتى.

سوراقنىڭ 2 - كۈنى باشلاندى. بۇ قېتىم سوراقچىلار ئالماشقان بولۇپ، ناتونۇش تۆت سوراقچى كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پاكارراق ۋە دوغىلاق كەلگەن، سېمىزلىكىدىن قىيسىق كۆزلىرى يۇمۇلۇپلا قالاي دېگەن بىرسى گەپ باشلىدى:

– ئىقرار قىل! ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك، قارشىلىق قىلساڭ ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

– نېمىنى ئىقرار قىلىمەن؟ مەن ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىدىم.

– «تېررورچىلارنى سۈرىيەگە يولغا سېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت يەتكۈزگەن ئېغىر جىنايىتىڭ»نى ئىقرار قىلىسەن. – دەپ، ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان بىر «ئىقرارنامە»نى ئۇنىڭغا تەڭلىدى ۋە بۇنىڭغا قول قويساڭ جىنايىتىڭ يېنىكلەيدۇ! ئەگەر قول قويمىساڭ بۇ يەردىن ئۆلۈكۈڭ چىقسا چىقىدۇكى، تىرىكىڭ چىقمايدۇ. – دەپ تەھدىت سالدى. ئەمما، ئۆمەر بېكئالىنىڭ كاللىسىغا: «مەن نېمىشقا يالغان ئىقرار قىلىمەن؟ نېمىشقا قول قويىمەن؟ ئەگەر قول قويسام، مەندەك ھېچقانداق بىر جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن، پاك ئادەمگە تۆھمەت جىنايىتى ئارتىلىپ، يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەيدىغان ئىش بولۇپ قالامدۇ؟» دېگەن خىيال كەلدى - دە، مەجبۇرىي ۋە يالغان ئىقرار قىلىپ قول

قويۇشىنى قەتئىي رەت قىلدى.

سوراق ئۈچىنچى كۈنىمۇ، تۆتىنچى كۈنىمۇ ئوخشاش شەكىلدە داۋام قىلدى. جاللاتلار ئوخشاشلا: «ئىقرار قىل، قول قوي! ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك، قارشىلىق قىلساڭ ئېغىر جازا بېرىلىدۇ» دېگەننى تەكرارلايتتى. ئۆمەر بېكئالى قول قويۇشنى قەتئىي رەت قىلدى. ئەمما ئۇ رەت قىلىش بەدىلىگە قاتتىق تاياق يېدى. جاللاتلار ئۇنى ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويدى. هەر كۈنى ئەتىگەندە بىر تال، كەچتە بىر تال مۇشتۇمچىلىك كېلىدىغان هورنان بېرەتتى. بىر قاچىلا سۇ بېرەتتى. هەممىدىن يامىنى تەرەت قىلىشقا رۇخسەت بەرمەي رۇخسەت بېرىلگەندە بولسا، سوراقخانا ئىچىگە چېلەك قويۇپ بېرىپ، هەم ئۈستىدە قاراپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئېغىر ئىزا - ئاهانەت قىلدى. ئۆمەر بېكئالى بۇنىڭغا چىداشقا، غۇرۇرىنىڭ پايخان بولۇشىغا سەۋر قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى «قەپەسكە چۈشۈپ قالغان قۇش» تىنىمۇ بىچارە هالەتتە هېس قىلىۋاتاتتى.

جاللات سوراقچىلار ئۆمەر بېكئالىنى تۆت كېچە - كۈندۈز سوراق قىلىپ، هېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن سوراقخانىدىن ئېلىپ چىقىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، پۇت - قولىغا زەنجىر - ئىشكەل سېلىنغان هالەتتە مەخپىي هالدا باشقا بىر جايغا ئاپىرىپ، ئۇن نەچچە كىشى قامالغان بىر كامېرغا ئەكىرىپ سولىۋەتتى. ئۆمەر بېكئالى يېنىدىكى كامېرداشلىرىدىن سوراپ، بۇيەرنىڭ قاراماي شەهىرىدىكى بىر «ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى» ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ يەرمۇ بىر تۈرمە ئىدى. قامالغان تۇتقۇنلارنى گۇندىپايلار خالىغانچە ئۇراتتى، تىل - هاقارەت قىلاتتى. تۇتقۇنلار قاتتىق كونترول ئاستىدا تۇتۇلاتتى. ئۇلارنىڭ سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشىغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈشىگە يول قويۇلمايتتى. تويغۇدەك تاماق بېرىلمەيتتى. ناماز ئوقۇپ ئىبادەت قىلىشىغا، كىتاب ئوقۇش - يېزىشقا رۇخسەت قىلمايتتى. تۇتقۇنلارنىڭ ئۆز - ئارا گەپلىشىشىگە، هەتتا سوئال سورىشىغىمۇ يول قويمايتتى. ئاغرىق -

سىلاق بولۇپ قالسا داۋالىمايتتى. كامېرلار ھەر كۈنى گۇناھسىز يىگىت مەھبۇسلار بىلەن تولدۇرۇلۇپ تۇراتتى.

ئۆمەر بېكئالى بۇ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا ئورنىدا نۇرغۇن ئىشلارغا گۇۋاھچى بولدى. ئۇنىڭ بىرىنى ئۇ مۇنداق ئەسلەيدۇ: «بىركۈنى ئالىمجان ئىسىملىك ياش بىر تىجارەتچى بالا تۇتۇلۇپ، ئۆمەر بېكئالى تۇرۇۋاتقان كامېرغا سولاندى. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ بالا ئىچكىرىگە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بارغان ئىكەن. بىركۈنى ئۇ خاڭجۇ دېگەن شەھەردىكى بىر ئاشخانىدا تاماق يەپ بولۇپ چىقىپ كېتىۋاتسا، ئىشىك تۈۋىدە ماراپ تۇرغان ساقچىلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئالىمجان ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نېمىشقا ئۆزىنى تۇتىدىغانلىقىنى سورىغاندا ئۇلار: «بىز ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساقچىلىرى، سېنى تۇتۇشىمىزنىڭ سەۋەبى بولسا، سەن سۈرىيەگە بېرىپ جىھادقا قاتناشماقچى» دەپتۇ، ئۇ: «بۇنىڭغا نېمە ئاساسىڭلار بار؟ مەن بۇ يەرگە تىجارەت ئۈچۈن كەلگەن» دېسە، ئۇلار ئىشەنمەپتۇ. ھەمدە ئالىمجاننى پويىز بىلەن ئۈرۈمچىگە يالاپ ئەكىلىپتۇ، ئاندىن قارامايدىن ساقچى چاقىرتىپ ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ، قاراماي ساقچىلىرى ئۇنى ئۈرۈمچىدىن يالاپ ئەكېلىپ، ھېچ سەۋەبسىزلا بۇ يەرگە سولاپتۇ. ئەمما ئۇ، مۇشۇ ۋاقىتقىچە ھېچقانداق يەردە، ھېچقانداق بىر جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن ئىكەن. ئالىمجان ساغلام ـ تىمەن ۋە خېلى جىگىرى بار يىگىت ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھسىز تۇتۇلغانلىقى ھەققىدە پات ـ پاتلا گۇندىپايلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالاتتى. ئۇ گۇندىپايلار بىلەن توختىماي: «مەن گۇناھسىز، مېنى قويۇۋېتىش» دەپ جېدەل قىلاتتى. گۇندىپايلارمۇ ئۇنىڭ بىرەر ئەيىبىنى تۇتۇۋېلىپ، شۇ باھانىدە ئۇنى ئۇرۇۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ يۈرەتتى. بىر كۈنى تۇتقۇنلار ئەتىگەنلىك چىنىقىشتا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئالىمجاننىڭ ئىشتىنىنىڭ تۈگمىسى چۈشۈپ قالدى. ئۇ تۈگمىنى ئالىمەن دەپ يەرگە ئېڭىشىۋىدى، ئارقىدا كېلىۋاتقان گۇندىپاي ختاي كېلىپ،

ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە بىرنى تېپىپ يىقىتىۋەتتى. غەزەپلەنگەن ئالىمجان ئورنىدىن قوپۇپ گۇندىپايىنىمۇ بىرنى تەپتى. بۇنىڭغا چىدىمىغان گۇندىپاي قولىدىكى كالتەك ئالىمجاننىڭ قورساق ۋە بېقىنىغا ئۇزاققىچە توختىماي ئۇردى. ئېغىر تاياق زەربىسىدىن ئالىمجان هوشىدىن كەتتى. بۇ ۋاقىتتا باشقا تۇتقۇنلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، گۇندىپاينى ئۇرۇشتىن توسۇپ - توختىتىۋالدى. ئالىمجاننى كامېرداشلىرى كۆتۈرۈپ كامېرغا ئەكىرىۋېتىشتى. ئالىمجان ئۇزاققىچە هوشىغا كەلمىدى. كەچكە يېقىن ئاران هوشىغا كەلدى - دە: «ماڭا نېمە بولدى؟ بېشىم قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ، سىيگۈم كېلىۋاتىدۇ؟» دەپ ئىڭرىدى. تۇتقۇنلار ئۇنىڭغا ئىچىۋاتقان چايلىرىدىن ئازراق بېرىشتى. ئۇ بىر ئاز ماغدۇرىغا كەلگەندىن كېيىن هاجەتكە يۆلەپ ئېلىپ چىقتى. ئالىمجان تەرەت قىلالماي قاتتىق قىينالدى. ئۇنىڭ كىچىك تەرىتى قىپقىزىل قان رەڭگىدە كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر نەچچە كۈنگىچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇنىڭ بۆرىكى كاردىن چىققانىدەك قىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ گۇندىپايلار ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىشنىڭ ئورنىغا، يەنە ئۇنى يۈگۈرۈشكە چىقىشقا مەجبۇرلىدى. تۇتقۇن كامېرداشلىرى ئۇنى يۆلەپ دېگۈدەك مەيدانغا ئېلىپ چىقتى. ئەمما ئۇ، تۆت - بەش چامدام ماڭمايلا يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. گۇندىپايلار يەنە ئۇنى ئۇرماقچى بولۇپ يېقىن كېلىۋىدى، كامېرداشلىرى كېلىپ ئۇنى ئۇرماسلىققا نەسىهەت قىلدى. هەم ئۇنى كامېرغا ئەكىرىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئېلىپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، ئەمما گۇندىپايلار قوراللىرىنى چىقىرىپ بەتلىشىپ هېچكىم يېقىن كەلتۈرمىدى - دە، يانفونلىرى بىلەن تېلېفون قىلىشىپ، باشقا ساقچىلارنى چاقىرىپ كېلىشتى، هايت - هۇيت دېگۈچە گۇندىپاي باشلىقلىرى يېتىپ كېلىشىپ ئەهۋالنى كۆرۈپ، گۇندىپايلارغا ئالىمجاننى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىشنى بۇيرۇدى. تۇتقۇنلارغا بولسا: «گۇندىپايلار خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلغان» دېگەن سەۋەب بىلەن يىگىرمە تۆت سائەت تاماق - سۇ

بەرمەسلىك جازاسى بېرىلىدى. تۇتقۇنلارنىڭ يىگىرمە تۆت سائەتلىك جازاسىمۇ ئۆتتۇپ كەتتى. ئەمما، ئالىمجان قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ ھايات ياكى ئۇ دۇنياغا كەتكەنلىكىدىنمۇ ھېچكىم خەۋەر تاپالمىدى.

ئۆمەر بېكئالى بۇ «ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى»غا كەلگەندىن بۇيان شۇنى كۆردىكى، بۇ يەرگە ھەر كۈنى نەچچە ئونلىغان كىشىلەر تۇتۇلۇپ كېلەتتى. ھەممىسىلا: «بىز گۇناھسىز، ناھەق تۇتۇلدۇم» دەيتتى. ئۇلارنىڭ تۇتۇلىشىغا ھېچقانداق تۇتامغا چىققۇدەك سەۋەبلەر كۆرسىتىلمەيتتى. ئۆمەر بېكئالى تۇتقۇنلارنىڭ گۇناھسىزلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىمۇ گۇناھسىز تۇرۇپ، گۇمان بىلەن تۇتۇلغانىدى. ئۆمەر بېكئالى ئويلاپ قالدى:«نېمىشقا بۇ ھۆكۈمەت سەۋەبسىزلا گۇناھسىز ئادەملەرنى تۇتىدىغاندۇ ؟ ئۇلار سوتسىيالىستىك دۆلەتنى خەلق قۇرۇپ چىقىدۇ، سوتسىيالىزم خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، سوتسىيالىستىك دۆلەتتە قانۇن - خەلق مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئادالەتنى قوغدايدۇ، ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ دەيتتىغۇ؟ ئەمما ھازىر ئىشلار ئۇنداق بولمايۋاتىدىغۇ؟ ساپلا ئادەتتىكى پۇقرالار، يەنى تىجارەتچىلەر، دېھقانلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تۇتۇۋاتىدۇغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسىلا ئۇيغۇر، قازاق ۋە تۇڭگانلار ! قېنى ئادالەت ؟ نېمىشقا بۇ يەرگە خەنزۇلارنى تۇتۇپ كەلمەيدۇ؟ قېنى باراۋەرلىك؟ سوتسىيالىزم ئۆز غايىسىنى يوقىتىۋاتامدۇ قانداق؟ ياكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم دېگەن مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟ خىتايلارنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، باشقىلارنى بوزەك - قۇل ھېسابلامدىغاندۇ ؟»

ئۆمەر بېكئالى ئاشۇنداق خىياللار ئىچىدە ۋاقىتنى كۈن، سائەت، مىنۇت ساناپ ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇ گۇناھسىز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە «يالغان ئىقرارنامە»گە قول قويمىغان بولغاچقا، ھەممىدىن مۇھىمى ئۇ چەتئەل پۇقراسى بولغاچقا، خىتايلار ئۇنى «ئۆلۈم جازاسى»غا ھۆكۈم قىلالمايدىغانلىقىغا، تۈرمىدىن ھامان بىر كۈنى ساق - سالامەت چىقىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. دېگەندەك، ئۇ

قارامايغا تۇتۇپ كېلىنىپ ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كامېردىن چاقىرتىلىپ، تۈرمە ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىلدى. ئىشخانىدا يوچۇن ئىككى ساقچى ئولتۇراتتى. ئۇلار ئادەتتىكى ساقچىلارغا ئوخشىمايتتى. كىيگەن فورمىلىرىمۇ باشقىچە تۇراتتى. ئۇلاردىن ئوتتۇرا بوي، سېمىزرەك كەلگەن قىيسىق كۆز خىتاي سۆز ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ «دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى»دىن كەلگەنلىكىنى، ئۆمەر بېكئالىنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ چىققانلىقىنى، ئۇنىڭ «گۇناھسىز»لىقىنى، ئەمما قولىرىدا يۇقىرىدىن قويۇۋېتىش بۇيرۇقى يوقلۇقىنى، شۇڭا ھازىر ئۇنى قويۇۋېتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۆمەر بېكئالىمۇ ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ تېزرەك قويۇپ بېرىلىشىنى، قازاقىستان كونسۇلى بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت بېرىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى. سۆزلىشىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلار گۇندىپايلار بىلەن بىر نېمىلەرنى دەپ ئۇزاق كوتۇلداشقاندىن كېيىن چىقىپ كېتىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر بېكئالى تۈرمىدە بىر ئاز راھەت نەپەس ئالالايدىغان بولدى. باشقىلارغا قارىغاندا بىر ئاز ئېتىبار قىلىشقا ئىگە بولدى. تاماقلىرىمۇ بىر ئاز ياخشىلاندى. گۇندىپايلار ئۇنى ئۇرۇپ - تىللاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولدى. بۇنىڭدىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاھۇ - زارى ۋە قىلغان تىلەك - دۇئالىرىنىڭ ئاللاھقا ھەم قازاقىستان دائىرىلىرىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. دېگەندەك 6 - ئاي بولسا كېرەك، ھاۋا تازا ئىسسىشقا باشلىغان بىركۈنى يەنە كامېردىن چاقىرتىلىپ، تۈرمە ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىلدى. ئىشخانىدا قازاقلارغا ئوخشايدىغان ئىككى كىشى تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى: «بىز قازاقىستان كونسۇلى»دىن كەلدۇق - دەپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى:

— سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن بىز، ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئەھۋال مەلۇم قىلىشى بىلەن خەۋەر تاپقان ئىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن بىز جۇڭگو دائىرىلىرى بىلەن ئالاقە قۇرۇپ، سىز توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق. ئۇلارنىڭ سىزنى قانۇنسىز تۇتقۇن قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدۇق، سىزنىڭ

گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق ، چۈنكى، سىز قازاقىستاندا ھېچقانداق جىنايەت سادىر قىلىپ، سوراققا تارتىلمىغان دۇرۇس ئادەم سىز! ئۇنداق ئىكەن، سىز دەرھال قويۇپ بېرىلىشىڭىز كېرەك!

بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان ئۆمەر بېكئالى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ناھەق تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ بىر: «خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ قىلمىش» ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ، ئۆزىنى مۇمكىنقەدەر تېزرەك قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۆمەر بېكئالى تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئەمما نېمىشقىدۇر ۋاقىت ئۇزىراپ كېتىپ باراتتى. قارامايدا كۆز ئاخىرلىشىپ، قىش باشلىنىپ، ھاۋا ئىنتايىن سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى. كامېرلارغا تۇتقانلار ھەددىدىن زىيادە كۆپ سولانغاچقا، ھەممە تۇتقۇنلارنىڭ سېمونتتىن ياسالغان سۇپىدا ئۇخلاش ئىمكانى يوق ئىدى، سىغىشمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئون ئىككى كىشى سىغىدىغان سۇپىغا يىگىرمە تۆت ئادەم يېتىشقا توغرا كەلدى. بۇنداق يېتىش ئۈچۈن ئۇلار پەقەت قىر چىقىرىپ، يانچە بىر - بىرىنى قۇچاقلىغاندەك يېتىشقا توغرا كېلەتتى. تۇتقۇنلار بۇنى ئۆزئارا چۈشىنىشكەن ۋە قوبۇل قىلىشقان ئىدى. بىر قېتىممۇ سېنىڭ ئاۋۇ يېرىڭ، مېنىڭ ماۋۇ يېرىمگە تېگىپ قالدى قالدى ياكى مېنى قىستىۋەتتىڭ دېيىشىپ قالمىدى. ئۇلار زۇلۇمغا قارشى ئاكا - ئۇكا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك بولۇشۇپ كەتكەن ئىدى. تۇتقۇنلار بۇنداق مېھرىبانلىقتىن ئۆزلىرىگە كۈچ - مەدەت ئېلىشاتتى.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۆمەر بېكئالىنىڭ تۇتقۇنلۇق ھاياتى يەتتىنچى ئايغا قەدەم قويدى. ھەر كۈنى يېڭى - يېڭى تۇتقۇنلار تۇتۇلۇپ كېلىنگەچكە، تۈرمىگە تۇتقانلار سىغمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىيىن - قىستاق ۋە ئۆلۈم - يېتىم ۋەقەلىرى كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا ئۆمەر بېكئالى يالغۇز كىشىلىك كامېرغا يۆتكىۋېتىلدى. بۇ بىرلا ئادەم سىغقۇدەك چوڭلۇقتىكى تار ۋە

قاراڭغۇ بىر كامېر بولۇپ، يېيىش - ئىچىشتىن تارتىپ، تەرەت قىلىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كامېر ئىچىدە بولاتتى. كامېر يىگىرمە تۆت سائەت ئېچىلمايتتى. تاماقمۇ ئىشىكنىڭ كىچىك تۆشۈكىدىن كىرگۈزۈپ بېرىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇز كىشىلىك كامېرغا يۆتكىۋېتىلگەنلىكىنىڭ سىرىنى چۈشەنمەيۋاتاتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى: «مېنى نېمشقا يالغۇز كىشىلىك كامېرغا يۆتكىۋېتىشتى ؟ مەن قويۇپ بېرىلىشىم كېرەك ئىدىغۇ ؟ ئەمدى بۇ قانخورلار مېنى قويۇپ بېرىشنى كېچىكتۈرۈۋېتەرمۇ ياكى ئاسقۇغا ئېسىپ قويارمۇ ؟ قازاقىستان كونسۇلىدىكىلەرنىڭ مېنى قۇتقۇزۇش ئۈرۈنۈشلىرى كارغا كەلمەي قالارمۇ ؟»

ئۇ مۇشۇنداق ئۆزىگە - ئۆزى سوئال قويۇپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئاستا - ئاستا بۇنىڭ سىرىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ھەئە، ئەمدى بىلدىم دەپ ئويلىدى ئۇ: «بۇ قانخورلار مېنى تۈرمىدىكى تۇتقۇنلارغا قىلىنىۋاتقان ھەددى - ھېسابسىز ۋەھشىيلىكلەرنى، داۋاملىق ئېشىۋاتقان تۇتقۇن قىلىنىشلارنى بىلىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن؟» ئەمما، ئۇنىڭ كۆڭلى ئۆزىنىڭ قويۇپ بېرىلىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇۋاتاتتى.

كۈتكەن كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «قاراماي شەھەرلىك بىخەتەرلىك ئىدارىسى»دىن كەلگەن ئۈچ كىشى گۇنديپايلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇ ياتقان كامېرنىڭ ئالدىغا كەلدى. كەلگەن بۇ ئۈچ ساقچىدىن بىرسى ئوسمان ئىسىملىك ئۇيغۇر ساقچى بولۇپ، ئۇ خىتاي تىلىدا گۇنديپايغا يېلىنغاندەك گەپ قىلىۋاتاتتى. گۇنديپاي بولسا ئۇنى مەنسىتمەي، گېپىنى ئاڭلىمايۋاتاتتى. ئاخىرىدا ئۇ قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بىر پارچە ھۆججەتنى كۆرسەتتى. شۇ چاغدىلا گۇنديپاي كامېر ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئۆمەر بېكئالىنىڭ پۇت - قولىدىكى كىشەنلەرنى بوشۇتۇپ، ئۇنى كامېردىن ئېلىپ چىقتى ۋە كەلگەن ئۈچ ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلار ئۆمەر بېكئالىغا ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلماستىن،

ماشىنىغا چىقىرىپ ئېلىپ ماڭدى. يولدىمۇ ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، نەگە ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتمىدى. بۇنىڭدىن ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ: «مېنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىدى. شۇ چاغدىلا ئوسمان ئېغىز ئېچىپ، ساقچى يۇقىرىدىن «قويۇپ بېرىش ئۇقتۇرۇشى» كەلدى. – دەپ، ھېلىقى گۇندىپاي خىتايغا كۆرسەتكەن قەغەزنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلىپ:

– ئەمما، بىز سىزنى ھازىر قويۇپ بېرەلمەيمىز! چۈنكى، ئىدارىمىزدىكى ۋاڭ باشلىق سىزنى «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىپ بېرىپ، بىر مەزگىل قايتا تەربىيەلەپ چىقىشىمىزنى بۇيرۇق قىلدى. سەن بەلكى ئۇ يەردە ئەڭ ئاز ئىككى يىللىق «قايتا تەربىيەلىنىپ، مېڭە ئۆزگەرتىش» نى تاماملىغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلىشىڭ مۇمكىن ؟ بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر بېكئالى غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇلاردىن سورىدى:

– مېنى نېمە ئۈچۈن «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىپ بارىسىلەر؟ مەن گۇناھسىزغۇ ؟ مانا يۇقىرىدىن «قويۇپ بېرىش بۇيرۇقى»مۇ كېلىپتىغۇ؟

– ئەمما، بىزنىڭ ۋاڭ باشلىق ئۇنى ئېتىراپ قىلمىدى. بۇ دېگەن بىزنىڭ قاراماي شەھىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا چىقارغان قارارى دەيدۇ. – دېدى ئوسمان دۇدۇقلاپ.

– ئۇنداق بولسا مەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىمەن، مېنى قازاقىستان كونسۇلى بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭلار! مەن بىر قازاقىستان پۇقراسى، سىلەرنىڭ مېنى «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئەۋەتىش ھوقۇقۇڭلار يوق ! مېنىڭ قايتا تەربىيەلەشكە ئېھتىياجىم يوق، مەن ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن، كەسپىم ۋە خىزمىتىم بار بىر ئادەم. – دېدى ئۆمەر بېكئالىمۇ بوش كەلمەي.

– نېمە دېسەڭ دېگىن. مەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىدىغان ئادەم، سېنى قويۇپ بېرىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. – دېدى يەنە

ئوسمان تاتىرىپ.

ــ ئۇنداق بولسا، مېنى ۋاڭ باشلىقنىڭ يېنىغا ئېلىپ بار! ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن!

ــ ياق ، بولمايدۇ! - ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ! - دېدى يەنە ئوسمان گەدىنىنى قاشلاپ، ــ ئۇ دېگەن قارامايدىكى ئەڭ ئالى سىياسىي ھوقۇقلۇق ئادەم، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ گېپى ئۆتمەيدۇ!

ئۆمەر بېكئالى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭغا گېپىنى ئاڭلىتالمىدى. ماشىنا نىشانغا كېلىپ قالغان چېغى، ئېگىز تاملىق، ئۈستى سىم - تىكەن بىلەن قورشالغان يوغان بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ: «دوكلات» دەپ چاس بەرگەندىن كېيىن دەرۋازا ئېچىلدى. ماشىنا دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن، تۆت قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، ساقچىلار ئۆمەر بېكئالىنى ماشىنىدىن ئېلىپ چۈشۈپ، بىر ئىشخانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ يەردىن يوغان قورساق، تولۇمدەك سەمرىپ كەتكەن بىر ساقچى چىقىپ، خىتايچە سالاملىشىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. قارىغاندا، ئۇ مۇشۇ يەرنىڭ مەسئۇلدەك قىلاتتى. ئەمما، ئۇمۇ ئۇيغۇردەك قىلاتتى - يۇ خىتايچە سۆزلەۋاتاتتى.ئۇلار خۇددى تاكاللاشقاندەك ئۇنلۇك گەپلىشىۋاتاتتى:

ــ مەن ئۇنى بۇ يەرگە ئالالمايمەن. چۈنكى، ئۇ قازاقىستان پۇقراسى ئىكەن، بىز بۇ يەرگە چەتئەللىكنى سولىساق بولمايدۇ!

بۇنىڭغا ئاچچىقلانغان ئوسمان تېخىمۇ ۋارقىراپ:

ــ نېمىشقا بولمايدۇ؟ بىزنىڭ ۋاڭ باشلىق ئۇنى «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە تاپشۇرۇڭلار! ئۇ ئىككى يىل قايتا تەربىيەلىنىپ، كاللىسىنى ئۆزگەرتسۇن دېگەن. ــ دەپ، چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئوسمان خېلى ئۇزاققىچە تاكاللىشىپ، ئۇنىڭغا گېپىنى ئاڭلىتالمىدى - دە، ئاخىرى تېلېفونىنى سايرىتىپ، ۋاڭ باشلىقنىڭ تېلېفونىغا ئۇلىدى ۋە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، بىردەم

كوتۇلداشقاندىن كېيىن، تېلېفوننى لاگېر باشلىقىغا تۇتقۇزدى. تېلېفوننى قولىغا ئالغان لاگېر باشلىقى خۇددى «سۇغا چۆشۈپ كەتكەن مۆشۈكتەك» تىترەپ ـ بوشىشىپ:

ــ خوپ! باشلىق، خوپ! شۇنداق بولسۇن، مەن ئۇنى دەرھاللا تىزىملىككە كىرگۈزۈۋېتەي! ـ دەپ، ئوسسمانغا تېلېفوننى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزگە قول قويۇپ، ئۆمەر بېكئالىنى ئېلىپ قالدى ۋە ئىككى چوماقچىسىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ:

ــ ئۇنى «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىش رەسمىيىتى بېجىرىڭلار. ــ دېدى.

خۇددى باشقا لاگېر تۇتقۇنلىرىغا ئوخشاش ئۆمەر بېكئالىنىمۇ بۇ يەردە ئالدى بىلەن دوختۇرلۇق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزدى. يۈرەك، ئۆپكە ـ جىگەر دېگەندەك بارلىق ئىچكى ئەزالىرىنى تەكشۈردى. قان بېسىمىنى ئۆلچەپ، كۆز مۇگۈگۈز پەردىسىنى سۈرەتكە ئېلىۋالدى ۋە ئىككى بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان قالدى. ئاندىن نامەلۇم بىر سۇيۇقلۇقنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇپ، ئاندىن ئېغىزدىن ئىچىدىغان دورا بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن ئائىلە كېلىپ چىقىش تارىخىنى سۈرۈشتۈرۈپ، قايتىدىن «د،ن،ئا ئۇچۇر ئامبىرى»غا كىرگۈزۈۋالدى.

تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆمەر بېكئالىنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، تۆت قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە ئېلىپ چىقىپ، بىر كامېرغا سولىۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا كەچ سائەت بولۇپ قالغان بولۇپ، تۇتقۇنلار گۇندىپايلاردىن ئۇخلاش بۇيرۇقى تاپشۇرۇۋالغان ئىدى. ئۆمەر بېكئالى كامېردا كىم بار؟ نەچچە ئادەم بار؟ ئۇنى بىلەلمىدى. ئۇ ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەن ئىدى. تۇتقۇنلارنىڭ بىر قىسمى داق يەردىلا يانچە بولۇپ، بىر ـ بىرسىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك يېتىشقا باشلىغانىدى. ئەمما بىر قىسمى يەنە ئۆرە تۇراتتى. ئۆمەر بېكئالى ئۇلاردىن: «سىلەر نېمىشقا ياتمايسىلەر ؟»دەپ سورىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشانغانراق بىرسى جاۋاب بېرىپ:

— بۇرادەر! كۆزۈڭ كۆرمىدىمۇ؟ بۇ كىچىك كامېرغا ئوتتۇز ئادەم قاچىلىغىلى بولامدۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭدىن ئۆمەر بېكئالى بىلدىكى، تۇتقۇنلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئۇخلىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار ئۆمەر بېكئالىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كىچىككىنە بىر كىشىلىك بىر يەرنى بوشىتىپ بەردى. ئۇ قاتتىق ھېرىپ كەتكەچكە، قېتىقتەك ئۇيۇپلا ئۇخلاپ كەتتى.

ئۆمەر بېكئالى قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىنى بىلەلمىدى. بىر ۋاقىتتا قاتتىق چېلىنغان سىگنال ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، كامېرداشلىرى خۇددى ئەسكەرلەردەك چاققان ھەرىكەت بىلەن يوتقان - كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ھاڭۋېقىپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغان ئىدى. بىر كامېردىشى ئۇنىڭغا خىتاي تىلىدا:

— تېز ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، چاققان ئورنۇڭنى يىغىشتۇر! بولمىسا، بايراق چىقىرىشقا كەچ قالساڭ، ساڭا ئەتىگەنلىك ناشتىلىق بېرىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر جازالىنىسەن! - دەپ، ئۇنى ئاگاھلاندۇردى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر بېكئالى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز ئورنىنى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. ئەمما ئۇ يەتتە ئايلىق تۇتۇپ تۇرۇلۇش جەريانىدا بەك ئاجىزلىشىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەچكە ئىتتىك ھەرىكەت قىلالمايۋاتاتتى. باشقا تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇ ئورنىنى يىغىشتۇرۇپ چىققاندا بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئالللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، قاتارىغا تىزىلدۇرۇلغان تۇتقۇنلار مەجبۇرى ھالدا يۇقىرى ئاۋازلىق كانايغا ئەگىشىپ ناخشا توۋلاۋاتاتتى. ئۆمەر بېكئالىنىڭ كېچىكىپ چىققانلىقىنى كۆرگەن گۇندىپايلار ئۇنى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا يالغۇز توختىتىپ قويدى. ھايال ئۆتمەيلا ناخشا ئوقۇش مۇراسىمى تۈگىدى. مەيداندىكى تۇتقۇنلار كامېرلارغا كىرىپ كېتىشتى. ئەمما، ئۆمەر بېكئالىنىڭ كىرىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلماي، ئۇنى ئېلىپ قېلىپ سوراققا تارتتى.

ــ نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭ؟ ــ دەپ ۋارقىراپ كەتتى گۈندىپاي قولىدىكى كالتەكنى دەۋەيلەپ، ئۆمەر بېكئالى خىتايچە بىلىسمۇ، بىلمەس بولۇۋېلىپ ، قەستەنگە ۋە قورقماستىن رۇسچە: «مەن بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. گۈندىپاي چۈشەنمەي يەنە سورىۋىدى، ئۇ بۇ قېتىم قازاقچە چۈشەنمىدىم. ــ دېدى. شۇندىلا ئاخشام ئۇنى كامېرغا سولىغان گۈندىپاي ئەقلىگە كېلىپ:

ئۇ چەتئەللىك، خىتايچە بىلمەيدۇ. ــ دېۋىدى، ئۇنى ئۇرۇۋاتقان گۈندىپاي ئۇرۇشتىن توختاپ قالدى - يۇ ئەمما، ئۇنىڭغا بۈگۈن ناشتىلىق بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كامېرغا كىرىپ كېتىشكە رۇخسەت بەردى.

كامېردىكىلەر تاماققا چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، سائەتنىڭ دەل يەتتە بولۇشىنى كۈتۈۋاتاتتى. تۇتقۇنلارنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتقا قاتتىق رىئايە قىلىشى بېكىتىلگەن بولۇپ، بىر مىنۇت ئىلگىرى - كېيىن ھەرىكەت قىلغانلار قاتتىق جازالىناتتى. شۇڭا ھېچكىم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن تاماققا ماڭالمايتتى. ئەمما، تاماققا بولغان تەقەززالىقتىن كالپۇكلىرىنى تامشىتىپ، شۆلگەيلىرىنىڭ ئېقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالاتتى. ئاخىرى سائەت يەتتە بولدى. سىگنال چېلىنىپ، كامېردىكىلەرنىڭ ھەممىسى تاماققا چىقىپ كېتىشتى. ئۆمەر بېكئالى كامېردا يالغۇز قالدى. يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتمەيلا تۇتقانلار ناشتىلىق تامقىنى يەپ بولۇپ، كامېرغا قايتىپ كېلىشتى. تۇتقۇنلارنىڭ ئىچىدە ئەخمەتجان ئىسىملىك بىر بالا بار بولۇپ، ئۆمەر بېكئالى ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلاتتى. شۇ بالا ئۇنىڭغا تاماق بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، بىر ئاز قايناق سۇ ئالغاچ كېلىپ، كۆز ئىشارەتى بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۇنىڭغا بەردى. ھە - نېمە بولسا، ئۇ سۇدا بولسىمۇ ئاشقازىنىنى بىر ئاز نەمدىۋالدى. تۇتقۇنلار سائەت سەككىز بولغۇچە كامېردا يەنە مۇنداق شوئارلارنى تovۋلاشقا مەجبۇرلاندى:

«بىرىنچى: ياشىسۇن شى جىن پىڭ، تۈمەن مىڭ يىل

ياشىسۇن؛ ئىككىنچى: كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى؛ ئۈچىنچى: دۆلىتىمىز باي بولسۇن، دۇنياغا خوجايىن بولسۇن؛ تۆتىنچى: بىز ھەممىمىز جۇڭخۇا مىللىتى، جۇڭخۇا مىللىتى ھەممىدىن ئۇلۇغتۇر، ھېچكىم بىزگە قارشى چىقالمايدۇ؛ بەشىنچى: مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى خۇددى، كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر - ئۇر قىلغاندەك، ئۇرۇپ يوقىتايلى!»

سائەت سەككىز بولغان ئىدى. يەنە يۇقىرى ئاۋازلىق سىگنال چېلىندى. تۇتقۇنلار بەش مىنۇت ئىچىدە سىنىپقا خۇددى ئەسكەرلەردەك يۈگۈرۈپ كىرىپ بولۇشتى. ئۇلار سائەت ئون ئىككىگە قەدەر يەنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغۇچە، «دۆلەت مارشى ۋە قائىدە - قانۇنلار»نى ئۆگىنەتتى. ئۇنىڭغا بىر مۇئەللىم مەسئۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ شوئار ۋە قائىدە - قانۇنلارنى ئۈنلۈك ۋارقىراپ تۇرۇپ ئۆگىتەتتى. ئەگەر كىمدە - كىم شوئار ۋە قائىدە - قانۇنلارنى يادقا ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭغا تاماق بېرىلمەيتتى ۋە ئېغىر جازالىناتتى. ئۇ جازالارنىڭ تۈرلىرى مۇنداق بەش خىل ئىدى: «بىرىنچى: تۆت ساقچى تەرىپىدىن تاياق - توقماق بىلەن ئۇرۇلۇپ، ئىككى قولىنى تامغا يۆلەپ، يىگىرمە تۆت سائەت تىك تۇرغۇزۇپ قويۇش جازاسى؛ ئىككىنچى: ئاچ ۋە سۇسىز يىگىرمە تۆت سائەت يولۋاس ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇش جازاسى؛ ئۈچىنچى: چوڭلۇقى بىر ئادەملا سىغقۇچىلىك قاراڭغۇ زىنداندا بىر كېچە - كۈندۈز سولاپ قويۇش جازاسى؛ تۆتىنچى: ياز كۈنلىرى تالادا كۈن نۇرىغا تىكلەپ قويۇپ، ئاپتاپقا قاقلىتىش، قىش كۈنلىرى مۇز ئۈستىدە سائەتلەرچە تۇرغۇزۇپ قويۇش جازاسى؛ بەشىنچى: بوينىغا قەدەر سۇغا چىلاپ قويۇش جازاسى».

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغان ئىدى. يەنە يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي چېلىندى. تۇتقۇنلار تاماق قاچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، لاگېر ئاشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆچرەتكە تىزىلدى. بىر ئاشپەز ئۇستام تاماق ئۇسۇپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا - ئىككى گۇندىپاي

قاراپ تۇراتتى. تاماق بېرىلىشتىن بۇرۇن تۇتقانلار: «شى جىنپىڭغا رەھمەت، كوممۇنىستىك پارتىيەگە رەھمەت» دېگەندەك شوئارلارنى ئوقۇيتتى. بولمىسا، ئۇلارغا تاماق بېرىلمەيتتى. ھەربىر تۇتقۇنغا بىر قاچا قۇرۇق - گۆشسىز يېسىۋىلەك شورپىسى ۋە بىر تالدىن مۇشتۇمچىلىك هورنان بېرىلەتتى. ئۆمەر بېكئالى خىتايچە بىلسىمۇ، بىلمەس بولۇۋېلىپ ئۇنداق دېمىدى. بۇنى كۆرگەن بىر گۇندىپاي: «ئۇنىڭغا تاماق بەرمەڭلار» دەپ ۋارقىرىغانچە، ئۇنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى ۋە ئۇرماقچى بولۇۋىدى، شۇ ئارىدا يەنە بىر گۇندىپاي ئۇنى توسۇپ: «ئۇ خىتايچە بىلمەيدۇ، چەتئەللىك» دېۋىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغىمۇ تاماق بېرىلدى. تۇتقۇنلار تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ، ئاندىن كېيىن دەرسخانىغا ھەيدەپ كىرىلدى ۋە «دۆلەت مارشى، ئۇزۇنده ۋە شوئار»لارنى مەجبۇرى ئوقۇتۇلدى ۋە يادلىتىلدى. بۇ ئىككى سائەت داۋام قىلدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇتقۇنلار كامېرغا ھەيدەپ ئەكېلىپ سولاندى. ناھايىتى قىسقا ۋاقىت - بەش مىنۇتلا ھاجەتخانىغا بېرىش ۋاقتى بېرىلىپ، يەنە يىغىۋېلىنىپ دىققەت شەكلىدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلاندى. تۇتقۇنلار بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت «دۆلەت مارشى،ئۇزۇنده ۋە قانۇنلار» نى يادقا ئېلىپ تەكرار قىلدى.

تۇتقۇنلارنىڭ ئەمدىلىكتىكى ۋەزىپىسى بولسا، ئۆز - ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى پاش قىلىش ئىدى. ئۆمەر بېكئالىنىڭ لاگېرغا سولانغان تېخى بىرىنچى كۈنى بولغاچقا، بۇنداق «پاش قىلىش»نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ: «ئەمدى قانداق بولۇپ كېتەر ؟ بىر - بىرىنى چېقىش، پاش قىلىش قىزىپ كېتەرمۇ ؟ ئۇرۇش - جېدەل بولۇپ، تۇتقانلار بىر - بىرىنىڭ كاللا - قاپاقلىرىنى يېرىشىپ كېتەرمۇ ؟ ئىشنىڭ قىزىقىنى ئەمدى كۆرىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئەمما، كۆرگىنى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى ، ھېچكىم - ھېچكىمنى پاش قىلمىدى. ئۆز - ئۆزىنىمۇ پاش قىلمىدى. پەقەت بىر نەچچىسى مەجبۇرىيەت ئۇچۇن: «پالانچى ماڭا

يوتقىنىمنى يىغىشتۇرۇپ بەردى. پوكۇنچى مېنى ئويغىتىپ قويدى. مەمەت ئاخۇن مېنىڭ دۈمبەمنى قاشلاپ قويدى، يارامنى تېڭىپ قويدى» دېگەندەك ھېچكىمگە زىيان يەتمەيدىغان گەپلەرنى قىلىپ قويۇشاتتى ـ دە، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، بىر نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئولتۇرۇۋېلىشاتتى. تۇتقۇنلار ئاللىقاچان بىر بىرى بىلەن قېرىنداشلاردەك بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ھېچكىم ـ ھېچكىمنى چېقىشنى، سېتىشنى، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزلىرى راھەت كۆرۈشنى خالىمايتتى. ئۇلار ياۋۇز دۈشمەن ئالدىدا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن مۇستەھكەم بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇپ كەتكەن ئىدى.

ئۆمەر بېكئالىنىڭ لاگېردىكى تۇتقۇنلۇق ھاياتى ئىككىنچى كۈنىگە قەدەم قويدى. ئەتىگەن سائەت بەشتە يۇقىرى ئاۋازلىق سىگنال چېلىنىپ، تۇتقۇنلار ئورنىدىن تۇرۇپ، بەش مىنۇتتىلا يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىشىپ مەيدانغا يۈگرەشتى. تۇتقۇنلار دۆلەت مارشىنى بىر سائەتتەك ئۈنلۈك توۋلاپ، قايتا ـ قايتا بەش ـ ئالتە قېتىمدەك ئوقۇغاندىن كېيىن، نازارەت ئىچىدە ياتاققا ھەيدەپ كىرىلدى ـ دە، يەنە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، «دۆلەت مارشى، ئۈزۈندە ۋە قانۇن»لارنى يادلاشقا باشلىدى. سائەت يەتتىدە ناشتىلىق تاماق بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، سائەت سەككىزدە دەرسخانىغا ئەكىرىلىپ، يەنە مەجبۇرىي ھالدا «دۆلەت مارشى، ئۈزۈندە ۋە قانۇن» دېگەندەكلەرنى ئۆگىنەتتى. ئۆمەر بېكئالى تېخى بۇلارنى ئۆگىنىپ بولالمىغان ئىدى. چۈشلۈك تاماققا سىگنال چېلىنىپ، تۇتقۇنلار قاچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، لاگېر ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدا تاماق ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرۇشتى. ھەممە تۇتقۇنلار قاچىسىغا تاماق ئۇسۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن، ئاشپەزنىڭ يېنىدا قاراپ تۇرغان گۇندىپايلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش كېرەك ئىدى. نۆۋەت ئۆمەر بېكئالىغا كەلدى. ئۇ قاچىسىنى ئاشپەزگە تەڭلەپ تۇرۇشىغا، گۇندىپاي ئۇنىڭغا قاراپ: ـ توختا! ماۋۇ سوئالغا جاۋاب بەر!

داھىيىمىز شىجىنپىڭنىڭ ئۈچ مۇھىم ئۇزۇندىسى قايسى؟ ــ دەپ سورىدى. ئۆمەر بېكئالى ئۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلمەيتتى ھە جاۋاب بېرىشنىمۇ خالىمىدى. شۇڭا ئۇ ئورۇسچە: «بىلمەيمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان گۇندىپاي ئۇنىڭ قاچىسىنى تېپىپ چۇشۇرۇۋەتتى ـ دە:

ــ ماڭە يوقال، ساڭا تاماق بېرىلمەيدۇ! ـ دەپ، كامېرغا ھەيدەپ ئەكىرىپ «ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تامغا قارىتىپ، يىگىرمە تۆت سائەت تىك تۇرغۇزۇپ قويۇش جازاسى»نى بەردى. ئۆمەر بېكئالى بۇ جازانى تارتىشقا مەجبۇر ئىدى. گۇندىپايلار ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كامېرادا كۆزىتىپ قاراپ تۇراتتى. سەللا مىدىرلىسا، كامېرادىن: «مىدىرلىما» دېگەن ئاۋاز كېلەتتى. كارىدوردا نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان گۇندىپاي بولسا، پات ـ پات ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ: «تىك تۇر» دەپ ۋارقىراپ قوياتتى. ۋاقىت شۇنچىلىك ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇخلاش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئۆمەر بېكئالىنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ، يۇمۇلۇپ كېتىپ باراتتى. بىر قانچە قېتىم ئۇ تامغا يۆلىنىپ قېلىۋىدى، كامېرادىن كۆرۈپ تۇرغان گۇندىپايلار بىردەمدىلا يۈگۈرۈپ كېلىپ: «ھەي، تىك تۇر» دەپ، خۇددى ئاچ قالغان غالجىر ئىتلاردەك ۋارقىراپ ـ تىللاپ، ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى، ئارقىدىن قولىدىكى كالتەكنى بېقىنىغا يېقىپ، بىر نەچچىنى ئۇرۇۋېتەتتى. بۇنىڭغا چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە بىر نەچچە سائەت بەرداشلىق بېرىپ تىك تۇردى. تۈن يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا بولسا، كۆزىنى زادى ئاچالمىدى ـ دە، تىزچىلاپلا ئولتۇرۇپ قالدى. نازارەتچى گۇندىپاي كىرىپ، ئۇنى يەنە ئۇردى. ئەمما، ئۆمەر بېكئالى يەنىلا ئورنىدىن تۇرالمىدى ۋە داق يەردىلا يېتىپ قالدى. ئۇنى «ھوشىدىن كەتتى» دەپ ئويلاپ قالغان گۇندىپاي ئاندىن ئۇرۇشتىن توختاپ، چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ئۆمەر بېكئالى كۆزىنى ئېچىپ ئويغانغاندا تاڭ ئېتىپ، كۈن يورۇپ بولغان بولۇپ، كامىردىكىلەر ئەتىگەنلىك تاماققا

چىقىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كامېرادىن كۆرۈشكەن گۇندىپايلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئۇنى سەت تىللار بىلەن ئۇنى تىللاپ: «ۋاقتىڭ توشمىدى، يەنە چۈشكىچە جازالىنىسەن» دەپ، تىك تۇرغۇزۇپ قويدى. ناشتىلىقمۇ بېرىشمىدى. ئۇ چىشنى چىڭ چىشلەپ، يەنە تۆت سائەت تىك تۇرغاندىن كېيىن چۈشلۈك تاماققا سىگنال چېلىندى. گۇندىپايلار كىرىپ، ئۇنىڭ جازاسىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، تاماققا چىقىشقا رۇخسەت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا تۇتقانلار تاماق ئېلىش ئۈچۈن ئۆچرەتكە تىزىلىۋاتقان بولۇپ، ئۆمەر بېكئالىمۇ ئۆچرەتكە كېلىپ تىزىلىپ تۇردى. ھەربىر نۆۋەتتە كەلگەن تۇتقۇنلاردىن گۇندىپايلار سوئال سوراپ، جاۋاب بېرەلىگەنلەرگە تاماق بېرەتتى، بولمىسا بەرمەيتتى. بۇ قېتىم ئۆمەر بېكئالىغا نۆۋەت كەلگەندە ئۇنىڭدىن سوئال سورىماي، بۇ «خىتايچە بىلمەيدۇ» دەپ، ئۇنىڭ تاماق ئېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. قورۇق يېسىۋېلەك شورپىسى بىلەن مۇشتۇمچىلىك ھورنان شۇ قەدەر قىرتاق ۋە تەمسىز بولسىمۇ ئۇنىڭغا بىر ئاز ماغدۇر كىرگۈزدى. ئۇ بۇرۇن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن زىياپەت ۋە ئولتۇرۇشلاردىكى ھەددىدىن زىيادە بۇيرۇتۇلۇپ ئېشىپ قالىدىغان ۋە تۆكۈۋېتىلىدىغان تاماقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىچىدە: «شۇ كۈنلەر قانداق كۈنلەر بولغىيدى ؟ نېمىشقا شۇنداق ئىسراپچىلىق قىلغان بولغىيتتۇق ؟ نېمىشقا كىشىلەر ئاش ـ تاماقنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن بولغىيدى؟ شۇنىڭ جازاسىنى ئاللاھ بىزگە ئەمدى كۆرسىتىۋاتامدۇ نېمە ؟» دەپ ئويلىدى.

يەنە نەچچە كۈن، ھەپتىلەر ئۆتۈپ كەتتى. لاگېردىكى ھايات ھەر كۈنى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا داۋام قىلىۋاتاتتى. بۇ يەردە ھەممە نېمە مەجبۇرلاش بىلەن بولاتتى. خۇددى تۇتقۇنلار بۇ يەرگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلمىگەندەك، ھېچقانداق نېمە ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولمايتتى. مەجبۇرلاشنىڭ ئۈستىگە تۇتقۇنلار دائىملا تاياققا تۇتۇلاتتى، سوراققا تارتىلاتتى، جازالىناتتى. ھېچكىمنىڭ ئۆز تىلىدا گەپ قىلىشىغا،

سوئال سورىشىغا ۋە جاۋاب بېرىشكە رۇخسەت قىلمايتتى. ناماز - دۇئا ئوقۇش، پىكىر ۋە گەپ - سۆز قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تۇتقۇنلار خۇددى بىر ماشىنا ئادەمدەك كۇنۇپكىنى قانداق باسسا، شۇنداق ھەرىكەت قىلىدىغان، نېمە قىل دېسە، شۇنى قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلۈۋاتاتتى. بۇنىڭدىن ئۆمەر بېكئالى ئاتالمىش «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» ھەققىدە مۇنداق چۈشەنچىگە كەلدى: «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئورۇن ئەمەس، بۇ يەردە ھېچكىم، ھېچقانداق بىر كەسىپ بىلەن تەربىيەلەنمەيدۇ. تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىلگىرى مەلۇم بىر ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ۋە كەسىپي بىلىمى بىلەن شۇغۇللانغان ئادەملەر، ئۇلارنىڭ قايتا تەربىيەلەشكە ئېھتىياجى يوق. خىتايلارنىڭ مەقسىتى تۇتقۇنلارنىڭ ئۆزىگە ئائىت ھەممە نېمىسىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، بۇرۇنقى كەچمىشلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇپ - تازىلاش ئارقىلىق بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان، باشقىچە بىر ئىنسان يەنى بىر ماشىنا ئادەمگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت».

ئۆمەر بېكئالىنىڭ ئاتالمىش «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە يۆتكەلگەنلىكىگە ئۈچ ھەپتىگە يېقىن ۋاقىت بولۇپ قالاي دېدى. تېخىچە ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلىشىدىن خەۋەر يوق ئىدى. ئۇ بۇ يەردىكى زۇلۇم ۋە زالىملىقنى، خالىغانچە ئۇرۇش - قىيناش، دەپسەندە قىلىشلارنى، گۇناھسىز ئىنسانلارغا مەجبۇرىي گۇناھ ئارتىلىپ، جازالىنىشلارنى كۆرۈپ، ئۇنى زادىلا ئىچىگە سىغدۇرالمىدى. ئۆزىنىڭ «گۇناھسىز» تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ يەردە تارتقان ئازابلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ ئۇغىسى قايناپ، زەرداب بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ: «نېمە كۆرسەم كۆرەي، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشىم كېرەك» دېگەن نىيەتكە كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ گۇندىپايلارغا بويسۇنۇشنى خالىمىدى. ئاتالمىش «دۆلەت مارشى»نى يادقا ئوقۇشنى قەتئىي

رەت قىلدى. «ئۆزۈڭدە ۋە قانۇن ـ قائىدە»لەرنى تەكرار قىلمىدى ۋە ئۆگەنمىدى. گۇندىپايلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىپ، ئۇنى ئۈچ ـ تۆتى بىرلىشىپ، سۆرەپ دېگۈدەك باشقا بىر يالغۇز كىشىلىك كامېرغا ئېلىپ چىقىپ، قارا تۆمۈردىن ياسالغان يولۋاس ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ، «ئاش ـ نان بەرمەي يىگىرمە تۆت سائەت ئولتۇرغۇزۇپ قويۇش جازاسى» بەردى. تۆمۈر ئورۇندۇققا پۇت ـ قوللار زەنجىر بىلەن باغلاپ، چېتىۋېتىلگەنلىكتىن، مىدىر ـ سىدىر قىلغىلى بولمايتتى. يوتا ـ كاسىلىرىڭىز ئاغرىپ، ئىچى ـ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇدۇللا نېرۋىڭىزغا بېرىپ تېگەتتى. بارا ـ بارا ھېچ نېمىنى سەزمەس بولۇپ، بەدىنىڭىز خۇددى ئولتۇرغان تۆمۈر ئورۇندۇقتەك مۇزدەك سوغۇق، تۆمۈردەك قاتتىق بولۇپ كېتەتتى. ئۇيقۇڭىز قاتتىق تۇتۇپ كەتكەندە بولسا، بېشىڭىز يەرگە ساڭگىلاپ قالاتتى ـ يۇ،ئەمما ئۇخلاۋاتامسىز ياكى ئويغاقمۇ ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى. قورساق ئاچ ۋە ئۇسسۇز بولغاچقا، سىزنى تەرەتمۇ قىستىمايتتى. قوللىرىڭىز ئۇيۇشۇپ قالغاندەك بولۇپ، خۇددى ھېلىلا قېتىپ قالىدىغاندەك، ھېسسىياتقا كېلىپ قالاتتىڭىز ـ دە، ئۆزىڭىزنىڭ جېنى ـ ئۆزىڭىزگە ئېغىر كېلىپ قالاتتى.

ئاخىرى يىگىرمە تۆت سائەت توشتى. ئۆمەر بېكئالى تۆمۈر ئورۇندۇقتىن بوشىتىلغاندىن كېيىن ئورنىدا تۇرۇپ ماڭالماي، يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. گۇندىپايلار ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، ئەسلى كامېرغا سولىۋەتتى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى قۇرۇپ، زەي باغلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن كامېرداشلىرى ئۇنىڭغا ئازراق سۇ بەردى. كامېر باشلىقى بولغان بىرسى گۇندىپايغا يېلىنىپ يۈرۈپ، بىر تال موما ۋە قايناق سۇ ئەكېلىپ بەردى. ئۇ بىر ئاز ماغدۇرغا كېلىپ، كۆز ئالدىدا تۇرغان كامېرداشلىرىنى كۆرەلىدى ۋە ئۇلارغا ئىشارەت بىلەن سالام بەردى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئۇيقۇغا كەتتى.

لاگېردىن ھايات يەنە ئوخشاشلا زورلاش ـ مەجبۇرلاش، ئۇرۇش

ـ قىيناش بىلەن داۋام قىلىۋاتاتتى. تۇرۇپلا تۇتقانلار ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپ كەتتى. ئارقىدىن يوقاپ كېتەتتى. ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتىمۇ ياكى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئاپىرىپ كۆيدۈرۈۋەتتىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۆمەر بېكئالىي كۈندىن ـ كۈنگە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قارشىلىقنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ھېچ نېمىنى ئۆگەنمىدى. ناخشا ـ شوئارلارنى ئوقۇمىدى. خىتايچە بىلسىمۇ ـ بىلمەسكە سېلىپ، گەپ قىلىشنى رەت قىلدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان گۇندىپايلار ئۇنى يەنە جازالاشنى قارار قىلىپ، ئۇپچە كامېردىن يۆتكەپ چىقىپ، بىر كىشىلىك قاراڭغۇ كامېرغا سولاپ قويۇشتى. ئۇ قاراڭغۇ كامېردا بىر كېچىنى چىشىنى ـ چىشلەپ ئۇيقۇسىز دېگۈدەك ئۆتكۈزدى ـ دە، ئەتىسى تاڭ يورۇغانلىقنى پەرەز قىلىپ بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئىشىكنى تېپىپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، گۇندىپايلارنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەۋەتتى. بۇنىڭغا تاقەت قىلالمىغان گۇندىپايلار ئەھۋالنى باشلىققا مەلۇم قىلدى. لاگېر باشلىقى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، يۇقىرىغا مەلۇم قىلدىمۇ قانداق ؟ بىر نەچچە سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن گۇندىپايلارغا بۇيرۇق قىلىپ، ئۇنى بوشىتىپ چىقتى ۋە لاگېر ئىشخانىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنى ئىشخانىدا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىن كەلگەن ئىككى ساقچى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن، لاگېر باشلىقى بىر قەغەزگە ئۆمەر بېكئالىنى قول قويدۇرۇپ، ساقچىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. كەلگەن ساقچىلاردىن بىرسى ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇ خىتاي تىلىدا سۆزلەش قائىدىسىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلىدا: «ئۆمەر بېكئالىنىڭ بۈگۈندىن باشلاپ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى، پاسپورتى قايتۇرۇپ بېرىلىپ، ۋىزا قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ 15كۈن ئىچىدە خىتاي چېگراسىدىن چىقىپ كەتسە بولىدىغانلىقى»نى ئۇقتۇردى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر بېكئالى ئۇنىڭغا تەنە قىلىپ:

ــ ئاخىرى مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى ئېتىراپ قىلىپسىلەرغۇ؟ ــ دېۋىدى. ئۇمۇ: شۇنداق بولدى، سىز ھەقىقەتەن گۇناھسىز قامالغان

ئىدىڭىز. ئەرز قىلىسىڭىزمۇ مەيلى. ئەمما، پايدا ئالالامسىزمىكىن؟ — دەپ قوشۇپ قويدى. ئۆمەر بېكئالى ئۇنىڭغا ئەرز قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئوچۇق ئېيتىپ ئولتۇرماي: - قېنى، كېيىنكى ئىشلارغا قارايمىز؟ — دەپ قويدى.

ساقچىلار ئۆمەر بېكئالىنىڭ سومكا - چامادانلىرىنى خېلى ئۇزاقتىن ئىزدەپ - تېپىپ بېرىپ، كەچكە يېقىن ئۇنىڭ قاراماي شەھىرىدىكى سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. ئاكىسىنىڭ ھالىنى كۆرگەن سىڭلىسى ئۇنى ئەڭ ئېسىل تاماقلار بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەتىسى ئۇ ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ، ۋىزا قويۇلۇپ - تەييارلاپ قويۇلغان پاسپورتىنى تاپشۇرۇۋالدى - دە، بېكەتكە بېرىپ، كەچتە ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان پويىز بېلىتى ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپلا پىچانغا بارىدىغان ئاپتوبۇسقا ئالمىشىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە پىچانغا يېتىپ كەلدى. ئوغلىنىڭ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغىنىنى كۆرگەن ئاتا - ئانىسى كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي ۋە دەرھال ھويلىسىدا بورداۋاتقان بىر قوزىنى سويۇپ، ئوغلىنى بىر ھەپتە قوي گۆشى شورپىسى بىلەن باقتى. ئۇ يولغا چىقمىسا بولمايتتى. ئۇ خوشلىشىش ئالدىدا ئاتىسىغا ئۆزىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن بېيجىڭغا بېرىپ ئەرز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاتىسى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: «ئوغلۇم بۇ نىيىتىڭدىن ۋاز كەچكىن! چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ قاغىلىرى، ھېچقاچان قاغا - قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ، ئەجدىھا ھېچقاچان بىر - بىرىگە ئوت چاچمايدۇ. شۇڭا سېنىڭ ئەرزىڭنى ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمايدۇ! بىكارغا ئاۋارە بولىسەن ئوغلۇم! ئەڭ ياخشىسى سەن ئاۋۋال قازاقىستانغا چىقىۋال، ئاندىن ئۇ يەردە تۇرۇپ، ئەرز - داۋايىڭنى داۋام قىلساڭ ھەممىدىن ياخشىسى شۇ. سەن ئۇ يەردە بىخەتەر بولىسەن. ھەم قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيسەن.» - دېدى.

ئۆمەر بېكئالى ئاتا - ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، 12 - ئاينىڭ

3 ـ كۈنى پىچاندىن ـ تۇرپانغا كېلىپ، ئاندىن پويىز بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۈرۈمچىدىن پويىزغا ئالمىشىپ مېڭىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە يەنى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قورغاس چېگرا ئېغىزىغا سائەت 9 دا يېتىپ كەلدى. چېگرادىن كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۆمەر بېكئالىغا نۆۋەت كەلدى. تەكشۈرگۈچى ساقچى ئۇنىڭ پاسپورتىغا قاراپ، خۇددى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تېپىۋالىدىغاندەك ئىنچىكىلىك بىلەن ۋاراقلاپ ـ قاراپ كەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، يەنە بىر قېتىم سېلىشتۇرىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ سەن توختاپ تۇر! ـ دەپ، ئۇنى توختىتىپ قويۇپ، بىر دەمدىن كېيىن باشقا ئىككى ساقچىنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قىيسىق كۆز، يوغان قورساق، ئوتتۇرا بوي بىرسى باشلىقى بولسا كېرەك؟ ئۇنىڭ پاسپورتىنى كۆرگەندىن كېيىن چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ:

ــ سەن قازاقمۇ؟ قاچان قازاقستان گىراژدانى بولغان؟ قاچان جۇڭگوغا كەلگەن، نېمىشقا كەلگەن؟ ــ دېگەندەك نۇرغۇن زۆرۈرىيەتسىز سوئاللارنى سورىدى. ئۆمەر بېكئالى قاراماي ساقچىلىرى بەرگەن ھۆججەتلەرنى كۆرسەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ ھەيران قېلىپ: «سەن جىنايەت ئۆتكۈزگەنمۇ؟» ـ دەپ سورىدى. ئۆمەر بېكئالى: ـ «ياق، مەن دۇرۇس ئادەم» ـ دېگەن جاۋابنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇ گازىر كۆزىنى غەلىتە ئوينىتىپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە خېلى ئۇزاق تېلېفون قىلدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۆمەر بېكئالى تىت ـ تىت بولۇپ كېتىپ باراتتى. ساقچىلار يەنىلا چوڭ ئىش تېپىۋالىدىغاندەك، ئۆز ـ ئارا كۇسۇرلىشىپ، تېلېفون قىلىشىپ، ۋاقىتنى سوزماقتا ئىدى. ئاخىرى گازىر كۆز خىتاي زۇۋانغا كەلدى:

ــ بىر مەسىلەڭ يوق ئىكەن، چېگرادىن ئۆتسەڭ بولىدۇ. يەنە كېلەمسەن؟ ــ دەپ سوراپ قويدى. ئۆمەر بېكئالى ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئۇنىڭغا دېگۈسى كەلمىدى. ئەمما، بېشىنى بىلىنەر ـ

بىلمەس «ياق» دېگەنىدەك لىڭشىتىپ قويۇپ، سومكا - چامادانلىرىنى ئېلىپ چېگرادىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئۆمەر بېكئالى چېگرادىن ئۆتۈپلا كۆك ئاسمانغا قاراپ: «ئاھ، ئەركىنلىك! ساپ هاۋا! گۈزەل تەبىئەت! مەن سىلەرگە ئاخىرى ئېرىشتىم» — دەپ ۋارقىرىۋەتتى. هېلىمۇ ياخشى ئەتراپىدا ئادەم ئاز بولغاچقا، هېچكىم تۇيمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئاپتوبۇس - پويىز دېگەندەك نەرسىلەرنى ساقلاپ تۇرماي، تاكسىدىن بىرنى كىرا قىلىپلا ئالمۇتىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭغا تاكسى شۇنداق ئاستا كېتىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئەگەر قانىتى بولغان بولسا ئۇچۇپلا كەتكۈسى بار ئىدى. ئۇ سۆيۈملۈك ئايالى ۋە ئوماق باللىرى ئىنتايىن سېغىنغان ئىدى. تاكسى تەخمىنەن ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق يول ماڭغاندىن كېيىن، ئالمۇتىغا يېتىپ كەلدى. تاكسىچى ئۇنى ئۇدۇل ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ كېلىشىدىن خەۋىرى بولغاچقا، ئەتىگەندىن بېرى ساقلاۋاتقان بولۇپ، كۆزلىرى تۆت بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگىلا باللىرى: «دادا، جېنىم دادا!» دېيىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى. ئايالىمۇ مىشىلداپ يىغلىغىنىچە ئۇنىڭغا ئېسىلدى. ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە يىغىسىنى باسالمىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ قېلىۋاتاتتى. ئاخىرى چىدىماي: «ئاش بارمۇ؟» دەپ، تىوۋلاپ سالدى. ئايالى ئاللىقاچان تاماقنى تەييارلاپ قويغان بولۇپ، هايت - هۇيت دېگۈچە ئىسسىتىپ تەييار قىلدى. ئۇ بىر - ئىككى قاچا تاماقنا تويىدىغاندەك قىلمايتتى. ئەمما، ئىككى قاچا يەپلا تويۇپ قالدى - يۇ، ئايالىدىن:

— يەنە بارمۇ؟- دەپ سورىدى. ئايالى هەيران بولۇپ:

— ئەتە يەمسىزكىن؟ — دېۋىدى. ئۇ:

— ياق! هازىر ئەكەل! مەن ئۇنى ئاشۇ لاگېردىكى تۇتقانلار ئۈچۈن يېيىشىم كېرەك! مەن لاگېردىن ئايرىلىدىغان چاغدا بىر قانچە كامېرداشلىرىم مەندىن «ئۆمەر! بىز ئۈچۈن بىر قوشۇق پولۇ

يەپ قوي، مەن ئۇچۇن بىر قاچا لەغمەن يەپ قوي! مەن ئۇچۇن سومەن، مەن ئۇچۇن مانتا... دەپ ئۆتۈنگەن ئىدى» دېگەننى ئايالىغا سۆزلەپ بەردى - دە، ئۇچىنچى قاچا تاماقنىمۇ يەۋەتتى. ئەمما كېچىچە مەيدىسى ئاغرىپ خېلى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماي قالدى.

ئۆمەر بېكئالى قازاقىستانغا كېلىپ ئائىلىسى بىلەن جەم بولغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئۆزىنى كۈتتى. سالامەتلىكنى تەكشۈرتۈپ چىقتى. چۈنكى، لاگېردىكى ۋاقىتتا بۇرۇن قىسمى ئاغرىپ، تەكشۈرتۈشكە ئىمكان بولمىغانىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ «بۇرۇن ياللۇغى» كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى. ياللۇغ ئالدىنقى بۇرۇن مېڭە قىسمىغا كېڭەيگىلى باشلىغان باشلىغان ئىكەن. ئەگەر ۋاقتىدا داۋالانمىسا مېڭىسىگە ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەن. شۇڭا ئۇ ۋاقىتنى جىددىي تۇتۇپ، ئالمۇتا شەھەرلىك ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ، بىر قانچە كۈن يېتىپ قالدى. ئۆزى دوختۇرخانىدا بولسىمۇ، ئۇ كۆڭلىدە، شەرقىي تۈركىستاندا تۇتقۇندىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئاھۇ - زارى ئاھۇ زارىنى تاشقى دۇنياغا ئاشكارىلاپ، خەلقئارا ئاخباراتلارغا بىلدۈرۈشنى ئويلايتتى. ئۇ بىر ھەپتىگە قالمايلا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئالمۇتىدىكى ئەزىمەت سېرىكجان بىلاش ئوغلى باشچىلىقىدىكى «ئاتا يۇرت پىدائىيلىرى تەشكىلاتى»نىڭ ئەزالىرى يوقلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن پۈتۈن ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، 2017 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئازادلىق رادىيوسى ئۇنى زىيارەت قىلىپ، «لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ پاجىئەسى» توغرىسىدىكى ئاخبارات ماقالىسىنى ئاڭلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر بېكئالى خەلقئارا ئاخباراتلارغا چىقىشقا باشلىدى.

2018 - يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن ئۆمەر بېكئالىنىڭ سالامەتلىكىمۇ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن «ئاتا يۇرت پىدائىيلىرى»نىڭ خادىملىرى ئۇنى نەچچە كۈندە بىر زىيارەت قىلىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئالمۇتادىكى ئۈچ

تېلېۋىزىيە قانىلى ئۇنى تەكلىپ قىلىپ، «ئاخبارات ئېلان قىلىش زىيارىتى» ئۇيۇشتۇردى. ئۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ پاجىئەسىنى قازاقىستان خەلقىگە ئاشكارىلىدى. ئۇنى ئاخىرى ئۇيغۇرلارمۇ ئىزدەپ تاپتى. كانادادىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىسى رۇقىيە تۇردۇش خانىم ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، «ئامېرىكا بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقى» ئۇنى زىيارەت قىلماقچى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندا، ئۇ ئۇ بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي «ئامېرىكا بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقى» نىڭ داڭلىق مۇخبىرى گەرى ئۈچ كىشىلىك گۇرۇپپا بىلەن ئالمۇتاغا كېلىپ ئۇنى زىيارەت قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقى» ۋە «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى»دە ئۆمەر بېكئالىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېر هاياتى تەسۋىرلەنگەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئەمما شۇ كۈنى قازاقىستان ساقچىلىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ: «سېنىڭ ئۆيۈڭدە تېررورچىلار يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەندەك توقۇناق باهانىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇردى ۋە ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستاندا بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى ئاشكارىلىماسلىق هەققىدە تەهدىت سالدى. ئەهۋالنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئۆمەر بېكئالى ئۆيىنى باشقىلارنىڭ نامىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، هەيدەۋاتقان ماشىنىسىدىن بىرسىنى سېتىۋېتىپ، 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قازاقىستاندىن تۈركىيەگە يولغا چىقتى.

ئۆمەر بېكئالى تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى «لاگېر تۇتقۇنلىرى»نىڭ پاجىئەلىرىنى ئاخباراتقا ئاشكارىلاشنى داۋام قىلدى ۋە نۇرغۇن ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭدىن ئولتۇرالماي قالغان خىتاي هۆكۈمىتى ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، پىچاندىكى ياشانغان ئاتا ـ ئانىسى، ئاكىسى ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرى ۋە ئايالى روشەنگۈلنىڭ غۇلجىدىكى تۇغقانلىرىنىمۇ تۇتقۇن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە روشەنگۈل ۋە بالىلىرىنىڭمۇ ئالمۇتادا تۇرۇشى قىيىنلاشتى. شۇنداقلا ئۇلار

ئائىلە بويىچە جەم بولۇپ، بىللە ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئاخىرى ئۇلار 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئالمۇتىدىن تۈركىيەگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەمما، ئۇلار خىتاي دائىرىلىرىنىڭ «تېرروزچى ئائىلىسى» دېگەن يالغان مەلۇماتى سەۋەبلىك، ئىستانبۇل ئايروپورتىدا تۇتۇپ قېلىندى. ئۆمەر بېكئالى دەرھال «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» قاتارلىق دۇنيادىكى خېلى كۆپ ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرىغا، ئايالىنىڭ جىددىي ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى ۋە ياردەم تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھەر قايسى ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرىنىڭ بۇ مەسىلىنى دۇنياغا ئاشكارىلىشى ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىشى، بولۇپمۇ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىدىكى گۈلچېھرە خانىمنىڭ توختىماي، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، مەسىلىنى دۇنياغا ئاشكارىلىشى ۋە تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارىلىششى بىلەن قويۇپ بېرىلىپ، تۈركىيە چېگراسىغا كىرىشكە مۇۋاپىق بولدى. شۇ مەزگىلدە يەنە خىتاي ساقچىلىرى ئۇنىڭغا تېلېفونى قىلىپ، ئەگەر ئۇ لاگېردىكى ئەھۋاللارنى داۋاملىق ئاشكارىلاشنى توختاتمىسا، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى، ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالدى. دېگەندەك، 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئاتىسى بەكرى ئىبراھىمنى شېھىت قىلدى. (رەھمەتلىك بەكرى ئىبراھىمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن. ئامىن!)

ئۆمەر بېكئالى مۇنداق دەيدۇ: «خىتاي ھۆكۈمىتى مېنىڭ لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ پاجىئەلىرىنى سىرتقى دۇنياغا ئاشكارىلىغانلىقىمدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، مېنىڭ ئاتا ـ ئانام، ئاكا ـ سىڭىللىرىم ۋە ئايالىم روشەنگۈلنىڭ ئاچا ۋە سىڭىللىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، جازا لاگېرىغا قامىدى. ئەمما، مەن ھەقىقەتنى ئاشكارىلاشتىن ھەرگىز توختاپ قالمىدىم ۋە مەڭگۈ توختاپ قالمايمەن. چۈنكى، مەن خىتاينىڭ جازا لاگېرىغا قامالغان مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسىگە شاھىت بولدۇم. ئۇلار بىلەن بىللە ياتتىم،

تـەڭ ئـازاب تارتتىـم، خىتايلارنىـڭ ئۇلارنـى سەۋەبسـىز تۇتقـۇن قىلىـپ، ئـۇرۇپ ـ قىيناشـلىرى ھېچقاچـان كـۆز ئالدىمدىـن كەتمەيـدۇ. مـەن جازا لاگېرىدىــن ئايرىلىدىغــان چاغــدا، قېرىنداشــلىرىمنىڭ مــاڭا قارىغــان ئۈمىدلىــك كۆزلىرىدىــن بىــر نەرسـىنى سـەزگەن ئىدىـم. ئـۇ بولسـىمۇ: «ئۆمـەر بىزنـى ئۇنتـۇپ قالمـا! بىزنىـڭ ئەھۋالىمىزنـى تاشـقى دۇنيادىكـى قېرىنداشــلىرىمىزغا، ئىنسـانپەرۋەر كىشــىلەرگە، خەلقئــارا جامائەتكــە، ئىنسـان ھەقلىــرى تەشــكىلاتلىرىغا ۋە ب د ت غـا يەتكۈزگىــن» دېگەندىــن ئىبــارەت ئىــدى. ئەگــەر مــەن بــۇ ئىشــلارنى قىلالمىســام، قانداقمـۇ ۋىجدانىمغـا يـۈز كېلەلەيمـەن؟ قانداقمـۇ راھـەت ياشـىيالايمەن؟ مــەن ھــەر قاچــان بىــر قاچــا تامــاق يېســەم، شــۇ جــازا لاگېرىدىكــى قېرىنداشـلىرىمنىڭ بىـر تـال مۇشـتۇمچىلىك ھورنانغـا قورسـىقى تويمـاي، ئــاچ قالغــان ھالىتــى كــۆز ئالدىمغــا كېلىــدۇ ـ دە، تامــاق گېلىمدىــن ئۆتمـەي، ئولتـۇرۇپ قالىمـەن. كاشـكى، ئۇلارمـۇ ئەركىـن بولغـان بولسـا، ئۇلارمـۇ مـەن يېگـەن تاماقلارنـى يېيەلىگـەن بولسـا دەپ ئويلايمـەن. ھـەر قېتىـم نامازدىـن كېيىنكـى دۇئالىرىمـدا ئۇلارنىـڭ بالـدۇرراق شـۇ لەنىتـى «جــازا لاگېرى»دىــن قۇتۇلــۇپ چىقىشــىنى، ئازادلىــق ـ ئەركىنلىككــە ئېرىششــىنى ئۈمىــد قىلىمــەن.

ئاخىرىــدا ئــۇ تاشـقى دۇنياغــا مۇنــداق خىتــاب قىلىــدۇ: «ئــەي! ئىنسـانىيەت دۇنياسـى، سـىلەر شـەرقىي تۈركىسـتاندىن ئىبـارەت بىـر ئۈسـتى ئوچـۇق تۈرمگـە ئايلانغـان جايىنـڭ بارلىقىنـى بىلەمسـىلەر؟ ئــۇ يــەردە ھــەر قايســىڭلار ئەمــدى: «قايتــا تەكرارلانمايــدۇ» دېيىلگــەن «جـازا لاگېـرى» مەيدانغـا كەلـدى. ئۇنىـڭ قايتـا مەيدانغـا كەلگەنلىكىنى بىلمەمسـىلەر؟ سـىلەرنىڭ كـۆزۈڭلار كـور، قۇلىقـڭلار گاسـمۇ؟ ئەگـەر ئۇنــداق بولمىســا، مانــا مــەن ئۇنىــڭ مەۋجۇتلۇقىنىــڭ شــاھىتىمەن. خالىســاڭلار مــەن ئۇنــى سـىلەرگە سـۆزلەپ بېرىمـەن.»

# زۇمرەتنىڭ زۇلمەتلىك كۈنلىرى

زۇمرەت داۋۇت 1982 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ قەدىمى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدىن بىرى بولغان، ئۈرۈمچى ئايرودرومغا قوشنا بولغان دىيوپۇدا ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. ئۇ دىۋوپۇدا ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كەسپى مەكتەپنىڭ سەنئەت كەسپىدە ئوقۇغان بولسىمۇ، ھەر كىم ئۆزى ئىشى تاپىدىغان، پۇلى بارلار ئىشقا ئورۇنلىشالايدىغان، يولى تارلار ئىش - خىزمەت ساقلاپ، يىللار ئۆتۈپ كېتىدىغان دەۋر بولغاچقا، زۇمرەت خېلى ئۇزاققىچە ئىش تاپالمىدى. ئەمما، ئۇ بىكار يۈرۈشنى خالىمايدىغان تىرىشچان قىز بولغاچقا، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ، يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. شۇ جەرياندا ئۇ تاسادىپىي پۇرسەتتە پاكىستانلىق سودىگەر ئىمران مۇھەممەت بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن 2005 - يىلى توي قىلىپ، بەختلىك ئائىلە قۇردى ۋە ئۈچ ئوماق پەرزەنتنىڭ ئانىسى بولۇپ قالدى.

ئۈرۈمچىنىڭ قەھرىتان قىشى ئاخىرلىشىپ ھاۋا ئىللىشقا باشلىغان نورۇز ئېيىنىڭ 31 - كۈنى ئىدى. ھەپتە ئاخىرى بولغاچقا زۇمرەت ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، «باللارنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، ئوينىتىپ كېلەرمەن» دېگەن خىيال بىلەن ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز مەھەللە كومىتېتىدىن تېلېفون كەلدى. تېلېفوندا ئۇلار: «زۇمرەتنىڭ مەھەللە كومىتېتىغا جىددىي كېلىپ كېتىشى» نى ئۇقتۇردى. ئۇنىڭ كاللىسىغا: «ئاپلا، ئىجتىمائىي نومۇر كۆرسەتكۈچ نومۇرۇم تۆۋەنلەپ كەتكەنمىدۇ؟ بىرەر ئىشىم ئۇلارنىڭ سىفىرلىق

نــازارەت قىلىدىغــان كامېرالىرىغــا چۈشــۈپ قالغانمىــدۇ؟ قانــداق بولــۇپ كېتــەر؟ بېشــىمغا نېمــە كۈنلــەر كېلــەر؟» دېگەنلــەر كەلــدى. ئەممــا ئــۇ بارمىسا بولمايتتى. شــۇڭا ئــۇ بالىلىرىغــا: «مــەن ئــۇزاق قالمــاي قايتىــپ كېلىمــەن» دەپ قويــۇپ، ئۆيدىــن چىقتــى ـ دە، ئىتتىــك مېڭىــپ ئاھالىلــەر كومىتېتىغــا كەلــدى.

ئــۇ ئىشــىكتىن كىرىپــلا چۆچــۈپ كەتتــى. ئىشــخانىدا قورالىــق ئىككــى ســاقچى تۇراتتــى. ئــۇلار: «تەكشۈرۈلىســەن» دېگــەن بىــر ئېغىــز گــەپ بىلەنــلا ئۇنىــڭ قولىغــا كويــزا ســېلىپ، بېشــىغا قــارا خالتــا كەيــدۈرۈپ مەھەللــە ساقچىخانىسىغا ئېلىــپ كەلــدى. ســاقچىلار زۇمرەتنــى بىنانىــڭ يــەر ئاســتى قەۋىتىدىكــى ســوراقخانىغا ئەكىرىــپ، تۆمــۈر ئورۇندۇققــا ئولتۇرغــۇزۇپ، پــۇت ـ قولىنــى باغــلاپ، مىدىــر ـ ســىدىر قىلالمايدىغــان قىلــدى ۋە قاتتىــق تەھدىتلىــرى بىلــەن سوراقنى باشــلىدى:

ــ نېمشقا پاكىستانلىققا ياتلىق بولدۇڭ؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ــ بۇنىــڭ ســەۋەبى ناھايىتــى ئاددىــي. بىــر ـ بىرىمىزنــى ياخشــى كۆرۈشــۈش. ئــۇ مېنــى ياخشــى كۆرۈپتــۇ، مەنمــۇ ئۇنــى ياقتــۇردۇم. شــۇنىڭ بىلــەن تــوي قىلــدۇق.

بۇنىــڭ بىلــەن تىلــى تۇتۇلــۇپ قالغــان ســاقچىلار سوراقنى باشــقا تېمىغــا يۆتكىــدى:

ــ ســېنىڭ بانــكا ھېســابىڭدا: «كــۆپ قېتىــم چەتئەللەرگــە پــۇل ســالغان ھېســاب بــار ئىكــەن. ســەن كــۆپ قېتىــم چەتئەلگــە پــۇل سېلىپســەن. ئۇنــى كىمگــە ئەۋەتتىــڭ؟ نېمشــقا ئەۋەتتىــڭ؟!» ـ دەپ ئۆزلــىرى چىقىرىــپ كەلگــەن بــەش ۋاراق بانــكا ھېســابات قەغىزىنــى ئۇنىــڭ قولىغــا تۇتقــۇزۇپ قويــدى.

زۇمــرەت بانــكا ھېســاب قەغىزىگــە بىــر قــۇر قارىۋەتكەندىــن كېيىــن قىلچــە ھودۇقماســتىن:

ــ تىجــارەت ئۈچــۈن، مــال ئېلىشــقا ئەۋەتكــەن ئىدىــم. بولمىســا مــال ســاتقۇچىلار بىكارغــا مــال بېرەتتىمــۇ؟ ــ دېــدى.

— يەنە چەتئەلدىن بۇ تەرەپكە كەلگەن پۇللارمۇ بار ئىكەن. بۇ پۇلنى كىم ئەۋەتتى؟ نېمىگە ئىشلەتتىڭ؟

— ئەلۋەتتە ئېرىم ئەۋەتتى. بۇ پۇللارنىڭ بىر قىسمىغا مال سالدىم. قالغىنىنى بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلەتتىم. ئۆيگە خىراجەت قىلدىم.

— نېمىشقا پاكىستانغا كۆپ قېتىم باردىڭ؟

— تىجارەت قىلىشقا ۋە ساياھەت ئۈچۈن باردىم. بۇ بىر قانۇنغا خىلاپ ئىشمىدى؟

— ئۇنداقتا سەن نېمىشقا چەتئەلدە ئېرىڭنىڭ يېنىدا تۇرماي، بۇ يەردە ئۈرۈمچىدە تۇرىسەن؟

— چۈنكى، مەن ئۈرۈمچىدىن مال سالىمەن، ئۈرۈمچىدە قۇرغان «ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى»مىز بار.

— پاكىستانغا بارغاندا كىملەر بىلەن كۆرۈشتۈڭ؟ نېمە د يېيىشتىڭ ؟



— مەن پاكىستانغا بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن چىققان. شۇنىڭدىن بۇيان چىقىپ باقمىدىم. ئۇ ۋاقىتتا ئېرىمنىڭ پاكىستانلىق تۇغقانلىرىدىن باشقا ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىگەن ئىدىم.

— ئۇيغۇرلاردىن دەۋاتىمىز. مەسىلەن: «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» نىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟

— ياق، مەن ئۇنداق بىر پارتىيەنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ھازىر سىلەردىن ئاڭلاۋاتىمەن.

— يالغان سۆزلەۋاتىسەن. جىنايەتلىرىڭنى ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىل! بولمىسا، بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىزنى سېنى ئىقرار قىلدۇرالايدۇ! - دەپ ۋارقىرىدى سوراقچىلار ئۇنى قورقۇتماقچى بولۇپ،

— مەن يالغان سۆزلىمىدىم. نېمە قىلساڭلارمۇ مەيلى، مەن ئۆزۈم قىلمىغان ئىشلارنى ئىقرار قىلالمايمەن! - دېدى زۇمرەتمۇ

قورقماستىن.

– ئەگەر ئىقرار قىلمىساڭ، بۇ يەردىن ئۆلۈكۈڭ چىقسا چىقىدۇكى، تىرىكىڭ چىقمايدۇ! - دەپ يەنە تەھدىت سېلىشتى.

- ياق، مەن قىلمىغان نېمىنى ئىقرار قىلالمايمەن! - دەپ زۇمرەت بىرلا گەپتە چىڭ تۇردى.

سوراقچىلار ئوخشاش سوئالنى تەكرار سوراۋەردى، زۇمرەتمۇ قىلچە ئۇيان - بۇيان قىلماي ئوخشاش جاۋابنى بېرىۋەردى. زۇمرەتنى ھېچقانداق ئىقرارغا كەلتۈرەلمىگەن سوراقچىلار ئۇنى تىللاپ، ۋارقىراپ باقتى. كالتەك بىلەن ھەيۋە قىلىشتى ۋە ئۇرۇشتى. كەچكىچە ئۇلار ئۆزلىرى نەچچە قېتىم تاماققا چىقىپ كىرگەن بولسىمۇ، زۇمرەتكە بىر چىشلەم نان، بىر يۇتۇم سۇ بەرمىدى. سوراق تاكى ئەتىسى ئەتىگەنگىچە داۋاملاشتى. زۇمرەتنىڭ قورسىقى ئېچىپ، كالپۇكلىرى قۇرۇپ كەتسىمۇ ئۇلارنىڭ كارى بولمىدى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى زۇمرەتمۇ بىلەلمىدى. بىر ۋاقىتتا سوراقچىلار ئۆز - ئارا بىر نېمە دەپ كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، قولىغا كويزا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈلگەن بولغاچقا، قايسى دوختۇرخانا ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئەمما، ئۇنى ئېلىپ بارغان يەر - بىر دوختۇرخانىنىڭ مەخپىي بۆلۈمىدەك قىلاتتى. ئۇ يەردە نۇرغۇن ئاياللار قاتار تىزىلدۇرۇلۇپ قويۇلغان ئىدى. ساقچىلار ئۇلارنى قوراللىق نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. دوختۇرلار ئۇنىڭ بارلىق ئىچكى ئەزالىرىنى نامەلۇم بىر ئاپپاراتقا سېلىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئىككى بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان ئالدى. نامەلۇم بىر سۇيۇقلۇقنى ئوكۇل قىلىپ ئۇردى. بىر تال ئاۋازغا ئېلىش ئاپپاراتى ئەكېلىپ، بىر ۋاراق قەغەزنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، يىگىرمە قېتىمدىن كۆپ ئوقۇتۇپ ئاۋازىنى ئېلىۋالدى. ئاخىرىدا يەنە ئۇنىڭ بارلىق تارىخىنى سۈرۈشتۈرۈپ كومپيۇتېرغا ئېلىۋالدى. بۇ ئۇنىڭ «د، ن، ئا»سىنىڭ تۇرغۇزۇپ چىقىلغانلىقى

ئىدى.

ساقچىلار يەنە زۇمرەتنىڭ بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ قايتۇرۇپ ئېلىپ مېڭىشتى. تەخمىنەن يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن. بىر يەردە توختاپ: «دوكلات» دېگەن ۋارقىرىغان ئاۋازدىن كېيىن دەرۋازا ئېچىلىپ، يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن زۇمرەت ماشىنىدىن ئېلىپ چۈشۈرۈلدى ۋە بېشىدىكى قارا خالتا ئېلىۋېتىلدى. بۇ چاغدا زۇمرەت ئۆزىنىڭ ئېگىز تاملىق، تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان تۈرمىدەك بىر يەرگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

زۇمرەتنى ئۆتكۈزۈۋالغان گۇندىپايلار ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇستىگە نومۇر بېسىلغان، كۆل رەڭلىك بىر مەھبۇس كىيىمىنى تاشلاپ، كۆز ئالدىدىلا كىيىشكە مەجبۇرلىدى. زۇمرەتنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تەسلىكتە ئېغىز ئېچىپ، گۇندىپايلارغا قاراپ:

— سىلەر بۇنداق قاراپ تۇرساڭلار مەن بۇ كىيىمنى مەن قانداق كىيەلەيمەن؟ مېنى خالىي باشقا بىر ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ قويۇشۇڭلارنى سورايمەن. — دېدى.

— ياق، بولمايدۇ! بۇ يەردە باشقا خالىي ئۆي يوق. سەن چوقۇم مۇشۇ يەردە كىيىشىڭ كېرەك. — دەپ، ئۇنىڭغا ھاياسىزلارچە قاراپ تۇرۇشاتتى. زۇمرەت يەنە بىر قېتىم ئۇلارغا يېلىندى:

— مېنى يالغۇز قويۇڭلار! مەن ئىزا تارتىمەن. مەن بۇ كىيىمنى ئۆزۈم يالغۇز، خالىي يەردە كىيەي. مەن بۇ يەردىن قېچىپ كەتمەيمەن.

— ياق، بولمايدۇ! چوقۇم مۇشۇ يەردە كىيىسەن. — دەپ يەنىلا بىزەڭلەرچە قاراپ تۇرۇشاتتى گۇندىپايلار. زۇمرەت ئۇلارغا ئاخىرقى قېتىم يېلىنىپ مۇنداق دېدى:

— سىلەرنىڭ ئاناڭلار، ئاچا - سىڭىللىڭلار يوقمىدى؟ ئۇلار كىيىم كىيگەندە مۇشۇنداق قاراپ تۇرۇشامتىڭلار؟

شۇندىلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئۇيغۇر گۇندىپاي يەرگە

قارىغانىدەك قىلدى. قالغان قىسىق كۆزلىكلەر يەنىلا ھىجايغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشتى ۋە ھەيۋە قىلىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

ــ كىيگىن! ئەگەر كىيمىسەڭ سېنى قىپ ـ يالىڭاچ قىلىپ، ئۆزىمىز كىيندۈرىمىز. نەچچە سائەت ۋاقىت شۇنداق تالاش ـ تارتىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. زۇمرەتكە باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇ ئاچلىقتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىرى ئۇ تام تەرەپكە قارىۋېلىپ، مەھبۇس كىيىمنى ئۆزىنىڭ كىيىمىنىڭ ئۈستىگە كىيمەكچى بولىۋىدى، گۇندىپايلار ۋارقىراپ:

ــ ئۆزۈڭنىڭ كىيىمىڭنى چىقىرىۋەت! بولمىسا بىز ئۆزىمىز بېرىپ چىقىرىۋېتىمىز، يىرتىپ تاشلايمىز! ـ دەپ تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. زۇمرەتكە ھېچ ئامال قالمىغان ئىدى. ئۇ تامغا قارىغان پېتى كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، سىرتقى كىيىمنى سالدى. ئۇ ھاياسىز نامەھرەملەرنىڭ ئۆزىگە قارىۋالغانلىقىنى بىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ ئاخىر كۆلرەڭ مەھبۇس كىيىمنى مەجبۇرى كىيدى. زۇمرەت مەھبۇس كىيىمنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن گۇندىپايلار ئۇنىڭ پۇتىغا بەش كىلو ئېغىرلىقتىكى ئىشكەلنى سېلىپ يالاپ ئېلىپ چىققاندىن كېيىن كارىدوردا بىر ئاز ماڭدۇرۇپ، تۆمۈر ئىشىكلىك بىر كامېرنى ئېچىپ ئىتتىرگەنچە ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىشتى.

زۇمرەت كامېرغا كىرىپ، پۇتىنى قويغۇدەك يەر تاپالمىغىلى تاسلا قالدى. ئەللىك كىۋادرات مېتىرمۇ كەلمەيدىغان كىچىككىنە بىر كامېرغا ئوتتۇزدىن ئارتۇق مەھبۇس ئايال قامالغان بولۇپ، ئۇلار كامېرغا پېتىشمىغانلىقتىن كۆپىنچىسى ئۆرە تۇرۇشاتتى. كامېرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا كىچىككىنە تەڭنىدەك ئۇيۇپ قويۇلغان بىر كامار بولۇپ، ئۇنى ئوتتۇزدەك مەھبۇسلار ھاجەتخانا ئورنىدا ئىشلىتەتتى. كامېرنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا كۆزىتىش كامېراسى ئورنىتىلغان بولۇپ، كامېردىكى مەھبۇسلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى گۇندىپايلار سىرتتىن كۆزىتىپ تۇراتتى. زۇمرەت كۆزىنى بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ، كامېردىكى ئاياللارغا قارىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكلىرى تېخى

ئەمدىلا ئون بەش - ئون ئالتە ياشقا كىرگەندەك قىلاتتى. چوڭلىرى يەتمىش ياشلىق، چاچلىرى ئاقىرىپ، يۈزلىرىنى چىبەرقۇت رەختتەك قورۇق بېسىپ كەتكەن موماي‌لارمۇ تۇراتتى. ئۇ تەسلىكتە ئېغىزنى مىدىرلىتىپ تۇتقۇنلاردىن بۇ يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى سورىدى. تۇتقۇنلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياشانغاندەك كۆرۈنگەن بىر ئايال سۆز ئېلىپ:

— سىڭلىم بۇ يەرنى ئۇلار: «مەكتەپ» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ قانداق مەكتەپ بولسۇن؟ مەكتەپ دېگەندە مۇشۇنداق ئادەمنى مەجبۇرى سولاپ قويامدۇ؟ تۆمۈر ئىشىكلىك، سىم تىكەنلىك تاملار بىلەن قورشالغان بولامدۇ؟ بۇ يەر ئەمەلىيەتتە بىر تۈرمە! ئۇلار بۇ يەرنى «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ، چىرايلىق نام بىلەن ئاتىۋالدى.

— بۇ يەر ئۆلۈمچىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى زۇمرەت يەنە ئۆزىنىڭ باشقا بىر يەرگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىدىن ئەنسىرىگەندەك قىلىپ،

— ھەئە، قىزىم. بۇ يەر ئۆلۈمچى يەنى تاشبۇلاق ئەتراپىدىكى بىر يېڭىدىن قۇرۇلغان «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» - دەپ چۈشەندۈردى موماي ئاغزىنى ماكىلدىتىپ. شۇندىلا زۇمرەتنىڭ كۆڭلى بىر ئاز خاتىرجەم بولدى. بەلكى ئۇ، ئەتە ئۆگۈن ئىچىدە ئائىلىسىدىن بىرەرسى كېلىپ، ئۆزىنى ئېلىپ كېتىشنى ئۈمىد قىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

بىر ۋاقىتتا ئۇخلاش سىگنالى چېلىندى. كامېرغا سۇپا ياكى كارىۋات قويۇلمىغاچقا تۇتقۇنلار داق يەردىلا يېتىشى كېرەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئوتتۇز نەچچە ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ياتسا پېتىشمايتتى. شۇڭا ئاۋۋال ئون بەش كىشى ياتسا - يانچە بولۇپ ياتتى. باشقىلار ئۆرە تۇرۇشتى ۋە يېقىن سىغدىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ياتقانلاردىن ھېچكىم - ھېچكىمنى قىستاشمايتتى ياكى «مېنى قىستىۋەتتىڭ» دېيىشىپ، بىر بىرى بىلەن تاكاللاشمايتتى. ئۇلار بىر - بىرسىنى يۆرىشىپ، تىننىقلىرىدىن چىقىۋاتقان ھارارەتكە چىدىشىپ، بىر -

بىرسىنى مېھرىبانلارچە قۇچاقلىغانىدەك شېرىن ئۇخلاشماقتا ئىدى. ئۇن بەش كىشى ئىككى سائەتتەك ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئويغىنىپ، باشقا ئۇخلىمىغان ئۇن بەش كىشىگە يەر بوشىتىپ بېرىشتى. ئۇلارغا بۇ ئاپتوماتىك بىر جەريانىدەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار بىر - بىرسىنى شۇقەدەر ئاياپدىكى، ھېچكىم - ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشنى خالىمايتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا قىستالغانلار، زورلانغانلار ۋە خورلانغانلار ئىدى.

بۇ ئاتالمىش «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېيىلگەن يىغىۋېلىش لاگېرىنىڭ قائىدە - تۈزۈمى ئىنتايىن چىڭ بولۇپ، تۇتقۇنلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە سائەت بەشتە ئورنىدىن تۇرۇپ، تاماقتىن بۇرۇنقى بايراق چىقىرىش پائالىيىتىگە چىقىش ئۈچۈن بەش مىنۇت ئىچىدە ئورۇنلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ تەييار بولۇشى كېرەك ئىدى. تۇتقۇنلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن گەپلىشىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. ۋاقتىدا تەييار بولالماي كېچىكىپ قالغانلار گۇندىپايلار تەرىپىدىن قاتتىق جازالىناتتى. تۇتقۇنلارنىڭ تامىقى ئىنتايىن ناچار ئىدى. بىر ۋاقلىق تامىقى ئۈچۈن، بىر قاچا كۆكتات شورپىسى بىلەن بىر تال مۇشتۇمچىلىك هورنان بېرىلەتتى. بۇنىڭغا ھېچكىم تويمايتتى. زۇمرەتنىڭ لاگېرغا سولانغان بىرىنچى كۈنى بولغانلىقتىن، بۇ يەرنىڭ قائىدە - تۈزۈمنى تېخى بىلىپ بولالمىغان ئىدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ياشانغان بىر دىيابېت كېسىلى بار ئايال ئۆزىنىڭ تويمىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋايسىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۆزى يەيدىغان ھور ناننىڭ يېرىمىنى بەرگەن ئىدى. بۇنى كۆرۈپ قالغان گۇندىپايلار كامېرغا پالاقلاپ كىرىشىپ، زۇمرەتنى: «نېمىشقا سەن ئۇنىڭغا تاماق بېرىسەن؟» دېگەن باھانە بىلەن قولىدىكى كالتەكلەر بىلەن بىر نەچچىنى ئۇرىۋەتتى. زۇمرەت ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي «ۋاي خۇدايىم!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ تېخىمۇ قاتتىق تاياق يېيىشىگە سەۋەب بولدى. ئىككى گۇندىپاي زۇمرەتنى كامېردىن

ھەيدەپ ئېلىپ چىقىپ، سوراقخانىغا ئەكىردى ـ دە، يولۋاس ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ باغلاپ:

ــ نەدە خۇدا بار؟ دەپ باقە؟ قېنى، سېنىڭ خۇدايىڭ سېنى بىزدىن قۇتقۇزۇپ باقسۇنچۇ؟ ــ دەپ كالتەك بىلەن زۇمرەتنىڭ يۈز ـ كۆزىگە بەش ـ ئالتىنى ئۇرىۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن تاماق بەرمەسلىك جازاسى بېرىپ، يەنە كامېرغا ئېلىپ چىقىپ سولاپ قويۇشتى.

زۇمرەت ياتقان كامېردىكىلەر دوختۇر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى، تىجارەتچى دېگەندەك ئوخشىمىغان كەسىپ ۋە سەۋىيەدىكى ئوقۇغان، تەربىيە كۆرگەن بىگۇناھ كىشىلەر ئىدى. ئۇلار تۆھمەت بىلەن تۇتۇپ كېلىنگەن بولۇپ، كەسپىي جەھەتتىن قايتا تەربىيەلەشكە ئېھتىياجى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ھەر كۈنى بەش ـ ئون سائەت خىتايچە ئۆگىنىشكە، دۆلەت مارشى ۋە قانۇنلىرىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاندى. ئۇلار ھەر كۈنى «كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئاق تاشلىق كىتاب»نى يادلايتتى. خىتاي رەئىسى شىجىنپىڭغا ۋە كوممۇنىستىك پارتىيەگە رەھمەت ئېيتىشنى ئۆگىنەتتى. تاماق يېيىشتىن بۇرۇن، ئۇخلاش ۋاقتىدىن بۇرۇن «شىجىنپىڭغا رەھمەت، كوممۇنىستىك پارتىيەگە رەھمەت» دېيىشى كېرەك ئىدى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتايلاردىن بولۇپ، خىتاي تارىخىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر تارىخىنى يوققا چىقىراتتى. بىر كۈنى ئۇلار: «ئۇيغۇر دېگەن مىللەت يوق. بىز ھەممىمىز جۇڭخۇا مىللىتى» دەپ دەرس سۆزلىدى. ئۇلار ئاشۇنداق يالغان سۆزلىگەنلىكىدىن قورقىمۇ قانداق، دەرسخانىدا تۇتقۇنلار پارتا ـ ئورۇندۇقلاردا ئايرىم ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما، مۇئەللىم تۆمۈردىن تۆت چاسا قىلىپ ياسالغان، بىر ئادەم سىغىدىغان چوڭلۇقتىكى قەپەزنىڭ ئىچىگە سولاپ قويۇلغان ئىدى.

«كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن بۇ جازا

لاگېرىدا ھېچكىم سىرتىدىن بىلەلمەيدىغان، مەخپىي ئۆي - بۆلۈمچىلەر بولۇپ، ئۇ بۆلۈمچىلەرىدىن بىرسى دوختۇر ئۆيى ۋە ئۇ يەردە تىنىمسىز تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان دوختۇر - گۇندىپايلار ئىدى. ئۇلار دوختۇر دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە داۋالاشنى بىلمەيدىغان سىرلىق كىشىلەر ئىدى. تۇتقۇنلار كۈن بويى ئاپتاپ كۆرمەي زەي تۈرمىدە يېتىۋەرگەچكە، كۆپىنچىسى قىچىشقاق كېسىلى بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار داۋالىنىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ھېچقانداق دورا بېرىلمىدى ۋە دوختۇرلار كىرىپ تەكشۈرمىدى. بىر كۈنى پۈتۈن بەدىنى ئالەم كېمىسىگە چىقىدىغان ئادەملەردەك ئېتىۋېتىلگەن، ئاق خالات كىيىۋالغان ئىككى كىشى كېلىپ، «قىچىشقاقنى داۋالايمىز» دېگەننى باھانە قىلىپ، دۈمبىسىگە ئارتىۋالغان سومكا شەكلىدىكى ناسوسلۇق دورا پۈركۈگۈچ بىلەن بارلىق تۇتقۇنلارنىڭ كىيىمىنىڭ ئۈستىدىنلا دورىلارنى پۈركۈپ چىقتى. بۇ بىر خىل سوغۇق ۋە ئاچچىق سۇيۇقلۇق بولۇپ، بەدەنگە تەگكەندىن كېيىن بەدەننى ئېچىشتۇرۇپ، قاتتىق ئاغرىتاتتى. تۇتقۇنلار ۋارقىراپ - جارقىراپ كېتىشتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، ئاياللارنىڭ پۈتۈن كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كەتكۈچە دورا پۈركىدى.

زۇمرەت ھېچقانداق كېسەل بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن سورىماستىنلا كىيىملىرى ئۈستىدىن دورا پۈركۈۋەتتى. ئۇنىڭ كىيىۋالغان مەھبۇس كىيىمى پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىم بەدەنگە چاپلاشقاندىن كېيىن، بەدەننى قاتتىق ئېچىشتۇرۇپ ئاغرىتاتتى. زۇمرەتمۇ ئاغرىقتىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. ئارقىدىنلا بۇ ئاتالمىش «دوختۇر» دېگەن گۇندىپايلار تۇتقۇنلارغا بىر - بىرلەپ، نامەلۇم بىر ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇپ چىقتى. مەجبۇرىي دورا ئىچكۈزدى. تۇتقانلارنىڭ ئۇلارغا: «ياق، مەن ئوكۇل ئۇرغۇزمايمەن. دورا يېمەيمەن» دېيىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئەگەر ئۇنداق دېسە ئېغىر جازالىناتتى. زۇمرەتكىمۇ ھەپتىدە بىر قېتىم ئوكۇل ئۇردى. قان ئالدى. بىر تال دورا كۈمىلچىنى

مەجبۇرى ئېچكۈزدى. ئۇ دوختۇر گۇندىپايىلار دورا ئېچكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن يەنە تەكشۈرۈپ، تۇتقۇنلاردا قانداق ئۆزگىرىش ۋە ئالامەتلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزىتىشەتتى. زۇمرەت ھەر قېتىم دورا ئىچكۈزگەندىن كېيىن بىر خىل خامۇش بولۇپ، ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك مەستخۇش بولۇپ قالاتتى.

شۇ تەرىقىدە دورا ئىچكۈزۈلۈپ، بىر ئايدەك داۋاملاشقاندىن كېيىن زۇمرەت بۇ دورىلارغا خۇمار بولۇپ قالغاندەك بىر خىل غەلىتە سېزىم ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىدە يەنە ھەيز كۆرۈشنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى سەزدى. شۇ چاغدىلا زۇمرەت ئۆزىگە ئىچكۈزۈلگەن بۇ دورىنىڭ سىرىنى چۈشىنىپ يەتتى ۋە «ئاھ، خۇدا! بۇ قانداق ئىش؟ ھەيز توختىدى دېگەن گەپ، ئەمدى پەرزەنت كۆرەلمەيسەن دېگەن گەپ، بىر ئايال كىشى ئۈچۈن پەرزەنت كۆرەلمىدى دېگەن گەپ، ئۇنىڭ ئەۋلادى بولمايدۇ دېگەن گەپ، ئەۋلادى بولمىدى دېگەن گەپ، مىللەتنىڭ ۋارىسلىرى بولمايدۇ ۋە مىللەت يوقۇلۇشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ دېگەن گەپ. ئاھ خۇدا! بۇ نېمىدېگەن خەتەرلىك ئىش! مەنغۇ ھېلمۇ ياخشى ئۈچ باللىق بولۇپ بولغانمەن. ئەمما، بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان تېخى توي قىلمىغان ياش قىزلار بارغۇ؟ ئۇلار ئۈچۈن بۇ بىر پاجىئە ئەمەسمۇ؟ بىر قىزنىڭ بىر ئۆمۈر پەرزەنت كۆرەلمەسلىكى، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئادەم ئىكەنلىكىنى يوققا چىقارغانلىق، ئىنسانلىق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن قەبىھلىك، ياۋۇزلۇق - ھە؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

زۇمرەتنىڭ لاگېرغا تۇتقۇن قىلىنغانلىقىغا ھەش پەش دېگۈچە ئىككى ئايچە بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئەمما، بۇ كۈنلەر ئۇنىڭغا ناھايىتىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ھەر كۈنى مەجبۇرى ئۆگىنىش، ناچار تاماق، كامېردىكى قىستاڭچىلىق ۋە گۇندىپايلارنىڭ تۇتقۇنلارنى ئۇرۇپ - قىيناشلىرى ئادەمنى روھىي جەھەتتىن قىيناپ، ئىچى تىتىلدايدىغان قىلىپ قويۇۋاتاتتى. پەقەت بۇ يەردىكى تۇتقۇنلارنىڭ ئۆز - ئارا كۆيۈمچانلىقىدىنلا ئادەم ئۆزىگە

بىر ئاز تەسكىن تاپالايتتى. زۇمرەت كامىردىكى تۇتقۇنلار بىلەن ئىنتايىن چىقىشىپ قالدى. ئاخشاملىرى تۇتقانلار بىر ـ بىرسىگە بەدەنلىرىنى تەككۈزۈشۈپ، يېقىن ياتىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۆز ـ ئارا دەرتلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئېيتىشىپ، بىر ئاز بولسىمۇ ئىچ پۇشۇقلىرىنى چىقىرىشىپ، يەڭگىللەپ قېلىشاتتى.

بىركۈنى زۇمرەتنىڭ دۈمبىسىگە ـ دۈمبىسىنى يېقىپ ياتقان گۈلمىرە ئىسىملىك قىز ئۆزىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبىنى قۇلاقنى ـ قۇلاققا يېقىپ تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا سۆزلەپ بەردى: گۈلمىرە مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ، ئۇ ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تونۇشتۇرۇشى بىلەن ياڭ ئىسىملىك بىر خىتاي بىلەن قوشماق تۇغقان قىلىنىپتۇ. ئۇ ۋاقىتتا گۈلمىرەنىڭ ئېرى ۋە ئىككى بالىسى بار بولۇپ، گۈلمىرەنىڭ ئېرى مەمەتجان بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورى بولغاچقا، دائىم سىرتلارغا، باشقا ۋىلايەت ۋە شەھەرلەرگە كاماندىروپكىغا كېتىدىكەن. ياڭ ئىلگىرى گۈلمىرەنىڭ ئېرى بار ۋاقىتتا بىرنەچچە قېتىم كەلگەن بولۇپ، ئۇ گۈلمىرەنىڭ ئېرى بىلەن گەپلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ قاچان، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى، قايسى ۋاقىتتا ئۆيدە بولمايدىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى بىلىۋالغان ئىكەن. بىركۈنى مەمەتجان قارامايغا خىزمەت بىلەن كەتكەن ۋاقىتتا ياڭ تېلېفون قىلىپتۇ ۋە كەچتە ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. گۈلمىرە: «بولمايدۇ، كەلمەڭ! ئۆيدە ئېرىم يوق. يەنە بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئېرىم كەلگەندىن كېيىن كېلىڭ!» دەپتۇ. ياڭ بولسا ئۇنىڭغا قوشۇلماي، قەتئىي بۇگۈن بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىمقى ئورۇنلاشتۇرۇش «مەھەللە كومىتېتى» تەرىپىدىن قىلىنغان ئىكەن. بۇنىڭ بىلەن گۈلمىرە ئامالسىز ماقۇل دەپتۇ. دېگەندەك كەچ كىرگەندە ياڭ قولىدا بىر خالتا كۆتۈرۈپ كىرگەنچە كېلىپ، ئىشىكنى خۇددى ھەققى باردەك قاتتىق چېكىپتۇ، گۈلمىرە ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، ياڭ ھاياسىزلارچە ھىجىيىپ، تەكلىپ قىلمىسىمۇ

ئۆيگە كىرىپتۇ ـ دە، شىرە ئۈستىگە توككىدە قىلىپ بىر قۇتا ئاق ھاراقنى قويۇپ: «مېنى قانداق كۆتىسەن گۈلمىرە؟ قورۇماڭ بارمۇ؟ مەن ئۇيغۇرلارنىڭ قورۇمىسىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ» دەپتۇ. گۈلمىرە ئىككى بالىسىنى باللار ئۆيىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزى ئاشخانىغا كىرىپ قورۇما تەييارلىغان بولۇپ ۋاقتنى كەينىگە سوزۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا چىقىشنى خالىماي تۇرغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ياڭ ئاشخانا ئىشىكىنى تېپىپلا ئېچىپ كىرمەكچى بولۇپتۇ، بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن گۈلمىرە قولىغا كۆكتات توغرىغان پىچاقنى ئېلىپ سېلىپتۇ، بۇنى كۆرگەن ياڭ چىرقىرىغىنىچە ئاشخانىدىن چىقىپ ساقچىغا تېلېفون قىلىپتۇ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ساقچىلار يېتىپ كېلىپ، گۈلمىرەنى تۇتقۇن قىلىپ بۇ يەرگە ئەكېلىپ سولاپتۇ.

گۈلمىرەنىڭ قوشماق تۇغقان پاجىئەسى زۆھرەتىنىڭمۇ قوشماق تۇغقاندارچىلىقتا تارتقان دېشۋارچىلىقلىرىنى ئېسىگە سالدى ـ دە، ئۇنى گۈلمىرەگە سۆزلەپ بەردى: «ئۇيلىسام بۇ ئىشتىن بەكلا نومۇس قىلىمەن، ــ دەپ، سۆزنى باشلىدى ئۇ ـ بىركۈنى مېنىڭ قوشماق تۇغقىنىم بولغان لى ئىسىملىك خىتاي «ئاھالىلەر كومىتېتى ئورۇنلاشتۇردى» دەپ ئۆيگە چاقىردى. يولدىشىم ئۆيدە بولمىغاچقا، ئۆزۈم يالغۇز بېرىشتىن قورقتۇم ـ دە، بىر ئەقىل تېپىپ، چوڭ ئاكامنى بىللە ئېلىپ باردىم. بىز بارغۇچە لى ئەر ـ ئايال ئىككىسى تاماق شىرەسىنى ھەر خىل قورۇما بىلەن تولدۇرۇۋەتكەن ئىكەن. شىرەدە چوشقا گۆشى بىلەن قورۇغان قورۇمىمۇ بار ئىكەن. بۇنى لى تاماقلارنىڭ تۈرىنى چۈشەندۈرگەچ ئۇلارغا ئۆزى ئاشكارىلاپتۇ، لى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى بىر ئاز بىلىدىغان خىتاي ئىكەن. ئۇ زۆھرەتىنىڭ قورۇملارنى يېمەي ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ شۇنداق دەپتۇ:

ــ مەن سىلەرنىڭ چوشقا گۆشى يېمەيدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. ئەمما، بۇ ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ، ئۇلار قوشماق تۇغقانلار زىياپىتىدە چوقۇم چوشقا گۆشى بولۇشىنى،

ھەرئىككى تەرەپنىڭ چوشقا گۆشى يېيىشى كېرەكلىكىنى، بۇ گۆشنى يېگەنلىكىگە ئائىت ئىسپاتلانغان رەسىم كۆرۈنۈشى بولۇشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىپتۇمىش. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا: «ئىلگىرى چوشقا گۆشى يەپ باقمىغان بولغاچقا، پەقەت يېيەلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، سەنمۇ توغرا چۈشەنسەڭ» - دېدىم. ئۇ تېرەكتەك بىر ئاكام يېنىمدا بولغاچقا، بىزنى مەجبۇرلىيالمىدى. ئاخىرى بىز ئۇنىڭ بىلەن سۆزلۈشۈپ، بىر «يالغان كۆرۈنۈش ياساش چارىسى»نى ئويلاپ تاپتۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر پارچە چوشقا گۆشىنى چوكىدا قىسىپ، ئېغىزىمغا يېقىن ئەكېلىپ تۇتۇپ تۇردۇم. ئۇ ۋىدىئوغا ۋە رەسىملەرگە ئالدى. مەن بۇ قېتىم كاللامنى ئىشلىتىپ ئاكامنى بىللە ئېلىپ بارغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئەگەرده ئاكام بولمىغان بولسا، ماڭا چوشقا گۆشىنى مەجبۇرىي يېگۈزۈشى مۇمكىن ئىدى. ئەمدى بۇنىڭدىن قۇتۇلدۇم ئۇھ! دەپ تۇرسام، — سۆزىنى داۋام قىلدى زۇمرەت، — بىر كۈنى ئون بىر ياشلىق قىزىمنىڭ قوشماق تۇغقىنى بولغان جاڭ ئىسىملىك بىر خىتاي قىزىمنى ئۆيىگە زىياپەتكە چاقىرىپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئائىلىلەر كومتېتنىڭ ئۇقتۇرۇشى بولۇپ، مېھمان ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشى كېرەك ئىكەن. مەن بۇنى ئاڭلاپ ئىچىمدە قاتتىق غەزەپلەندىم. قىزىمنى بارغۇزماسلىق قارارىغا كەلدىم. ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ قىزىمنى ئاغرىپ قالدى دەپ مەكتەپكىمۇ ئەۋەتمىدىم. تونۇش دوختۇرلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، يالغاندىن ئوكۇل ئۇرغانلىق ئىسپاتى ئېلىۋالدىم ۋە قىزىمنىڭ بەدىنىنىڭ ئۇ يەر بۇ يەرلىرىگە يېپىشتۇرغۇچ لاتىلارنى چاپلاپ، ئۇنى رەسىمي ئاغرىق قىياپىتىگە كىرگۈزدۈم - دە، قىزىمنى جاڭ نىڭ ئۆيىگە ئەۋەتمەي قوغداپ قالدىم. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە بىر نەچچە قېتىم قىزىمنى چاقىردى. يەنە ئۇنىڭغا بىرەر باھانە - سەۋەب تېپىپ چىقىپ، قىزىنى ئەۋەتمىدىم. يەنە بىر كۈنى ئائىلىلەر كومتېتىدىن تېلېفون قىپتۇ. بىزنىڭ ئۆيىگە ئۈچ بالامنىڭ بىردىن ۋە مېنىڭ بولۇپ، تۆت

نەپەر قوشماق تۇغقىنىمىزنى زىياپەتكە كېلىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن تۆت قوشماق تۇغقانغا ـ تۆت دانە يېڭىدىن يوتقان، يوتقان تېشى، كۆرپە ۋە پۈت يۇيىدىغان داس، ھەتتا چىش پاستىسى ۋە چوتكىسىدىن تارتىپ ھەممە نېمىسىنى تەييارلىشىمىز كېرەك ئىكەن. بىر مۇنچە پۇل خەجلەپ، بۇ نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ سېتىۋالدىم. ئۇلار كېلىپ، مۇتىھەملەرچە قىلىقلارنى قىلىشقا باشلىدى. مېھمانخانا ئۆيىدىلا كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەيتتى. بۇنىڭغا باھانە سەۋەب قىلىپ مۇنداق دەيتتى: «بىزگە ئاھالىلەر كومىتېتىدىكىلەر ھەپتىدە ئۈچ قېتىم كېلىشىڭلار دېگەن. مانا بۈگۈن بۇ ھەپتىدە ئاران بىر قېتىملا كەلدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۈچ قېتىم كىيىم يەڭگۈشلەپ، باشقا ـ باشقا كىيىملەر بىلەن سىلەرنى ۋىدىئوغا ئالمىساق بولمايدۇ! بۇ ۋىدىئولارنى ئاھالە كومىتېتىغا كۆرسىتىشىمىز كېرەك» ـ دەپ، توختىماي ۋىدىئوغا ئېلىپ، رەسىمگە تارتىپ كاللامنى ساراڭ قىلىۋەتتى. ئۇنىڭغا چىشىمنى ـ چىشلەپ چىداشقا مەجبۇر بولدۇم. قارىمامسىز گۈلمىرە؟ بىز قايسى كۈنگە قالدۇق. بۇ ئىپلاسلار مۇشۇنداق قىلىپ، نەسلىمىزنى بۇلغاپ بولارمۇ؟ ئۆرپ ـ ئادىتىمىزنى دەپسەندە قىلىپ، دىنى ئېتىقادىمىزنى يوقۇتۇپ تاشلارمۇ؟ چەتئەلدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز نېمشقا بىزگە ئىگە چىقمايدىغاندۇ؟ دىنىمىزدا: ھەممە مۇسۇلمان بىر قېرىنداشتۇر دېيىلگەن ئىكەنغۇ؟ قېنى ئۇ قېرىنداشلىق، قېنى ئۇ ئادالەت دۇنياسى؟ ئىلاھىم بىزنى بۇ زالىملارنىڭ زۇلۇمىدىن ئۆزلۈك قۇتقۇزغايسەن، ئامىن!». زۇمرەت تۇتقۇنلار بىلەن ئاشۇنداق مۇڭدىشىپ قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قېلىشاتتى.

زۇمرەتنىڭ زۇلمەتلىك كۈنلىرى داۋام قىلماقتا ئىدى. لاگېردىكى تۇتقۇنلار ھەر كۈنى مەجبۇرى سىياسىي ئۆگىنىش ۋە ئۇزۇندە يادلاشقا سېلىنىشتىن باشقا پات ـ پات قانداقتۇر بىر نامەلۇم جىنايىتى ئۈستىدىن سوراققا تارتىلاتتى. بىركۈنى زۇمرەت ئۆزىنىڭ «ئامېرىكىغا ۋىزا ئىلتىماس قىلغان جىنايىتى»دىن سوراق

قىلىنــدى:

ــ سـەن ئىككـى يىـل بـۇرۇن ئامېرىـكا كونسـۇلىغا ۋىزا ئىلتىماسـى سۇنۇپسـەن. نېمىشـقا ئامېرىكىغـا بارماقچـى بولغـان ئىدىڭ؟

ــ ئامېرىكىغـا سـاياھەت ئۈچـۈن بارماقچـى بولغـان ئىدىـم. نۇرغـۇن جۇڭگولۇقلارمـۇ ئامېرىكىغـا بارىدىغـۇ؟ ئۇلارمـۇ ئالـدى بىلـەن ۋىـزا ئىلتىماسـى سۇنۇشـى كېرەكقـۇ؟ مـەن ۋىـزا ئىلتىمـاس سۇنسـام نېمىشـقا بولمايدىكــەن؟

ــ بولــدۇ! ئەممــا، ســەن ئــاۋۋال بىزدىــن رۇخســەت ئېلىشــىڭ كېــرەك ئىــدى! بىــز ســېنىڭ ئىجتىمائىــي ئىشــەنچلىك كۆرســەتكۈچ دەپتىرىڭدىكــى ئەھۋالنــى تەكشــۈرۈپ چىققاندىــن كېيىــن، ئاندىــن چەتئەللەرگــە ۋىــزا ئىلتىمــاس قىلىــش رۇخسەتنامىســى بېجىرىــپ بېرىــش ياكــى بەرمەســلىك قارارىنــى كۆتۈشــۈڭ كېــرەك ئىــدى.

ــ ئەممـا پاكىسـتاندا ئۇنـداق ئەمەسـكەن، مـەن يولدىشـىم بىلـەن بارغـان ئىدىـم. شـۇڭا بىلمـەي قاپتىمـەن.

ــ ئەگـەر ئامېرىكىغـا چىققـان بولسـاڭ كىـم بىلـەن كۆرۈشـمەكچى ئىدىڭ؟

ــ ھېچكىم بىلەن، پەقەت ساياھەت ئۈچۈن بارماقچى ئىدىم.

ــ ئامېرىكىـدا كىملەرنـى تونۇيسـەن؟ رابىيـە قادىرنـى تونۇمسـەن ياكـى ئۇنىـڭ بىلـەن تۇغقاندارچىلىقىـڭ بارمـۇ؟

ــ يــاق، ئامېرىكىــدا ھېچكىمنــى تونۇمايمــەن. رابىيــە قادىرنــى ئۆرۈمچىدىكـى تۈرمىـدە دەپ ئاڭلىغـان، ئەمـدى بولغانـدا ئامېرىكىـدا نېمـە ئىـش قىلىدىكــن؟ ئۇنىــڭ يــان قانىتــى بولمىســا، تۈرمىدىــن قانــداق ئۇچـۇپ چىقىــپ كېتەلەيــدۇ؟

ــ بولــدى قىــل! ســورىمىغان ســوئالغا جــاۋاب بەرمــە!ــ دەپ ۋارقىــراپ كەتتــى ســوراقچى ۋە زۇمرەتكــە كالتەكنــى دىۋەيلــەپ:

ــياخشــى ئويــلان! كاللاڭــدا ئويلىغانلىرىڭنىــڭ ھەممىســىنى ئېيتقىــن! ئامېرىكىغــا چىقىشــتىكى مەقســىتىڭنى ئىقــرار قىلغىــن! بولمىســا بــۇ يەردىــن ئۆلۈكــۈڭ چىقىســا چىقىدىكــەن، تىرىكىــڭ

چىقمايدۇ. بولدى! ساڭا بىز يەنە ئويلىنىش ۋاقتى بېرەيلى.ــ دەپ چىچاڭشىغانچە سوراقنى ئاخىرلاشتۇردى ــ دە، زۇمرەتنى قوپاللىق بىلەن ئىتتىرگىنىچە كامېرغا ھەيدەپ ئاپىرىپ سولىۋەتتى.

زۇمرەت كامېرغا كىرىپلا قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدى. بىر مۇنچە ئاياللار ياشانغان بىر ئايالنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان بولۇپ، ئۇ ئايال ھوشىدىن كەتكەندەك قىلاتتى. زۇمرەتمۇ ئولىشىۋالغان ئاياللارنىڭ يېنىغا كېلىپ، قاراپلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ تۇنىساخان ئىسىملىك جىگەر كېسەللىگە گىرىپتار بولغان ياشانغان ئايال بولۇپ، ئۇ دائىم: «بېقىنىم ئاغرىيدۇ، بېشىم قايىدۇ» دەپ ۋايسايتتى. ئىشتىھاسىمۇ ياخشى ئەمەس بولۇپ، تاماق ياخشى سىڭمىگەچكە، ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. ئىلگىرىمۇ بىرنەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئەمما، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىكتەك قىلاتتى. چىرايى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، تېنىدە قان قالمىغاندەك قىلاتتى. ئاغزىدىن توختىماي كۆپۈك چىقىپ تۇراتتى. ئايال تۇتقۇنلار ئۆز ـ ئارا مەسلىھەتلىشىپ، گۇندىپايلارغا خەۋەر قىلىشتى. ئۇلار «بەلكىم دوختۇرلار كېلىپ، تەكشۈرۈپ ـ داۋالاش ئېلىپ بېرىش مۇمكىن» دەپ ئويلاشقان ئىدى. ئەمما ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئىككى گۇندىپاي كىرىپ، تۇنىساخاننى ئىككى پۇتىدىن سۆرىگەنچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. تۇتقۇنلار كۆز يېشى قىلىشقانچە قاراپ قېلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇنىساخان كامېرغا قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ ھايات ياكى ئۆلگەنلىكىنىمۇ ھېچكىم بىلەلمىدى. بۇ ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن كامېردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپ، يوقاپ كەتكەن ئاياللارنىڭ بىرىنچىسى ئەمەس ئىدى. ئىلگىرىمۇ بىر قانچە ياش ئاياللار كېچىسى چاقىرتىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كىرمىگەن ئىدى. زۇمرەت «ئاھ خۇدا! بۇ نېمە دېگەن دەھشەت؟ كېسەللىكىمۇ پۇتىدىن سۆرەپ خارلىغان بارمۇ؟ ئۇلارنى نېمىشقا داۋالىمايدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى نېمىشقا بىز بىلەلمەيمىز؟

51

نېمىشقا ئۇلار بىر ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنچە يوقاپ كېتىدۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنمىدۇ؟ ياكى بولمىسا ئاشۇنداقلا كۆيدۈرۈۋەتكەنمىدۇ؟ ئاڭلىساق، ھازىر لاگېرغا يېقىن يەرلەردە جەسەت كۆيدۈرۈش خۇمدانلىرى سېلىنىپتۇدەك، مۇسۇلمانچە دەپنە قىلىش بولسا: «دىنىي ئەسەبىيلىك» دەپ قارىلىپ چەكلىنىپتىمىش، ئەمدى بىزنىڭ تىرىكمىز تۈگۈل، ئۆلۈكىمىزمۇ خارلىنىدىغان زامانلار بولماقتا! ئاھ، خۇدا! مېنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، بۇ زۇلمەتلىك كۈنلىرىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يورۇق دۇنياغا چىقىشىمغا نېسىپ قىلغايسەن، ئامىن!» دەپ دۇئا قىلدى ئىچىدە.

زۇمرەت ئۆزىنىڭ بۇ زۇلمەتلىك كۈنلىرىنىڭ بالدۇرراق ئاخىرلىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئىچى تىتىلدايدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ ئېرىنىڭ ئۈنىڭ ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز يول مېڭىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. زۇمرەت لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئىمران مۇھەممەت پاكىستاندىن قايتىپ كېلىپ، غەزەپتىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدى. ئۇ ئۈچ نارەسىدە بالىسىنىڭ باققۇچىسىز تاشلىنىپ قالغانلىقىدىن ئىنتايىن خاپا بولغان ئىدى. بالىلارنى تاشلاپ قويۇپ، ئانىسىنى سەۋەبسىز تۇتۇپ كېتىدىغان بۇنداق ئەقىلگە سىغمايدىغان رەھىمسىزلىكنى ئۇ تۇغۇلۇپ مۇشۇ ياشقا كىرگىچە ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن باشلاپ ئايالىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ، بارمىغان تۈرمە، بارمىغان ساقچى ئىدارىلىرى قالمىدى. ھېچكىم ئۈنىڭ بار يېرىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. ئۈنىڭ ئاڭلىغىنى زۇمرەت قانداقتۇر بىر «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن مەكتەپتىمىش. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى بىر قانچە «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن يەرگە ئۈنى سۈرۈشتۈرۈپ بارماقچى بولۇپ بېرىپ، ھەيران قېلىپ ياقىسىنى چىشلىدى. ئۇ يېقىن بارالمىغان بولسىمۇ، يىراقتىن

ئۇ يەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ كۆرگەن ئاتالمىش «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن جاي يوغان تۆمۈر دەرۋازىلىق، تاملىرى ئېگىز ۋە تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغانىدى. ھەر بىر بۇلۇڭدا بىردىن كۆزىتىش مۇنارلىرى بولۇپ، قوراللىق ئەسكەرلەر قاراۋۇللۇق قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ: «بۇ قانداقمۇ مەكتەپ بولسۇن؟ مەكتەپمۇ تىكەنلىك سىم بىلەن قورشاقلىق بولامدۇ؟ قوراللىق ئەسكەرلەر كۆزەتچىلىك قىلامدۇ؟ ياق، ياق! ئۇ بىر مەكتەپ ئەمەس، تۈرمە ئىكەن» دېگەن چۈشەنچىگە كەلدى - دە، زۇمرەتنى قانداق قىلىپ بولمىسۇن قۇتقۇزۇشنى قارار قىلدى.

ئىمران مۇھەممەد ئۇرۇمچى ۋە بېيجىڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە پاكىستان كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، زۇمرەتنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا ئۆزى شاھىت بولالايدىغانلىقى، شۇڭا ئۇنىڭ دەرھال قويۇپ بېرىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، ئەرز قىلىپ ھېچكىمگە ئاڭلىتالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئەقىل تېپىپ، ئۆزىگە ئوخشاش ئۇيغۇر ئاياللىرى تۇتقۇن قىلىنغان ئەللىككە يېقىن پاكىستانلىقلارنى يېتەكلەپ، بىر قانچە قېتىم بېيجىڭدىكى پاكىستان ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئەرز قىلىپ نامايىش قىلدى. ئاخىرى پاكىستان دائىرىلىرى ئۇنىڭغا: «بۇ ئىشنى داۋراڭ سالماسلىق شەرتى» نى قويۇپ، دىپلوماتىك يوللار بىلەن ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. دېگەندەك ئۇزاق ئۆتمەي ئىمران مۇھەممەد زۇمرەتنىڭ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

زۇمرەت لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئېرى ۋە باللىرى بىلەن دەرھال پاكىستانغا كەتمەكچى بولدى. ئەمما زۇمرەتنىڭ ۋە بالىلارنىڭ پاسپورتى تارتىۋېلىنغان ئىدى. «ئاھالىلەر كومىتېتى» غا پاسپورتنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىۋىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن شەرت قويۇلۇشتى. ئۇلارنىڭ بىرىنچى شەرتى زۇمرەتنىڭ ئۈچىنچى بالىسى ئۈچۈن «پىلاندىن سىرت تۇغۇلغان»

دېگەن سەۋەب بىلەن جەرىمانە تۆلەش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئون سەككىز مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر شەرت بولسا، زۇمرەت بىر قانچە قېتىم ئاغرىپ قېلىپ، بايراق چىقىرىشقا قاتناشمىغان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ «ئىجتىمائىي كۆرسەتكۈچ نومۇرى» تۆۋەنلەپ كەتكەن ئىكەن. شۇڭا ئاھالىلەر كومىتېتى ئۇنىڭغا پاسپورت چىقىرىشقا كېرەكلىك رۇخسەت خېتى قىلىپ بېرەلمەيدىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇزاق ساقلىشى، «ئىجتىمائىي كۆرسەتكۈچ نومۇرى» نى يۇقىرىلىتىشى كېرەك ئىكەن. بېشى قاتقان زۇمرەت ئاھالىلەر كومىتېتىدىكىلەرگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇلارنىڭ خىتاي باشلىقى بىر ئەقىل كۆرسەتتىپ: «راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر خىتاي ئايالغا پۇل ياردەم قىلسا، نومۇرنى يۇقىرىلىتىپ، رۇخسەت قەغىزى قىلىپ بېرىدىغانلىقى»نى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ خىتاي ئايالغا يىگىرمە مىڭ يۈەن ياردەم قىلىپ، بۇ توسالغۇدىنمۇ ئۆتتى. ئەمما شەرتلەر تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى شەرتى بولسا، زۇمرەتنىڭ «تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى» قىلدۇرۇشى بولۇپ، بۇنى زۇمرەتنىڭ ئېرى قەتئىي رەت قىلدى ھەمدە ئۇ: «مەن بىر مۇسۇلمان، بىز مۇسۇلمانلاردا تۇغماسلىق ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر چەتئەللىك، مەن باللىرىمنى خىتاي گىراژدانى بولسۇن دېمەيمەن. مېنىڭ دۆلىتىمدە بۇنداق ئىش يوق. بىز مۇسۇلمانلاردا باللار قانچە جىق بولسا، شۇنچە ياخشى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ رىزقىنى ئاللاھ بېرىدۇ دەپ قارايمىز» دەپ، ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بەردى. ئەمما ئۇلارغا بۇنداق گەپلەر كار قىلمايتتى. زۇمرەت ئۇرۇمچىنىڭ ھازىرقى يامان ۋەزىيىتىنى ياخشى بىلگەچكە، ھەم لاگېردا كۆرگەن دەھشەتلىك زۇلۇملارنى ئۇنتۇپ كېتەلمىگەچكە، بۇ يەردىن تېزراق كېتىشنى ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ ئىمران مۇھەممەتكە نەسىھەت قىلىپ، يىلىنىپ ئاران دېگەندە بۇ «تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى»گە ماقۇل دېگۈزدى ۋە ئۆزىنى مەلۇم

قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا بەش نەپەر ئايال بىلەن بىللە ئۆرۈمچى يۇقىرى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركىزىنىڭ ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە ئېلىپ بېرىلدى. ئوپېراتسىيەگە كىرىشتىن بۇرۇن زۇمرەتكە ئاسما ئوكۇل ئۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەس - ھوشىنى يوقۇتۇپ، ئوپېراتسىيەنىڭ قانداق، قانچىلىك ۋاقىت ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ ئويغانغان ۋاقتىدا، ئۆزىدىن باشقا ئېگىراپ ياتقان يەتتە - سەككىز ئايالنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىقىنى كۆردى. ئەمما، ئۇلارنىڭ يېنىدا نە دوختۇر، نە سېسترا يوق تۇراتتى. ھەممىسىلا ياش ئايال بولۇپ، ھەسرەت بىلەن يىغلاۋاتاتتى. زۇمرەت ئوپېراتسىيەخانىدىن ئايرىلغاندا ئاھالىلەر كومىتېتى دوختۇرىدىن «ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشى»نى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭدا زۇمرەتنىڭ مەڭگۈ تۇغماسلىق ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىقى يېزىلغان ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ بۇ ئازابنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايتتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى تارتقان زۇلمەتلىك كۈنلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

زۇمرەت خىتاينىڭ ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دەۋالغان جازا لاگېرىغا قامالغان مىليونلىغان ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقالىغان تەلەيلىك بىر قانچە ئۇيغۇرنىڭ بىرسىدۇر. ئۇ پاكىستانلىق ئېرىنىڭ يول مېڭىشى ۋە خىتايدا تۇرۇشلۇق پاكىستان ئەلچىخانىسىنىڭ ئارىلىششى بىلەن قويۇپ بېرىلىپ، 2019 - يىلى 1 - ئايدا پاكىستانغا قايتىپ چىقىپ چىقتى. ئۇلار پاكىستانغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن خىتاي بىلەن بولغان تىجارەت ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزدى. چۈنكى، زۇمرەتنىڭ قايتا ئۆرۈمچىگە بېرىپ، زۇلمەتلىك كۈنلەرنى ئەسلىگۈسى ۋە قايتىدىن بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېرى ۋە بالىلىرى بىلەن 2019 - يىل 4 - ئايدا ئامېرىكىغا كەلدى.

ئۇنىڭ ئامېرىكىدا كۆرگىنى ئامېرىكا خەلقىنىڭ چەكسىز دىنىي ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىيە ئۇستۇنلۇكى بولدى. ئامېرىكىدا ھەر كىم خالىغان پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويالايتتى. ھېچكىم ـ ھېچكىم تەرىپىدىن كەمسىتىلىشكە ئۇچرىمايتتى. ھەركىم خالىغان ۋاقىتتا پىرىزىدېنت سارىيىغا كىرىپ، ئۆز پىكرىنى بېرەلەيتتى. بۇنداق پۇرسەت ئامېرىكىغا كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان زۇمرەتكىمۇ نېسىپ بولدى. ئۇ ئامېرىكىدىكى «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى»دىكى ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلارنىڭ ۋە «ئۇيغۇر ئاخبارات ئاگېنتلىقى» نىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ۋە تونۇشتۇرۇشى بىلەن «2019 ـ يىللىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 74 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي كېڭەشى يىغىنى» ئېچىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسى» تېمىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىغا گۇۋاھچى بولۇپ قاتنىشىپ سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە قاماپ قويۇلۇش جەريانلىرىنى ۋە ئۇ يەردە كۆرگەن ئەھۋاللارنى ئامېرىكا خەلقىگە ۋە دۇنياغا ئاشكارىلىدى. شۇنداقلا ئۇ خەلقئارا جەمئىيەتتىن خىتايلار تەرىپىدىن دەھشەتلىك ئېزىلىۋاتقان ۋە يوقۇلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ تۆمۈر تاپىنى ۋە زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇ ئاخىرىدا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىغا مۇنداق مۇراجىئەت قىلدى: «ئەي، ئەركىن دۇنيادىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىم! مېنىڭ كۆرگەنلىرىم بولسا ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمىز كۆرۈۋاتقان زۇلمەتلىك كۈننىڭ مىڭدىن بىر قىسمى ۋە دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى خالاس. خىتايلار قۇرغان ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دەۋالغان تۈرمىدىكى زۇلۇملارنى مەن تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. خەلقىمىز دەھشەتلىك

زۇلۇم ۋە پاجىئە ئىچىدە قالدى. خوتۇن - قىزلىرىمىزنىڭ ئىپپەت - نومۇسلىرى دەپسەندە قىلىنماقتا! نۇرغۇن پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئاتا - ئانىسى لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكتىن باققۇچىسىز قالدى. ئۇلارنى خىتاي زالىملىرى «يېتىم بالىلار يەسلىسى»دەۋالغان ئاتالمىش بالىلار لاگېرىغا ئېلىپ كېتىپ، خىتايچە ئوقۇتۇپ، ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇلدۇرماقتا. ئۇلارنى ماڭقۇرت قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بارلىق ۋاستە ۋە چارىلەرنى ئىشقا سالماقتا. بىپايان تۇپرىقىمىزدا ئادەم ئازلاپ كېتىپ، يۇرتلار چۆلدەرەپ قالماقتا. قىسقىسى، ئانا ۋەتىنىمىزدە خەلقىمىز خاتىرجەم ئەمەس. ئۇلار قورقۇنچ ئىچىدە تىترەپ ياشىماقتا، ئۇلار ئاخىرقى نەپەسنى ئېلىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز چەتئەلدىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلار قوزغىلىپ، ئانا ۋەتىنىمىزدىكى خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىساق، ئۇ چاغدا بىز مەڭگۈ نادامەتتە قالىمىز ۋە خەلقىمىزگە يۈز كېلەلمەيمىز. قىيامەت قايىم بولغاندا ئاللاھ ئالدىدا يۈزىمىز قارا قويىمىز. قوزغۇلۇڭلار قېرىنداشلار! ئانا ۋەتەندىكى خەلق سىلەردىن ئۈمىد كۈتمەكتە!»

# مېھرىگۈلنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدىغان كەچۈرمىشلىرى

## 1. ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ۋە شاۋگۇەن ۋەقەسى سەۋەبىدىن تۇتۇلۇپ سولىنىشى



مېھرىگۈل تۇرسۇن 1989 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چەرچەندە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئانىسى شۇ قېتىملىق تۇغۇتتا بەختكە قارشى ئۆلۈپ كېتىدۇ. (ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!) شۇنىڭ بىلەن مېھرىگۈلنى چوڭ ئانىسى بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. كېيىن دادىسى مېھرىبان بىر ئانىغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، مېھرىگۈلنى ئۆز يېنىغا ئەكېلىۋېلىپ ئاكىلىرى بىلەن بىللە چوڭ قىلىدۇ. ئانا ئۆگەي بولسىمۇ مېھرىگۈلگە ئۆز بالىسىدەك قاراپ مۇئامىلە قىلغاچقا، ئۇ تېزلا يېڭى ئانىسىغا ئۆزلىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، چەرچەندە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.

مېھرىگۈل تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مەكتەپ ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن خىتايلار ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى تەربىيەلەپ، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئىجاد قىلغان ئاتالمىش «شىنجاڭ سىنىپى»غا قوبۇل قىلىنىپ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جاڭۋېن شەھىرىگە ئوقۇشقا كەلدى. مېھرىگۈل بۇ چاغدا بۇ ئاتالمىش «شىنجاڭ سىنىپى» نىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا:«قىزىم، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسىتى. ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئېتىبار بېرىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەرەققىي قىلغان ئىچكىرى ئۆلكىلەردە

تەربىيەلەپ، يۇقىرى بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۈردۇ. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئەللىك نومۇر قوشۇپ بېرىدۇ. كەلگۈسىدە ياخشى خىزمەت تاپالايسىز» دەپ چۈشەندۈرگەنىدى. سەمىمىي مېھرىگۈل: ھە - ئە، بۇ شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ بۇ يەرگە ئوقۇشقا كەلگەنىدى. ئەمما ئۇ، بارا - بارا بۇ ئاتالمىش «شىنجاڭ سىنىپى»نىڭ غەلىتە ۋە سىرلىق بىر ئوقۇتۇش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئاتالمىش «شىنجاڭ سىنىپى» ئوقۇغۇچىلارغا مەخسۇس ئىككى يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بىللە كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى كېچە - كۈندۈز نازارەت قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلارغا خىتاي سىياسىتى ۋە ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويمايتتى. سىرتقا چىقىشىغا، ۋە باشقىلار بىلەن كۆرۈشىشكە يول قويمايتتى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ياشىشىغا يول قويمايتتى. ئۇلارغا خىتاي مەدەنىيىتىنى ئۆگىتەتتى ۋە ئۆگىنىشكە مەجبۇرلايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنى بىر «قوتانغا سولانغان پادىلار»دەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

2009 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جاڭۋېن شەھىرىگە قوشنا بولغان شاۋگۈەن شەھىرىدە بىر پاجىئەلىك ۋەقە يۈز بەردى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر توققۇزاق ناھىيەسى تەۋەسىدىن شاۋگۈەندىكى بىر ئويۇنچۇق زاۋۇتىغا بىر نەچچە يۈز ئۇيغۇر ياش ئوغۇل - قىزلىرى مەجبۇرى ئىشلەمچىلىككە ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى. بۇ زاۋۇتتا يەنە بىر نەچچە مىڭ خىتاي ئىشچىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار «تۆۋەن مائاشلىق ئۇيغۇر ئىشچىلار»نىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىنتايىن نارازى بولغان ئىدى. ئۇلار ھە دېسىلا ئۇيغۇر ئىشچىلارنى كەمسىتەتتى ۋە تىللاپ - ھاقارەت قىلاتتى. ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەر بولسا ياۋاش دېھقان باللىرى بولۇپ، ئاخشام - ئەتىسى ياتاقتىن باشقا يەرگە چىقمايتتى. كۈندە نەچچە ئون سائەتلەپ باش كۆتۈرمەي ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ياۋاشلىقىنى

كۆرگەن خىتايلار ئۇلارغا تۇزاق قۇرۇپ، ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش ئۈچۈن «ئۇيغۇر ئەرلىرى - خىتاي ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى» دېگەن پىتنىنى توقۇپ چىقىرىپ، كېچىدە ئۇيغۇر ئىشچىلار ياتىقىدا ئۇخلاۋاتقاندا باستۇرۇپ كىرىپ، كالتەك - توقماقلار بىلەن قوغلاپ يۈرۈپ - ئۇرۇپ، ئون نەچچە ياش يىگىت - قىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. يۈزلىگەن ئۇيغۇر ئىشلەمچىلىرى يارىلاندى. ئەمما، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ قاتىل - لۈكچەكلەرنى تۇتۇپ - سولىماستىن ئەكسىچە، ئەتىسى ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەرنى تۇتۇپ - سولاپ تەكشۈردى ۋە سوراق قىلدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي شاۋگۇەندىكى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ئۇيغۇر تىجارەتچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى تۇتۇپ سولىدى ھەم سوراق قىلدى. شۇ قاتاردا مېھرىگۇل ئوقۇۋاتقان ئاتالمىش «شىنجاڭ سىنىپى» دىكى ئوقۇغۇچىلارنىمۇ تۇتۇپ ئەكېلىپ، 8 كۈن تۈرمىگە ئوخشاش بىر يەرگە سولاپ، شاۋگۇەندىكى بۇ ۋەقەگە قانداق قارايدىغانلىقى توغرىسىدا سوئال - سوراق قىلدى ۋە ئۇلارنى قورقۇتۇپ:«بۇ ۋەقەنى ھېچكىمگە، ھېچ يەرگە تارقاتماسلىق» ھەققىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش قىلدى. مەجبۇرىي ۋەدىنامە ئالدى. سىياسىي ئۆگىنىش قىلدۇردى. نازارەتچى مۇئەللىمنىڭ دېيىشىچە: «گۇناھ ئۇيغۇر ئىشچىلىرىدا بولۇپ، ئۇلار باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا چېقىلىدىغان ئىش قىلغانمىش، ئاندىن ئادەم ئۇرۇپ، تېررورچىلىق قىلماقچى بولغانمىش. شۇڭا، خەنزۇ ئىشچىلار ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن توپلىشىپ چىققانمىش. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلۈش ۋە يارىلىنىش بولغانمىش. بۇنىڭ ھېسابى كېيىن قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىنارمىش».

مېھرىگۇل ۋە ساۋاقداشلىرى دەسلەپتە نازارەتچى مۇئەللىمنىڭ دېگىنىگە ئىشىنىپ قالغان ئىدى. چۈنكى، ۋەقە بولغان ۋاقىتتا بۇ ئاتالمىش «شىنجاڭ سىنىپى»دىكى ئوقۇغۇچىلارنى سەككىز كۈن سولاپ قويغانلىقى ئۈستىگە، خېلى ئۇزاققىچە مەكتەپتىن سىرتقا چىقىرىلمىدى ، پەقەت، ئۇرۇمچىدە «بەشىنچى ئىيۇل ۋەقەسى» بولغاندىن كېيىنلا، ئۇلار ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىۋالدى.

2009 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ياشلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى ھۆكۈمەت «شاۋگۈەن ۋەقەسى» نى ئادىل بىر تەرەپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ھەق - ئادالەت تەلەپ قىلىپ، نامايىشقا چىققان ئىدى. ئەمما، بۇ ۋەقە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلۇپ، نەچچە ئون مىڭ ئۇيغۇر ياش ئوغۇل - قىزلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىھرىگۈل نازارەتچى مۇئەللىمنىڭ دېگەنلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى، ۋەقەنىڭ قانۇن بويىچە ئادىل بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقىنى بىلىۋالدى. ھەمدە ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ:«بۇ قانداق ئىش؟ بۇ قانداق ئادالەت بولسۇن؟ ئۇيغۇر ئىشچىلار باشقىلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ، يارىلاندۇرۇپ ، ئۆلتۈرۈلسە، يەنە ئۇلارغا تۆھمەت ئارتىپ ئۇلارنى: لۈكچەك، تېرروررچى دېسە بۇ قانداق ئادالەت بولسۇن؟ مۇئەللىمنىڭ بۇ ۋەقە قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندۇ دېگىنى قۇرۇق گەپ بولۇپتىغۇ؟ ئۇلار قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان بولسا، ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ياشلىرى ئۇلارغا ھەق - ئادالەت تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلغان بولاتتىمۇ؟!»

شۇنىڭدىن كېيىن مىھرىگۈل خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى باشقۇرۇۋاتقان بۇ دۆلەتتە «ئادالەت ۋە ھوقۇق» دېگەن نەرسىنىڭ يوقلىقىنى، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا كىچىك مىللەتلەرنىڭ ئىككىنچى سىنىپ قاتارىدا كەمسىتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، قەلبىدە مۇھەببەت ۋە نەپرەت تۇيغۇسىنى ئېنىق شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىرىشىپ ئوقۇپ، نەتىجە قازىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانداق بىر مىللەتنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش قارارىغا كەلدى - دە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، گۇاڭجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سودا - ئىقتىساد كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ بۇ مەكتەپتە تىرىشىپ ياخشى ئوقۇدى. ھەمدە بۇنىڭغا قانائەت قىلىپلا بولدى قىلماي، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن چەتئەلگە چىقىشنى نىيەت قىلدى. ئۇ چەتئەلدە ھەق -

ئادالەت ۋە ئىنسانلىقنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگەنمەكچى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتتى. ئەسلىدە ئۇ لوندونغا بېرىپ ئوقۇسىمۇ بولاتتى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىغا قاراپ، تۇرمۇش شارائىتى تۆۋەنرەك بولغان مىسىردا ئوقۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 2011 - يىلى 9 - ئايدا ئەنگلىيەنىڭ مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئاچقان «ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتى سودا ـ ئىقتىساد فاكۇلتېتى»نى تاللاپ، قاھىرەگە ئوقۇشقا كەلدى.

## 2. ۋەتەنگە قايتىش ۋە بىرىنچى قېتىملىق تۇتۇلۇشى

مېھرىگۈل مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدىكى ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كەلگەندىن كېيىن، مىسىر جەمئىيىتىگە تېزلا ئۆزلىشىپ قالدى. قاھىرە شەھىرى دۇنيا ساياھەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ھاۋاسى ئىسسىق ۋە قۇرغاق بولۇپ، مېھرىگۈل تۇغۇلۇپ ئۆسكەن چەرچەننىڭ ھاۋا شارائىتىغا ئىنتايىن ئوخشايتتى. مىسىر خەلقى كۆيۈمچان، ئاقكۆڭۈل، باغرى يۇمشاق ۋە ياردەم سۆيەر خەلق ئىدى. ئۇ مەكتىپىدە ئۆزىدىن بىر قارار يۇقىرى سىنىپتا ئوقۇيدىغان مەخمۇت ئەخمەت ئىسىملىك بىر مىسىرلىق يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ يىگىت مېھرىگۈلگە توي قىلىش تەلىپى قويدى. ئەمما، مېھرىگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز توي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يىگىتنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن ئۇلار نىكاھ قىلىپ، بىر مەزگىل ياشاشنى قارار قىلىشتى. يىگىت ۋە قىز بىر - بىرىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتۈشكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مېھرىگۈل چەرچەندىكى ئاتا - ئانىسىغا خەۋەر قىلىپ، ئۇلارنىڭ توي چېيى ئۆتكۈزىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

مېھرىگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسى بىر نەچچە ئايلىق يول تەييارلىقىدىن كېيىن چەرچەندىن - مىسىرغا يېتىپ كەلدى. ئىلگىرى مېھرىگۈل

تـوي قىلىدىغـان يىگىتنىـڭ مىسـىرلىق ئىكەنلىكىنـى ئاتـا - ئانىسـىغا خــەۋەر بەرمىگــەن ئىــدى. دادىســى ھەقىقىــي ئەھۋالنــى ئۇققانــدىن كېيىــن بـۇ تويغـا قوشـۇلماي قويـدى. مېھرىگۈلنىـڭ دادىسـى ئۇيغـۇر ئەنئەنىسـىگە مايىـل، مىللـەت ۋە ۋەتەننـى سـۆيىدىغان كىشـى بولـۇپ، مېھرىگۈلنىـڭ بىـر چەتئەللىـك بىلـەن توي قىلىـپ، بـالا - چاقىلىرىنىڭ چەتئەللىـك بولـۇپ كېتىشـتىن ئەندىشـە قىلاتتـى. شۇڭلاشـقا، ئـۇ قىـزى مېھرىگۈلنىـڭ مىسـىرلىق بىلـەن ئاجرىشـىپ، ۋەتەنگە قايتىشـنى، ۋەتەندە خىزمـەت تېپىـپ ئىشـلەپ، بىـر ئۇيغـۇر يىگىتـى بىلـەن تـوي قىلىشـنى تەلـەپ قىلـدى. ئەممـا مېھرىگـۈل بۇنىڭغـا كېچىككـەن ئىـدى. چۈنكـى ئـۇ ھامىلـىـدار بولـۇپ قالغىلـى ئىككـى ئايـدەك بولـۇپ قالغانــدى. مېھرىگۈلنىـڭ دادىسـى ئۇنـى بىللـە ئېلىـپ كەتمەكچى بولغان بولسـىمۇ، ئەممـا مېھرىگـۈل ۋە يىگىـت بالىنـى تۇغـۇپ بولغانـدىن كېيىـن بېرىشـنى ئۇلاردىــن يالـۋۇرۇپ ئۆتۈنـدى. شـۇنىڭ بىلـەن نائىـلاج ئـۇلار ۋەتەنگـە قايتىـپ كەتتـى. ئەممـا مېھرىگۈلنىـڭ دادىسـى ئۇنىڭغـا ئەگـەر تۇغـۇپ بولغانـدىـن كېيىـن بالىلارنـى ئېلىـپ، چوقـۇم ۋەتەنگـە قايتىـپ كېلىـش كېرەكلىكىنــى، بالىلارنــى ئۆزىگــە تاپشــۇرۇپ بېرىشــى كېرەكلىكىنــى، ئۇلارنــى تاپشــۇرۇۋالغاندىن كېيىــن ئۇنــى ئــۆزى بىــر قوللــۇق بېقىــپ چــوڭ قىلىــپ، بىــر ئۇيغــۇر پەرزەنتــى قىلىــپ يېتىشــتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىــپ نەســىھەت قىلــدى. مېھرىگــۈل دادىســىنىڭ بــۇ نەســىھەتىگە ماقـۇل بولـدى.

2015 - يىلـى 3 - ئايـدا مېھرىگۈلنىـڭ كـۆزى يـورۇپ، ئاللاھنىـڭ ئىلتىپاتــى بىلــەن ئــۈچ كېــزەك بالىســنى دۇنياغــا ئاپىرىــدە قىلــدى. ئۇلارنىــڭ ئىككىســى ئوغــۇل، بىرســى قىــز ئىــدى. بالىلىــرى ئىككــى ئايلىـق بولغانـدىـن كېيىـن ئـۇ ئۆزىنىـڭ ۋەدىسـىگە، ئاتـا - ئانىسـىنىڭ نەســىھەتىگە ئەمــەل قىلىــپ، بالىلىرىنــى ئېلىــپ، 2015 - يىلــى 5 - ئاينىــڭ 13 - كۈنــى شــەرقىي تۈركىســتانغا قــاراپ يولغــا چىقتــى. مېھرىگـۈل ۋە ئـۈچ كېـزەك بالىسـى ئۇچقـان ئايروپىـلان كەچكـە يېقىـن ئۈرۈمچــى شــەھىرىنىڭ ھــاۋا تەۋەلىكىگــە يېتىــپ كېلىــپ، يەرگــە

قونـۇش ئۈچـۈن تەۋەنلەشـكە باشـلىدى. مېھرىگـۈل ئۆزىنـى خـۇددى بىـر يۇلتـۇزلار تۈركۈمـى ئىچىگـە كىرىـپ كېتىۋاتقانـدەك، بـۇ يۇلتـۇزلار تۈركۈمـى ئۇلارنـى ئارىسـىغا ئېلىۋېلىـپ، غايىـب بىـر دۇنياغـا ئېلىـپ كېتىدىغانـدەك ھېـس قىلماقتـا ئىـدى. تەۋەنـدە پىلىلـداپ يېنىۋاتقـان سـان - ساناقسـىز چىـراغ نۇرلىـرى غەلىتـە جىمىـرلاپ، خـۇددى «ئۈرۈمچـى سـىلەرنى قارشـى ئالمايـدۇ» دېگەنـدەك قىلىۋاتاتتـى. ئايروپىـلان پەسـلىگەنچە، يېقىنـلا يەردىـن كۆرۈنىدىغـان، قىزىـل تـاغ چوققىسـىغا سـېلىنغان پەلەمپەيسـىمان مۇنـار خـۇددى، زەھەرلىـك يىلاننىـڭ نەشـتېرىدەك ھېلىـلا ئۈزۈلـراپ كېلىـپ، بوۋاقلارنىـڭ قېنىنـى شـورىۋالغاندەك غەلىتـە تۇيغـۇ بېرىـپ، مېھرىگۈلنىـڭ كۆڭلىنـى غـەش قىلىـپ قويـدى. مېھرىگۈلنىـڭ يۈرىكـى جىغغىـدە قىلىـپ قالـدى - دە، غەلىتـە خىيالغـا چۈشـۈپ كەتتـى: «قىزىلتـاغ ئەسـلىدە بىـر ئۇخـلاپ ياتقـان ئەجدىھامـۇ نېمـە؟ ئـۇ ئاشـۇ نەشـتىرى بىلـەن نۇرغـۇن ئادەمنىـڭ قېنىنـى سـۈمۈرۈۋالغانكەندە؟ شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئۇنىـڭ رەڭگـى قىزىلغـا ئايلىنىـپ كەتكـەن ئوخشـىمامدۇ؟» مېھرىگۈلنىـڭ كۆڭلـى بىـر خىـل بولـۇپ قالـدى. ئـۇ ئۈرۈمچىگـە سـاق - سـالامەت چۈشـۈپ، ئۆزىنـى كۈتۈۋېلىـش ئۈچـۈن كەلگـەن ئاتـا - ئانىسـى بىلـەن كۆرۈشـۈپ، يۇرتـى چەرچەنگـە تېـزراق بېرىۋېلىشـنى، ئـۈچ كېـزەك بوۋىقىنـى چەرچەننىـڭ ئىللىـق ھاۋاسـىدا نەپەسلەندۈرۈپ، سۇۋادان تېرەكلىرىنىـڭ ياغىچىدىن ياسـالغان بۆشـۈككە بۆلـەپ، شـورلۇق تۇپراقتـا بېقىلغـان پاقـلان گۆشـلىرى بىلـەن بېقىـپ، چەرچەنلىكلـەردەك سـاغلام - تىمـەن چـوڭ قىلىۋېلىشـنى ئـاززۇ قىلاتتـى.

ئايروپىـلان چاقلىرىنىـڭ دۈك - دۈك قىلىـپ يەرگـە ئۇرۇلـۇپ، غارقىـراپ مېڭىشـىدىن ئۇنىـڭ ئۈرۈمچـى تۇپرىقىغـا قونغانلىقـى بىلىنمەكتـە ئىـدى. مېھرىگـۈل ئۈچكېـزەك بالىلىرىنـى ئېلىـپ، ئايروپىلاندىـن چۈشـۈپ چىقىش ئىشـىكىگە كەلـدى. ئەمما، مېھرىگـۈل چىقىـش ئىشـىكىدىكى كونترولدىـن چىقىرىلمىـدى. ئـۇلار مېھرىگۈلنىـڭ چەتئەلدىــن كەلگەنلىكىنـى ئاللىقاچـان بىلىـپ بولغـان بولـۇپ،

تەكشۈرگۈچى ساقچىلار ئۇلارنى باشقا بىر ئىشىك يېنىدىكى ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىشتى. بۇ يەر «ئالاھىدە ساقچىلار ئىشخانىسى» بولۇپ، قوراللىق ساقچىلار تاپانچا، ئاپتومات ۋە كالتەكلەر بىلەن ھەيۋە قىلىشىپ تۇراتتى. پاكارراق، چوشقىدەك سەمرىپ كەتكەن، قىسىق كۆز بىر ساقچى ئورۇق، ئېگىزرەك كەلگەن، ياپما قاپاق يەنە بىر ساقچىغا كولدۇرلاشقا باشلىدى. مېھرىگۈل خىتايچە بىلگەچكە ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشىنىۋاتاتتى.

— مىسىردىن كەپتىمۇ؟

— ھەئە! بىزگە ئاللىقاچان خەۋەر كېلىپ بولغان ئىدى.

— نەق تېررورچىنىڭ ئۆزىنى قولغا چۈشۈرۈپسىلەرده!

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىز ئۇنى چوقۇم ئىقرار قىلدۇرالايدۇ!

— توغرا، بىزنىڭ ئاسمانغا يايغان تورىمىز، يەرگە قۇرغان قاپقىنىمىزدىن ھېچقانداق بىر تېررورچى قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ!

— پاسپورت ۋە كىملىكلەرنى قانداق قىلىمىز؟

— دەرھال مۇسادىرە قىلىڭلار، ھەممە نەرسىلەرنى ئاختۇرۇپ، چەتئەلدىن ئەكەلگەن ئەكسىيەتچى كىتاب، خەت - چەك، گېزىت - ژۇرنال پارچىلىرى بارمۇ - يوق؟ تەكشۈرۈپ چىقىڭلار!

— خوپ باشلىق! - دېيىشىپ، تۆت - بەش ساقچى مېھرىگۈلگە تەڭلا ياماشتى. پۈتۈن كىيىم - كېچەك ۋە يانچۇق - سومكىلىرىنى ئاختۇرۇشتى. بالىلار ھارۋىسىنىڭ ئىچى - تېشى ۋە خالتىلىرىنىمۇ ئاختۇرۇشتى. ئەمما، ئۆزلىرى كۈتۈشكەن نەرسىنىڭ ھېچقايسىسىنى تاپالمىدى. بۇنى كۆرگەن ساقچى باشلىقى چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەنچە ۋارقىراپ كەتتى: «ئۇ بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىزنىڭ تەمىنى تېتىغاندىلا، ئۆزىنىڭ تېررورچىلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ».

— بالىلىرىنى قانداق قىلىمىز باشلىق؟ ئۇلار جۇڭگو گىراژدانى ئەمەسكەن، ئۇلارنىمۇ قولغا ئالىمىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، تېررورچىنىڭ بالىسى بولغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ

تېرروررچى بولىدۇ ـ دە، بىللە ئېلىپ مېڭىڭلار! بىز قولغا چۈشكەن ئۇلجىلارنى جۇڭگو پۇقراسىمۇ ياكى چەت ئەل پۇقراسىمۇ دەپ قاراپ ئولتۇرماسلىقىمىز كېرەك!

ــ تۈرمىگە ئېلىپ بارامدۇق ياكى «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ساقچىلاردىن بىرى.

ــ ۋاي قاپاقباشلار، ئەلۋەتتە تۈرمىگە ئاپىرىمىز، ئۇ دېگەن «تېرروررچىلار گۇماندارى» تۇرسا، قاتتىق سوراق قىلىنىشى كېرەك!

ــ خوپ، باشلىق! ـ دېيىشىپ، تۆت ساقچى خۇددى ھەقىقىي بىر تېرروررچىنى تۇتۇۋالغاندەك مېھرىگۈلگە تەڭلا تاشلاندى، بالىلىرىنى ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىپ، قولىغا كويزا سالدى ۋە بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، ئىتتەرگىنىچە مېھرىگۈلنى ئايرىم بىر ماشىنىغا ئېلىپ چىقىشتى. بالىلىرىنى ئايرىم باشقا بىر ماشىنىغا ئېلىپ چىقتى. بۇ ۋاقىتتا مېھرىگۈل: «بالىلىرىمنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟ مېنىڭ بالىلىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، مەن ئۇلاردىن ئايرىلالمايمەن!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. شۇ ھامان بىر ساقچى يېنىدىن قاتلانغان بىر لاتىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقىپ كەپلەپ قويدى ـ دە، ئىتتىرگەنچە ماشىنىغا كىرگۈزۈۋېتىشتى.

ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، ماشىنا بىر يەردە توختىدى ـ دە، داراڭلىتىپ بىر ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن، ماشىنا يەنە قوزغىلىپ، يىگىرمە ئوتتۇز مېتىردەك مېڭىپلا يەنە توختىدى. ساقچىلار: (لەيلا) كەلدۇق دېيىشىپ، مېھرىگۈلنى ئىتتىرگەنچە بىر بىنانىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى ۋە يىگىرمە ـ ئوتتۇز قەدەمچە ئۇنى پىيادە ماڭغۇزغاندىن كېيىن، توختا! ـ دەپ ئۇنى توختاتتى ۋە بېشىدىكى قارا خالتىنى ئېلىۋەتتى. مېھرىگۈل كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ، ئەتراپىغا شۇنداق قاراپلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ راستىنلا تۈرمىگە ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى. قاباھەتلىك بىر مەنزىرە كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى: قاتارىغا كەتكەن نۇرغۇن كىچىك ـ كىچىك ئۆيلەرگە تۆمۈر ئىشىكلەر بېكىتىلگەن بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك

قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ئىشىك ئۈستى ۋە كارىدورنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە كۆزىتىش كامېراسى ئورنىتىلغان ئىدى. كارىدوردا ھەر خىل قورال ۋە كالتەك كۆتۈرۈشكەن ساقچىلار ھەيۋە قىلىشىپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. يېقىنلا يەردىكى بىر كامېردىن: «ۋايجان ـ ۋىيەي، بولدى قىلىڭلار، مېنى ئۇرماڭلار، مەن ئىقرار قىلاي!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ــ ماڭ! ـ دەپ دۈمبىسىدىن ئىتتىرگەنچە ۋارقىرىدى بىر ساقچى مېھرىگۈلنىڭ ئارقىسىدىن، ــ بۇ ئىشخانىغا كىرگىن، سېنىڭ تۈرمە ھاياتىڭ بۇ يەردىن باشلىنىدۇ. مېھرىگۈل چۆچۈپ كېتىپ، كامېرنىڭ بوسۇغىسىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى ـ دە، غاچچىدە ئىشىكنىڭ يان تەرىپىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنى ئوڭشىغاندىن كېيىن كامېرغا كىردى. بۇ كامېرنىڭ ئىشخانىسى بولۇپ، ئۇدۇل ۋە يان تەرەپتىكى تامغا بىردىن ـ ئىككى تال ئۈستەل قويۇلغان ئىدى. قالغان تەرەپكە تامغا يۆلەپ ئارخىپ ئىشكاپلىرى قويۇلغان بولۇپ، ئىشكاپ بۆلۈمچىلىرىگە نۇرغۇن ئارخىپ ماتېرىياللىرى تىزىۋېتىلگەن ئىدى. قارىغاندا بۇ يەردە نۇرغۇن ئادەمنىڭ دېلوسى تۇرغۇزۇلۇپ، بىر تەرەپ قىلىنغاندەك تۇراتتى.

ــ ھە! «تېررورچىلار گۇماندارى» مېھرىگۈل تۇرسۇن شۇمۇ؟ ــ دەپ سورىدى پاناق بۇرۇن، ئوتتۇرا بوي، تولۇمدەك سېمىز كەلگەن بىر خىتاي ساقچى مېھرىگۈلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قارىغاندا ئۇ بۇ تۈرمىدىكى سوراقچىلارنىڭ باشلىقىدەك قىلاتتى. يېنىدىكى بىر ساقچى كومپيۇتېرنى ئېچىپ، بىر نېمە يېزىش ئۈچۈن ساقلاۋاتقاندەك ھالەتتە تۇراتتى. غەلىتە يېرى سوراقچى باشلىقنىڭ يېنىدا بىر ئاق خالات كىيگەن دوختۇرمۇ تۇراتتى.

ــ باشلايلى! ـ دەپ يېنىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى سوراقچى باشلىقى خىرقىرىغان ئاۋازدا ۋە مېھرىگە ياۋۇزلارچە تىكىلىپ قاراپ قويدى ـ دە، ئۈستەلگە قويۇلغان مېھرىگۈلنىڭ پاسپورتى ۋە كىملىكىگە قاراپ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن،

يېنىدىكى بىر پارچە قەغەزگە قاراپ، مېھرىگۈلنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ ـ ھازىرغىچە بولغان ھايات تارىخىنى ئوقۇپ چىقتى. ئاندىن كاتىپقا قاراپ يېزىپ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سورىدى. كاتىپتىن: «يېزىپ بولدۇم» دېگەن جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دوختۇرغا قاراپ: ـ سەن ئىشىڭنى باشلا! ـ دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. باياتىن بېرى خۇددى ئەسكەردەك ساقچى باشلىقىنىڭ يېنىغا قاراپ تۇرغان دوختۇر ھودۇققان ھالدا، مۈرىسىگە ئېسىۋالغان كىرېست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن سومكىسىنى يەرگە قويۇپ ۋە ئىچىنى ئاختۇرۇپ، ئىككى تال يىڭنە ۋە ئوكۇلنى چىقىرىپ، مېھرىگۈلنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە،

ــ يېڭىڭنى تۈر! بىلىكىڭنى چىقار ـ دەپ، بۇيرۇق قىلدى. مېھرىگۈل خىتايچە بىلسىمۇ، بىلمەسكە سېلىۋېلىپ جىم تۇرغان ئىدى. ئىككى ساقچى كېلىپ مېھرىگۈلگە ۋارقىرىغانچە سىلكىشلەپ، ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى. مېھرىگۈلمۇ بوش كەلمەي، ساقچىلارنى ئىتتىرىۋېتىپ، بىلىكىنى ئۆزى ئېچىپ تۇتۇپ بەردى. دوختۇرلار ئاۋۋال مېھرىگۈلنىڭ ئوڭ بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان ئالدى. ئاندىن سول بىلىكىگە نامەلۇم بىر سۇيۇقلۇقنى ئوكۇل قىلىپ ئۇردى ۋە بىر دورا كۇملىچنى مەجبۇرلاپ ئىچكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن مېھرىگۈلنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ بېشى قايغاندەك بولۇپ قالدى. كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ئۇيقۇسى كەلگەندەك مۈگدەشكە باشلىدى. ۋارقىراپ ـ جارقىرىغۇسى كەلدى ـ يۇ، ئەمما ئۇنداق قىلالمىدى. ئۇ ئۆزىنى ـ ئۆزى باشقۇرالمايۋاتقاندەك خامۇشلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ــ ئېلىپ چىقىڭلار، سوراق باشلانسۇن! ـ دېگەن خىرقىراق ئاۋازدىن مېھرىگۈل چۆچۈپ كېتىپ، كۆزىنى ئېچىپ قاراپ بولغۇچە ئىككى ساقچى تەڭلا ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى ئىتتىرگەنچە سىرتقا ئېلىپ مېڭىشتى. تەخمىنەن يىگىرمە قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن بىر كامېرنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئىشىكنى شاراقشىتىپ ئېچىپ، دۈمبىسىدىن ئىتتەرگىنىچە كامېرغا ئېلىپ كىرىشتى. مېھرىگۈل كامېرغا كىرىشىگە بەدىنى خۇددى توك سوقۇۋاتقاندەك ئەندىكىپ

كەتتى. بۇ تۈرمىنىڭ سوراقخانىسى بولۇپ، تاملارغا ھەر خىل كويزا - كىشەن، زەنجىر - تانا، كالتەك دېگەندەك نەرسىلەر ئېسىقلىق تۇراتتى. كالتەكلەر ھەر خىل تۈردىكى توك كالتەكلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن يالت - يۇلت قىلىپ ئېلېكتىر نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. سوراقخانا ئوتتۇرىسىغا قاپقارا بىر تۆمۈر ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىلا ئادەمنىڭ بەدىنىنى شۈركەندۈرەتتى. ساقچىلار مېهرىگۈلنى ئىتتىرىپ ئەكىرىپ تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئىككى قولىنى ئورۇندۇقنىڭ يان تەرىپىگە چېتىپ باغلاپ، پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ قىمىر قىلالماس قىلىپ قويدى. ئورۇندۇقنىڭ سوغۇقىدىن چىقىۋاتقان سېزىم مېهرىگۈلنىڭ بەدىنىگە نەشتەردەك سانجىلىپ، تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

ــ نېمە بولدى؟ قورقىۋاتامسەن؟ ــ بىر ياغاق يۈز، شادا پاچاق كەلگەن سوراقچى قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا مېهرىگۈلگە ۋارقىراپ، ــ بۇ ئورۇندۇقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ بىلمىسەڭ مەن دەپ بېرەي: ــ بۇنىڭ ئىسمى يولۋاس ئورۇندۇق، بۇنىڭدا قانچە ئۇزۇن ئولتۇرساڭ، شۇنچە راھەت كۆرىسەن، بىلىپ قوي! سەندەك بۆلگۈنچى ــ تېرروررچىلارغا مۇشۇنداق ئورۇندۇقتىن باشقا يەر يوقتۇر. بۇ يەردە سەن ھەممە قىلمىشىڭنى ئىقرار قىلىسەن. ئەگەر ئىقرار قىلمىساڭ بۇ يەردىن تىرىكىڭ ئەمەس، ئۆلۈكۈڭ چىقىدۇ. سېنىڭ شۇمەكتەك بەدىنىڭ بۇ يەردە ئۈچ كۈندىلا سۆڭەككە ئايلىنىدۇ. بىز ساڭا دوزاخنىڭ نېمىلىكىنى بۇ دۇنيادىلا كۆرسىتىپ قويىمىز!

ــ ھە، تەييار قىلدىڭلىمۇ؟ ــ دېگەنچە سوراقچى باشلىقى قاپىقىنى خۇددى جاللاتنىڭ قاپىقىدەك تۈرۈپ سوراقخانىغا كىرىپ كەلدى. رەسمىي سوراق باشلانغان ئىدى.

ــ مىسىرغا نېمىشقا بارىدىڭ؟

ــ ئوقۇغىلى.

ــ نېمە ئوقۇدۇڭ؟

ــ سودا ــ ئىقتىساد كەسپىدە ئوقۇدۇم.

— ئۇ يەردە كىم بىلەن كۆرۈشتۈڭ؟
— ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدىم.
— كىملەرنى تونۇيسەن؟
— ھېچكىمنى تونۇمايمەن.
— بۆلگۈنچى تەشكىلاتنىڭ ئادەملىرى بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ — يوق؟
— ياق، كۆرۈشمىدىم مەن ئۇلارنى تونۇمايمەن.
— رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟
— ياق، رابىيە قادىر مىسىرغا كەلمىدى.
— ئۆيۈڭلارغا كىملەر كېلەتتى؟ نېمە دېيىشەتتى؟
— ئەرەب قوشنىلىرىمىز كىرەتتى، تىنچ — ئامانلىق سورايتتى.
— ئۇيغۇرلاردىن دەۋاتىمەن.
— ياق، ھېچكىم كەلمىدى. بىز باشقا ئۇيغۇرلار بىلەن تونۇشمايتتۇق.
— نەگە باردىڭ؟ نەدە تۇردۇڭ؟
— قاھىرەدە تۇردۇم، باشقا يەرگە بارمىدىم.
— يولدىشىڭ سۈرىيەگە باردىمۇ؟ سەنچۇ؟
— ياق، بارمىدى. مەنمۇ بارمىدىم.

سوئاللار تۈگەيدىغاندەك قىلمايتتى. مېھرىگۈلنى ئۇيقۇ تۇتۇشقا باشلىدى. ئۈگەدەپ قالسا ساقچىلار تىللاپ — ۋارقىراپ كېتەتتى ۋە كالتەك بىلەن ئۇرۇپ كېتەتتى. سوراق كېچىچە داۋام قىلدى. ئۇلارنىڭ سوئالى مۇنداق بىرلا نۇقتىغا مەركەزلىشىپ قىلىۋات قىلىۋاتاتتى.

— ئىقرار قىل! — دەيتتى ئۇلار توختىماي — تېررورلۇق ھەرىكىتىنى قانداق، كىم بىلەن پىلانلىدىڭ؟ نەدە قىلماقچى ئىدىڭ؟

— ياق، مەن تېررورلۇق ھەرىكىتىنى پىلانلىمىدىم. مېنىڭ ئۇنداق نىيىتىم يوق. — دەيتتى مېھرىگۈل كۆزىنى ئۇۋۇلاپ،

ــ ئۇنــداق بولسا، جۇڭگوغا نېمىشقا كەلدىڭ؟ قەيــەردە پارتلىتىش ئېلىــپ بارماقچــى بولــدۇڭ ؟ ــ دەيتتى ســاقچىلار يەنــە تەكرارلاپ،

ــ مــەن بــۇ يەرگــە ئاتــا ـ ئانامنــى كــۆرۈش ئۈچــۈن كەلدىــم. باللىرىمنــى بېقــش ئۈچــۈن كەلدىــم. مــەن تېرروۇرلــۇق قىلىشــنى بىلمەيمــەن. مــەن تېررورچــى ئەمــەس! ــ دەيتتــى مېھرىگۈلمــۇ ئــۆز گېپىــدە چىــڭ تــۇرۇپ، ئەممــا ســاقچىلار يەنــە ئوخشاشــلا بىــر گەپنــى تەكرارلايتتــى:

ــ ئىقــرار قىــل! ئىقــرار قىلساڭ كەڭچىلىككە ئېرىشىســەن، بولمىسا ئېغىــر جازالىنىســەن. قېنــى تېررورچــى ئىكەنلىكىڭنــى ئېتىــراپ قىل!

ــ مېھرىگــۈل بولســا يــاق، مــەن تېررورچــى ئەمــەس، مــەن ئــۆزۈم قىلمىغــان ئىشــنى ئىقــرار قىلالمايمــەن. مــەن بىــر ئانــا، مــەن بىــر ئاجىــز ئايــال، مېنىڭمــۇ تېررورچىلىــق قىلىشــىم مۇمكىــن ئەمەس. مېنــى قويۇۋېتىــڭلار ! مــەن باللىرىمنــى بېقىشــىم كېــرەك، مــەن گۇناھســىز! ــ دەپ رەت قىلاتتــى ۋە يىغلايتتــى.

ســوراقچىلار مېھرىگۈلنىــڭ يىغلىنىشــىغا پىســەنت قىلمــاي قويمىــدى. كېچىچــە ســوراق قىلىنغــان مېھرىگــۈل ئۇيقۇســىزلىقتىن ھالىدىــن كېتىۋاتاتتــى. ئــۇ ئۇسســۇزلۇقتىن كالپۇكلىــرى قــۇرۇپ كەتكــەن بولســىمۇ، بىــر تېمىممــۇ ســۇ بېرىلمىــدى. ئەممــا ســوراقچىلار ماشــىنا ئادەمــدەك ھارمــاس، جالالتــلاردەك ۋەھشــىي بولــۇپ كېتىۋاتاتتــى. توختىمــاي ھەيــۋە قىلىــپ، ۋارقىرايتتــى، تىللايتتــى، ئۇراتتــى. مېھرىگۈلنى ئۆزىنىــڭ تېررورچــى ئىكەنلىكىنــى ئېتىــراپ قىلىشــقا قىســتايتتى. مېھرىگــۈل ھەرقانچــە تايــاق يېســىمۇ، چارچــاپ ھالىدىــن كېتىۋاتســىمۇ، ئۆزىنىــڭ تېررورچــى ئىكەنلىكىنــى ئېتىــراپ قىلمىــدى ۋە ئىچىــدە: «مــەن نېمىشــقا مەجبۇرىــي ئىقــرار قىلغۇدەكمــەن؟ نېمىشــقا قىلمىغــان ئىشــنى قىلدىــم دېيىشــىم كېــرەك؟ نېمىشــقا مــەن يېمىگــەن مانتىنىــڭ پۇلىنــى تۆلىگۈدەكمــەن؟ بــۇ مۇمكىــن ئەمــەس! مــەن ھەرگىزمــۇ ئۇنــداق قىلالمايمــەن! ئۆلــۇپ كېتىشــكە رازىمەنكــى، ھەرگىزمــۇ ئىقــرار قىلمايمــەن. كىــم بىلمەيــدۇ؟ بۇلارنىــڭ ئالدامچىلىــق قىلىۋاتقانلىقىنــى،

ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك دېگىنى – بىر تۇزاق بولۇشى مۇمكىن! ئىقرار قىلدىڭمۇ؟ – سەن بىر جىنايەتچى بولسەن دېگەن گەپ، ئۇ چاغدا ئۇلار سېنى جازالاش ئۈچۈن پاكىتقا ئېرىشىۋالغان بولامدۇ؟ ياق، ياق، مەن جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ مەجبۇرىي ئىقرار قىلمايمەن!» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

كىچىككىنە بىر تۆشۈكتىن چۈشۈۋاتقان قىزغۇچ كۈن نۇرىدىن تاڭ ئېتىپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. «زىغ» قىلغان كۇنۇپكا ئاۋازىدىن كېيىن، قولىدا كويزا – كىشەن ۋە ھەر خىل كالتەكلەرنى تۇتقۇن ئۈچ سوراقچى كىرىپ، كونىلىرى بىلەن كولدۇرلاپ بىر نېمىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن، ئاخشامدىن بۇيان مېھرىگۈلنى سوراق قىلىۋاتقان ئۈچ سوراقچى چىقىپ كېتىشتى. يېڭىلىرىنىڭ تەلەتى ئاخشامقىدىكىلەرنىڭكىدىنمۇ بەت – بەشىرە بولۇپ، ھازىرلا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان جاللاتلاردەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قارىشاتتى. ئۇلارمۇ خۇددى ئالدىنقىلىرى بىلەن دېيىشىپ قويغاندەكلا ئوخشاش سوئالنى سوراشقا باشلىدى:

– بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟ نەدە پارتلىتىش قىلماقچى؟ سەن بىر تېرروررچى ئىكەنلىكىڭنى ئىقرار قىل، ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك بولمىسا ئېغىر جازالىنىسەن!

مېھرىگۈل: «مەن مەن تېرروررچى ئەمەس! نېمىشقا مېنى مەجبۇرى ئىقرار قىلدۇرىسىلەر؟» دېگەن سۆزنى ئاران ئاغزىدىن چىقىرالىدى – دە، ئاندىن كېيىن كۆزىنى ئاچالمىدى.

– كۆزۈڭنى ئاچ! بېشىڭنى كۆتۈر! – دەپ بىر نەچچە سوراقچىلار تەڭلا ۋارقىراشتى. ئەمما، مېھرىگۈل ھېچنېمە تۇيمىغاندەك ھوشسىزلىنىپ ياتاتتى. ئارىدىن بىر سوراقچى كېلىپ مېھرىگۈلنىڭ بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ: – ھەي، تېرروررچى كۆزۈڭنى ئاچ! – دېگەنچە مېھرىگۈلنىڭ يۈزىگە بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭغىچە يەنە بىرسى بىر چېلەك سوغۇق سۇنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، مېھرىگۈلنىڭ بېشىغا ۋە يۈزىگە تۆكتى. مۇزدەك سوغۇق سۇدىن مېھرىگۈل

سىلكىنىپ كەتتى ــ دە، بىر ئاز كۆزىنى ئېچىپ قارىغاندەك قىلدى ۋە ئېغىزىنى يېنىك مىدىرلىتىپ: ــ مەن تېررورچى ئەمەس! مەن گۇناھسىز! ماڭا ئاش ـ نان بېرىڭلار، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.

ــ دەپ، لېۋىنى چىشلەپ بىر نېمىنى كۆشىگەندەك قىلدى.

ــ سەندەك تېررورچىغا نەدىكى ئاش ـ نان؟ ساڭا جازادىن باشقىسى بىكار ـ دەپ، بىر سوراقچى ۋارقىرىغانچە قولىدىكى توك كالتىكى بىلەن ئۇنىڭ ئاجىزلاپ ئارانلا تۇرۇۋاتقان بەدىنىگە بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. مېھرىگۈل ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى.

مېھرىگۈل قانچىلىك ۋاقىت ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىر ۋاقىتتا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ قاراپ، بىر مۇنچە ئايال مەھبۇسلارنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، مېھرىگۈل ھەيران بولۇپ:

ــ بۇ قەيەر؟ مېنى بۇ يەرگە كىم ئەكەلدى؟ ــ دەپ سورىدى ناھايىتى تەسلىكتە ئېغىزىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ياشانغان بىر ئايال مېھرىگۈلگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ: ـ بۇ يەر ئۈرۈمچىدىكى (خېجاسەن) تاشبۇلاق دېگەن يەردىكى چوڭ تۈرمە قىزىم. سىزنى ئۆلۈشكۈن گۇندىپايلار بۇ كامېرغا ئېلىپ كېلىشتى. سىز ئىككى كۈندىن بۇيان ھوشسىز ياتتىڭىز، مانا ئەمدى ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز، بىز بەك خۇشال بولدۇق. ــ دەپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بېشىنى يۆلىدى ۋە يەنە بىر ياشراق ئايالغا سۇ ئېلىپ كېلىشنى ئېيتتى. مېھرىگۈل بىر قاچا سۇنى بىر سومۇرۇپلا تىنماستىن ئىچىۋەتتى ـ دە، يەنە قاچىغا قارىدى. ياش ئايال يەنە بىر قاچا سۇ ئەكېلىپ بەردى. مېھرىگۈل ئۇنىمۇ بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. شۇندىلا ئۇنىڭغا بىر ئاز جان كىرىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ مەھبۇسلارغا قاراپ سالام بەردى.

مېھرىگۈل بارا ـ بارا ئېسىگە كېلىپ، بىر ئاز ماغدۇرلىنىپ، گەپ قىلالايدىغان بولدى ۋە ئۆزىنىڭ مىسىردىن تېخى يېڭىلا كەلگەنلىكىنى، ئۈچ كېزەك بالىسى بارلىقىنى، يۇرتىنىڭ چەرچەن

ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئالغىلى كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈلمەستىن تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەھبۇسلار ھەيران قېلىپ: ـ «چەتئەلدىن كەلگەنلەرنىمۇ تۇتامدۇ؟ سىز ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلغان ئىدىڭىز؟» دەپ سوراشتى. مېھرىگۈل: ـ «مەن ئوقۇغۇچى ئىدىم. توي قىلىپ يەڭگىلىكى ئۈچ ئاي بولغان ئىدى. بالىلىرىمنى ئېلىپ يۇرتۇمغا بېرىپ، ئاتا ـ ئانامنىڭ قېشىدا بېقىپ چوڭ قىلىۋالاي دەپ كەلگەن ئىدىم. ئەمما، بۇلار مېنى «تېررورلۇق قىلماقچى» دېگەن گۇمان بىلەن تۇتقۇن قىلىشتى ـ دەپ يىغلاپ كەتتى. كامېردىكى باشقا ئايال مەھبۇسلارمۇ يىغلاشتى. ياشانغان ئايال:

ــ قىزىم، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما! ساڭا ئوخشاش بۇ يەردىكى ھەممىمىز گۇناھسىز، بىزنى ئاساسسىز گۇمانلار بىلەن تۇتۇپ كېلىشتى. مەسىلەن: مېنى ئۆتكەن يىلى رامىزاندا «روزا تۇتتۇڭ» دېگەن گۇمان بىلەن تۇتۇپ كەلگەن ھازىرغىچە قويۇپ بەرمىدى. مەنمۇ گۇمان بىلەن ئارتىلغان تۆھمەتلەرنى ئۈستۈمگە ئالمىدىم، شۇڭا كېسىم كېسەلمەيۋاتىدۇ. سەنمۇ توغرا قىلىپسەن قىزىم! ھەرگىزمۇ يالغان ئىقرار قىلماسلىق كېرەك! «ئىقرار قىلدىڭمۇ تۇتۇلدۇڭ» دېگەن گەپ! ـ دەپ سۆزنى داۋام قىلدى ئۇ ئايال، ــ ئۆتكەندە ئىككى ساقچىنىڭ ئۆز ئارا دېيىشىۋاتقان گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە: «كىم تۇتقۇنلارنى قانچە تېز ۋە قانچە ئاسان ئىقرار قىلدۇرالىسا، شۇنچە كۆپ مۇكاپات ئالىدىكەن. ئىقرار قىلدۇرۇش جەريانىدا تۇتقۇنلار قىيىن ـ قىستاقتا ئۆلۈپ كەتسە ئۇلارغا گۇناھ ئارتىلمايدىكەن. ئەكسىچە، خىزمەت جەريانىدىكى نورمال ئىش دەپ قارىلىدىكەن. شۇڭا ساقچىلار تۇتقۇنلارنى خالىغانچە ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىينىسىمۇ، ھېچنېمىدىن ئەندىشە قىلمايدىكەن. ھەتتا تۇتقۇنلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگىمۇ پىسەنت قىلمايدىكەن. چۈنكى، ئۇلار ئۆلۈپ كەتسىمۇ سوراقچىلارغا ھېچقانداق گۇناھ كەلمەيدىكەن. مەن ھەيران قالدىم. تووۋا قىلدىم

- توۋا! بىزنى خۇدا ساقلىسۇن! بىز نېمە دېگەن ئاجىز ۋە بوزەك خەلق - ھە، بىزگە سەۋر قىلماقتىن باشقا چارە يوق! ئەمما، زامان بۇنداق كېتىۋەرمەيدۇ. ھامان بىر كۈنى ئۆزگىرىدۇ. بىز شۇ چاغدا گۇناھسىز تۇتۇلغانلىقىمىزنىڭ ھېسابىنى ئالىمىز. ئىلاھىم شۇ كۈنگىچە بىزنى ھايات ساقلىغايسەن!»

شۇنىڭدىن كېيىن مېھرىگۈلنىڭ كۈنلىرى تاشبۇلاق تۈرمىسىدىكى ئايال مەھبۇسلار بىلەن بىللە ئۆتتى. ئۇلار نېمە يېسە - شۇنى يېدى. نېمە كۆرسە - تەڭ كۆردى. ئايال مەھبۇسلار ئۇنىڭغا كامېرنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى ئۆگەتتى. گۇندىپايلار بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇشتىن - قانداق ئۆزىنى قوغداشقىچە ھەممىنى قۇلىقىغا قويۇۋەتتى. كۈنلەر ئىنتايىن زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قامالغانغا قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقىنى بىلەلمەي، باشقا مەھبۇسلاردىن سورىدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ بۇ يەرگە قامالغىنىغا ئىككى ئايدىن ئېشىپتۇمىش. تۈرمىدە ۋاقىت شۇنچە ئاستا ئۆتكەندەك قىلسىمۇ، ئەمما ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كېتەرمىش. كۈنلەرنىڭ تېز ئۆتۈشى مەھبۇسلارنى بەكمۇ خۇشال قىلارمىش. مېھرىگۈلمۇ ۋاقىتنىڭ بۇ قەدەر تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قالدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن غەمكىن ئىدى. ئۇ ھەر دائىم بالىلىرىنى ئويلايتتى: «ئاھ، بالىلىرىم! ئوماق پەرزەنتلىرىم! سىلەر نەدە؟ سىلەرنى كىم بېقىۋاتىدۇ؟ قورسىقىڭلارغا نېمە بېرىۋاتىدىغاندۇ؟ سىلەرنىڭ تېخى ئانا سۈتى ئېمىدىغان ۋاقتىڭلار ئىدىغۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭدىن سىلەرنى مەھرۇم قىلىدۇ؟ ئاھ، خۇدا! شۇ سەبىيلەرنى ئۆزۈڭ ئامان قىلغايسەن، ئۆزۈمنىڭ بالىلىرىمنى ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلىشىمغا نېسىپ قىلغايسەن، ئامىن !»

## 3. چوڭ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ۋە كاپالەتكە قويۇپ قويۇپ بېرىلىشى

كونا تۇتقۇنلار ئېيتقانىدەك ۋاقىت ئىنتايىن ئاستا ئۆتكەنىدەك قىلسىمۇ يەنە بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مۆلچەرىچە ئۈچ ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەنىدەك قىلاتتى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز كامېر ئىشىكى ئېچىلىپ، ئىككى ساقچى كىرىپ كەلدى - دە، مېھرىگۈلنى چاقىرىپ:

— كىيىم - كېچەكلىرىڭنى ئال، بىز بىلەن ماڭ! - دەپ بۇيرۇق قىلدى ھەمدە ئۇنى ئۇدۇل تۈرمە ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرمەستىن، ماشىنىغا چىقىرىپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. كېچىككىنە ماشىنا دېرىزىسىدىن كۆرۈنۈۋاتقان ئېگىز بىنالار ۋە ھۇقۇيتۇپ كېتىۋاتقان ماشىنا ئاۋازلىرىدىن ئۇلارنىڭ شەھەر ئىچىدە كېتىپ بارغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن ماشىنا توختاپ، مېھرىگۈلنى چۈشۈرۈپ بىر دوختۇرخانىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئۇلار دوختۇرخانا كارىدوردا بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن «جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى» دېگەن تاختاي ئېسىلغان بىر ئىشخانىغا كەلگەنىدە ساقچىلار ئىشىكنى چېكىۋىدى، بىر خىتاي سېستىرا چىقىپ:

— ھە، مىسىردىن كەلگەن مېھرىگۈل دېگەن ئايال مۇشۇ؟ ئۇنىڭ بالىلىرى بۇ يەردە! - دەپ مېھرىگۈلنى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە ئەكىردى - دە:

— مانا بۇ سېنىڭ بالىلىرىڭ، ئۇلار ئاغرىپ قالدى. بىز داۋالاۋاتىمىز، سەن بىز بىلەن ھەمكارلاشساڭ ياخشى بولىدۇ. — دەپ قولىلىرىدىن ئاسما ئوكۇل ئۇرۇلۇۋاتقان بالىلىرىنى كۆرسىتىپ قويدى. مېھرىگۈل «ۋاي، بالىلىرىم!» دېگەنچە يىغلاپ كارىۋاتقا تاشلاندى. بىر كارىۋاتتا كىچىك ئوغلى بىلەن قىزى ياتقۇزۇپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. ئاغزىنى ئاچ قالغان قۇشقاچ بالىلىرىدەك «ماك، ماك» قىلىپ ئېچىپ ياتاتتى. ئىككىلىسىنىڭلا بوينىدىن سۈت ماڭدۇرۇش ئۈچۈن تۆشۈك ئېچىلغان بولۇپ، يىپىشتۇرغۇچ بىلەنلا يەملەپ قويۇشقان ئىدى.

مېھرىگۈل دەرھال ئوغلىنى ئاسما ئوكۇلدىن چىقارغۇزۇپ ئەمدۈردى. كەينىدىن قىزىنى چىقارغۇزۇپ ئەمدۈردى. باللار ئانىسىنى ئۇزاق - ئۇزاق ئەمگەندىن كېيىن كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ:«سەن بىزنىڭ ئانىمىز، بىز سېنى تونۇۋاتىمىز» دېگەندەك قىلىپ، مېھرىگۈلگە بىر قارىۋېتىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئاندىن مېھرىگۈل دوختۇرلارغا قاراپ:

— چوڭ ئوغلۇم مۇھەممەد قېنى؟ ئۇنى ماڭا بېرىڭلار، مەن ئۇنى ئەمتىشىم كېرەك. — دەپ، سېستىرالارغا يېلىنغاندەك قارىدى. ئەمما ھېچكىمدىن سادا چىقمايتتى. بىر كەمدە ياشتا چوڭراق بىر ئۇيغۇر ئايال ئېغىز ئېچىپ:

— ئوغلىڭىز باشقا ياتاقتىكى جىددىي قۇتقۇزۇشتا، ھازىر ئۇنى كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. گېلىدىن ئوپېراتسىيە قىلىنغان. سىز ئەندىشە قىلماڭ، ئوغلىڭىز ياخشىلانسا ئەتىگىچە سىزگە بېرىمىز. — دېدى - دە، مەيۈسلەنگەندەك بولۇپ چىقىپ كەتتى. مېھرىگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالماي يەنە يىغلاپ كەتتى. سېستىرالار بولسا، مېھرىگۈلنىڭ يىغلىشىقا قاراپمۇ قويماي كىرىپ - چىقىپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋاتاتتى. بىر چاغدا سېستىرالارنىڭ بىرسى ئۇنى ساقچىلارنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ساقچىلار ئۇنى كارىدوردا ساقلاۋاتقان بولۇپ، مېھرىگۈل چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— سەن ۋاقتىلىق كاپالەتكە قويۇپ بېرىلدىڭ، مانا ماۋۇ ئۇقتۇرۇشنى ئال، بۇ يەرگە قول قوي! ناۋادا سەندىن بىرەر مەسىلە چىقسا بىز سېنى يەنە تۇتۇپ تۇتقۇن قىلىمىز! - دەپ مېھرىگۈلگە بىر قەغەزنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا قول قويغۇزدى ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا خەۋەر قىلىنغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ ئەتىگىچە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ دوختۇرخانىدىن ئايرىلىشتى.

مېھرىگۈل بۆلۈمگە قايتىپ كىرىپ ئىككى بالىسىنى يەنە ئەمتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇزاققىچە يىغلىماي ئۇخلاپ كېتىشتى. سېستىرالار بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ، يۈكلىرىنىڭ يېنىكلەپ قالغانلىقىدىن خوش بولۇپ، ئۇنىڭ باللارنىڭ يېنىدا قونۇپ

قېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. مېھرىگۈل باللارنىڭ يېنىدا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپلا بىر نەچچە سائەت ئۇخلىۋالدى. ئويغانغاندىن كېيىن بولسا، باللىرىغا ئۇزاققىچە تويماي قاراپ ئىچىدە: «ئوماق باللىرىم، مېنى كەچۈرۈڭلار! مەن سىلەرنى ئىمتەلمىدىم، سىلەرنى باقالمىدىم، بۇ مېنىڭ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بولمىدى» دەپ يىغلاپ كەتتى. ھەمدە ئارىدا بىر نەچچە قېتىم باللىرىنى ئويغىتىپ باللار قانغۇچە بىر نەچچە قېتىم ئىمتىۋالدى. باللار يەنە ئۇخلاپ قالدى. مېھرىگۈلمۇ مۈگدەپ قالغاندى. بىر چاغدا نۆۋەت ئالماشقان سېستىرالارنىڭ كوتۇلداشلىرى بىلەن چۆچۈپ كېتىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى ،ئاللىقاچان تاڭ ئېتىپ كەتكەن بولۇپ، دېرىزىلىرى چوڭ بولغان بۇ بۆلۈمنى قۇياش نۇرى پاللىدە يورۇتۇۋەتكەن ئىدى. مېھرىگۈل بۇ يورۇق مۇھىتنى كۆرۈپ ۋاللىدە كۆڭلى ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ بىر نەچچە ئايدىن بۇيان بۇنداق يورۇق بىر مۇھىتنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.

ــ ناشتا قىلىۋالامسىز؟ ــ بىر سېستىرا قىز ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ گەپ قىلىۋاتاتتى.

ــ ھەئە، ناشتا قىلىۋالاي، ماڭا ئاشخانىنى كۆرسىتىپ قويسىڭىز.

ــ دېدى مېھرىگۈل ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ گەپ قىلغان بىرسىنى كۆرۈپ، ئاندىن سېستىرا قىزنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە ئاشخانىغا بېرىپ سۈتلۈك چاي بىلەن ناشتا قىلىۋالدى ـ دە، يەنە بۆلۈمگە قايتىپ كەلدى. ئۇ بىر بىردە ئوغلىغا، بىردە قىزىغا قاراپ ئۇلارنىڭ چىرايىغا قان كىرىپ، يۈز ـ چىرايلىرىنىڭ بىر ئاز ئوڭشىلىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك بولدى. ئەمما، چوڭ ئوغلى مۇھەممەدتىن ئەندىشە قىلىپ، خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى. ئاخىرى سېستىرا قىزدىن ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. سېستىرا قىز ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئەمما بىر ئازدىن كېيىن قايتىپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ مۇھەممەدنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنمىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە بىر خىل كۆڭلى يېرىم

بولغانىدەك ئىتتىكلا باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. مېھرىگۈلنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدەك بولۇپ يىغلاپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن كىچىك ئوغلىنىڭ ئويغىنىپ يىغلىشى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئوغلىنى ئېمىتتى. ئۇزاق قالماي قىزىمۇ ئويغىنىپ يىغلىدى. ئۇنىمۇ ئېمىتتى. باللار ئانىسىغا خۇددى: «بىز ساڭا جاپا سالمايمىز ئانا !» دېگەندەك، ئېمىپ بولۇپلا يەنە ئۇخلاپ قېلىشتى.

چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. مېھرىگۈل قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھازىر تاماققا چىقايمۇ ياكى كېيىنرەك چىقايمۇ؟ دەپ ئويلىنىپ ئولتۇراتتى. سېستىرا قىز كىرىپ ئىككى ـ ئۈچ كىشىنىڭ ئۇنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مېھرىگۈل سىرتقا چىقىپ كارىدوردا تۇرغان دادىسى، ئاپىسى ۋە چوڭ ئاكىسىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇلارمۇ يىغلاشتى. ئۇلار تۈنۈگۈن ساقچىنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن كېچىچە يول مېڭىپ، ئۈرۈمچىگە چۈشۈپلا ئۇدۇل دوختۇرخانىغا كەلگەن ئىدى. ئۇلار قىزىنىڭ قويۇپ بېرىپ بېرىلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، چەرچەندىن شۇنداق تېز كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئۇزاق مۇڭداشتى. چەرچەندىن پىشۇرۇپ كەلگەن نان ـ توقاچ ۋە قوي گۆشىنى بىللە يېيىشتى. ئۇلار ئۈچ نەۋرىمىز بولۇپتۇ دەپ ئويلاپ، بەكلا خۇشال بولۇشقان ئىدى. ئەمما ئۇلار ئىككى نەۋرىسىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ، يەنە بىرسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى مېھرىگۈلدىن سورىدى. ئۇ جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا يىغلاپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن يىغىسىنى توختىتىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. ئۇلارمۇ: «ئاللاھ ساقلاپ نەۋرىمىزگە بىر ئىش بولماس، بەلكى ئەتىگىچە ياخشى بولۇپ قالسا، بىللە ئېلىپ كېتەرمىز» دەپ مېھرىگۈلگە تەسەللىي بەردى. دوختۇرلار بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى دېگەننى باھانە قىلىپ، يەنە مۇھەممەدنى ئۇلارغا كۆرسەتمىدى.

مېھرىگۈل يەنە بۆلۈمدە ـ باللىرىنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مېھرىگۇل بالىلارنىڭ يىغىسى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ كېتىپ، ئۇلارنى ئېمىتتى. ئۇنىڭغىچە ئاتا ـ ئانىسى ياتقان ياتاقلىرىدىن قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار يەنە دەرد ـ ئەھۋال ئېيتىشىپ ئۇزاق مۇڭداشتى. سائەت ئوندىن ئاشقان ۋاقىتتا مەسئۇل دوختۇر كىرىپ، مېھرىگۇلنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە سىرتقا چىقىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن ئۇلار بۇ بۆلۈمدىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان بىر بۆلۈمگە كىردى. دوختۇر مېھرىگۇلنى ئىشىك تۈۋىدە توختىتىپ قويۇپ:

— مېھرىگۇل بىز بالاڭنى قۇتقۇزۇشقا كۆپ تىرىشتۇق، لېكىن داۋالىشىمىز ئۈنۈم بەرمىدى. بالاڭنىڭ ھەزىم قىلىشى ياخشى بولمىغاچقا، بىز نەيچە بىلەن توختىماي سۈت بېرىپ تۇرغان بولساقمۇ، ئاخىر ھەزىم قىلالماي، ياندۇرۇۋېتىپ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن جان ئۈزدى. — دەپ، مۇزدەك سوۋۇپ كەتكەن مۇھەممەدنىڭ جەسىتىنى مېھرىگۇلنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. بالىسىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلىغان مېھرىگۇل ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى. دوختۇر ئۇنىڭغا:«بۇ يەردە يىغلىساڭ بولمايدۇ» دەپ تەنبىھ قىلىپ، بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ، ئىككى بالىسى تۇرغان بۆلۈمگە ئەكىرىپ قويدى. مېھرىگۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، قىزى بىلەن بىللە يىغا ـ زار قىلىشتى. ئۇلار مۇھەممەدنىڭ جەسىتىنى چەرچەنگە ئېلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. مەسئۇل دوختۇر: «ياق، بولمايدۇ! يۇقىرىدىن ئۇقتۇرۇش بار، جەسەتنى بىز ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز.» دەپ، ئۇلارنى بۇ يەردە يىغا ـ زارى قىلماسلىق ۋە خاپىلىق چىقارماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تېزرەك دوختۇرخانىدىن ئايرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مېھرىگۇلنىڭ ئاكىسى سىرتقا چىقىپ ئۇزاق قالماي، بىر ماشىنىنى كىرا قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

## 4. ئاھ، گۈزەل چەرچەن!

مېھرىگۈل ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە كورلىدا بىر كۈن قونۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا يولغا چىقىپ ،بىر كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق يول مېڭىپ چەرچەنگە يېتىپ كەلدى. چەكسىز قۇملۇق تەكلىماكاننىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان كىچىككىنە بوستانلىق چەرچەن ناھىيەسى ياز مەۋسۇمىگە كىرىپ بولغان بولۇپ، كۈن ئەمدىلا نەيزە بويى ئۆرلىگىنىگە قارىماي ئادەمنىڭ بەدىنىنى قىزىتىپ، كۆزىنى قاماشتۇراتتى. يۇرتىنىڭ كۆپ ـ كۆك سۈزۈك ئاسمىنى ۋە يېقىملىق ساپ ھاۋاسى ئۇنىڭغا باشقىچىلا ئىللىق بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ھاياجانلانغانلىقىدىن: «پاھ، ئەزىز يۇرتۇم! سېنىڭ باغرىڭ نېمىدېگەن كەڭ، نېمىدېگەن ئىللىق، تۇپراقلىرىڭ نېمە دېگەن مەززىلىك پۇرايدۇ ـ ھە، ساپ ھاۋايىڭ ئادەمگە نېمە دېگەن ھۇزۇر بېغىشلايدۇ ـ ھە! شۇنىڭ ئۈچۈن قۇشقاچ ـ تورغايلىرىڭ، قاغا ـ قۇزغۇنلىرىڭ بۇ يەردىن كەتمەي كېچە ـ كۈندۈز سېنى مەدھىيەلەپ تىنماي سايرايدىكەن ـ دە، مەن نېمىشقا سەندىن ئايرىلىپ يىراق بىر جايغا كەتكەندىمەن؟ ئەي خۇدا! كىشىلەرنى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، مۇساپىر بولۇپ قېلىشقا مۇپتىلا قىلمىغايسەن!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ــ توختاڭ! بىزنىڭ ئۆيگە كەلدۇق! ـ دېگەن دادىسىنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ خىيالى بۆلۈندى. ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. بىر قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان، كەڭ ئايۋانلىق، باغلىق، ئۈزۈم باراڭلىرى ئىشىك ئالدىغا قويۇق سايە تاشلاپ، ئادەملەرنى كۈچلۈك كۈن نۇرىدىن مۇداپىئە قىلىپ تۇرىدىغان ھويلىسى ھېچقانچە ئۆزگەرمىگەن بولۇپ، مېھرىگۈلگە باشقىچە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. مېھرىگۈلنىڭ ئانىسى ھەش ـ پەش دېگۈچە ناشتىلىق تەييارلىدى. ئۇلار چەرچەننىڭ يەرلىك نان ـ توقاچ، سۈت ـ قايماقلىرى بىلەن ناشتا قىلىپ، دىدار غەنىيمەت كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار ئېيتىپ دۇئا قىلىشتى. مېھرىگۈلنىڭ دادىسى يېقىن قوشنىسى بولغان ئىمام ئاخۇنۇمنى

چاقىرتىــپ كېلىــپ، ئۆلــۈپ كەتكــەن نەۋرىســى ئۈچــۈن خەتمــە ـ قۇرئــان قىلغــۇزدى. خەتمــە ـ قۇرئــان تۈگىگەندىــن كېيىــن ئىمــام ئاخۇنــۇم ئايرىلىدىغــان چاغــدا مېھرىگۈلگــە نەســىھەت قىلىپ:«قىزىــم! ئەمــدى قايغۇرۇۋەرمــەڭ، بــوۋاق ۋاقتىــدا ئۆلــۈپ كەتكــەن باللار ئاخىــر زامانــدا تىرىلگەنــدە ئاتــا ـ ئانىســى ئۈچــۈن خۇدادىــن شــاپائەت تىلــەپ، ئــۆزى بىلــەن بىللــە ئاتــا ـ ئانىســىنىڭ جەننەتكــە كىرىشــىگە ســەۋەبچى بولــىدۇ» دېــدى. مېھرىگــۈل ھەرقانچــە كۆڭلىنــى خۇشــال تۇتۇشــقا تىرىشســىمۇ، چــوڭ ئوغلــى مۇھەممەدنىــڭ مەجبۇرىــي ھالــدا ئۆزىدىــن ئايرىۋېتىلىــپ، جەســىتىنىڭ تاپشــۇرۇپ بېرىلىشــىنى ئىچىگــە ســىڭدۈرەلمەيۋاتاتتى. ئەممــا ئــۇ يەنــە ھايــات قالغــان ئىككــى بالىســىنى كــۆز ئالدىغــا كەلتــۈرۈپ، ئۆزىنــى تۇتۇۋېلىــپ، ئالدىغــا قــاراپ مېڭىــش ئىرادىســىگە كەلــدى.

ئاتــا ـ ئانىســىنىڭ ياردىمــى بىلــەن مېھرىگۈلنىڭ باللىرى كۈندىن ـ كۈنگــە ئــەت ئېلىــپ ـ تەيلىنىــپ چــوڭ بولۇشــقا باشــلىدى. مېھرىگــۈل بۇنىڭدىــن خۇشــال بولــۇپ، ئــۈچ ئايلىــق تۈرمــە ھاياتىــدا كۆرگــەن ئازابلىرىنــى ئۇنتــۇپ:«ئاتــا ـ ئانامنىــڭ ياردىمــى بىلــەن باللىرىمنــى ئــۆز يۇرتۇمــدا بېقىــپ، قاتارغــا قوشــۇپ تىرىكچىلىكنــى يۇرتۇمــدا داۋاملاشــتۇراي» دېگــەن ئويغــا كەلگــەن ئىــدى. بۇنىــڭ ئۈچــۈن ئــۇ باللىرىنــى نەچچــە ئــون قېتىــم دوختۇرخانىغا ئاپىرىــپ تەكشــۈرتكۈزدى ۋە ۋاكســىنا ئالــدى. ئۇنىــڭ ھاياتــى كۈنــدە دوختۇرخانىغــا بېرىــش ۋە ســاقچىغا يالــۋۇرۇش بىلــەن ئۆتمەكتــە ئىــدى. چۈنكــى، مېھرىگۈلنىــڭ ئاتــا ـ ئانىســى نەۋرىلىرىنــى چەرچەنگــە نوپۇســقا ئالــدۇرۇپ، ئاشــۇ يــەردە ئۆزلىــرى بېقىپ چوڭ قىلىشــنى تەلــەپ قىلىۋاتاتتى. باللارنىڭ پاســپورتى ۋە كىملىــك ـ ھۆججەتلىــرى چېگرادىــن كىرىپــلا تارتىۋېلىنغاچقــا، مېھرىگۈلنىــڭ قولــىدا ھېچقانــداق بىــر ئىســپات يــوق ئىــدى. چەرچەنــدە باللارنــى نوپۇســقا ئالــدۇرۇش مۇمكىــن بولمايدىغانــدەك كۆرۈنۈۋاتاتتــى. قانــداق قىلىــش كېــرەك؟ مېھرىگــۈل بــۇ ســوئالغا جــاۋاب تاپالمــىدى. پەقــەت ئاتــا ـ ئانىســىلا ئۇنىــڭ دەردىگــە دەرمان بولــۇپ، كۆڭلىنى خۇش

قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ياردىمىدە مېھرىگۈلنىڭ ئىككى بالىسى ساغلام چوڭ بولۇپ، يېشىغا تېگىپ ـ ئاياق چىقىپ، تەمتىلەپ مېڭىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان مېھرىگۈلنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ:«ئەمدى باللىرىم مۇشۇ يەردە چوڭ بولسا، ئۇلارنى ئوقۇتۇپ ـ تەربىيەلەپ، ئۆز تىل ـ يېزىقىنى بىلدىغان، ۋەتىنىنى، دىنىنى سۆيىدىغان ئەۋلادلاردىن قىلىپ چىقالىسامۇ بىر ئىشىل ئىشقۇ؟» ـ دەپ ئويلاپ، كۆڭلى خېلى تەسكىن تېپىپ قالغانىدى. ئەمما ئۇ يەنە بىر پالاكەتنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېچ ئويلىمىغان ئىدى.

## 5. مەززىلىك پۇرايدىغان مەھبۇس ـ ئىككىنچى قېتىملىق تۇتۇلۇشى

كونا يىل ئۆرۈلۈپ 2017 ـ يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلى باشلانغان ۋاقىت ئىدى. چەرچەننى ۋەھىمە قاپلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن چوڭ تۇتقۇن باشلانغان بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن تارتىپ يېزا كەنتلەرگىچە بولغان ھەممە جايلاردىن ئۇيغۇرلارنى:«نامااز ئوقۇدۇڭ. روزا تۇتتۇڭ، ساقال قويدۇڭ، ياغلىق چەگدىڭ، ئۇزۇن كەيدىڭ، قۇرئان ـ كىتاب ئوقۇدۇڭ، چېتىلدىڭ ـ قېتىلدىڭ، پۇل سالدىڭ ـ ئالدىڭ، ئۇ يەرگە باردىڭ ـ بۇ يەردە تۇردۇڭ» دېگەندەك 72 خىل باھانە بىلەن تۇتۇپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش«كەسىپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن تۈرمىگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۆيدىن ـ ئۆيلەرگە، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ كىشىلەرنى ساراسىمىگە سالماقتا ئىدى. ھەتتا مېھرىگۈلنىڭ قۇلىقىغا:«چەتئەلگە بارغان ـ كەلگەنلەرنى تۇتۇۋېتىپتۇ» دېگەن گەپلەر ئاڭلانىدى ـ دە، ئۇ ئېغىر غەمگە چۈشۈپ قالدى. ئەمما، ئۇ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇلارنى چۆچۈتۈپ ـ قورقۇنچقا سېلىپ قويماي دەپ ئويلاپ ئۇلارغا دېمىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئايان بولىۋاتىدىكى، ئۆزىنىڭ تۇتۇلۇشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

دېگەنىدەك دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە مېھرىگۈل ئاتا ـ ئانىسى ۋە بالىلىرى بىلەن ناشتا قىلىپ ئولتۇراتتى. ھويلا دەرۋازىسى چېكىلمەستىنلا داراڭلىتىپ ئېچىلىپ، تولۇق قوراللانغان ئالتە ساقچى بېسىپ كىرىشتى ـ دە، مېھرىگۈلنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ: «تەكشۈرۈلىسەن» دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئېلىپ ماڭدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يىلىنىشىغا، بالىلارنىڭ چىرقىراپ، يىغلىشىغا پەرۋا قىلىپمۇ قويۇشمىدى. ساقچىلار مېھرىگۈلنى ماشىنىغا چىقىرىپ، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈردى. تەخمىنەن چارەك سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن بىر يەرگە كېلىپ توختاپ، دەرۋازا ئېچىلغاندىن كېيىن يەنە ماشىنىنى ھەيدەپ، بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ مېھرىگۈلنى چۈشۈردى. بىنانىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بېشىدىكى قارا خالتىنى ئېلىۋەتتى. مېھرىگۈل شۇنداق قاراپلا بۇ يەرنىڭ بىر تۈرمە ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە:

ــ مېنى نېمىشقا يەنە تۈرمىگە قامايسىلەر؟ مەن گۇناھسىز، مېنى بالىلىرىم بىلەن ياشىغىلى قويۇڭلار! ـ دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئەمما، ساقچىلار ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنىغا پىسەنت قىلىپ قويماستىن، ئاغزىغا بىر تال لاتىنى كەپلەپ قويدى ـ دە، ئىتتىرگەنچە ھەيدەپ، سوراقخانىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ: ـ بۇ يەرگە كىر، تېز بول! ـ دەپ ۋارقىرىغانچە ئۇنى سوراقخانىغا ئېلىپ كىردى. مېھرىگۈل سوراقخانىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋالغاچقا بۇ قېتىم ئانچە بەكمۇ چۆچۈپمۇ كەتمىدى. بۇ سوراقخانىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۈرۈمچىدىكى سوراقخانىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تاملارغا زەنجىر ـ كىشەن ۋە ھەرخىل كالتەكلەر ئېسىۋېتىلگەن ئىدى. سوراقخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر قارا تۆمۈر ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، سوراقچىلار مېھرىگۈلنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، قول ۋە پۇتىنى ئورۇندۇقنىڭ يانلىرىغا چېتىپ، مىدىر ـ سىدىر قىلالماس قىلىپ باغلىۋەتتى. سوراقچىلار جەمئىي تۆت كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئۇيغۇر قالغان ئۈچى خىتاي ئىدى. سېمىزرەك، ئوتتۇرا بوي، پاناقراق

كەلگەن بىرسى خىرقىرىغان ئاۋازدا يېنىدىكى كومپيۇتېر تۇتۇپ تۇرغان، ئورۇقراق كەلگەن بىرسىگە قاراپ:

– ئۇرۇمچىدىكى سوراق نەتىجىسى قانداق ئىكەن؟ – دەپ سورىدى. ئورۇقراق كەلگەن ساقچى كومپيۇتېرنى ئېچىپ:«مېھرىگۈل تۇرسۇن ئىقرار قىلمىغان ۋە ئۆزىدە جىنايەت بارلىقىنى بوينىغا ئالماي، دۆلەت ساقچىلىرى بىلەن قارشىلاشقان، سوراق نەتىجىسى نۆل» دېگەنلەرنى ئوقۇپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان سوراقچى باشلىقى قاپىقىنى تۈرۈپ:

– ھە.شۇنداقمۇ؟ سوراق باشلانسۇن! ئۇنىڭ بۇ يەردە ئىقرار قىلمىغىنىنى بىر كۆرۈپ باقايلى! - دەپ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى.

– نەدە تېررورلۇق قىلماقچى بولدۇڭ، تېررورلۇق قىلىش پىلانىڭنى ئىقرار قىل! - دېدى ئۇزۇنتۇرا كەلگەن بىر سوراقچى ۋارقىراپ،

– مەن تېررورلۇق قىلىشنى پىلانلىمىدىم. مەن گۇناھسىز، سىلەر ماڭا تولا تۆھمەت چاپلاۋاتىسىلەر! - دېدى مېھرىگۈل ئۇنىڭغا جاۋابەن. ئوخشاش سوئال قايتا - قايتا تەكرارلاندى. مېھرىگۈلمۇ ئوخشاش جاۋابنى بېرىپ، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى. ئۇنىڭدىن تاقەتسىزلەنگەن ساقچى باشلىقى تېرىكىپ:

– بۇنىڭغا جازا قوراللىرىمىزنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويۇڭلار! - دەپ ۋارقىرىشىغا، ياردەمچى سوراقچىلار تەڭلا ئېتىلىپ كېلىپ، مېھرىگۈلنىڭ بېقىنىغا، يوتىلىرىغا يۇقىرى ۋاتلىق توك كالتىكى بىلەن بەش - ئالتىنى ئۇرۇۋەتتى. مېھرىگۈل ھوشىدىن كەتتى. خۇددى ئۇرۇمچىدىكى سوراقتا ئوخشاش بۇ قېتىمقى سوراقمۇ يىگىرمە تۆت سائەت، ئىككى كېچە - كۈندۈز داۋام قىلدى. ئاخىرىدا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن سوراقچىلار مېھرىگۈلنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، 210 - نومۇرلۇق كامېرغا سولىۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا 54 - نومۇر يېزىلغان مەھبۇس كىيىمنى كىيگۈزۈپ قويۇشتى.

مېھرىگۇل قامالغان 210 - نومۇرلۇق كامېر ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا 68 نەپەر ئۇيغۇر ئايال مەھبۇس قامالغانىدى. كامېرنىڭ شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. تۇتقۇنلارنىڭ تىنالماي ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىچىپ قويۇلغان كىچىككىنە تۆشۈكتىن باشقا دېرىزىمۇ قويۇلمىغان ئىدى. كامېرغا كۈن نۇرى چۈشمەي، ھاۋا ئالماشمىغاچقا كامېرنىڭ ئىچى سېسىقچىلىقتا تولۇپ كېتەتتى. كامېردا سۇ ۋە مۇنچە بولمايتتى. تۇتقۇنلار ئۇزۇندىن بۇيان يۇيۇنمىغاچقا بەدەنلىرى كىرلىشىپ پۇراپ كېتەتتى. شۇڭا تۇتقۇنلار دۇنيادا «خۇش پۇراق، مەززىلىك پۇراق» دېگەن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىشكەن ئىدى. بەزى يېڭى كىرگەن تۇتقۇنلاردىكى سوپۇن ۋە ئەتىر پۇراقلىرىنى پۇراپ قالسا، ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ يېڭى تۇتقۇننى پۇراپ كېتەتتى. مېھرىگۇل تېخى بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئەركىن بولۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى سوپۇنلاپ يۇغان ۋە چاچ بەدەنلىرىگە ئەتىر ئىشلەتكەن بولغاچقا، خۇشپۇراقلار تېخى ئۇنىڭ بەدىنىدىن كەتمىگەن ئىدى. يېڭى تۇتقۇن مېھرىگۇل كامېرغا كىرىشىگە مەززىلىك بىر پۇراقنى سېزىشكەن تۇتقۇنلار مېھرىگۇلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى پۇراپ كېتىشتى. بىر ياش قىز تۇتقۇن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:«ئاچا سىز بەك مەززىلىك پۇرايدىكەنسىز، بۈگۈن مېنىڭ يېنىمدا ياتسىڭىز؟» دەپ تەلەپ قىلدى. مېھرىگۇل ياش قىزنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، بىرىنچى كۈنى ئۇ قىزنىڭ يېنىدا ياتتى.

كامېردا تۇتقۇنلار ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا يېتىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. تۇتقۇنلارنىڭ يېرىمى يانچە بولۇپ ياتسا، ئاران سىغاتتى. قالغان يېرىمى ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلاش نۆۋىتى كۈتەتتى. تەخمىنەن ئىككى - ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئالدىدا ئۇخلىغانلار ئويغىنىپ، ئۇخلىمىغانلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەتىگەن سائەت بەشتە بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، ئويغىتىۋېتىلىدىغان

بولغاچقا ھېچكىمنىڭ ئۈيقۇسى قانمايتتى. تۇتقۇنلار ئەتىگەندىن - كەچكىچە مەجبۇرىي شوئار - تەشۋىقات، قائىدە - قانۇن، ۋە پارتىيە ئۆزۈندىلىرىنى ئۆگىنەتتى. ئۆگىنەلمىگەنلەر ئۇرۇلۇپ خورلىناتتى. ئاغزى ئاغرىپ قالسا ئۇلارنى داۋالىمايتتى. مېھرىگۇل بۇ قېتىملىق تۇتقۇنلۇق ھاياتىدا توققۇز نەپەر ئايال تۇتقۇننىڭ تاياق - توقماق زەربىسىدىن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە شاھىت بولدى. ئەمما، شۇنداق ئېغىر شارائىتتىمۇ تۇتقۇنلار ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەي، بىر - بىرىگە ئاچا - سىڭىللاردەك كۆيۈنۈپ، مېھرىبانلىق ئىچىدە ياشايتتى. خۇددى تاشبۆلاق تۈرمىسىدىكى تۇتقۇنلارغا ئوخشاش بۇ يەردىكى تۇتقۇنلارمۇ مېھرىگۇلگە خۇددى بىر تۇغقىنىدەك ئىللىق مۇئامىلە قىلىشتى. ئەمما، ئۇلار دائىم گۇندىپايلار تەرىپىدىن خورلىناتتى، قورسىقىغا تويغۇدەك تاماق بېرىلمەيتتى. مېھرىگۇلمۇ يەنە گۇندىپايلار تەرىپىدىن ئۇرۇلۇپ خورلاندى. قورسىقىغا تويغۇدەك تاماق بېرىلمىگەچكە ئاچ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سوراق جەريانىدىكى تاياق زەربىسىدىن بولغاي تۇرۇپلا ھوشىدىن كېتىدىغان تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالغا گۇندىپايلار دەسلەپتە ئانچە پەرۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنۈشىگىمۇ رۇخسەت قىلىشمىدى. ئەمما، مېھرىگۇلنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى ئېزچىل داۋاملىشىۋەرگەندىن كېيىن ئۇلار مەجبۇرىي تۈرمە دوختۇرخانىسىغا كۆرۈنۈشكە يول قويدى. تۈرمە دوختۇرى ئۇنىڭغا دىياگنوز قويۇپ: «نېرۋا خاراكتېرلىك تۇتقاقلىق كېسىلى» دەپ يەكۈن چىقىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن گۇندىپايلار مېھرىگۇلنىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ تەخمىنەن مېھرىگۇل بۇ يەرگە قامىلىپ ئۈچ ئايدەك ئۆتكەن ۋاقىت ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە گۇندىپايلار مېھرىگۇلنى كامېردىن چاقىرتىپ تۈرمە ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئىشخانىدا مېھرىگۇل ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان بىر نەچچە ساقچىلار تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «چەرچەن ناھىيەلىك دۆلەت بىخەتەرلىك

ئىدارىسى»دىن كەلدۇق دەپ تونۇشتۇردى ۋە مېھرىگۈلگە بىر پارچە قەغەزنى كۆرسىتىپ:

ــ بۇنىڭغا قول قوي، سەن كېسەللىك سەۋەبىدىن كېيىللىككە قويۇپ بېرىلىسەن. كېسىلىڭ ساقايغۇچە بىز سېنى نازارەت قىلىپ تۇرىمىز. چەرچەندىن باشقا ھېچقانداق بىر يەرگە رۇخسەتسىز چىقىشىڭغا بولمايدۇ! ــ دېدى. مېھرىگۇل قەغەزگە قول قويۇپ بېرىپ، تۈرمىدىن چىقتى ــ دە، يولغا چىقىپ بىر قىسقا يوللۇق ئاپتوبۇسنى توسۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

مېھرىگۈلنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئاتا ــ ئانىسى قىزىنى كۆرۈپ، كۆز يېشىنى تۇتالماي يىغلاپ كېتىشتى. بالىلىرى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئانىسىنىڭ پاچاقلىرىغا ئېسىلىپ:

ــ ئانا، ئانا سەن بىزنى تاشلاپ نەگە كەتكەن ئىدىڭ؟ بىز سېنى سېغىندۇق. ــ دەپ يىغلىشىپ كېتىشتى. ئاتا ــ ئانىسىنىڭ يېنىدا قالغان ئىككى بالىسى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە خېلى چوڭ بولۇپ قالغان بولۇپ، چۈچۈك تىللىرى بىلەن قىلغان سۆزلىرى مېھرىگۈلنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى. مېھرىگۈلمۇ بالىلىرىنى يېپىشلاپ ـ يېپىشلاپ سۆيۈپ كەتتى ۋە قۇچىقىغا ئېلىپ:

ــ ئەمدى مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلاردىن كەتمەيمەن. سىلەرگە ياخشى قارايمەن. جىق ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بېرىمەن! ـ دەپ ئۇلارنى باغرىغا چىڭ باستى. مېھرىگۈلنىڭ كېسەلچان بولۇپ ئورۇقلاپ، بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغىنىنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانىسى مەخسۇس بىر قوي سويدۇرۇپ، ھەر كۈنى بىر نەچچە قېتىم شورپا قايىنتىپ باقتى. كەپتەر باچكىسىنى بوغۇزلاپ، قانلىرىنى بەل ـ تېقىملىرىغا سۈركەپ، ئاپتاپتا ياتقۇزۇپ ئۆزلىرى بىلگەن يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالاپ باقتى. بازارغا بېرىپ ئۆزلىرى تونۇيدىغان سەكسەن خالتىلاردىن دورا ـ دەرمەك ئەكېلىپ قايىنتىپ ئىچكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن مېھرىگۈلنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى ئۇزۇنغا قالماي ئوڭشىلىپ كەتتى. ئاتا ـ ئانىسى ۋە بالىلىرى بىلەن ئۆتكەن بۇ كۈنلەر ئۇنىڭغا

شـۇ قـەدەر ھـۇزۇر ۋە خۇشـاللىق بېغىشـلىماقتا ئىـدى. ئـۇ ھـەر كۈنـى ئەتىگەنـدە ئورنۇمدىــن تــۇرۇپ، خۇدادىــن تىنىــچ ئامانلىــق تىلــەپ دۇئـا قىلاتتـى. ئـۇ دۇئاسـىدا:«ئىلاھىم! ھېچكىمنـى جۇدالىـق بالاسـىغا مۇپتىـلا قىلمايسـەن، ھېچكىمنىـڭ يۇرتىدىــن، ئاتـا ـ ئانىسـىدىن، بـالا ـ چاقىسـىدىن ئايرىلىـپ قېلىشـىغا دۇچـار قىلمىغايسـەن، ھېـچ كىمنـى شـۇ زالىملارنىـڭ تۈرمـە ۋە قىيىـن ـ قىسـتاقلىرىغا مەھكۇم قىلمىغايسـەن، مەنـدەك ئاجىـز ئاياللار ۋە ئۇلارنىـڭ بـالا ـ چاقىلىرىغـا ئـۆزۈڭ باشـپاناھ بولغايسـەن!» دەپ، ئالاھقـا ئىلتىجـا قىلىــپ كـۆز يېشـى قىلاتتـى.

مېھرىگۈلنىــڭ كۈنلىــرى دەككــە ـ دۈككــە ئىچىــدە ئۆتمەكتــە ئىــدى. ئـۇ تۇرۇپلا:«سـاقچىلار يەنـە كېلىــپ مېنــى تۇتــۇپ كېتەرمــۇ؟ ئــۇلار مېنــى قويــۇپ بەرگــەن ۋاقىتتــا دېگەنــدەك، ســىرتتىن نــازارەت قىلىۋاتقـان بولۇشـى مۇمكىـن. بەلكى، خوشـنا ـ خولۇملاردىن بىرەرسـىنى پايلاقچىلىققا قويـۇپ قويغـان بولۇشـىمۇ مۇمكىـن. ئەممـا مـەن، ئۆيدىـن تالاغـا چىقمىغـان تۇرسـام. مىسـىر بىلەنمـۇ ئالاقـەم ئۈزۈلگىلـى خېلـى ئــۇزۇن بولدىغــۇ؟ ئەمـدى مـاڭا يەنـە نېمـە گۇنـاھ ئارتىشـار؟ بىكاردىـن ـ بىكارغـا تۇتـۇپ كېتەرمـۇ؟ چەتئەلگـە چىقىشنىڭ دەپلا ئـادەم تۇتـۇش ـ دۇنيانىـڭ ھېچقانـداق يېرىـدە يـوق ئىشـقۇ؟ ئەممـا نېمىشـقا بـۇ يەرنىـڭ سـاقچىلىرى چــەت ئەلگــە بارغانلاردىــن قورقىدىغانــدۇ؟ چەتئەلگــە چىققـان ئادەملەرنىـڭ ھەممىسـىلا بۆلگۈنچىلىـك قىلىشـى، تېررورلـۇق قىلىشــى مۇقــەررەر ئەمەســقۇ؟» دېگەنلەرنــى ئويــلاپ كەتتــى. تۇرۇپــلا يەنە:«ئەمـدى تۇتـۇپ كەتسـە قانداقمـۇ چىدارمـەن؟ ئەگـەر يەنـە تۇتقۇن قىلىنسـام تۈرمىدىــن سـاق چىقالارمەنمـۇ؟ ئاتـا ـ ئانـام قانـداق بولـۇپ كېتـەر؟ نـاۋادا قىيىــن ـ قىسـتاققا ئۇچـراپ ئۆلـۈپ كەتسـەم باللىرىـم يېتىــم بولــۇپ قالارمــۇ؟» دېگەنلەرنــى ئويــلاپ قالاتتــى. ئەممــا ئــۇ، ئۆزىنىـڭ ئــۇزاق قالمـاي ئۈچىنچـى قېتىـم تۇتۇلۇشـىنى ھېـچ كۈتمىگـەن ئىــدى.

## 6. زۇلمەتلىك تۈرمىدىكى ئەڭ بەختلىك بىر كۈن - ئۈچىنچى قېتىملىق تۇتۇلۇشى

مېھرىگۈلنىڭ ئەندىشىلىك كۈنلىرى ئۆتمەكتە ئىدى. يىل ئۆرۈلۈپ 2018 - يىلى 1 - ئاي چەرچەندىكى ئىجتىمائىي سوغۇقچىلىقنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر سوغۇقلۇق يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ھاۋا ئىنتايىن سوزۇپ كەتكەن ئىدى. كىشىلەرگە دۇنيا ئەبەدىي سوغۇق بولۇپ، ئىسسىقلىق مەڭگۈ تاراپ كېتىپ بارغاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. مېھرىگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسى نەۋرىلىرىنى سوغۇقتا قوغداش ئۈچۈن، ئۆيىنىڭ تام مېشىنى باشقىدىن رېمونت قىلىپ - ياخشى ئىسسىيدىغان قىلىپ، مېھرىگۈلنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى. مېھرىگۈل ئۆز ئۆيىنىڭ ئىللىقلىقىدىن يازغىچە ھەتتا ئەبەدىي بەھرىمەن ئېلىشنى ئويلايتتى. ئەمما، ئىش مېھرىگۈلنىڭ ئويلىغانىدەك بولمىدى.

2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كېچە يېرىمى بولغان ۋاقىت ئىدى. مېھرىگۈل بالىلىرى ۋە ئاتا - ئانىسى بىلەن تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. مېھرىگۈلنى تۇتۇشقا كەلگەن ساقچىلار تامدىن ئارتىلىپ چۈشتىمۇ ياكى تېك ئۇچاردىن ساڭگىلاپ چۈشتىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلار ئاللىقاچان ھويلىغا كىرىپ بولغان بولۇپ، دالان ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق ئۇرۇپ تېپىپ:

— ئىشىكنى ئاچ، تېز بول! — دەپ ۋارقىراشتى. مېھرىگۈلنىڭ دادىسى ئىشىكنى ئېچىپ بولغىچە، قوراللىق ساقچىلار ئىشىكنى بۇزۇپ - چېقىپلا بېسىپ كىرىشتى - دە، بوۋاي بىلەن موماينىڭمۇ ئېغىزىنى ئاچقۇزماي، ئۇدۇل مېھرىگۈل ياتقان ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، ئىتتىرگەنچە ماشىنىغا چىقىرىپ ئېلىپ ماڭدى.

بۇ قېتىم مېھرىگۈل چەرچەندىكى يەنە بىر جازالاش ماشىنىسى بولغان «جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى» تەرىپىدىن، ئۇ ئولتۇرىدىغان «ئاھالىلەر كومىتېتى» نىڭ تىزىملىكىگە ئاساسەن

يەنىلا «تېررورلۇق گۇمانىدارى» دېگەن باھانە بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان ئىدى. ئۇلار مېھرىگۈلنى ئۆزلىرى «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دەۋالغان چەرچەندىكى بىرقانچە جازا لاگېرىنىڭ بىرى بولغان بىرىنچى «كەسپىي تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن يەرگە ئېلىپ كېلىشتى. مېھرىگۈلنىڭ بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈلۈپ قويۇلغان بولغاچقا، دەسلەپتە بۇ يەرنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ساقچىلار ئۇنى ئۇدۇل سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىپ، ئاندىن كاللىسىدىكى قارا خالتىنى ئېلىۋەتتى. شۇ چاغدىلا ئۇ بۇ يەرنىڭمۇ بىر تۈرمە ئىكەنلىكىنى بىلدى.

بۇ سوراقخانىغىمۇ خۇددى ئالدىنقى قېتىمقى تۈرمە سوراقخانىسىغا قويۇلغاندەك تۆت كالتەكى، زەنجىر - كىشەن، تۆمۈر ئورۇندۇق قاتارلىق بارلىق جازا قوراللىرى قويۇلغانىدى. سوراقخانىنىڭ كىچىككىنە دېرىزىسىدىن سىم تىكەنلەر بىلەن قورشالغان، ئېگىز تاملار ئۈستىدىكى كۆزىتىش ئۆيلىرىدە، كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان قوراللىق ساقچىلارنىڭ مولۇندەك تۆت ئەتراپىنى ماراپ تۇرۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سوراقخانىدا بولسا ساقچىلاردىن باشقا ئاق خالات كىيگەن دوختۇرلارمۇ تۇراتتى. دوختۇرلار ئۇنى ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە باشقا بىر جايدىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. بۇ قېتىممۇ ئالدىنقى ئىككى قېتىمدىكىسىگە تۇتۇلغان ۋاقتىدىكى ئوخشاش ئىككى بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان ئالدى. نامەلۇم بىر سۇيۇقلۇقنى ئوكۇل قىلىپ ئۇردى. ئوخشىمايدىغان يېرى دوختۇرلار بۇ قېتىم ئۇنى دوختۇرخانىنىڭ يەر ئاستى قەۋىتىگە ئېلىپ چۈشۈپ، قاراڭغۇ بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئاندىن قاراڭغۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەپ قويۇلغان ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى، ئاپتوماتىك باشقۇرۇلىدىغان ساندۇقسىمان ئەينەك ئەسۋابنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى. ئۇ ئەسۋابنىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن سىرتتىن ئاپتوماتىك كۇنۇپكا بىلەن باشقۇرۇلۇپ، بىرنەچچە سېكۇنت ئايلاندۇرۇلدى. مېھرىگۈل بۇ ئەسۋابنىڭ ئىچىدىكى چاغدا ئۇنىڭدىن كۈچلۈك بىر خىل زەھەت

چىقىپ، مېھرىگۈلنىڭ بەدىنىگە ئۆتتۈشۈپ، بەدىنىدە غەلىتە بىر خىل سېزىم پەيدا قىلدى. ئۇنىڭدىن چىقىرىلغاندىن كېيىن مېھرىگۈلنىڭ بېشى قېيىپ راھەتسىزلىنىش، ئۇيقۇسى كەلگەندەك خامۇش بولۇش، نېرۋا سېزىملىرىنى يوقىتىشقا ئوخشاش غەلىتە ھالەت پەيدا بولدى ۋە خېلى ئۇزاققىچە داۋام قىلدى.

دوختۇرخانىدىكى تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن، مېھرىگۈل يەنە ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە قايتۇرۇپ كېلىنىپ سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىلدى. سوراقچىلار ئاللىقاچان تەييار بولۇپ تۇرۇشقان ئىكەن. ئۇلار مېھرىگۈلنى ئاۋۋالقىدەكلا كويزا - كىشەن بىلەن تۆمۈر ئورۇندۇققا مىدىرلىيالماس قىلىپ باغلىدى ۋە سوراقنى باشلىدى:

– ئىقرار قىل!

– نېمىنى ئىقرار قىلىمەن؟

– تېررورلۇق قىلماقچى بولغان پىلانىڭنى!

– مەن تېررورچى ئەمەس، مەن ئۇنداق قىلىشنى بىلمەيمەن، «تېررورلۇق پىلانى» دېگەننى مەن ئوقۇمىدىم، چۈشەنمىدىم، ھېچنېمە قىلىپ باقمىدىم.

سوئاللار ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق سوراق قىلىنغان ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ قېتىمقى سوراقچىلارمۇ ئەينىسىنى تەكرارلاۋاتاتتى. مېھرىگۈل ئۇنى رەت قىلاتتى. ئاخىرىدا ھېچقانداق بىر نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، سوراقچىلار ئۇنى بىر نەچچە كۈن ئۇرۇپ قىيناشتى - دە، ئاخىرىدا تۇتقۇنلار كامېردىن بىرگە ئېلىپ چىقىپ سولىۋەتتى.

كىچىككىنە بىر كامېرغا ئوتتۇز نەچچە ئادەم سىغدىرىلغان بولۇپ، شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. تۇتقۇنلارغا تويغۇدەك تاماق، سۇ بېرىلمەيتتى. كامېردا سۇ تورۇبىسى ۋە جۈمەك بولمىغاچقا، تۇتقۇنلار نەچچە ئايدا بىر قېتىممۇ يۇيۇنالمايتتى. كىر - قاتلىرىنىمۇ ئايلاپ - يىللاپ يۇيالمايتتى. پەقەت نەچچە ئايدا بىر قېتىملا ئىككى مىنۇتلا

يۇيۇنۇشقا ياكى كىر يۇيۇۋېلىشقا نۆۋەت بىلەن ئېلىپ چىقاتتى. مېھرىگۇل تۇتقۇن قىلىنىپ، نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەلىيى كېلىپ، كىر يۇيۇشقا ئېلىپ چېقىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ سۇ كۆرمىگىنىگە نەچچە ئاي بولغان ئىدى. ئۇ كىر دېرىسىغا سۇ ئېلىۋېتىپ، قولىنى بىردەم داسقا چىلاپ سۇغا تىنقۇۋالدى. ئۇ يەنە سۇنىڭ بۇ يەردە شۇ قەدەر قىسىۋېتىلگەنلىكى ۋە قەستەنگە ئەتىۋار قىلىۋېتىلگىنىنى ئويلاپ، خىيالى كىچىك ۋاقتىدىكى باللىق چاغلىرىغا كەتتى: «مېھرىگۇل باللىق ۋاقىتلىرىدا ھېچقاچان سۇ قىيىنچىلىقى كۆرمىگەن ئىدى. ياز ۋاقىتلاردا كونبويى ئىشىكى ئالدىدىكى ئۆستەڭدە قوشنىلارنىڭ باللىرى بىلەن چۆمۈلۈپ ئويناتتى ئۆستەڭ سۈيى پاكىز بولۇپ، كىشىلەر سۇنى چېلەك بىلەن توشۇپ، كوزىلىرىغا تولدۇرۇۋېلىپ، ئاش ـ تاماق ئېتىش ئۈچۈن ۋە ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. ھېچكىم ـ ھېچكىمدىن سۇنى قىسمايتتى. سۇ خۇددى ھاۋاغا ئوخشاشلا كەڭرى ئىدى. ئىنسانلار ئۆز ئېختىيارى ۋە ئېھتىياجى بويىچە پايدىلىناتتى. ھەتتا بەزىدە كەلكۈن كېلىپ، ئېتىز ـ ئېرىق، ھويلا ـ ئاراملارنى سۇ بېسىپ كېتەتتى. كىشىلەر سۇدىن قېچىپ، ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ كېتىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولاتتى. مېھرىگۇل يەنە: نېمىشقا ئۇ چاغلاردا سۇنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن بولغىيتتىم؟ نېمىشقا ئۇنىڭدىن بىزار بولغان بولغىيتتىم؟ ئاھ، سۇ! سەن نېمە دېگەن مۇھىم، نېمە دېگەن قىممەتلىك! سەنسىز كىممۇ تەشنالىقنى قاندۇرالىسۇن؟ كىممۇ پاكىزلىنەلىسۇن؟ سەنسىز جانلىقلار قانداقمۇ ياشىيالىسۇن، راھەتلىنەلىسۇن؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

مېھرىگۇلنىڭ لاگېرغا قامالغىنىغا نەچچە ئاي بولۇپ قالغانىدى. لاگېردىكى قىيىن ـ قىستاق، ناچار شارائىت، ناچار مۇئامىلە، ئۆلمەسلىك ئۈچۈنلا يېرىلىدىغان مۇشتۇمچىلىك ھورنان ئۇنى ھالسىراتقانىدى. ئۇ ھەر كۈنى، ھەر مىنۇت ـ سېكۇنت باللىرىنى سېغىناتتى. باللىرى كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى. ئۇ كېچىلىرى

يوشۇرۇنچە ئاللاھقا سېغىنىپ، شۇ لەنىتى ئاتالمىش «كەسىپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېيىلگەن جازالاش لاگېرىدىن قۇتۇلۇپ، ئاتا - ئانىسى ۋە بالىلىرى بىلەن جەم بولۇپ، خاتىرجەم ياشاشنى ئارزۇ قىلىپ، دۇئا قىلاتتى. ئۇنىڭ دۇئاسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يەتتىمۇ قانداق؟ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بۇ قېتىم پىلانلىغان رەزىل مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. چەرچەن ناھىيەلىك «جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى» بۇ قېتىم مېھرىگۈلنى مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ياكى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشنى پىلانلىغانىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى مۇنداق بىر نەچچە توسالغۇ ئۇلارنىڭ پىلانىنى بەربات قىلىۋەتتى. بىرىنچىدىن، مېھرىگۈلنى مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرالمىدى. ئىككىنچىدىن، مېھرىگۈلنىڭ ئىككى بالىسى مىسىر گىراژدانى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بالىلارنى مەجبۇرىي خىتاي گىراژدانى قىلىش پىلانىغا مېھرىگۈل قوشۇلمىدى. ئۈچىنچىدىن، مېھرىگۈلنىڭ يولدىشى مەخمۇت ئەخمەت مىسىردا تۇرۇپ، مىسىر ھۆكۈمىتى ئارقىلىق مىسىرنىڭ خىتايدىكى كونسۇلخانىسىغا بالىلىرىنى قايتۇرۇپ ئەكېلىش ئۈچۈن ئەرز سۇنغانىدى. بۇنىڭ بىلەن خىتاينىڭ بېيجىڭدىكى مىسىر كونسۇلخانىسى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆز پۇقراسى بولغان ئىككى نارەسىدىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنۇپ تەلەپ قويغان ئىدى.

2018 - يىلى 5 - ئايدا بېيجىڭدىكى مىسىر كونسۇلخانىسى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بالىلارنى ئېلىپ كېتىش رۇخسىتىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇلار بېيجىڭدىن ئاتايىن چەرچەنگە كەلدى. ھېلىگەر خىتايلار مېھرىگۈلنىڭ بالىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن چىققاندا مېھرىگۈلنىمۇ بىللە ئېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنى پەردازلاپ كۆرسىتىش ئۈچۈن يېڭى كىيىملەرنى كەيدۈرۈپ قويۇشقان ئىدى. بۇ كىيىملەر مېھرىگۈلگە ياراشمىغانلىقى ئۈستىگە، يەڭلىرى ئۇزۇن - قىسقا كېلىپ قالغان بولۇپ، مىسىر ئەلچىخانىسى خادىملىرى

مېھرىگۈلنىڭ ئېچىلىپ قالغان بىلىكىدىن كويزا ـ كىشەننىڭ يارا ئىزلىرىنى كۆرۈپ قېلىشتى ـ دە، ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، ختاي تەرەپكە: «بالىلارنى ئانىسىز ئېلىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئانىسىنىڭمۇ مىسىرغا بالىلىرى بىلەن كېتىشكە رۇخسەت قىلىنىشى كېرەكلىكى»نى ئېيتىپ، قەتئىي چىڭ تۇردى. ئامالسىز قالغان ختاي دائىرىلىرى مېھرىگۈلگە ـ سۈرۈكى ئىككى ئايلىق بولغان ۋاقىتلىق پاسپورت بېجىرىپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق شەرتلەرنى قويۇپ:«ئۇنىڭ ئىككى ئايدىن كېيىن چوقۇم قايتىپ كېلىشى كېرەكلىكىنى، بۇ يەردىكى ئىشلارنى ھېچكىمگە دېمەسلىكى كېرەكلىكىنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا ئاتا ـ ئانىسىنى گۆرۈگە ئېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنى لاگېرغا ئېلىپ كېتىپ جازالايدىغانلىقىنى» ئاگاھلاندۇرۇش قىلىشتى. مېھرىگۈلگە بۇ ۋاقىتتا ئاغزىدا بولسىمۇ ماقۇل دېمەسلىككە ئامال يوق ئىدى.

مېھرىگۈل ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمگەن ئىدى. ئۇ ئىككى بالىسىنى ئېلىپ، مىسىر ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقتى. بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن مىسىر ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قاھىرەگە ئۇچىدىغان ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ، 2018 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قاھىرەگە يېتىپ كەلدى.

مېھرىگۈل مىسىرغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئىچىنى تىڭشاپ يۈردى. بالىلىرىنى دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ، ئۆزىمۇ بىللە داۋالاندى. بۇ جەرياندا ئۇ ۋەتەندىكى تۈرمە ۋە لاگېرلاردا تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ۋە كامېرداشلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەلىرىنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدى. ئۇ بىگۇناھ تۇتۇپ ـ سولانغان، ئۇرۇپ ـ قىينالغان ، ئاياق ـ ئاستى قىلىنغان، ئېيىپ ـ نومۇسى بۇلغانغان ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرىنى بىر كۈنمۇ ئويلىماي تۇرالمىدى. ئۇلارنىڭ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ئۆزىنىڭ تارتقان ئازاب ئوقۇبەتلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ھەتتا

ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ۋە پاجىئەلىك ئىدى. چۈنكى، مېھرىگۈل قانداقلا بولمىسۇن، باللىرىنىڭ مىسىر گىراژدانى بولغانلىقى ۋە ئېرىنىڭ يول مېڭىشى بىلەن بۇ ۋەھشىي دوزاختىن قۇتۇلۇپ چىقىۋالدى. ئەمما، تۈرمە ۋە لاگېرلاردا قېلىپ قالغان كامېرداشلىرىچۇ؟ ئۇلارمۇ بىر كۈنى بۇ دەھشەتلىك تۈرمە ۋە لاگېردىكى ئازاب - ئوقۇبەتلەردىن قۇتۇلۇپ چىقالارمۇ؟ تىرىك ۋە ساغلام چىقالارمۇ؟ بۇنى ئويلىغاندا مېھرىگۈلنىڭ يۈرىكى ئەنسىز تېپىرلاپ كېتەتتى. چۈنكى، لاگېردا تۇتقۇنلۇق مەزگىلىدىكى ئۈچ ئاي ئىچىدە توققۇز نەپەر ئايال مەھبۇسنىڭ قىيىن قىستاق - سەۋەبىدىن يارىلىنىپ، كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە شاھىت بولغان ئىدى. يەنە بىر قىسىم تۇتقانلار نېرۋىسىدىن ئادىشىپ ئەقلىدىن كەتكەن ئىدى.

مېھرىگۈل لاگېردىكى تۇتقۇنلارنىڭ دىن ئۆگەنگەنلىكى، ناماز ئوقۇغانلىقى، ساقال قويغانلىقى، ھەجگە بارغانلىقى، ئۇيغۇر تىلىدا كىتاب يازغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دىنىي، تىلى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى، ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلىنمىغانلىقىنى مىسىردىكى مۇسۇلمانلارغا ئاڭلىتىپ چۈشەندۈرەلمەيتتى ۋە ئىشەندۈرەلمەيتتى. چۈنكى، مىسىر ھۆكۈمىتى خىتاينى مەدھىيەلەپ كۆككە كۆتۈرۈۋاتاتتى. نۇرغۇن بىگۇناھ ئوقۇغۇچىلارنى تۇتۇپ، خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئاغزىمنى يۇمۇپ، سىڭگەن نېنىمنى يەپ ياشايمۇ؟ ئۇنداق قىلسام ۋىجدانىم راھەت بولارمۇ؟ مېھرىگۈل بۇنى ئويلىسا تېخىمۇ ئازابلىناتتى. ئۇ:«ۋەتىنىمدىكى - تۈرمە - لاگېردىكى بىچارە ئاچا - سىڭىللارنىڭ پاجىئەسىنى تاشقى دۇنياغا بىلدۈرۈشۈم - مېنىڭ بىر ۋىجدانى بۇرچۇم» دەپ قارايتتى. ۋەتەندىكى پاجىئەلەرنى مىسىردا خەلققە ئاڭلىتىپ - چۈشەندۈرۈش قىيىن بولۇپلا قالماي، بەلكى خەتەرلىك ئىدى. چەرچەن جامائەت خەۋپسىزلىكى دائىرىلىرى ئۇنىڭغا توختىماي تېلېفون قىلىپ ۋە تەھدىت سېلىپ، ئۇنى قايتىپ كېلىشكە ئۈندىمەكتە ئىدى. ئاتا - ئانىسىمۇ بىر قانچە قېتىم

مەجبۇرىي تېلېفونغا چىقىرىلىپ، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما بىر يېرىدىن ئۇلارنىڭمۇ چىگىت چېقىۋاتقانلىقى ۋە «قايتىپ كەلمىسە ئىكەن» دەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. سەگەك مېھرىگۇل بۇنى سېزىۋالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مېھرىگۇل ئېرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مىسىردىن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېتىشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ قاھىرەدىن ئايرىلىشمۇ ئاسانغا توختىمىدى. ئۇنىڭ مىسىردا ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرۇش رۇخسىتى ۋە ياكى پاسپورتى يوق ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئېرى كۆپ قېتىم يول ماڭدى. مېھرىگۇلمۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، دۇنيادىكى ئەركىن ئاخبارات ئورگانلىرى ۋە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى - دە، شۇ ئارقىلىق ئامېرىكا كونسۇلخانىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنىڭ خەتەردە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار مېھرىگۈلگە ئامېرىكىغا كىرىش ۋىزىسى بەردى.

مېھرىگۇل باللىرىنى ئېلىپ 2018 - يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئامېرىكىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دىن قۇتۇلۇپ چىققان تۇنجى ئايال شاھىت سۈپىتىدە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، تۈرمە ۋە لاگېرلاردىكى بېشىدىن كۆچۈرگەن پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرىنى تاشقى دۇنياغا ئاڭلاتتى. 2018 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى مېھرىگۇل «ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى» نىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئامېرىكا پارلامېنتىدا گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۆزىنىڭ مىسىردىن يۇرتىغا قايتىش جەريانىدا ئۈرۈمچى ئايرودۇرومىدا قانداق تۇتقۇن قىلىنغانلىقى، ئۈزى تۈرمىگە قامىلىپ، ئۈچ كېزەك بالىسى تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چوڭ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ دوختۇرخانىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، كېيىن شەرتلىك قويۇپ بېرىلىپ، چەرچەنگە بارغاندىن كېيىنمۇ يەنە تۈرمىگە ۋە ئاتالمىش«كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە قامالغانلىقى،

ئۇ يەردە ئېغىر روھىي ۋە جىسمانىي خورلۇققا ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. بۇ يىغىنغا ئامېرىكا پارلامېنتتىكى كۆپلىگەن داڭلىق ئەربابلار، ھەتتا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى مايىك پامپىيومۇ قاتناشقان ئىدى.

مېھرىگۈل گۇۋاھلىق سۆزلىرىنى مۇنداق جۈملىلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇردى: «مەن ئەركىن دۆلەتكە كېلەلىگەن بولسامۇ، لېكىن ئۆزۈمنى تامامەن ئەركىن ھېس قىلالمايۋاتىمەن. مەن خىتاي دائىرىلىرىنىڭ مېنى بۇ يەردىمۇ كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتىمەن. مەن ئامېرىكىدا يېڭى ھاياتىمنى باشلاشقا، مەكتەپتە ئوقۇشقا ۋە باللىرىمنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىشقا تىرىشماقتىمەن. ھالبۇكى، مەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شۇنچە يىراقتا تۇرۇپمۇ، ماڭا قىلىۋاتقان تەھدىتلىرىدىن داۋاملىق قورقۇنچ ھېس قىلماقتىمەن. شۇڭا، مەن سىلەردىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنى خىتاي تەھدىتىدىن قوغداڭلار! پۈتۈن دۇنيادىكى مۇساپىر ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇپ، تۈرمە ۋە لاگېرلارغا سولىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار! ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، خىتاينىڭ قىيىن - قىستاقلىرىدا ئازاب چېكىۋاتقان مىليونلىغان ئىنسانلارنى قۇتقۇزىۋېلىڭلار! مەن يەنە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا رەسمىي ئىنكاس قايتۇرۇشىنى، ئۇلارنىڭ مېنى قىينىغانلىقىنى، بالامنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە مىليونلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭ خەلقىم ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىد چىرىغى دەپ بىلىدۇ. شۇنداق! ئامېرىكا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئېرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتالايدىغان بىردىن - بىر قۇدرەتلىك دۆلەت!»

# پانىي دۇنيادىكى دوزاخ

ئېتىقادلىق بىر ئائىلىنىڭ قىزى بولغان مەرھەمنىسا كىچىكىدىن باشلاپلا ئاتا ـ ئانىسىدىن قوشۇمچە دىنىي بىلىملەر ئالغان ۋە ئىسلامىي ۋە قائىدە ـ يوسۇندا تەربىيەلەنگەن ئىدى. كىچىكىدىن ياغلىق چىگىشكە ئادەتلەنگەن مەرھەمنىسا ئۈچۈن ئالتە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ بېشىدىن ياغلىقنى ئالمىدى. مەرھەمنىسا ئۆزى تۇرۇۋاتقان مەھەللىدىكى مەكتەپتە سەككىزىنچى يىللىقتىچىلا ئوقۇيالىدى. چۈنكى، مەرھەمنىسانىڭ ئائىلىسى بۇ شەھەرگە قارا نوپۇس بولۇپ، ئائىلىسى خوتەندىن بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئاۋۋال تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى ۋە «ۋاقىتلىق تۇرۇش رۇخسەت قەغىزى» بىلەن تۇرۇۋاتاتتى. ئاتىسى تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئەتىگەندىن كەچكىچە سىرتتا يۈرىدىغان بولغاچقا، ئانىسى ئائىلە ئىشى ۋە ئېغىر كىچىك بەش بالىسىغا ئۆزى يالغۇز قاراپ، كۆپ قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۇلىمۇ يۇقىرى بولغاچقا، مەرھەمنىسانىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنى تۆلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مەرھەمنىسا ئوتتۇرا مەكتەپنى داۋام قىلىپ ئوقۇيالمىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆي ئىشىغا ياردەملەشكەچ بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىپ قويسامىكىن دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرۈۋاتاتتى.

2018 ـ يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن ئۈرۈمچىدە سوغۇق باشقىچىلا قاتتىق بولۇشقا باشلىغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تىنىمسىز سىياسىي ھەرىكەتلىرى، مەھەللە كومىتېتلىرىنىڭ تۈرلۈك يېڭى تۈزۈم ۋە قائىدىلىرى كىشىلەرگە ھېچ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. ئاتىسى

مەتتوختى روزى بۇنىڭدىن ئالتە ئاي بۇرۇن يۇرتى خوتەندىكى مەھەللە كومىتېتى تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ئۇ خىتاينىڭ خوتەندىكى ئاتالمىش «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» نامىدىكى لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى.

يانۇار ئېيىدىكى سوغۇق دەھشەتلىك بولۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئەتىگەندىلا ئىشىك چېكىلىپ، ئاھالىلەر كومىتېتىدىن بىرى خىتاي، بىرى ئۇيغۇر ئىككى خادىم كىرىپ كەلدى. ئۇلار قولىدا بىر مۇنچە قەغەز، ھۆججەت ۋە جەدۋەللەرنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، سالام ـ سائەت قىلىشنى بىلمەيدىغان مۇردىغىلا ئوخشايتتى، چىرايلىرىمۇ خۇددى ئەرۋاھلاردەك تاتىراڭغۇ ۋە كۆرۈمسىز ئىدى. ئۇيغۇر خادىم قولىدىكى جەدۋەلنى مەرەمنىساغا سۇنۇپ تۇرۇپ، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— مانا بۇ جەدۋەلنى ئېلىڭلار! ياخشى ئوقۇپ، كاتەك ـ كاتەك بويىچە سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار. بىرەر سوئالغىمۇ خاتا جاۋاب بېرىشكە، بوش قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار ئېغىر جازالىنىسىلەر !

مەرەمنىسا ئۇلارنىڭ قولىدىن جەدۋەلنى ئېلىپ، كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى ۋە ئانىسىغا ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردى. بۇ جەدۋەلدە ئۇلار چۈشەنمىگۈدەك ھېچقانداق سوئاللار يوقتەك قىلاتتى. ئەمما، «مۇسۇلمانمۇ؟» دېگەن سوئال مەرەمنىسانى گاڭگىرىتىپ قويدى. چۈنكى، ئىلگىرى مەرەمنىسا كۆرگەن جەدۋەللەردە ئاساسەن«مىللىتى»، «دىنى ئېتىقادى» دېگەندەك سوئاللار بولاتتى. شۇڭلاشقا بۇ سوئال مەرەمنىساغا بىر ئاز غەلىتە بىلىنگەچكە، ئانىسىدىن سورىدى:

— ئانا بۇ يەرگە نېمە دەپ تولدۇرىمىز؟

ئانىسى مۇنداق كەسكىن جاۋاب بەردى:

— ئەلۋەتتە مۇسۇلمان دەپ تولدۇرىمىز قىزىم! بىز ئۇيغۇرلار مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتىمىزغۇ؟ بۇلارنىڭ بىلمەس بولىۋالغىنىنى نېمىسىكىنە؟

ئەمدى مەرەمنىسا قەتئىي بىر قارارغا كەلدى ـ دە، قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، جەدۋەلنى تولدۇرۇشقا باشلىدى:

ــ ئايشەمخان ــ مۇسۇلمان.

ــ مەرەمنىسا ــ مۇسۇلمان.

ــ ئايىمنىسا ــ مۇسۇلمان.

ــ ئادىلجان ــ مۇسۇلمان.

ــ ئامىرجان ــ مۇسۇلمان.

ــ ئاسىگۈل ــ مۇسۇلمان.

مەرەمنىسا ئون ئىككى ياشلىق سىڭلىسى ئايىمنىسادىن باشلاپ باشقا ئىككى ئۇكىسى ۋە كىچىك سىڭلىسىنىمۇ مۇسۇلمان دەپ تولدۇردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىدىن تۇغۇلغان بالا چوقۇم مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارغا مۇسۇلمانچە ئىسىم قويۇلغان، ئۇكىلىرى بولسا سۈننەت قىلدۇرۇلغان ئىدى.



ئالاھەزەل ئىككى ھەپتە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ھويلا دەرۋازىسى قاتتىق ئۇرۇلدى ۋە ئىتتىرىلىپ ئېچىۋېتىلىپ، ئون نەچچە ساقچى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ كېلىشتى ـ دە، مەرەمنىسانىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، بىر ساقچى ماشىنىسىغا چىقاردى. ئانىسى ئايشەمخان ۋە ئۇكىلىرىنى يەنە بىر ماشىنىغا چىقىرىپ ئېلىپ مېڭىشتى. تەخمىنەن يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن ماشىنا بىر جايدا توختاپ، يوغان بىر دەرۋازا ئېچىلىپ، ئەتراپى تىكەنلىك تام بىلەن قورشالغان بىر ھويلىغا كىرگەندە، ماشىنا توختىتىلدى ۋە مەرەمنىسا ماشىنىدىن ئېلىپ چۈشۈرۈلدى ـ دە، بىر بىنانىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىپ، بېشىدىكى قارا خالتا ئېلىۋېتىلدى.

شۇندىلا مەرەمنىسا ئۆزىنىڭ قاتار كەتكەن تۆمۈر ئىشىكلىرى بولغان، غەلىتە ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىدىغان، كارىدوردا ساقچىلار ئاپشاركىلىرى بىلەن كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان بىر بىنانىڭ ئىچىدە

ئىكەنلىكىنى كۆردى.

بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ، مەرەمنىسانىڭ بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى - دە، قورقۇنچتىن ۋارقىرىۋەتتى:

— ئانا! سىڭلىم ئاسىگۈل ۋە ئۇكىلىرىم سىلەر نەدە؟ مەن قەيەرگە كېلىپ قالدىم؟ بۇ قانداق جاي؟

— ۋارقىرىما ! ئاغزىڭنى يۇم! - دەپ، ۋارقىرىغانچە ئىككى ساقچى دۇمبىسىدىن ئىتتىرىپ، دۈشكەللەشكە باشلىدى ۋە ئاغزىغا بىر تال قاتلانغان لاتىنى تىقىپ قويدى. تەخمىنەن يىگىرمە مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن ئۇنى بىر كىچىك ئۆيگە ئېلىپ كىردى. قارىماققا بۇ بىنادىكى ساقچىلارنىڭ ئىشخانىسىدەك قىلاتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈستەل، ئورۇندۇق، كومپيۇتېر قويۇلغان بولۇپ، غەلىتە يېرى ئاق خالاتلىق دوختۇرلارمۇ تۇراتتى. قارىغاندا باشلىقى بولسا كېرەك، پاكارراق، سېمىز كەلگەن، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن بىرسى خىرىلدىغان ئاۋازدا ۋارقىراپ، ئاق خالاتلىق دوختۇرغا بۇيرۇق قىلدى:



— ئىشنى باشلاڭلار، تەرتىپكە رىئايە قىلىنسۇن، تەكشۈرۈش خاتىرىسى قالدۇرۇلسۇن!

ئاق خالاتلىق دوختۇر مەرەمنىسانىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بىلىكىڭنى ئاچ، كۆڭلىكىڭنى قايرى، بارمىقىڭنى يۇم! - دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ قولىدا ئوكۇل يىڭنىسى، قان ئالىدىغان بىرنەچچە تال شىشە تۇراتتى. مەرەمنىسا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي جىم تۇرۇۋېدى ، باشقا ئىككى ساقچى كېلىپ، مەرەمنىسانىڭ بىر قولىنى كەينىگە قايرىپ، بېشىنى يەرگە ئەگىپ تۇتۇپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا دوختۇرلار مەشغۇلاتىنى باشلىيالىدى. ئۇ مەرەمنىسانىڭ ئىككى بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان ئالدى. بىر بىلىكىگە ئوكۇل ئۇردى. كۆكرەك قىسمىنى، بېقىنلىرىنى بىر ئەسۋاب بىلەن تەكشۈردى، كۆزىگە بىر ئاپپاراتتەك نەرسىنى يېقىن ئەكېلىپ، كۆز مۇڭگۈز پەردىسىنى سۈرەتكە ئالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى

ساقچى مەرەمنىسانىڭ پۇتـۇن كىيىملىرىنـى سېلىشقا بۇيـرۇق قىلـدى. مەرەمنىسـا:

ــ ياق، ياق! مەن ئۇنـداق قىلالمايمەن. ــ دەپ ۋارقىـراپ كەتتى. ئەمما، ئىككـى سـاقچى مەرەمنىسـانى يەرگـە بېسـىپ تـۇرۇپ، كۆينـەك ۋە تامباللىرىنـى سـالدۇرۇۋەتتى. ئـەڭ ئاخىـردا كۇسـىرىنى سـىيرىپ چۈشـۈرمەكچى بولۇۋىـدى، ئـۇ تۇگۈلۈۋېلىـپ قاتتىـق قارشـىلىق قىلـدى. ئۇنىـڭ يـۈزى ھۆپپىـدە قىزىرىـپ كەتكەن، كۆزلـىرى يىغىدىـن ئىششـىپ كەتكەن بولـۇپ، بـار كۈچـى بىلـەن كۇسـىرىنى سالدۇرماسـلىق ئۈچـۈن قارشـىلىق قىلىۋاتاتتـى. ئـۇ يەرگــە چاپلىشــىپ يېتىۋېلىــپ، ئىككــى قولـى بىلـەن كۇسـارىنىڭ رېزىنكىسـىنى چىـڭ مۇجۇقلىۋالغـان ئىـدى. ئىپپىتىنـى قوغـداش ئۈچـۈن ھەرقانـداق قارشـىلىقنى قىلىشـقا، تاياقتـا ئۆلـۈپ كېتىشـكىمۇ رازىـدەك قىلاتتـى. ئەممـا، بـارا - بـارا كۈچىدىـن كېتىۋاتاتتـى. ئىككـى سـاقچى مەرەمنىسـاغا سـالجىدەك چاپلىشـىۋېلىپ، ئۇنىـڭ كۇسـىرىنى توختىمـاي تارتىـپ، تۆۋەنگـە سـىيرىدى. ئاخىـرى، مەرەمنىسـانىڭ قارشىلاشـقۇدەك كۈچـى قالمىـدى. سـاقچىلار كۇسـارنى سـالدۇرۇۋېتىپ، مەرەمنىسانى تـۆت تەرىپـى ئەينەكلىـك بىر ساندۇقنىڭ ئىچىگـە سولىۋالدى. يىراقتىـن بىـر ساقچىنىڭ كۇنۇپكىنـى تـاق قىلىـپ بېسىشـى بىلـەن ئەينـەك سـاندۇق چۆرگىلـەپ، غەلىتە نۇر نۇر تارقىتىشـقا باشـلىدى، ئۇنىـڭ بەدىنـى قىزىـپ كەتتـى. ئالاھـەزەل يېرىـم مىنۇتتـەك ۋاقىـت ئۆتكەندىـن كېيىـن، غەلىتـە سـاندۇق چۆرگىلەشـتىن توختىـدى ۋە ئىشـىكلىرى ئېچىلىـپ، مەرەمنىسـا سـىرتقا چىقىرىلـدى. ئەممـا ئـۇ ماگىلـاي يېقىلىـپ چۈشـكىلى تـاس قالـدى. ئۇنىـڭ بېشـى قېيىۋاتاتتـى. بىردەمنىـڭ ئىچىدىـلا خـۇددى بۇرۇنقـى مەرەمنىسـا ئەمەسـتەك خامـۇش بولـۇپ قالغـان ئىـدى.

مەرەمنىسا ناھايىتـى تەسـلىكتە كىيىملىرىنـى كىيىۋالـدى. كۆزىدىن يـاش توختىمـاي تۆكۈلـۈپ تۇراتتـى. سـاقچىلار يەنـە مەرەمنىسـانىڭ قولىغـا كويـزا، پۇتىغـا ئىشـكەل سـالدى ـ دە، ئىتتىرگەنچـە باشـقا بىـر ئۆيگـە ئېلىـپ كىـردى. بـۇ بىـر سوراقخانىدەك قىلاتتـى. بـۇ ئـۆي

تەخمىنەن يىگىرمە كىۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا بىر قاپ ـ قارا تۆمۈر ئورۇندۇق تۇراتتى، تامدىكى ئىلغۇچلارغا ھەرخىل كالتەكلەر ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. قىزىل ـ يېشىل چىراغلارنىڭ لاپ ـ لۇپ قىلىپ يېنىشلىرىدىن ئۇلار توك كالتىكىدەك قىلاتتى. مەرەمنىسانىڭ بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا بىر سوراقچى كېلىپ، مەرەمنىسانىڭ دۈمبىسىدىن ئىتتىرگەنچە ئاپىرىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. قولىدىكى كويزىنى ئورۇندۇققا چاتتى، پۇتىنى ئورۇندۇقنىڭ پۇتىغا باغلىدى. ئىشىك تەرەپكە بىر ئۈستەل ۋە ئىككى ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، بىرى ئۇيغۇر، بىرى خىتاي ئىككى سوراقچى ئولتۇراتتى. بىرسىنىڭ ئالدىدا كومپيۇتېر ۋە قەلەم ـ قەغەز تۇراتتى. يەنە ئىككى سوراقچى نېرىداراق قوللىرىدىكى كالتەكلىرىنى دېۋەيلەپ، ھازىرلا ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان جاللاتلاردەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇراتتى.

— ھەي! بېشىڭنى كۆتەر! ـ دېگەن ئاۋازدىن مەرەمنىسا چۆچۈپ كەتتى. سوراق باشلانغان ئىدى:

— ئاتا ـ ئاناڭ كىم؟ سەن نەدە تۇغۇلغان؟

— ئاتام مەتتوختى روزى، ئانام ئايشەمخان، مەن خوتەندە تۇغۇلغان، ئىككى سىڭلىم ۋە ئۇكىلىرىم ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان.

— ئۈرۈمچىگە نېمە دەپ كېلىشتىڭ؟

— ئاتا ـ ئانام ئۈرۈمچىدە ئىش ـ ئوقەت قىلىمىز، كۆنىمىز ياخشى بولىدۇ، ئاندىن سىزنى ياخشى مەكتەپتە ئوقۇتىمىز دېگەن ئىدى.

— مەكتەپتە ئوقۇدۇڭمۇ؟ ھازىر قەيەردە ئوقۇۋاتىسەن؟

— سەككىزىنچى سىنىپقىچە ئوقۇدۇم، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇيالمىدىم. ھازىر ئۆيدە ئانامغا قارىشىۋاتىمەن.

— نېمشقا ئوقۇيالمىدىڭ؟

— ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمىدۇق. ئاتامنىڭ ئوقەت قىلىپ تاپقان پۇلى قورساق بېقىشتىن ئاشمىدى.

— ھىم! نېمىشقا ياغلىق چەگدىڭ؟
— چۈنكى، مەن ئۇيغۇر بولغاندىكىن.
— سەن جەدۋەلگە مەن مۇسۇلمان دەپ تولدۇرۇپسەنغۇ؟
— ھەئە شۇنداق، ئاتا ـ ئانام مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن مەنمۇ مۇسۇلمان ـ دە!
— سېنى يەنە قۇرئان ئوقۇيدۇ دەيدۇغۇ؟ قۇرئان ئوقۇشنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟
– ھە – ئە، قۇرئان ئوقۇيالايمەن، ئاتامدىن ئۆگەندىم.
– ناماز ئوقۇدۇڭمۇ، ئۇنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟
– ھەئە، ناماز ئوقۇدۇم. ئۇنى ئانامدىن ئۆگەنگەن.
– يەر ئاستى قۇرئان كۇرسىغا باردىڭمۇ؟ قەيەرگە باردىڭ؟
– باشقا بىر يەرگە بارمىدىم. ئۆيدە ئاتامدىن، ئانامدىن ئۆگەندىم،
– يالغان گەپ قىلما! بىز ئىلگىرى سەن تۇرغان مەھەللىدە بىر يەر ئاستى دىنى مەكتەپنى بايقاپ، ئۇنى پېچەتلەپ، موللامنى تۇتقان ئىدۇق. سەن ئۇ يەرگە بارمىغانمۇ؟
– ياق! بارمىغان. ئۇ موللامنى بىز تونۇمايمىز. مەكتەپ بار دېمۇ ئاڭلىمىغان.
– ھىم! ماۋۇ، شۇمتەكنى! مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ھېچنېمىنى ئىقرار قىلمايۋاتىدا؟ – دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە ئىككى سوراقچىغا ۋارقىرىدى سوراقچى باشلىقى:
– نېمە قاراپ تۇرۇشىسەن؟ ئىقرار قىلدۇرۇش چارىسىنى ئىشقا سېلىشمامسەن؟!
مەرەمنىسانىڭ يېنىدا تۇرغان سوراقچىلاردىن بىرى يېنىدىن بىر تال لاتىنى چىقىرىپ قاتلاپ، مەرەمنىسانىڭ ئاغزىغا تىقىپ قويدى، يەنە بىرى ئېسىقلىق تۇرغان توك كالتىكىدىن بىرنى ئېلىپ، مەرەمنىسانىڭ دەل كۆكرەك قىسمىغا ياقتى ـ دە، «ئىقرار قىل! ئىقرار قىلمىساڭ بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق جازانىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويىمەن.

قېنى ئىقرار قىل!» - دەپ ۋارقىراپ، ئۇنىڭغا توك كالتىكىنى يەنە يېقىش ئۈچۈن دېۋەيلىدى. بۇ چاغدا مەرەمنىسا ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ، بېشى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ قالغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن يەنە بىر ساقچى ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ تارتىپ، بېشىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ قايرىدى ۋە ۋارقىرىدى:

— كۆزۈڭنى ئاچ، ئىقرار قىل،ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىككە ئېرىشىسەن! بولمىسا بۇ يەردىن ئۆلۈكۈڭ چىقىدۇ.

مەرەمنىسا تېخىچە كۆزىنى ئاچالماي ئىڭراۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى سوراقچى بۇلۇڭدىكى ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان بىر چېلەكتىكى سوغۇق سۇنى ئېلىپ، مەرەمنىسانىڭ باش - كۆزىگە تۆكتى — دە، يەنە ۋارقىرىدى:

— كۆزۈڭنى ئاچ! كۆزۈڭنى ئاچ دەۋاتىمەن. ھوي، ئۆلگۈر شۇمتەك!

مەرەمنىسانىڭ كۆزى ئېچىلىپ، لەۋلىرى بىر ئاز تىترىدى ۋە بوش ئاۋازدا گەپ قىلىشقا باشلىدى:

— مەن، مەن نېمىنى ئىقرار قىلىمەن، مەن ھېچبىر خاتالىق ئۆتكۈزمىدىم. موللامغا بارمىدىم، قۇرئاننى ئۆيدە ئاتامدىن ئۆگەندىم. نامازنى ئۆيدە ئوقۇدۇم، قۇرئان ئوقۇغانلىق، ناماز ئوقۇغانلىق قانداق گۇناھ بولسۇن!

بۇچاغدا باياتىن بۇيان ئۈستەلدە تاماشا كۆرگەندەك ھىجىيىپ ئولتۇرغان باشلىق خىتاي ئۇيقۇ بېسىپ كەتكەن چاپاق كۆزىنى بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ، بوغۇق ئاۋازدا خىرقىراپ تۇرۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— سەن تېخى ئىقرار قىلمامسەن؟جىنايىتىم يوق دەپ قارامسەن؟ ياغلىق چەككىنىڭ، قۇرئان ئوقۇغانلىقىڭ، ناماز ئوقۇغانلىقىڭ جىنايەت ئەمەسمىكەن؟ تېخى چىرايلىقچە ئىقرار قىلىپ، مەسىلەڭنى تاپشۇرمىغىنىڭچۇ؟ — دەپ داۋام قىلدى سوراقچى باشلىقى، — بىلىپ قوي! سەن تۇغما جىنايەتچى! ئەسەبىي دىنى ئۇنسۇر! سېنىڭ كاللاڭ دىن بىلەن زەھەرلەنگەن. ئىدىيەڭ قالاق، كوممۇنىستىك

پارتىيەنىڭ تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات ئېچىۋېتىش، مەدەنىيلەشتۈرۈش سىياسىتى بىلەن سىغىشمايدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ئېغىر جىنايەت. سەن ئېغىر جازالىنىشقا تېگىشلىك جىنايەتچىسەن. ئەمما، سېنىڭ يېشىڭ تېخى ئون سەككىزگە توشمىغاچقا، ساڭا بىز كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆلۈم جازاسى بەرمەيمىز. يېنىك جازا بېرىمىز. سەن كوممۇنىستىك پارتىيەگە رەھمەت ئېيتىشىڭ كېرەك! كوممۇنىستىك پارتىيە سېنى تەربىيەلەپ، ئىدىيەڭنى ئۆزگەرتىپ ياخشى ئادەم قىلىپ چىقىدۇ. سەن ئەتىدىن باشلاپ «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە بېرىشىڭ كېرەك! ئۇ يەر سېنى يېڭىدىن ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىدۇ! - دەپ ۋالاقشىغانچە ئۇستەل يېنىغا بېرىپ، كومپيۇتېردا خاتىرىلەنگەن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ كېلىپ، قەلەم بىلەن مەرەمنىسانىڭ كۆزىگە تەڭلىدى ۋە: - مانا، ماۋۇنىڭغا قول قوي. — دەپ ئالدىغا تاشلىدى.



مەرەمنىسانىڭ پۇت - قوللىرى ھازىرغىچە تىترەۋاتقان بولۇپ، قەغەز - قەلەمنى تۇتالمايۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا بىر سوراقچى كېلىپ قەغەزنى قولىدا تۇتۇپ بەردى. يەنە بىر سوراقچى كېلىپ قەلەمنى مەرەمنىسانىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، مەجبۇرى ئىمزا قويغۇزدى ۋە سوراقچى باشلىقىغا «ئىقرارنامە»نى ئەكېلىپ بېرىشتى. بۇ ۋاقىتتا ئالدىقاچان تاڭ سۈزۈلۈپ قالغان بولۇپ، سوراق بىر كېچە - كۈندۈز داۋاملاشقان ئىدى.

سوراقچىلار دېيىتەر - قەلەم ۋە باشقا سايمانلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى. ئىككى سوراقچى مەرەمنىسانى تۆمۈر ئورۇندۇقتىن يېشىپ، پۇت - قولىدىكى كويزا - ئىشكەلنى چىقارماستىنلا دۆشكەلەپ ، ئىتتىرىپ دېگۈدەك ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، سوراقخانىدىن ئېلىپ چىقتى ۋە ئىككىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىپ، 203 - نومۇر يېزىلغان بىر كامېرغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋېتىپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتتى.

مەرەمنىسا كامېردا قانچە سائەت ياتتىكىن بىلەلمىدى. بىر ۋاقىتتا

هوشىغا كېلىپ،كۆزىنى ئېچىپ قارىدى. ئەتراپىدا بەزىلىرىنىڭ چېچى كالتە، بەزىلىرىنىڭ بېشى تاقىر ھەرخىل ياشتىكى يىگىرمىگە يېقىن ئاياللار قارىشىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرخىل رەڭ ۋە پاسوندىكى مەھبۇس كىيىمى كىيىۋېلىشقان ئىدى. مەرەمنىسا شۇندىلا ئۆزىنىڭ تۈرمىگە ئوخشايدىغان بىر جايدا ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە پەس ئاۋازدا سورىدى:

ـ مەن نەدە؟ مەن نەدە؟ بۇ قانداق جاي؟

ـ سىز مەكتەپتە، بۇ جاي «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى». سىزمۇ بىزگە ئوخشاش بۇ جايدا تەربىيەلىنىپ ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىسىز ـ دەپ جاۋاب بەردى ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال. ئەمما، ئۇنىڭ يۈزىدىكى خۇدۈكسىرەش ئىپادىسىدىن قانداقتۇر بىر نېمىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

تاڭ تېخى سۈزۈلمىگەن ئىدى، سىرتتىن يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدىن چىققان، ئادەمنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى زىڭىلدىتىپ چېلىنغان سىگنال ئاۋازىدىن كېيىن، كارىدوردىمۇ جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كامېر ئىشىكلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. ساقچىلار كامېر ئىچىدىكىلەرگە قاراپ:

ـ تېز بولۇش، مەيدانغا يىغىلىش! دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىشقا كېچىكىشمە، قاتناشماسلىققا بولمايدۇ! ـ دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. كامېردىكى تۇتقۇنلار بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ، دەسسىشىپ دېگۈدەك سىرتقا قاراپ مېڭىشتى. مەرەمنىسامۇ سىرتقا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر ساقچى كېلىپ:

ـ سەن مەن بىلەن ماڭ، ئىشخانىغا بارىسەن! ـ دەپ، بىرىنچى قەۋەتتىكى لاگېر ئىشخانىسى ئېلىپ كەلدى. بۇ ئىشخانا كامېردىكى ئىشخانىدىن بىر ئاز پەرقلىق بولۇپ، ئىككى تەرەپكە ئىككى ئۈستەل قويۇلغان، ئىشكاپ ـ جاھازلىرى ھەرخىل ماتېرىيال ۋە ئارخىپ خالتىلىرى بىلەن تولغان ئىدى. ئوتتۇرىدىكى ئۈستەلدە كۆز ئەينەكلىك، پۇقراچە كىينگەن بىر خىتاي، چەت تەرەپتىكى

ئۇستەلدە ئاق خالاتلىق بىر ئايال، ئۇنىڭ يېنىدا قايچا تۇتقان بىر ساتىراش تۇراتتى. كۆزئەينەكلىك خىتاي بۇ «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»نىڭ مۇدىرى بولسا كېرەك، ئۇ، مەرەمنىساغا ئالىيىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن گەپ باشلىدى:

— ئولتۇر! - دېدى بىر ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ ۋە داۋام قىلدى،

— ئىسمىڭ مەرەمنىسا، يېشىڭ ئون ئالتە، يامالىق تېغى ئاققۇنلار مەھەللىسىدىن، ئەسلى يۇرتۇڭ خوتەندىن توغرىمۇ؟ — دەپ، ئالدىدىكى كومپيۇتېردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەرەمنىساغا قاراپ قويدى. مەرەمنىسا بېشىنى بىر ئاز لىڭشىتىپ، توغرا دېگەننى بىلدۈردى.

— قېنى باشلاڭلار! - دەپ خىزمەتچىلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئاق خالاتلىق دوختۇردەك بىر ئايال كېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدىن قان ئالدى. نامەلۇم بىر ئوكۇل سۇيۇقلۇقنى ئۇردى. قولىغا بىر تال دورا كۈمىلچى بېرىپ، بۇنى ئىچكىن! - دەپ قاراپ تۇردى. مەرەمنىسا ئىچمەي، دورىنى قولىدا تۇتۇپ، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان ئىدى. ئىككى ساقچى كېلىپ، مەرەمنىسانىڭ ئېغىزىنى مەجبۇرى ئاچقۇزۇپ، دورىنى ئاغزىغا تىقىۋېتىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەرەمنىسا بىر ئاز جىمىپ، خامۇشلاردەك بولۇپ قالدى. يەنە بىر ئاق خالاتلىق قايچا تۇتقان ئايال خادىم كېلىپ مەرەمنىسانىڭ ئۇزۇن، ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چېچىنى قۇلاق تۈۋىدىن كېسىۋېتىپ، ئۇنى بەئەينى خىتاي قىزلىرىغا ئوخشىتىپ قويدى. بۇ ۋاقىتتا خىتاي باشلىقنىڭ بوغۇق ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— لېي دوختۇر، سىز چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، جاڭ، سەن ماۋۇ كىيىمنى ئېلىپ، ئۇنى كامېرغا ئېلىپ چىقىپ كىيدۈرگىن! — دەپ، 102 نومۇر بېسىلغان مەھبۇس كىيىمنى بەردى ۋە مەرەمنىساغا قاراپ:

— كەل! بۇ ئۆگىنىش ماتېرىيالىنى ئالغىن. بۇ، سەن بۇ يەردە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك «56 ماددىلىق ئۆگىنىش قوللانمىسى» - دەپ

بىر دەپتەرگە ئوخشاش تۈپلەنگەن خىتايچە قوللانمىنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

جاڭ مەرەمنىسانى يالاپ ئېلىپ ماڭدى. ئىشىك تۈۋىدە پوستتا تۇرۇۋاتقان بىر قوراللىق ساقچىمۇ بىللە كەلدى. كامېرنى كارىدوردىكى كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ساقچى ئېچىپ بەردى. مەرەمنىسا كامېرغا كىرىپ، ئادەتتىكى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، مەھبۇس كىيىمىنى كىيدى ـ دە، ئېغىزىنى دۇئا قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىغا قاراپ ئېچىپ: ئىلاھىم! ـ دەپ دۇئانى باشلاي دەپ تۇرۇشىغا، سىرتتىن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

ــ ھەي! نېمە قىلىۋاتىسەن؟ چىقمامسەن؟ ــ دەپ ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى. جاڭ بىلەن بىر ساقچى ئۇنى ئۈچىنچى قەۋەتتىكى بىر ئۆگىنىش سىنىپىغە ئېلىپ كىردى. بۇ سىنىپتا ئەللىك ئەتراپىدا ھەرخىل ياشتىكى ئاياللار ئولتۇراتتى. بىر ئايال بولسا سىنىپ ئوتتۇرىسىدا خىتايچە بىر نېملەرنى ئوقۇپ، باشقىلارنى ئۇنى تەكرار ئوقۇشقا بۇيرۇپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ دېگۈدەك مۇئەللىملىك قىلىۋاتاتتى. مەرەمنىسا جاڭنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بىر بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، دوسكا تەرەپكە قاراپ بولغۇچە مۇئەللىم ۋارقىراپ كەتتى:

ــ ھەي، نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ گاچىمۇ سەن؟ سەنمۇ بۇلار بىلەن تەڭ ئوقۇشۇڭ كېرەك! مەرەمنىسامۇ باشقىلار بىلەن تەڭ مۇئەللىمگە ئەگىشىپ ئوقۇشقا باشلىدى: «شى جىنپىڭ ياشىسۇن! تۆمەن مىڭ يىل ياشىسۇن! كوممۇنىستىك پارتىيە ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر! بىز ھەممىمىز جۇڭخۇا مىللىتى! شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. بىز جۇڭگونى قىزغىن سۆيىمىز!...»

مەرەمنىسا خىتايچىنى ياخشى بىلمىسىمۇ باشقىلار نېمە ئوقۇسا ئۇمۇ تەڭ ئوقۇدى. ئۆگىنىش ئىككى سائەتتەك شۇ تەرىقىدە داۋاملاشقاندىن كېيىن سىرتتىن قوڭغۇراق چېلىنغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مۇئەللىم چۈشتىن بۇرۇنقى دەرسنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

ئايال تۇتقۇنلار شاراق - شۇرۇق قىلىشىپ، دەپتەر - قەلەملىرىنى يىغىشتۇرۇپ، سىرتقا مېڭىشتى. مەرەمنىسامۇ تۇتقۇنلار بىلەن سىرتقا چىقتى. بىنانىڭ قارشى تەرىپىدىكى يەنە بىر بىنانىڭ سول تەرىپىدىكى يوغان بىر ئىشىك ئالدىدا نۇرغۇن ئەر ئايال تۇتقۇنلار ئۆچرەتتە تۇراتتى. مەرەمنىسامۇ كېلىپ ئۆچرەتتە تۇردى. ئالاھەزەل بىر چارەك ۋاقىتتىن كېيىن مەرەمنىساغا ئۆچرەت كەلدى. ئۇنىڭغا بىر قاچا كۆكتات سۇيى ۋە بىر مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى هورنان بېرىلدى. بۇ چۇشلۇك تاماق ئەتىگەنكى گۇرۇچ شورپىسىغا قارىغاندا ياخشىراقتەك قىلاتتى. چۈنكى، كۆكتات شورپىسىنىڭ يۈزىدە ياغلاپ قويۇلغان شەبنەم دانچىلىرىدەك پارقىراق دۈگىلەكچىلەر لەيلەپ يۈرەتتى. بۇ شورپىغا گۆش توغرالغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. مەرەمنىسا شورپىغا قوشۇقنى چىلاپ شۇنداق ئىلىشتۇرىۋىدى. دېگەندەك، بىر قانچە پارچە گۆش پارچىلىرى قوشۇققا چىقتى. ئەمما، مەرەمنىسانىڭ نېمىشقىدۇر ئۇنى يېگۈسى كەلمىدى. گۆش بەكلا مايلىق بولۇپ، بۇرۇن ئۆيدە يېگەن مەززىلىك قوي گۆشلىرىگە ئوخشىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەرەمنىسا شورپىنى ئىچمەي، مومنى يېدى. قۇرۇق موما گېلىغا تۇرۇپ قېلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئۇنىڭ يېنىدىكى چوك ياشلىق ئايال مەرەمنىساغا كۆيۈنگەندەك قىلىپ:

— قىزىم! شورپىنىمۇ ئىچكىن! بولمىسا تاياققا تۇتۇلىسەن. ئاچ قالىسەن. ساڭا ئۈچ كۈنگىچە تاماق بېرىلمەيدۇ. — دېدى.

مەرەمنىسا شورپىدىكى گۆشنىڭ مايلىق ۋە غەلىتە پۇرايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئىچكۈسى كەلمىگەنلىكىنى پەس ئاۋازدا ئېيتتى. ياشانغان ئايالمۇ پەس ئاۋازدا:

— قىزىم! بۇ يەردە بىزنىڭ تالالاش هوقۇقىمىز يوق. هالالمۇ — هاراممۇ؟ دېيىشكە بولمايدۇ، بىزگە چوشقا گۆشىنىمۇ يېگۈزدى. — دېۋىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ، قۇسۇۋەتكىلى تاس قالدى. بۇ ئەھۋالنى يىراقتىن نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان ساقچى ئاللىقاچان تۇيۇپ قالغان ئىدى. بىر ساقچى غەزەپ بىلەن ئۇلار تەرەپكە قاراپ

كەلدى ۋە مەرەمنىساغا قاراپ:

ــ نېمىشقا شورپىنى ئىچمەيسەن؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى. مەرەمنىسا ھودۇققان ھالدا:

ــ بۇ، بۇ شورپىدىكى گۆش، نېمە گۆشى؟ ــ دېيىشىگىلا ساقچى مەرەمنىسانىڭ ئالدىدىكى شورپىنى تېپىپ ئۆرۈۋېتەتتى ــ دە، ــ تۇر ئورنۇڭدىن! ــ دەپ دۈمبىسىدىن ئىتتىرگەنچە كامېرغا ئېلىپ كەتتى.

ساقچى ئەھۋالنى كامېر ئىشخانىسىدا تاماق يەۋاتقان باشلىقىغا مەلۇم قىلدى، ساقچى باشلىقى غەزەپ بىلەن سەكرەپ كەتتى ۋە:

ــ جازاغا تارتىلسۇن! ــ دەپ ۋارقىرىدى. ساقچىلار مەرەمنىسانى تارتىشتۇرۇپ، سۆرەپ دېگۈدەك سوراقخانىغا ئېلىپ كىردى. قولىغا كويزا سېلىپ، تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ پۇتىنى باغلىدى، ئاغزىغا بىر تال لاتىنى تىقتى ــ دە، تامدىكى كالتەكتىن بىردىن ئېلىشىپ، ئۈچ ساقچى تەڭلا مەرەمنىسانى ئۇرۇشقا باشلىدى. مەرەمنىسانىڭ ئاغزى ــ بۇرنىدىن قان كەتتى. يۈز ــ كۆزى قانغا بويالدى ۋە ھوشىدىن كەتتى. شۇندىلا ساقچىلار ئۇرۇشنى توختىتىپ، مەرەمنىسانى ئالدىنقى كۈنى سولانغان كامېرغا ئەكىرىپ، سېمونت يەر ئۈستىگىلا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئىشىكنى تاقاپ چىقىپ كەتتى.

يەنە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن مەرەمنىسا بۇنى بىلەلمىدى. بىر ۋاقىتتا كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ئەتراپىدا كامېرداش ئاياللار ئۇنىڭغا قارىشىپ تۇراتتى، بىر ئايال ئۇنىڭ بېشىنى سىلاۋاتاتتى. بىرسى ئۇنىڭغا سۇ ئىچكۈزدى. مەرەمنىسا بىر ئاز ماغدۇرىغا كەلدى ۋە:

ــ مەن نېمە بولدۇم؟ مەن نەدە؟ مېنى نېمىشقا ئۇرىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى پەس ئاۋازدا سورىدى. ھېلىقى ياشانغان ئايال بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

ــ قىزىم، سەن ئۆز كامىرىڭدا، بىز بىلەن بىللە، ئۇلار سېنى جازالاشتى. بىلەمسەن قىزىم؟ ــ داۋام قىلدى ئايال: - بىز ئۇلارنىڭ

ئالدىدا ئادەم ئەمەس. ئۇلار بىزنى خالىسا ئۇرىدۇ، خالىسا تىللايدۇ، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بىز ئۇلار ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيمىز. بىزنى ئۇلار ھايۋان ئورنىدا خارلايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا بەك ئاجىزمىز! بىزنىڭ ھىمايىچىمىز يوق. بىزنىڭ سەۋر قىلىشتىن باشقا چارىمىز يوق! - دەپ تەسەللى بەردى. مەرەمنىسانىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقىپ، يۈزىدىن ئۆتۈپ كالپۇكىغا ئېقىپ كىرىپ، ئېغىزىدا قىرتاق تەم ھاسىل قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالغان بولۇپ، سائەت بەش بولدىمىكىن ئەتىمالىم، ياڭراتقۇ كانىيىدىن قۇلاق - مىڭنى يېگۈدەك ئاۋاز چىقىرىپ قويۇۋېتىلگەن قىزىل ناخشا مەھبۇسلار نىڭ ئارامنى بۇزدى. بۇ بايراق چىقىرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېرىلگەن سىگنال ئىدى. مەھبۇسلار بەش مىنۇت ئىچىدە ئورۇن - كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، يۈزلىرىنى يۇيۇشۇپ، سىرتقا قاراپ مېڭىشتى. ياشانغان ئايال مەرەمنىسانى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— تۇر قىزىم، بۇ يەردە يالغۇز قالما! بىللە چىقايلى.— دەپ خۇددى بىر نېمىدىن ئەنسىرىگەندەك قىلىپ، مەرەمنىسانى بىللە ئېلىپ چىقتى. كەڭرى مەيدانغا نۇرغۇنلىغان تۇتقۇنلار يىغىلغان بولۇپ، مەيدان ئوتتۇرىسىكى ئېگىز سېمونت خادىغا بايراق چىقىرىلغۇچى ئوك قولىنى پېشانىسىگە تىرەپ دىققەتتە تۇرۇشتى. ئاندىن دۆلەت مارشىنى ياڭراتقۇغا ئەگىشىپ ئوقۇدى. مەرەمنىسامۇ يەنە جازا يەپ كەتمەي دېگەننى ئويلاپ، باشقىلار قاتارىدا ئاغزىنى مىدىرلىتىپ قويدى. يېرىم سائەتتەك ۋاقىتتىن كېيىن مارش ئوقۇش تاماملاندى. تۇتقۇنلار ھەر كۈنلۈك مەشغۇلات قائىدىسى بويىچە ياتاقلىرىغا قايتىپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشتى، ھاجەتكە بېرىشتى، ئاندىن لاگېر ئاشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆچرەتتە تۇرۇپ، ئەتىگەنلىك ناشتىلىقنىڭ بېرىلىشنى ساقلاپ ئۇزۇن قۇيرۇق شەكىللەندۈرگەن ئىدى. مەرەمنىسامۇ قاتاردىن ئورۇن ئالدى.

ناشتىلىق بېرىلىشكە باشلىدى. ناشتىلىق ھەر كۈندىكىدەك

گـۈرۈچ شورپىسـى ئىـدى، مەرەمنىسـا گـۈرۈچ شورپىسـىدىن بىـر قاچـا ئىلىـپ ئىچىـپ، بىـر ئـاز ماغدۇرلىنىـپ قالـدى. بـۇ ۋاقىتتـا سائەت يەتتـە بولغـان بولـۇپ، بۆگۈنكـى ئۆگىنىـش باشـلىنىدىغان ۋاقىـت ئىـدى. يەنــە بىــر قېتىــم قوڭغــۇراق چېلىنــدى. تۇتقۇنــلار ئىتتىــك ـ ئىتتىــك قـەدەم ئېلىشـىپ مېڭىـپ، بىنانىـڭ ئىككىنچـى قەۋىتىدىكـى سـىنىپقا كىرىشـتى. مۇئەللىـم خىتـاي ئاللىقاچـان سـىنىپقا كىرىـپ بولغـان بولـۇپ، تۇتقۇنلارنـى سـاقلاۋاتاتتى. تۇتقۇنـلار سـىنىپقا كىرىـپ ئـۇرۇن ئېلىشـتى. مۇئەللىـم بۈگۈنكـى دەرسـنىڭ «ئەللىـك ئالتـە مـاددا» نـى ئۆگىنىـش ئىكەنلىكىنـى ئېيتتـى. تۇتقۇنـلار دەپتـەر ـ كىتابلىرىنـى ئېلىـپ ئالدىغـا قويۇشـتى. «ئەللىـك ئالتـە مـاددا» خىتايچـە بولـۇپ، بەزىلـىرى سـوئال-جاۋاب شـەكلىدە ئىـدى. سـوئال ـ جـاۋاب قىسـمىغا جاۋابمـۇ تـەڭ يېزىقلىـق ئىـدى، تۇتقۇنـلار مۇئەللىمگـە ئەگىشـىپ ئوقۇشـى شـەرت ئىـدى:

بىرىنچى: خۇدا بارمۇ – يوق؟

– يوق.

ئىككىنچى: دىن قانداق نەرسە؟

– دىن بولسا زەھەرلىك ئەپيۇن.

ئۈچىنچى: بىزگە كىم تاماق بېرىدۇ؟

– كوممۇنىستىك پارتىيە.

تۆتىنچى: بىز نېمىگە ئېتىقاد قىلىمىز؟

– ماركسىزمغا

بەشىنچى: جۇڭخۇا مىللىتىنى كىم قۇتقۇزدى؟

– سوتسىيالىزم.

دېگەنــدەك سـوئاللارغا مۇئەللىـم سـوئالنى ئوقۇغانـدىـن كېيىـن ئوقۇغۇچىـلار كوللېكتىـپ جـاۋاب بېرىۋاتاتتـى. «ئەللىـك ئالتـە مـاددا» تولـۇق ئوقۇلـۇپ ۋە جـاۋاب بېرىلىـپ تۈگىگەنـدىـن كېيىـن، ھەربىـر ئوقۇغۇچىدىـن ئايرىـم ـ ئايرىـم سـوئال سـوراش باشـلاندى. تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسـى دېگـۈدەك قوللانمىدىكـى سـوئال ـ جـاۋاب بويىچـە جـاۋاب

بېرىۋاتاتتى، مۇئەللىم خىتايمۇ توغرا دەپ تەستىقلاۋاتاتتى. قارىغاندا «ئەللىك ئالتە ماددا» تۇتقۇنلارغا ئاللىقاچان يادلىتىپ بولۇنغان ئىدى.

نۆۋەت مەرەمنىساغا كەلدى. مۇئەللىم خىتاي مەرەمنىسادىن بىرىنچى سوئالنى سورىدى:

— خۇدا بارمۇ - يوق؟ — مەرەمنىسا جاۋاب بەرمىدى. بەلكى مەرەمنىسانىڭ خىتايچىسى ياخشى بولمىغاچقا چۈشەنمىگەندۇ ياكى ھەقىقەتەن جاۋاب بېرىشنى خالىمايۋاتامدۇ؟ بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. مۇئەللىم ۋارقىرىغانچە مەرەمنىسانىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

— ھەي، سەن نېمىشقا بۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيسەن؟

مەرەمنىسا بېشىنى چايقىدى، مۇئەللىم خىتاي مەرەمنىسانىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. شۇ ئارىدا مەرەمنىسانىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئايال بۇ ئىشقا ئارىلاشتى ۋە «ئۇ خەنزۇچىنى بىلمەيدىكەن» دېدى. مۇئەللىم خىتاينىڭ قاپىقى تۈرۈلدى ۋە ئۇ ئايالغا قاراپ:

— ئەمىسە سەن تەرجىمە قىلىپ بەر! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇ ئايال «بولىدۇ» دەپ، تەرجىمە قىلىشنى باشلىدى:

— بىرىنچى سوئال: خۇدا بارمۇ - يوق؟ — مەرەمنىسا كەسكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— خۇدا بار. خۇدا بىر!

مۇئەللىم خىتاي مەرەمنىسانىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ چىقىراپ كەتتى:

— ھەي سەن نېمە دەۋاتىسەن؟ سەن بىر دىنى ئەسەبىي. سەن بىر بۇزۇق ئۇنسۇر. سەن خەتەرلىك ئادەم. سەن تېررورچى...
دېگەندەك بىرمۇنچە تۆھمەتلەرنى ئارتىپ تىللاپ كەتتى ۋە دوسكا يېنىغا بېرىپ، بىر كۇنۇپكىنى شۇنداق بېسىۋىدى. بىردەمدىلا ئىككى ساقچى پەيدا بولۇپ:

— نېمە بولدى؟ نېمە بولدى؟ — دەپ سوراشتى. مۇئەللىم

خىتاي مەرەمنىسانى كۆرسىتىپ:

ــ مانا بۇ بۇزۇق ئۇنسۇر «خۇدا بار» دەيدۇ! ـ دەپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى، بۇنى ئاڭلىغان ساقچىلار كېلىپ، مەرەمنىسانىڭ قولىغا كويزا، پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ، سۆرىگەنچە لاگېر ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ، باشلىقىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. باشلىق خىتاي مەرەمنىساغا بىر ھومۇيۇپ قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى:

ــ سەن نېمىشقا خاتا گەپ قىلىسەن؟

ــ مەن خاتا گەپ قىلمىدىم. ــ دەپ جاۋاب بەردى مەرەمنىسا قىلچە ھودۇقماستىن.

ــ ئەمسە سەن خۇدا بار دەپسەنغۇ؟

ــ ئەلۋەتتە خۇدا بار. ئۇ بىز ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى. ــ دەپ جاۋاب بەردى، باشلىق خىتاي ئۇيغۇرچە بىلسە كېرەك. مەرەمنىسانىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، چوشقىدەك چىرقىرىغانچە مەرەمنىسانى تىللاپ كەتتى:

ــ سەن بىر ئەسەبىي دىنى ئۇنسۇر، بۇزغۇنچى، تېررورچى. بىز ساڭا خۇدانىڭ بار ـ يوقلىقىنى ھازىرلا كۆرسىتىپ قويىمىز. بىز ساڭا كىم ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ قويىمىز. ياخشىلىقچە بايامقى جاۋابىڭنى ئۆزگەرت! يەنە بىر قېتىم دەپ باقە: خۇدا بارمۇ ـ يوق؟

ــ خۇدا بار. ئۇ بىزنىڭ ياراتقۇچىمىز! ـ دەپ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا كەسكىن جاۋاب بەردى. ساقچى باشلىقى بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى. ئىككى كۆزى قىپقىزىل بولۇپ، قانغا تولغاندەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئەسەبىيلەشتى. غالجىر ئىتتەك ۋارقىرىغانچە كېلىپ، مەرەمنىسانىڭ ئاغزىغا بىركاچات سالدى. قورسىقىغا بىرنەچچىنى تېپىۋەتتى. مەرەمنىسا ئىككى پۈكلىنىپ قالدى. ئاغزى ـ بۇرنىدىن قان ئېقىۋاتاتتى. قاراپ تۇرغان ئىككى ساقچىمۇ كېلىپ ئۇرماقچى بولۇۋىدى، ساقچى باشلىقى ئۇلارنى توساپ: ـ بۇ يەردە بولمايدۇ! سوراقخانىغا ئېلىپ چىقىش! ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئىككى ساقچى مەرەمنىسانى ئىتتىرىپ دۇشكۇرلەپ ئېلىپ مېڭىشتى ۋە ئۇدۇلدىكى يەنە بىر بىناغا جايلاشقان سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىشتى. بۇ دەھشەتلىك سوراقخانىدا جازا قوراللىرىنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. گۇندىپايىلار قاپقارا تۆمۈر ئورۇندۇققا مەرەمنىسانى ئولتۇرغۇزۇپ،كويزا - ئىشكەلنى ئالماستىنلا چېتىۋەتتى. ئاغزىغا بىر تال لاتىنى قاتلاپ تىقىپ قويىدى. ئاندىن ئىككى ساقچى قوللىرىغا ئىككى كالتەكنى ئېلىپ، مەرەمنىسانىڭ باش - كۆزلىرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا باشلىق خىتاي كىرىپ كەلدى ۋە:

— بولدى قىلىش! - دەپ ۋارقىراپ، ئىككى ساقچىنى سىرتقا چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، سوراقخانىدىن چىقىرىۋەتتى. ئاندىن مەرەمنىسانىڭ پۇت - قولىنى ئورۇندۇقتىن بوشۇتۇپ، پەس ئاۋازدا كۇسۇلدىغاندەك گەپ قىلىشقا باشلىدى:

— سەن كىچىك قىز، سەن چىرايلىق! مەن ساڭا ياردەم قىلىدۇ، سەن ئۇنداق قىلمىسۇن!



مەرەمنىسانىڭ بېشى تۆۋەنگە ساڭگىلاقلىق بولۇپ، بوشقىنە نەپەس ئېلىۋاتاتتى. باشلىق خىتاينىڭ گېپىنى ئاڭلىدىمۇ - ئاڭلىمىدىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. باشلىق خىتاي مەرەمنىسانىڭ مەيدىسىدىكى قانلارنى سۈرتتى ۋە يەنە كۇسۇلداشقا باشلىدى:

— ئەيىيا! كىچىك قىز، سەن چىرايلىق. مەن سېنى ياخشى كۆرىدۇ! - دەپ شارتتىدە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچ كۆينىكىنى سالدۇرۇۋەتتى. ئارقىدىن ئىشتىنىنى تۆۋەنگە سىرىشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا مەرەمنىسا بىرلا سىلكىنىپ ھوشىغا كېلىپ قالدى ۋە خىتاي باشلىقنىڭ قارا نىيىتىنى بىلىپ، ئىشتىنىنى چىڭ مۇجۇقلاپ تۇتۇۋالدى. ۋارقىراي دېسە ئاغزىدا لاتا بولغاچقا ۋارقىريالمىدى. مەرەمنىسا ئارقىغا داجىيىتتى. خىتاي ساقچى باشلىقى ئېسىلاتتى. ئاغزىنى مۇجۇيتتى. كۆكرىكىگە قولىنى سوزاتتى. بۇ تىركىشىش يېرىم سائەتتەك داۋام قىلدى. ئاخىرى، مەرەمنىسا ماغدۇرىدىن كەتتى.

خىتاي ساقچى باشلىقى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، مەرەمنىسانىڭ ھەممە كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋالدى. ئارقىدىن ئۆزىنىڭمۇ كىيىملىرىنى سېلىپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەشكە باشلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەن ئىدى.

خىتاي ساقچى باشلىقى چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا مەرەمنىسانى ئۇرغان ئىككى ساقچى كىرىپ، مەرەمنىسانىڭ ئۈستىگە تاشلاندى ۋە بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ، مەن ئالدىدا، سەن كەينىدە دېيىشىپ، تالاش ـ تارتىش قىلدى. ئاخىرىدا بىرسى جىم تۇرۇپ قالدى. يەنە بىرسى ھوشسىز ياتقان مەرەمنىسانىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ، ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇردى. ئارقىدىن ئىككىنچىسى تاشلاندى. ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ دېگۈدەك ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇردى. ئاندىن كېيىن مەرەمنىسانى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، ئىلگىرى سولانغان كامېرغا ئەكىرىپ داق يەرگىلا ياتقۇزۇپ، كىيىملىرىنى ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى.

كەچ كىردى. شەپەق قىزىللىقىدا پۇركەنگەن بولۇپ، كۆندۈزدىكىدىن يوغان كۆرۈنىدىغان قۇياش تاغ ئۈستىگە قونۇشقا ئازلا قالغان ئىدى. ئۇ مەرەمنىسا تارتقان خورلۇقنىڭ بىردىن ـ بىر گۇۋاھچىسى ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمىكىن تاغ ئارقىسىغا مۆكۈۋېلىشقا، بۇ دۇنيانىڭ رەزىللىكلىرىنى بىر كېچە بولسىمۇ كۆرمەسلىك ئۈچۈن بۇ يېرىم شاردىن باشقا بىر يېرىم شارغا كېتىشكە ئالدىراۋاتاتتى.

تۇتقۇنلار كەچلىك تاماققا بېرىلگەن گۈرۈچ شورپىسىنى ئىچىشىپ بولغاندىن كېيىن كامېرغا قايتىپ كېلىشتى ـ دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. كامېرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاندىن تۇغما قىلىپ تاشلاپ قويۇلغان مەرەمنىسا ياتاتتى. كامېردىكى ھەممىدىن چوڭ ياشانغان ئايال ئۇدۇللا كېلىپ، مەرەمنىسانىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. يۈرىكىنى تىڭشىدى. كۆز قارىچۇقىغا دىققەت قىلىپ قارىدى ـ دە: ـ ئاھ! بىچارە قىز! ـ دېگىنىچە يىغلىۋەتتى.

مەرەمنىسانىڭ يۈرىكى سۇقۇشتىن توختىغان ئىدى. باشقا تۇتقۇنلارمۇ ئاستا ـ ئاستا كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى ۋە ياشانغان ئايالغا قاراپ: ـ جەننىتى بولۇپتىمۇ؟ ـ دەپ سوراشتى. ياشانغان ئايال بېشىنى لىڭشىتىپ: ھەئە! جەننىتى بولۇپتۇ. ـ دەپ، ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، ئىچىدە دۇئا قىلدى. باشقىلارمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي تۆت ساقچى كىرىپ، جەسەتنى سۆرىگەنچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. تۇتقۇنلار پەقەت كۆز يېشى بىلەنلا مەرەمنىسانى ئۇ دۇنياغا ئۇزۇتۇپ قويالىدى.

# ۋەھىمىدە قالغان ئادەم

بۈگۈن بۇرۇنقىدىن ئەتىگەن ئويغىنىپ كەتكەن ئىدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئادىتىم بۇيىچە بىر پىيالە قايناقسۇ قاينىتىپ ئىچتىم - دە، تەنتەربىيە كىيىمى ۋە ئايىغىنى كىيىپ يۈگۈرۈش ئۈچۈن سىرتقا چىقتىم. ھەركۈنى ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى پىيادىلەر يولىدىن باشلاپ ئۆيۈمدىن ئانچە يىراق بولمىغان باغچىغا بېرىپ يۈگۈرەيتتىم. ئۆزۈم بىلگەن يېنىك ھەرىكەتلەرنى قىلىپ بەدەن چېنىقتۇراتتىم. بۇ باغچىدا ماڭا ئوخشاش خىزمەتتىن دەم ئېلىشقا چىققان قېرىلار ۋە ئاندا - ساندا ياشلارمۇ چېنىقاتتى. ئۇلاردىن بىر قانچىسى بىلەن تونۇشاتتىم ۋە ئۆزئارا بۇ شەھەردە بولغان خەۋەرلەر ۋە ۋەقەلەر توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن «بۈگۈنمۇ بىر نورمال ھايات ئۆتكۈزىدىغاندەك» ھېسسىياتقا كېلەتتىم - دە، بۈگۈنۈمنىڭمۇ تىنىچ - ئامان ئۆتۈدىغانلىقىدىن ئەمىن بولاتتىم. بۈگۈن يولدا باشقا كۈنگە قارىغاندا ئادەملەر ئىنتايىن ئازلاپ كەتكەندەك ئىدى. يۈگۈرۈپ باغچىغا باردىم. باغچىمۇ جىمجىت، بۇرۇنقى تونۇشلىرىمدىن ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. پەقەت خىتاي مىللىتىدىن بولغان بىر نەچچە بوۋاي - مومايلار بىر يەرگە يىغىلىپ يېنىك ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنى تونۇساممۇ ئۇلار بىلەن پاراڭلاشمايتتىم.

ھەيرانلىق ئىچىدە قالدىم ۋە ئاستا مېڭىپ باغچىدىن چىقتىم - دە، پىيادىلەر يولى بىلەن ئۆيۈم تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئىشقا چۈشۈش ۋاقتىغا ئاز قالغان بولۇشىغا قارىماي، يولدا كېتىۋاتقان ئادەملەر بۇرۇنقىدىن خېلىلا ئاز ئىدى. ئۆيۈمنىڭ يېنىغا كېلەي دەپ

قالغـان ئىدىـم. توسـاتتىن بىرسـىنىڭ چاقىرغـان ئاۋازىدىـن چۆچـۈپ كەتتىـم ۋە ئـاۋاز چىققـان تەرەپكـە قارىدىـم. كۆردۈمكـى، ئاھالىلـەر كومىتېتىنىـڭ مۇئاۋىـن مۇدىـرى مـاگا قـاراپ ۋارقىرىغـان ئىكـەن:

ــ ھـەي مەتتوختاخۇن! تۈنۈگـۈن نەگە كەتكەن ئىدىڭ؟ سـىلىنى ئىـزدەپ تاپالمىـدۇق. بۈگـۈن سـىلىنى ئەتىگەندىـلا ئىـزدەپ كەلدىـم. بـۇ ئۇقتـۇرۇش سـىلىگە بىـر كـۈن كېچىكىـپ تەگـدى. بۈگـۈن ياخشـى ئوقـۇپ چىقىـپ، ئەتـە ئاھالىلـەر كومىتېتىغـا بېرىـپ ئىپادىلىرىنـى بىلدۈرۈشـلىرى كېـرەك! ـ دېـدى ۋە چىرايىنـى پۈرۈشـتۈرۈپ قارىغانچـە ئالدىـراش مېڭىـپ كەتتـى.

مـەن ئۇقتۇرۇشـنى ئېلىـپ ئوقـۇپ چىقتىـم. ئۇنىڭـدا مۇنـداق يېزىلغـان ئىـدى: شـەھەرلىك مۇقىملىقنـى ساقلاش خىزمـەت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسـى شـۇنداق ئۇقتۇرۇش قىلىدۇكى، «ئەسـەبىيلىك، ئاشـقۇنلۇق، تېرورلـۇق ۋە بۆلگۈنچىلىـك» بىلـەن زەھەرلەنگـەن كىشـىلەرنىڭ 30 كـۈن ئىچىـدە ئۆزىنـى ئالاقىـدار ئورۇنلارغـا مەلـۇم قىلىشـى كېـرەك! ئۆزىنـى ئالدىـن مەلـۇم قىلغانـلار كەڭچىلىـك بىلـەن مۇئامىلـە قىلىشـقا ئېرىشـىدۇ. ھەرقانـداق بىـر كىشـىدە مۇنـداق «18 خىـل جىنايـەت» نىـڭ بىـرى ياكـى شـۇنىڭغا ئوخشـايدىغان ئەھۋاللاردىـن بىـرى كۆرۈلسـە ئۆزىنـى مەلـۇم قىلىشـى كېـرەك!

بـۇ «18 خىـل جىنايەت» نىـڭ كونكرېت ئىپادىلىرى بولسا مۇنداق ئىـدى: «بۆلگۈنچىلىـك ھەرىكىتـى بىلـەن شـۇغۇللانغانلار؛ بۆلگۈنچىلىك تەشـكىلاتىغا ئـەزا بولغانـلار؛ خىمىيـەۋى ئوغـۇت، ئىسـپىرت قاتارلىـق سـۇيۇقلۇقلارنى سېتىۋالغان ۋە ساقلىغان ياكـى ساتقانلار؛ چەتئەلدىكـى تېرورلۇق تەشـكىلات ۋە بۆلگۈنچى شەخسـلەرنىڭ ۋىدىيو، ئۈن ـ سـىن، رادىئولىرىنـى ئاڭلىغانـلار؛ مەخپىـي تـور تېخنىكىلىرىنـى قوللىنىـپ، تـام ئاتـلاپ چەتئـەل تورلىرىغا چىققانـلار؛ كىشـىلەرنى قۇرئانغا ئەمەل قىلىشـقا دەۋەت قىلغانـلار؛ باشـقىلارنى تېلېۋىزور كـۆرۈش، ھاراق ئىچىش، تانسـا ئويناش ۋە تاماكا چېكىشـتىن توسـقانلار؛ ھۆكۈمـەت تارقاتقـان كىملىكنـى رەت قىلغانـلار، يىرتقـان ياكـى تاشـلىۋەتكەنلەر؛ ھۆكۈمـەت

بەرگەن ئۆيدە ئولتۇرۇشنى رەت قىلغانلار؛ بالىلىرىنى دىنى كۇرسقا بەرگەنلەر؛ قۇرئان ئۆگەتكەنلەر؛ كادىرلار بىلەن ھەمكارلاشمىغانلار؛ ئىسلام قائىدىسى بىلەن ئۆيلەنگەن ۋە ئاجراشقانلار؛ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە دىننى باھانە قىلىپ ئارىلاشقانلار»

ئۇقتۇرۇشنى ئوقۇپ بولۇپ چىرايىم تاتىرىپ كەتتى. مەندە بۇ «18 خىل جىنايەت ئىپادىلىرىنىڭ قايسىسى چىقىپ قالاركىن؟» دەپ ئويلىنىپ كەتتىم. ھەر ھالدا چىقىپ قالىدىغاندەك كۆرۈنمەيتتى. ئەمما، تۇرۇپلا ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىم. بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى كىچىك ئوغلۇمنى ئۆيلىگەندە بىزنىڭ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى جاپپار قارىغا نىكاھىنى ئوقۇتقان ئىدىم. يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. دەرھال ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. ھېلىمۇ تەلىيىمگە «بەش ـ ئون يىل بۇرۇن قىلغانلار» دەپ يېزىلماپتۇ. يۈرىكىم يەنە جايىغا چۈشتى. ئۆيدە بىردەم ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يان بىنادىكى خوشنام ئىبراھىم ئاخۇنغا تېلېفون قىلدىم:

ــ ۋەي! ئىبراھىم ئاخۇنما؟ تىنچلىقما؟

ــ ھەئە، مەن شۇ، تىنچلىق. ئۆزۈڭلارچۇ؟

ــ مەنمۇ تىنچلىق.

ــ ھەي، ئاغىنە! بۈگۈن يۈگۈرۈشكە چىقمىدىڭلارغۇ؟

ــ ھەي، مەتتوختاخۇن نېمە دەيدىغانسىلە؟ مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىرتقا چىقمايمەن. گەپ بولسا تېلېفوندىلا دېيىشەيلىچۇ؟

ــ ۋوي! نېمىشقا ئەمدى؟ سىرتتا بىرەرسى سىلىنى تۇتۇپ كېتەرما؟

ــ سىلەر بىلمەملا. ھازىر يوللاردىكى كامېرالارنىڭ ھەربىر ئۆيغۇرنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى، ئەگەر چىراي ئىپادىلىرى سۆرەتكە ئېلىنىپ قالسا «گۇمانلىق» دەپ قارالغانلارنى دەرھال تۇتۇپ تەكشۈرىدىكەن.

ــ ھەئە، مۇنداق دەڭلا. ــ دەپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قېتىپ

قالدىم.

ــ ھەي! سىلەر بىلمەيدىكەنسىلىدە؟ تۈنۈگۈن مەن «ئاھالىلەر كومىتېتى»غا كىرىپ ئىپادە بىلدۈرۈپ چىقتىم.

ــ قانداق ئىپادە بىلدۈردىڭلا؟

ــ مەن ئۆتكەن يىلى جۇمەگە ۋە ئىككى قېتىم ھېيت نامىزىغا بارغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىپ «تۆۋەنامە» يېزىپ بەردىم. ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن نامازغا بارماسلىقىمنى ئاگاھلاندۇرۇپ، قولۇمغا «نومۇر دەپتىرى»دىن بىرنى تۇتقۇزدى.

ــ قانداق نومۇر دەپتىرىكەن ئۇ؟

ــ كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ۋە گەپ ــ سۆزلىرىنىڭ ھازىرقى مۇقىملىق سىياسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىنى «100لۈك نومۇر»بىلەن ئۆلچەيدىغان دەپتەركەن.كىمنىڭ نومۇرى توقساندىن چۈشۈپ كەتسىلا ئۇ كىشى دەرھال «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە يوللاپ بېرىلىدىكەن.

مەن يەنە خىيالغا پېتىپ كەتتىم: ئىبراھىم ئاخۇن ئاللىقاچان ئىپادە بىلدۈرۈپ بولۇپتۇ. مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ناۋادا دەرھال ئىپادە بىلدۈرسەم «كادىرلارغا ماسلاشتى» دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىشىم مۇمكىن. ناۋادا، ئىپادە بېرىشنى كەينىگە سۈرسەم ئاھالە كومىتېتى كادىرلىرى مەندىن گۇمانلانسىچۇ؟ ئويلا ــ ئويلا ئاخىرى «دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈشۈم ياخشىمۇ نېمە؟» دېگەن قارارغا كەلدىم ۋە ئاھالىلەر كومىتېتىغا باردىم.

ئىشىكتىن كىرىپلا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېمەكچى بولدۇمىيۇ، ئەمما ئۇنى دەرھال بوغۇزۇمغا يۇتۇۋەتتىم. چۈنكى، ئۇ «دىنىي ئاشقۇنلۇق»نىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلىپ چەكلەنگىلى خېلى ئۇزاق بولۇپ قالغان ئىدى.

ــ ياخشىمۇ سىلەر؟ خەيرلىك سەھەر! ــ دەپ چىرايىمغا مەجبۇرى كۈلكە يۈگۈرتۈپ ۋە ئىشىك يېنىدا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇردۇم.

– ھەئە، كەلسىلە مەمەتـۋاي! – دەپ ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى بىر ئۇيغۇر كادىر. ئۇنىڭ نىرىدىراق ئولتۇرغان خىتاي كادىر بولسا ئوقۇۋاتقان قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالايغانىدەك بىر قاراپ قويدى – دە، ئۆز ئىشىنى داۋام قىلىشقا باشلىدى.

– ھە، مەمەتـۋاي! ئىپادە بىلدۈرەي دەپ كەلگەنمىدىلە؟ قېنى! ئەمسە باشلىسىلا، ئىشىمىز بەك ئالدىراش. – دەپ قولىغا قەغەز – قەلەمنى تەييار قىلدى. مەن گەپنى باشلا – باشلىمايلا كېكەچلەپ كەتتىم:

– مەن،مەن ئۆتكەن يىلى ئايالىم تۇغـەپ كەتكەنـدە جامائەتنى چاقىرىپ، «ئۇچ نەزىر» بەرگەن ئىدىم. ئەمما، پەقەت قولۇم – خوشنىلارلا كەلگەن ئىدى.

– مەسچىت جامائىتى كەلگەنمۇ؟ قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغانمۇ؟

– ھە – ياق! – دەپ جاۋاب بەردىم تىترەپ تۇرۇپ.

– ھە! ئۇنداق بولسا بىلىپ قېلىڭ ،بۇنىڭدىن كېيىن كىمدە - كىم نەزىر – چىراغ ئۆتكۈزمەكچى بولىدىكەن، «ئاھالىلەر كومىتېتى»غا ئىلتىماس قىلىپ رۇخسەت ئېلىشى كېرەك. نەزىرگە كەلگەن ئادەم سانى ئوتتۇزدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ! قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا، توپلىشىپ تۇپراق بېشىغا بېرىشقا ۋە يىغا - زارە قىلىشقا بولمايدۇ! – دەپ ئاگاھلاندۇرۇش قىلدى. يەنە ماڭا:

– بۈگۈنكى بۇ ئىپادىلىرىڭىز ياخشى بولدى. بىز بىلەن ياخشى ماسلاشتىڭىز. – دەپ، ھازىرچە ماڭا جازا كەلمەيدىغانلىقىنى، ئەمما ئىپادەمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولىدىغانلىقىنى داۋاملىق كۆزىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا قولۇمغا بىر دەپتەرنى تۇتقۇزۇپ:

– مانا، بۇنى ئېلىڭ! بۇ سىزنىڭ «100لىك نومۇر» دەپتىرىڭىز. بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ ھەرىكەت ۋە سۆزلىرىڭىز «100نومۇر»لۇق ئۆلچەم بىلەن باھالىنىدۇ. – دەپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ:

– مەمەتـۋاي! سىزنىڭ بىرىنچى بولۇپ دىققەت قىلىدىغان

ئىشىڭىز بولسا، ھەر دۈشەنبە كۈنى سائەت يەتتىدە ئۆتكۈزىلىدىغان «دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىش مۇراسىمى»غا تۇلۇق ۋە كېچىكمەي، ۋاقتىدا قاتنىشىش! ــ دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويدى.

ئاھالىلەر كومىتېتىدىن دەپتەرنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم ــ دە، ساپاغا ئۆزۈمنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ ئويلىنىشقا باشلىدىم: ھەي! جاھان نېمە بولۇپ كەتتى. مەندەك 70 ياشقا كىرىپ قالغان ۋە پېنسىيەگە چىققان ئادەمنى ئۆيدە راھەت ياشىغىلى قويسا بولمامدۇ؟خېلى ئۇزاق بولدى، ئەتىگەندە بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇيالمايۋاتىمەن! ناماز ئوقۇشتىن قورقىمەن. چۈنكى، ئەتىگەندە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن چىراغنى ياندۇرۇشۇم كېرەك! ناماز ۋاقتىدا چىراغ ياندۇرغاندا سىرتتىكى پايلاقچىلار كۆرۈپ قېلىپ، ئاھالىلەر كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ قويۇشى ئېنىققۇ؟ نامازغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن مۇنچا ئۆينى يورۇتماي بولمايدۇ ـ دە؟! تەيەممۇم قىلىپ ئوقۇسام بەلكى ھېچكىم تۇيمايدۇ. ئەمما، ئۆيدە سۇ تۇرۇپ تەيەممۇم قىلسام، نامىزىم قوبۇل بولارمۇ؟ ھەي، ئۇلۇغ ئاللاھىم! ئۆزۈڭ ئاسانلىق ئاتا قىلغايسەن!

ئەمدى ماڭا ئېغىر كېلىۋاتقان يەنە بىر قىيىن ئىش بولسا ھەر دۈشەنبە كۈنى سائەت يەتتىدە «دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىش مۇراسىمى»غا قاتنىشىش ئىدى. قېرىلىق يەتتىمۇ، بىر نەچچە ھەپتە بولدى، كېچىدە كىچىك تەرەتكە چىقىش قېتىم سانىم كۆپىيىپ قالدى. شۇڭا، ئەتىگەندە ئۇخلاپ قېلىۋاتىمەن. ناۋادا، سائەت يەتتە بولغاندا ئۇخلاپ قېلىپ، ۋاقتىدا چىقالمىسام ياكى كەچ قالسام، نومۇر دەپتىرىمدىكى 100 نومۇر ئۆلچىمى تۆۋەنلەپ كەتسە قانداق قىلارمەن؟ «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن يەرنى تۈرمىگە ئوخشايدۇ دېيىشىدۇ. مەن ھاياتىمدا جىنايەت سادىر قىلىپ تۈرمىگە كىرىپ باققان بەندە ئەمەسمەن. خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن! بۇيەرنىڭ تۈرمىلىرى دوزاخنىڭ ئۆزىغۇ؟

خىيالىم تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. «تاك، تاك» قىلغان

ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتىم. سىرتتىن بىرسى ئىشىكنى چېكىۋاتاتتى. بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم:

— بىز «مۇقىملىقنى ساقلاش خىزمەت گۇرۇپپىسى»دىن كەلدۇق. — دەپ ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى ۋە توك سائىتىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىدى. مەن دەپ بەرگەندىن كېيىن توك سائىتىنى توختىتىۋېتىپ، سومكىلىرىدىن ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلارنى چىقىرىشتى. شۇندىلا، ئۇلارنى تونۇۋالدىم. ئۇلار ئىككى - ئۈچ كۈن ئىلگىرى بىنانىڭ ئالدى تەرىپىدىكى كىرىپ - چىقىش ئىشىكىگە كامېرا ئورناتقان كىشىلەر ئىدى. «ئىش مۇنداقكەندە» دېدىم ئىچىمدە ۋە ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتىم: ئۆيىگىمۇ كامېرا ئورناتقۇدەك ئەمدى، مىدىر - سىدىر قىلالمايدىغان بولدۇم. ھەر بىر ھەرىكىتىمنى كۆزىتىدۇ. بەلكى، ئىشتىنىمغا چىققاندىن باشقا ھەممە نەرسىنى مەركىزى ئاپپاراتتىن كۆرۈپ تۇرۇشى مۇمكىن. گەپ - سۆزلەرنىچۇ؟ ئۇلارنىمۇ ئاڭلارمۇ؟ ھەم! ئەمدى ئەركىن - ئازادە گەپ قىلغىلىمۇ بولمىسا! گاس - گاچا بولۇۋېلىش مۇمكىنمۇ؟ ئەمدى «تۆت تامنىڭمۇ قۇلىقى بار»دېگەن گەپ راستقا ئايلىنىدىغان بولدى - دە، ئۆز ئۆيۈمدىمۇ «قەپەزگە سولانغان قۇش»تەك ياشاشقا مەجبۇر بولىدىغان بولدۇم. ئەمما، قەپەستىكى قۇشلار ھېچ بولمىغاندا سايرىيالايدىغۇ؟ سايراش ئارقىلىق خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىنى ئىپادىلىيەلەيدىغۇ؟ مەنچۇ؟ ئەمدى قەپەستىكى قۇشچىلىكمۇ ئەركىنلىككە ئىگە بولالمايدىغان بولدۇم. ھەي، قۇشلار، ھايۋانلار! سىلەر نېمىدېگەن تەلەيلىك! سىلەر قەپەزدە سولاقلىق بولساڭلارمۇ، يەنىلا ئەركىن سايرىيالايسىلەر. مېنىڭ ئەمدى تىلىمغىمۇ قۇلۇپ سېلىنىدى. خالىغانچە گەپ قىلالمايمەن. بولدى - بولمىدى دېيىشكە ھەددىم يوق! ھەممە نەرسىگە باش لىڭشىتىپ، ماقۇل دېمەكتىن باشقا چارەم يوق. گەپ قىلسام، پىكىر بىلدۈرسەم قارشىلىق قىلغان بولىمەن. «كادىرلارغا ماسلاشمىدى» دېگەن جىنايەت ئارتىلىدۇ - دە، مېنىڭ نومۇر دەپتىرىمدىن نومۇرۇم تارتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن

كېيىن لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىشىم مۇمكىن. ئاھ! بۇ نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق! تىرىك تۇرۇپ دوزاخنىڭ كۈنىنى كۆرۈش نېمدېگەن ئازابلىق - ھە!

خىتايچە «بولدى» دېگەن ئاۋاز خىيالىمنى بۇزۇۋەتتى. ئۇلارغا قارىدىم. ئۇلار ئىشنى تاماملاپ بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆز ئەينەكلىك بىرسى ماڭا قاراپ، بىر نېمىلەرنى دەپ كولدۇرلىغانچە بىر جەدۋەلنى سۇنۇپ: «بۇنىڭغا ئىمزا قويغىن!» دېدى. مەن جەدۋەلنى قولۇمغا ئېلىپ، بىرنەچچە مىنۇت ئوقۇۋالدىم. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان ئىدى: «رەقەملىك كود بىلەن باشقۇرۇلىدىغان سىفىرلىق، كۆپ ئىقتىدارلىق كامېرا ئورنىتىلىپ سىناقتىن ئۆتكۈزۈلدى». ئىمزا قويۇپ بولۇپ جەدۋەلنى تۇتقان قولۇم تىترەپ كەتتى - دە، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۇنتۇپ كەتكىلى تاس قالغان ئىدىم.

- ئەكەل! بىزنىڭ ئىشىمىز تۈگىدى. - دېگەن ۋارقىرىغان ئاۋازدىن تىترەۋاتقان قولۇمدىكى قەغەز يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئىتتىك يەرگە ئېڭىشىپ قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم، ئۇ تېخىچە كوتۇلداۋاتاتتى: «ھەئە، قورقۇۋاتامسەن؟ مانا ئەمدى ئەدىپىڭنى يېيىشىسەن. بىزنىڭ بۇ كۆزىتىش سىستېمىمىزدىن ھېچقانداق يېرىڭ، ھەرقانداق بىرىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، سەنلەرنىڭ ھەممە ھەرىكەت ۋە گەپ - سۆزلىرىڭنى ئىشخانىدا ئولتۇرۇپلا بىلىۋالالايمىز. جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قارشىلىق قىلغىنىڭغا تويىشىسەن! خەنزۇلارنى يامان كۆرگىنىڭلارغا پۇشايمان قىلىشىسەن. قېنى ئەمدى سەنلەرنى ئامېرىكا جاھانگىرلىرى، تۈركىيەدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار قۇتقۇزۇپ باقسۇنچۇ؟ ھازىر جۇڭگو ھەممىدىن قۇدرەتلىك. ھېچكىم بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. بىز سەندەك بۆلگۈنچى، تېررورچىلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي يوقىتىمىز.»

ئۇلار چىقىپ كېتىشتى. ئىشىكنى يېپىۋېتىپ، ساپاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇھ! دەپ بىرنى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالدىم. ئەمما، ئۇ

ماڭا كوتۇلدىغان كۆزئەينەكلىك خىتاينىڭ تىكىلىپ تۇرۇپ:«سەن بۆلگۈنچى - تېرروررچىلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي يوقىتىمىز» دېگەن گېپى قۇلىقىمغا كىرىپلىۋالدى. بۇ گەپ خۇددى ماڭا قارىتىلىپ دېيىلگەندەكلا تۇراتتى. ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىپلا كەتتىم: «نېمە دەيدىغاندۇ؟ مەن ھېچقاچان جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇپ باقمىدىم. شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلايلى، جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتەيلى دەپ باقمىدىم. ھېچقانداق بىر بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارغا قاتنىشىپ باقمىدىم. ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىمدىلا «جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى»دا خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىنكى ئىككىنچى يىلىلا ‹جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى›گە ئەزا بولۇپ كىرگەنمەن. ‹ئۈچكە قارشى›، ‹بەشكە قارشى› ھەرىكەتلىرىدە ۋە ‹مەدەنىيەت ئىنقىلابى› مەزگىلىدىمۇ ئاكتىپ ئىشلەپ، ھېچقانداق قالپاق كىيىپ باقمىدىم. ئەمدى قانداقسىگە بۆلگۈنچى بولۇپ قالغۇدەكمەن؟ تېرروررچى دېگىنى نېمىسى تېخى؟ مەن ھېچ قاچان خەنزۇلارغا ئالىيىپمۇ قاراپ باقمىدىم. ئاڭلىسام ‹پارتلاتقان، ئوت قويغان ۋە بىگۇناھ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنى تېرروررچى› دەيدىكەن. مەن ھېچكىمگە زىيان زەخمەت يەتكۈزۈپ باقمىدىم، بىگۇناھ ئادەم ئۆلتۈرۈش بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدىمۇ چەكلەنگەنغۇ؟ شۇڭا مەن ئەزەلدىن خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ كەلدىم. ئۇلارمۇ بىزدەك ئادەمغۇ؟ ھۆكۈمەت يولغا قويغان ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى› دېگەننى ھىمايە قىلىپ ئۆز - ئارا ئىتتىپاقلىشىپ ياشاشنى قوللاپ كەلدىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلمىدىم. بۇنداقكەن مەن قانداقمۇ تېرروررچى بولىمەن؟»

چامغۇر سالغان ئۇماچتەك قايناپ كېتىپ ۋاقتىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى تۇيماپتىمەن. ئېسىمگە كېلىپ سائەتكە قارىسام ئاللىقاچان 8دىن ئېشىپ كەتكەن ئىكەن. ھەر كۈنكى ئادىتىم بويىچە، بازاردىن ئەكىرىۋالغان تونۇر نېنى بىلەن ئازراق سۈت چاي قىلىپ ئىچىۋالدىم - دە، مۇنچىغا كىرىپ ئىسسىق سۇ بىلەن پۈتۈمنى

داسقا چىلاپ يۇيۇۋالدىم. جىددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىم بىر ئاز ئېزىغا چۈشتى بولغاي، كۆزۈم تورلىشىپ ئۇيقۇ بېسىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ياتاق ئۆيگە كىرىپ، يوتقان - كۆرپىلەرنى سېلىپ ئۇخلاش ئۈچۈن ياتتىم. كۆزۈمنى ئەمدى يۇمۇشۇمغا «غۇيت - غۇيت» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ ئۇيقۇمنى ئېچىۋەتتى. بۇ نېمە كارامەتتۇ؟ دەپ، ئىشىكنى ئېچىپ قارىسام كودلۇق - سىفىرلىق كامېرانىڭ ئالدى تەرىپى ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىگە ئاپتوماتىك توغۇرلىنىۋېتىپتۇ. يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ كەتتى. غاچچىدە ئىشىكنى يېپىۋالدىم - دە، يوتقانغا كاللامنى مەھكەم يېپىپ يېتىۋالدىم ۋە شۇ ياتقانچە بېشىمنى يوتقانغا پۈركەپ ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. ئەمما، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىلمەيمەن، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەنچە ئويغىنىپ كەتتىم - دە كۆرگەن چۈشۈمنى يادىمغا ئېلىشقا تىرىشتىم: چۈشۈمدە ئىككى قوراللىق ئەسكەر بېشىمغا قورال تەڭلەپ تۇرۇپ: «ھەي مەمەتتۇۋاي دېگەن ئەبگاھ! تۇر ئورنىڭدىن! سېنىڭ نومۇر دەپتىرىڭدىكى نومۇرۇڭ 90 دىن چۈشۈپ كەتتى. سەن ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ! سېنى ئەمدى بىز لاگېرغا ئېلىپ كېتىمىز، سەن ئۇيەردە ئىدىيەڭنى ئۆزگەرتىسەن. كاللاڭنى يېڭىلاپ، ھەقىقىي جۇڭخۇا مىللىتىگە ئايلانمىساڭ بولمايدۇ!» دەۋاتاتتى. مەن قورققىنىمدىن تىترەپ: «ماڭا رەھىم قىلىڭلار! ماڭا ئۇۋال قىلماڭلار! مەن ئۇيغۇر بولسامۇ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولغان. جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلغان، بۆلگۈنچىلىك قىلمىغان، مەن جۇڭگونى سۆيىمەن» دەپ ۋارقىراۋاتاتتىم. ئۇلار يەنە ماڭا: «سېنىڭ ئۇيغۇر بولۇشۇڭ ئەڭ ئېغىر جىنايەت. سېنىڭ پارتىيە ئەزاسى بولۇشۇڭ بىر ئالدامچىلىقتۇر. سەن بىر قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرە. جۇڭگونى بىز خەنزۇلارلا سۆيىمىز. سېنىڭ سۆيۈشۈڭنىڭ ھاجىتى يوق. جۇڭگودا جۇڭخۇا مىللىتىلا ياشايدۇ. باشقىلىرىڭ ئۆلۈمگە لايىق، ئۆلۈمگە!» دەپ تولاۋاتاتتى.

ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كارىدورغا چىقتىم.كۆزۈم تېخىچە

ئۈيقۇدا ئىدى. خالاغا كىرىپ تاھارەت سۇندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە كارىدورغا قايتىپ چىقىپ چۆچۈپ كەتتىم. كامېرانىڭ ئالدى ماڭا قاراقلىق تۇراتتى. مېنىڭ كۆلەڭگەم كامېرا ئەينىكى ئىچىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «ئاپلا! ۋاي خۇدايىم!»دەپ ۋارقىرىۋەتتىم قورققىنىمدىن. «كامېرا مېنىڭ ھەممە ھەرىكىتىمنى خاتىرىلىۋالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئەندىشە قىلىپ كەتكەن ئىدىم. ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق غەيرى ھەرىكەتلەردە بولمىغان بولمىسامۇ، دەھشەتلىك ۋەھىمە ئىچىدە قالدىم. شۇ ئارىلىقتا كامېرا «چاس» قىلغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ بىر پىرقىراپ قويۇۋېدى، بۇ مېنىڭ تېخىمۇ بەك گۇمانىمنى قوزغىدى. «ئەمدى تۈگەشتىم» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ۋە ياتاق ئۆيگە كىرىپ سائىتىمگە قارىدىم. سائەت تېخى ئىككى بولغان بولۇپ، يېرىم كېچە ئىدى. تاڭ ئېتىشقا خېلى ۋاقىت باردەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بېشىمنى يوتقانغا پۈركەپ كۆزۈمنى يۇمدۇم. شۇ ياتقانچە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. بىر ۋاقىتتا يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدىن ياڭراۋاتقان ناخشا - مۇزىكا ئاۋازى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم. سائەت ئاللىقاچان 8 بولۇپ كەتكەن بولۇپ، سائەت يەتتىدە باشلىنىدىغان «بايراق چىقىرىش مۇراسىمى»غا بىر سائەت كەچ قالغان ئىدىم. «ئاپلا! ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەپ يۈزۈمنى كاچاتلاشقا باشلىدىم. نېمىلا قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيتتى. ناھايىتى تېزلىكتە چاي قايىنىتىپ، ئازراق سۈت چاي قىلىپ ئىچىۋالدىم ۋە «بايراق چىقىرىش مۇراسىمى»غا چىقماقچى بولۇپ مېڭىشىمغا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى:

— ۋەي! مەمەتۋايمۇ؟

— ھەئە، مەن. بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

— ھەئە، سىزنىڭ نومۇر دەپتىرىڭىزدىكى نومۇرىڭىز 90 دىن چۈشۈپ كەتتى، سىز ئۈچ قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزدىڭىز! دەرھال نومۇر دەپتىرىڭىزنى ئېلىپ، ئاھالىلەر كومىتېتىغا كېلىپ ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىڭ!

ــ ۋەي! ۋەي! مەن ھېچ خاتا ئىش قىلمىدىمغۇ؟ قېرىلىق يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. كەچۈرۈۋەتسەڭلار!

ــ بولمايدۇ. سىزنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىڭىز «پارتىيەنىڭ مۇقىملىق سىياسىتى»گە چېتىلىدىغان ئېغىر سىياسىي مەسىلىدۇر. سىز ئاخشام كامېرانىڭ كونترول قىلىشىغا بويسۇنماي، ئۆيىڭىزدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا قالايمىقان مېڭىپ سۆزلەپ يۈرۈپ، «ۋاي خۇدايىم» دەپسىز. بۇ خاتالىقىڭىزنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلمىغانلىقىڭ ئۈستىگە ئەتىگەن بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشمىدىڭىز، بۇ جىنايەتلىرىڭىز ئۈچۈن «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە يوللىنىسىز، تېزدىن كېلىپ ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىڭ!

كاللامدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. بېشىم قېيىپ، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. دەرھال ساپادا ئولتۇرىۋالدىم. كاللامدىن ھەرخىل خىياللار كەچمەكتە ئىدى: «قېچىپ كېتەيمۇ؟ ياق! نەگە قاچىمەن؟ يوللاردا ساناقسىز كامېرالار قويۇلغان تۇرسا؟ ئۇلار چىراي ئىپادەمدىنلا مېنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكىمنى بىلىۋالالايدۇ! ئۇيغۇرلىقىمنىمۇ پەرىقلەندۈرەلەيدۇ! ئۇ ۋاقىتتا كوچىغا چىقسىلا تۇتۇلىمەن دېگەن گەپ. يەر ئاستىدىكى گەمە ئۆيگە كىرىپ مۆكۈنىۋالايمۇ ـ يا؟ ئۇ چاغدا قورساق ئاچسا قانداق قىلىمەن؟ بىر نەچچە كۈنگىچە نان يەپ، سۇ ئىچىپ تۇرامەن. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ئۆگزىگە چىقىۋالسامچۇ؟ ھە! بۇ بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر ئۆگزىدە ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالسا ئۇ ئەھۋالدا: «مېنى تۇتماڭلار! ماڭا چېقىلماڭلار! مەن قايتا تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىشنى خالىمايمەن. بولمىسا، مەن ئۆزۈمنى يەرگە تاشلاپ ئۆلۈۋالىمەن دەپ قورقۇتالايمەنغۇ؟ ھەرگىزمۇ ئاھالىلەركومىتېتىغا بارمايمەن. قېنى! يامان بولسا ئۆزلىرى كېلىشىپ باقسۇنچۇ؟!»

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزۈمچە بىر ياخشى ئەقىل تاپقاندەك روھلىنىپ كەتتىم ـ دە، توڭلاتقۇدىن يېگۈدەك ـ ئىچكۈدەك

نەرسىلەرنى ئېلىپ بىر خالتىغا سېلىشقا باشلىدىم.خالتىنى تولۇق توشقۇزۇۋالدىم ـ دە، رەھمەتلىك ئايالىم ۋە يىراقتىكى بالىلىرىمنىڭ سۈرىتىگە خۇددى ئۇلار بىلەن ۋىدالاشماقچى بولغاندەك قاراپ، ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىم. ئاخىرىدا كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى دېمەكچى بولۇپ، شۇنداق ئېغىزىمنى ئېچىشىمغا «ھۇيت ـ ھۇيت ـ ھۇيت» قىلىپ سىگنال چېلىنغان ساقچى ماشىنىلىرى بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. مەن دەرھال ئۆيدىن چىقىپ ،كارىدوردىكى پەلەمپەي يېنىغا بېكىتىلگەن تۆمۈر شوتىغا دەسسەپ ـ يامىشىپ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئۆگزىگە چىقىۋالدىم. ساقچىلار ئىشىكنى ئىتتىرىپ ـ بۇزۇۋېتىپ كىرىپ، مېنى تاپالماي قايتىپ چىقىشتى. ئاخىرىدا مېنىڭ ئۆيدىن قېچىپ كەتكەنلىكىمنى پەرەز قىلىشتى بولغاي، ئەتراپنى ئىزدىشىپ، شوتىنى كۆرۈپ دىققىتى قوزغالدى بولغاي، بىر نەچچىسى يامىشىپ ئۆگزىگە چىقىشتى. مەن ئۇلارنى كۆرۈپلا: «ماڭا يېقىن كەلمەڭلار! مەن كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىشنى خالىمايمەن. ئەگەر ماڭا يېقىن كەلسەڭلار ئۆزۈمنى يەرگە تاشلايمەن» دەپ ۋارقىرىدىم ۋە قىرغاققا يېقىن بېرىۋالدىم. ساقچىلار جايىدا تۇرۇپ قېلىشتى ۋە بىر ـ بىرسى بىلەن كولدۇرلۇشۇپ، ئۇياق ـ بۇياقلارغا تېلېفون قىلىشقا باشلىدى. ئالاھەزەل چارەك سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇستۇمدىلا كۈچلۈك شامال چىقىرىپ غارقىرىغان بىر نەرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.بىر تىك ئۇچار يېنىمدىلا لەيلەپ تۇراتتى. ئىچىدە قوراللىرىنى بەتلەشكەن بىرنەچچە ئەسكەر ھېلىلا سەكرەپ چۈشىدىغاندەكلا تۇراتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆگزىگىمۇ ساقچىلار يېغىپ كەتتى ۋە مېنى قورشىۋالدى. مەن: «ماڭا چېقىلماڭلار! مېنى تۇتماڭلار! مەن قايتا تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىشنى خالىمايمەن!» دەپ ۋارقىراپ باقتىم. ئۇلار پىسەنت قىلىشمىدى. چەمبىرەك بارغانچە تارايدى. ئالدىمغا قاراپ يەرگە سەكرەي دەپ تەمشىلىۋىدىم، تىك ئۇچارنىڭ چاقپېلىكىدىن چىققان كۈچلۈك شامال كۆزۈمنى ئاچقۇزمىدى. كەينىمگە قاچاي

دېسەم، ساقچىلارنىڭ قورشاۋى يېقىنلاپلا قالغان ئىدى. «يا خۇدا! تەۋەككۇل» دەپ ئالدى تەرەپتىن ئۆزۈمنى يەرگە تاشلاي دېيىشىمگە، تاڭ ئۇچاردىن ساقچىلار ئۇستۇمگىلا سەكرەپ چۈشتى ـ دە، مېنى يەرگە بېسىپ، پۇت ـ قولۇمنى كىشەنلەپ، بېشىمغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ ئېلىپ مېڭىشتى.

مەن: «مېنى قويۇۋېتىڭلار! مەن قايتا تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىشنى خالايمەن» دەپ، توختىماي ۋارقىرايتتىم...

# بوۋاق مەھبۇس

ئايشەمگۈل ئەسلى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئايكۆل يېزىسىدىن بولۇپ، ئۈرۈمچىگە ئېرى مەخمۇتجان بىلەن بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. مەخمۇتجان بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى ئايكۆل يېزىلىق ساقچىخانىدىن چاقىرتىلىپ كېتىلگەنچە قايتىپ كەلمىدى. ئايشەمگۈل تۇغقانلىرى ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈپ بىلدىكى، مەخمۇتجاننى ساقچىلار يېڭىدىن پەيدا بولغان ئاتالمىش «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن جايغا ئېلىپ كەتكەنمىش. مەخمۇتجان قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن ئۆينىڭ بارلىق ئىشلىرى ئايشەمگۈلگە قالدى. ئىككى بالىسى تېخى كىچىك بولغاچقا، ئىلگىرى مۆكۈنۈپ يۈرگەن ئايشەمگۈل ئەمدى سىرتقا چىقىپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. دەسلەپتە، قورسىقىغا ياغلىق تېڭىپ سىرتقا چىقىپ يۈردى. ئەمما، بارا - بارا ھامىلە يوغىنىغانسېرى قورسىقى تومپىيىپ چىقىپ قېلىپ، ئۇنى يوشۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى پايلاقچىلار ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشكەن ئىدى. ئۇنى يوشۇرۇن پايلاپ، بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ ئۆيىدىن ماتېرىيال تەييارلاۋاتاتتى. ئايشەمگۈلنىڭمۇ ئارامى بۇزۇلۇپ، دەككە - دۈككىدە يۈرۈۋاتاتتى. ئاخىرى ئايشەمگۈل تۇتۇلدى. ئۇ كۈندىكى تۇتقۇن مۇنداق بولدى: ئايشەمگۈل سىرتقا سودىغا چىقىپ، تۇرمۇشقا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، «باللىرىم يالغۇز قالدى» دېگەننى ئويلاپ، تېزلا قايتىپ كەلگەن ئىدى.

ئىشىكنى ئېچىپ، نەرسىلەرنى يەرگە قويۇپ تۇرۇشىغىلا، ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلۇپ، ئىتتىرىلدى ۋە بىر نەچچە ئادەمنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئىشىكنى ئاچ! بىز ئاھالىلەر كومىتېتىدىن، سورايدىغان گەپ بار!

ئايشەمگۈل ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئەمما، ئىشىكنى ئاچماسلىقى بولمايتتى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىشىغىلا، كۆز ئالدىدا تۆت كىشى پەيدا بولدى. بۇلارنىڭ ئىككىسى ئاھالىلەر كومىتېتىدىن بولۇپ، ئايشەمگۈل ئۇلارنى تونۇيتتى. قالغان ئىككىسى ئاق خالات كىيىپ، قولىدا بىر ساندۇقتەك بىر نەرسە كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. قارىماققا ئۇلار پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسىنىڭ دوختۇر قاتارلىقلىرىدەك قىلاتتى. ئالدى بىلەن ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى بىر ئايال سۆز ئاچتى:

— سەن ھامىلىدار ئىكەنسەن، نېمشقا بىزگە مەلۇم قىلمىدىڭ؟

— مەن، مەن يۇرتقا كەتمەكچى ئىدىم. بالىلىرىمنىڭ دادىسىنى ساقلاۋاتقان، نېمە بولدىكىن؟ ئۇ كەلمەيۋاتىدۇ. — دېدى ئايشەمگۈل دۇدۇقلاپ.

— بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىشىمىز يوق. سەن نەدە تۇرغان بولساڭ، شۇ يەردىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ بىلدۈرۈشۈڭ كېرەك! - دېدى قاپىقىنى تۈرۈپ، ئارقىدىن خىتاي مىللىتىدىن بولغان يەنە بىر خادىمۇ كولدۇرلاپ:

— شۇنداق قىلىشىڭ كېرەكتى، بۇ ئېغىر جازاغا تارتىلىشى كېرەك بولغان ئىش، سەن ئۇنى بىلمەمتىڭ؟ — دەپ ئۇنىڭغا ئالايدى. خىتاي خادىم يەنە ئاق خالاتلىق خادىملارغا قاراپ بۇيرۇق قىلدى:

— تەكشۈرۈڭلار بۇ يۈزى قېلىننى! بىز ئۇنىڭ قورسىقىدىكى كۈچۈكنى ئېلىپ تاشلاپ، ئەتتا يەم قىلىپ بېرىمىز!

پىلانلىق تۇغقۇت خادىملىرى ئايشەمگۈلنىڭ قورسىقىنى ئېچىپ، بىر خىل تەكشۈرۈش ئەسۋابىنى ئايشەمگۈلنىڭ قورسىقىغا قويۇپ، قولىقىغا بىر نەچچە مىنۇت تۇتۇپلا:

ــ بالا سەككىز ئايلىقتىن ئېشىپ، تۇغۇت مەزگىلى يېقىنلىشىپ قاپتۇ. ــ دەپ دوكلات قىلىشتى. بۇنى ئاڭلىغان مەھەللە كومىتېتىنىڭ خىتاي خادىمى يانفونىدا ساقچىلارغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلىك ئىككى ماشىنىدا تۆت ساقچى يېتىپ كەلدى ـ دە، ئايشەمگۈلنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، ئۇنى بىر ماشىنىدا ئېلىپ ماڭدى. ئىككى بالىسىنى باشقا بىر ماشىنىغا چىقاردى. ئايشەمگۈل يىغلاپ:

ــ بالىلارنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟ ئۇلارغا كىم قارايدۇ؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى. بالىلار بولسا قورققىنىدىن يىغا ـ زارە قىلىپ چىرقىرايتتى. ھېچكىم ئۇلارنىڭ يىغىسىغا قۇلاق سالمىدى.

ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك ۋاقىتتىن كېيىن ماشىنا ئېگىز تاملىق. سىم تىكەنلىك بىر يەرنىڭ يوغان دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئايشەمگۈلنىڭ پۈتۈن خىيالى بالىلىرىدا بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ تۈرمە ئىكەنلىكىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرەلمىدى. يەنە بىر ماشىنا كۆرۈنمەيتتى. بالىلارنى باشقا بىر جايغا ئېلىپ كېتىشكەن ئىدى. بالىلىرىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئايشەمگۈل:

ــ بالىلىرىم قېنى؟ مېنىڭ يۈرەك پارىلىرىم قېنى؟ ئۇلارنى نەگە ئەكەتتىڭلار؟ ئاھ! مېنىڭ بالىلىرىم! ـ دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ــ ۋارقىرىما! بالىلىرىڭ بار ـ دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ساقچى باشلىقى، ــ بالىلىرىڭ «يېتىم بالىلارنى تەربىيەلەش مەركىزى» گە ئېلىپ كېتىلدى. ئۇيەردە، ئۇلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېقىلىپ تەربىيەلىنىدۇ.

ــ ياق! مېنىڭ بالىلىرىم يېتىم ئەمەس، مەن ھايات! دادىسى ھايات! بالىلىرىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار! ـ دەپ يەنە ۋارقىرىدى ئايشەمگۈل.

— ئېلىپ مېڭىڭلار! - دەپ بۇيرۇق قىلدى ساقچى باشلىقى يېنىدىكى غالچىلىرىغا قاراپ ۋارقىرىغانچە.

شۇئان ئىككى ساقچى ئايشەمگۈلنى ئىتتىرگەنچە تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ «دوكلات» دەپ خىتايچە بىر نېمىلەرنى كالدىرلىشىۋىدى، ئىشىك ئېچىلىپ، ئىچىدىن ئىككى گۇندىپاي چىقىپ، ئايشەمگۈلنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتى.

— ھەي! ماڭ دەيمەن. تېزراق ماڭمامسەن، نېمانداق بوغاز ئىنەكتەك ئىغاڭلاپ ئاستا ماڭىسەن؟ — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇنى ئېلىپ ماڭغان ساقچىلار. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ياپىلاق يۈزلۈك، پاناق بۇرۇن، پاكىنەك كەلگەن ۋە تۈلۈمدەك سەمرىپ كەتكەن گۇندىپاي:

— ئەيىيا! بۇ راستتىنلا ئىككى قات ئوخشايدۇ! — دېدى ئايشەمگۈلنى يالاپ ئېلىپ كېتىۋاتقان يەنە بىر ئۇزۇنتۇرا، ئورۇقراق كەلگەن گۇندىپايغا كۆزىنى ئالاق - جالاق قىلغانچە قاراپ،

— ئەيىيا، ئەيىيا! بىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىمىز نېمىشقا بۇنى بايقىمىغاندۇ؟ — دەپ يەرنى تېپىپ سەكرەشكە باشلىدى ئۇزۇنتۇرا گۇندىپاي ۋە «ئەگەر بىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئەترىتىمىز بۇنى ۋاقتىدا بايقىغان بولسا، ئاللىقاچان بۇ بوغاز ئىنەكنى ئوپېراتسىيە قىلىپ تاشلىغان بولاتتى. بۇنىڭ قارنىدىكى كۈچۈكنى ئاللىقاچان ئىتقا يەم قىلىپ بەرگەن بولاتتۇق» دەپ، ھومايغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئايشەمگۈلنى ئىتتىرىشكە باشلىدى. ئۇزۇنتۇرا گۇندىپاينىڭ ئىتتىرىشى بىلەن ئايشەمگۈل ئالدىغا بىر قانچە قېتىم سەنتۈرۈلۈپ كەتتى - يۇ، ئەمما، قەددىنى رۇسلاپ يەنە تىك مېڭىشقا باشلىدى. ئارقىدىن پاكىنەك گۇندىپايمۇ يېتىشىپ كېلىپ ئايشەمگۈلنىڭ ئۇزۇن چېچىدىن تۇتۇپ سۆرىگەنچە كامېرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇزۇن تۇرا گۇندىپاي يېنىدىكى ئاچقۇچنى شاراقلىتىپ ئېلىپ ئىشىكنى ئاچتى - دە:

— كىر! كىر دەيمەن! بۈيەردىن سېنىڭ ئۆلۈكۈڭ چىقسا چىقىدۇكى، تىرىكىڭ چىقمايدۇ. كۈچۈكۈڭنى تۇغساڭ بەرىبىر ئىتقا

يـەم بولـدۇ! - دەپ ۋارقىرىغانچـە ئايشـەمگۈلنى كامېرغـا ئىتتىرىـپ كىرگۈزۈۋەتتـى. ئايشـەمگۈل سـەنتۈرۈلگىنىچە ئىشـىكتىن كىرىـپ، بىـر ياشـانغان مەھبۇسـنىڭ ئالدىدىـلا يەرگـە دۈم چۈشـتى.

ياشانغان ئايال مەھبۇس:

ــ كېلىـڭلار، كېلىـڭلار! يېڭـى ھەمراھىمىـز كەلـدى. ئۇنـى قانـداق كۈتۈۋېلىشـنى مەسلىھەتلىشـەيلى. ــ دەپ تۈرمىدىكـى باشـقا تۈرمىداشـلىرىنى چاقىرىشـقا باشـلىدى ۋە ئايشـەمگۈلنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

ــ هـوي! بۇنىـڭ قورسـىقى يوغانـلا تۇرىدىغـۇ؟ ــ دېـدى ئـەڭ ئالدىـدا يېتىـپ كەلگـەن بىـر مەھبـۇس ئۇنىڭغـا قـاراپ، ياشـانغان ئايـال بىـر نېمىنـى ئويلىغانـدەك ھاڭۋېقىـپ تـۇرۇپ قالـدى - دە:

ــ ئۇنـداق بولسـا ياخشـىغۇ، مـەن ئـۆزۈم تۇغـۇت ئانىسـى بولىمـەن.ــ دەپ ئايشـەمگۈلنىڭ قولىدىـن تۇتقانچـە ئېلىـپ كېلىـپ بىر بۇلۇڭغـا ئولتۇرغـۇزدى ۋە چۇۋۇلـۇپ كەتكـەن چاچلىرىنـى تۈزەشـتۈرگەچ، ئۇنىـڭ يۈزىگـە چۈشـكەن داغ پارچىلىرىغـا قـاراپ ۋە قورسـىقنى سـىلاپ كـۆرۈپ، شـۇنداق دېـدى:

ــ قىزىـم! سـېنىڭ تۇغۇتۇڭغـا نەچچە كۈنـلا ۋاقىـت قاپتـۇ، ئاللاھ سـېنى ئـۆز پاناھىـدا سـاقلىغاي! تىنىـچ - ئامـان يەڭگىشـكە نېسـىپ قىلغـاي! قورقمـا قىزىـم، ئـاۋۋال ئاللاھ، ئاندىـن مـەن بـار!

- مەنمـۇ بـار! ۋاي بىزمـۇ بـار! - دەپ باشـقا مەھبـۇس ئاياللارمـۇ ئايشـەمگۈلنىڭ يېنىغـا كېلىـپ، ئۇنىڭغـا تەسـەللى بېرىشـكە باشـلىدى. شـۇ ئەسـنادا تـاراق - تـۇرۇق قىلغـان ئـاۋاز بىلـەن كامېرنىـڭ ئىشـىكى ئېچىلىـپ، سـەمرىپ تىقىلىـپ كەتكـەن، ئوتتـۇرا بويلـۇق بىـر تۈرمـە ئەمەلـدارى ئىككـى گۇندىپاينىـڭ ھەمراھلىقىـدا بىر ئاق خـالات كىيگەن ئايـال دوختۇرنـى باشـلاپ كىـردى. ئايـال دوختـۇر بىـر قاراپـلا ئۆزىنىـڭ تەكشـۈرۈش نىشـانىنىڭ كىـم ئىكەنلىكىنـى بىلىۋالـدى بولغـاي: مـاۋۇ شـۇمۇ؟ ــ دەپ كۆرسـەتكۈچ بارمىقىنـى ئايشـەمگۈلگە قارىتىپ سـورىدى. ئايشـەمگۈلنى تۈرمىگـە ئېلىـپ كىرگـەن گۇندىپايـلار خـۇددى بىـر - بىـرى بىلـەن بىلەرمەنلىـك تالىشـىۋاتقاندەك تـەڭلا جـاۋاب بېرىشـتى:

ــ ھەئــە، مۇشــۇ ھاملــە جىنايەتچــى شــۇ، ئىتنىــڭ قانجۇقــى، ئۆلۈمتــۈك! ـ دېيىشــىپ، ئايشــەمگۈلنى ئاغزىنــى بــۇزۇپ تىلــلاپ، ئۇنىــڭ يېنىغــا مۇشــتلىرىنى دېۋەيلــەپ كېلىشــتى.

ــ نېــرى تــۇرۇڭلار! مــەن ئــاۋۋال تەكشۈرۈشــۈم كېــرەك. ئۇنىــڭ بوۋىقىنىــڭ ئوغــۇل ياكــى قىــز، چــوڭ ھــەم تىمــەن ياكــى ئاجىــز ئىكەنلىكىنــى باشــلىقتا دوكلات قىلىشــىم كېــرەك! ــ دېگەنچــە كېلىــپ، ئايشــەمگۈلنى دۇمبــالاش ئالدىــدا تۇرغــان گۇندىپايلارنــى ئىتتىرىۋەتتــى ــ دە، ئايشــەمگۈلگە يېقىــن كېلىــپ، بۇيــرۇق قىلــدى:

ــ قورســىقىڭنى ئــاچ، ئىككــى پۇتۇڭنــى كېرىــپ، شــۇك تــۇر! بولمىســا گۇناھىــڭ تېخىمــۇ ئېغىــرلاپ كېتىــدۇ ــ دە، ئــاۋۋال بــالاڭ، ئاندىــن ســەن ئۆلۈمگــە ھۆكــۈم قىلىنىســىلەر.

تۈرمــە دوختۇرىنىــڭ چىرايىدىكــى ياۋۇزلۇقنــى ســەزگەن قېــرى مەھبــۇس ئايــال، جىــم تۇرغــان ئايشــەمگۈلنىڭ يېنىغــا كېلىــپ، ئۇنــى يېتىلــەپ، ئولتۇرغــۇزۇش ئۈچــۈن ســۇپا تەرەپكــە ئېلىــپ ماڭماقچــى بولغــان ئىــدى، تۈرمــە دوختــۇرى چىراينــى پۈرۈشــتۈرۈپ، ۋارقىــراپ كەتتــى:

ــ توختــا! نەگــە ئاپىرىشىســەن بۇنــى؟ مــەن مۇشــۇنداق ئــۆرە تۇرغــۇزۇپ تەكشــۈرىمەن. بىــزدە جىنايەتچىلەرگــە رەھىــم ـ شــەپقەت يــوق! ســەن بۇنىڭغــا ياردەملەشمىســەڭمۇ بولىــدۇ. مەن ئــۆزۈم ھەممىنــى بېجىرەلەيمــەن! ــ دېگىنىچــە قېــرى مەھبــۇس ئايالنــى ئېغىزىنــى بــۇزۇپ تىلــلاپ كەتتــى ۋە ئايشــەمگۈلگە تەكــرار شــۇنداق دېــدى:

ــ جايىڭــدا جىــم تــۇر. قورســىقىڭنى ئــاچ! مــەن ســېنى ئوبــدان تەكشۈرمىســەم بولمايــدۇ. ئايشــەمگۈل بۇنىــڭ بىــر ياخشــىلىق ياكــى يامانلىقىنىــڭ ئالامىتــى ئىكەنلىكىنــى بىلەلمىــدى ۋە ھاڭۋاققانــدەك يەنــلا جىــم تــۇرۇپ قالــدى. بۇنــى كۆرگــەن دوختــۇر ئايــال يەنــە ۋارقىرىــدى:

ــ نېمىگــە قــاراپ تۇرىســەن، بولمامســەن، مېنــى ساقلىتىشــقا نېمــە ھەددىــڭ؟ ــ دەپ ئايشــەمگۈلنىڭ كۆزىگــە تىكىلىــپ قارىــدى ـ دە، تىتــرەپ كەتتــى، چۈنكــى ئايشــەمگۈلنىڭ كۆزىــدە غەزەپتىــن ئــوت

چاقناۋاتاتتى.

— نېمە؟ سەن قارشىلىق قىلماقچىمۇ؟ تەكشۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلماقچىمۇ؟

شۇندىلا ئايشەمگۈل زۇۋان سۈردى:

— سەن دوختۇر بولساڭ ئالدى بىلەن مېنىڭ ئىپپەت - نومۇسۇمنى قوغداش ھوقۇقۇمنىڭ بارلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يۈزى قېلىن ساقچىلارنى بۇ يەردىن چىقىرىۋېتىشىڭ كېرەك. ئاندىن قالسا مېنى باشقىلار كۆرمەيدىغان، توسۇلغان، كارىۋاتلىق يەردە دوختۇر ئەخلاقى بويىچە تەكشۈرۈشۈڭ كېرەك، بولمىسا سەن مېنى تەكشۈرمەن دەپ ئاۋارە بولما!

بۇنى ئاڭلىغان تۇرمە دوختۇرى تۇرمە باشلىقى ۋاڭغا قارىدى - دە، «قانداق قىلىمەن؟» دەپ سورىدى. تۇرمە باشلىقى ئۇنىڭغا: «ۋەزىپەڭنى ئۆزۈڭ ئورۇنلا!» - دەپ بۇيرۇق بەردى ۋە ئىككى گۇندىپاينى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

تۇرمە دوختۇرى ئايشەمگۈلنى سۇپىغا بېرىپ يېتىشقا بۇيرۇق قىلدى ۋە باشقىلارنى يېقىن كەلمەسلىك ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇپ، كارىۋاتتا ياتقان ئايشەمگۈلنى خېلى ئۇزاق تەكشۈردى - دە، بىر ۋاراق قەغەزگە تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى يېزىپ، سايمان ۋە ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خۇددى بىر ئىشتىن مەمنۇن بولغاندەك كۆز - قاشلىرىنى ئوينىتىپ قويۇپ، ھېچنېمە دېمەستىن چىقىپ كەتتى. تۇرمە دوختۇرى چىقىپ كېتىش بىلەن تەڭ باشقا ئاياللار ئايشەمگۈلنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى سىلىشىپ كېتىشتى ۋە «ئوغۇلمىدۇ - قىزمىدۇ؟ قانچىلىك ۋاقتى قالغاندۇ؟» دېيىشىپ كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى. قېرى مەھبۇس ئايال بولسا ئۆز تەجرىبىسى بويىچە ئاۋۋال ئىشىك يېنىغا بېرىپ، سىرتتىكى ئەھۋالنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشىككە قۇلىقىنى ياقتى - دە، ھېم يېپىشىپ سىرتتىكى پاراڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالدى. تۇرمە دوختۇرى تېخى ئۇزاقلاپ كەتمىگەن بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا ئۆزىنى

ساقلاۋاتقان تۇرمە باشلىقى بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى:

ــ ھە يەن دوختۇر، ئۇنىڭ قانچە كۈنلۈك ۋاقتى قالغاندەك؟ بوۋاقنىڭ ئوغۇل ياكى قىز ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىنمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ھىجىيىپ.

ــ تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن بىلىشىمچە، ئۇنىڭ تۇغۇت ۋاقتىغا بىر ھەپتە قالغاندەك تۇرىدۇ، بالىنىڭ يۈرىكىنىڭ كۈچلۈك ـ كۈچلۈك سوقۇشىدىن ئوغۇل بولىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

تۇرمە باشلىقىنىڭ يۈز تېرىسى بىر خىل چۈشىنىكسىز ھالەتتە كېڭىيىپ، كۆز جىيەكلىرىدىكى قورۇقلىرى تېخىمۇ يىغىلىپ كەتتى ۋە «پاھ، پاھ! ئاخىرى ئارزۇيۇمغا يېتىدىغان بولدۇم!» دەپ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ قويدى.

گۈندىپايلار ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك بىر ـ بىرسىگە قارىشىپ قالدى. تۇرمە دوختۇرى يەن بولسا بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ، تۇرمە باشلىقى ۋاڭغا يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

ــ سىزگە ئۇنىڭ بوۋىقىنىڭ تىرىكى لازىممۇ ياكى ئۆلۈكىمۇ زادى؟ بالا قىلىۋالماقچىمۇ ياكى ئۇنىڭ تېنىنى مەززە قىلىپ ھۇزۇرلانماقچىمۇ؟

ــ يەن دوختۇر سىز نېمە دېگەن سەزگۈر، مانا كۆڭلۈمدىكىنى تېپىۋالدىڭىز ئەمەسمۇ؟ ــ دەپ ھىجىيىپ تۇرۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ مەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بۇ ياۋايى مىللەت ئۇيغۇرنىڭ گۆشىنى خۇددى، ياۋايى ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېگەندەك مەززە قىلىپ يەپ باقماقچى، بۇنىڭغا سىزنىڭ ياردىمىڭىز كېرەك. سىز بوۋاق تۇغۇلۇشى بىلەنلا، ئۇنىڭ ئۇنى چىقىپ بولغىچە ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈك تۇغۇلدى دەپ مەلۇم قىلىسىز ـ دە، بالىنىڭ جەسىتىنى مىنىڭ مەززە قىلىشىم ئۈچۈن تاپشۇرىسىز. بۇ ۋەزىپىنى جان ـ جېنىڭىز بىلەن ئورۇندىشىڭىز كېرەك!

— بولىدۇ، ۋاقىت باشلىنىش! - دەپ ھىجايىدى يەن دوختۇر خۇشامەتچىلىك بىلەن ۋە پات يېقىندا مۇرادىڭىزغا يېتىسىز! - دەپ قوشۇپ قويىدى.

«ئاپلا، ئىش چاتاق» دەپ تولۇقۇتتى قېرى مەھبۇس ئايال يۇقىرىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكەن ھالدا.

— نېمە بولدى؟ نېمە؟ — دېيىشكىنىچە ئايال مەھبۇسلار قېرى مەھبۇس ئايالنى ئارىغا ئېلىۋالدى.

— ھېچنېمە! سىلەر بىلگۈدەك ئىش يوق، جايىڭلارغا كېتىشىڭلار.

— دەپ ئۇلارنى تارقىتىۋېتىپ، ئاستا ئايشەمگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ، بايام ئاڭلىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى پىچىرلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى ۋە:

— «قورقما قىزىم، مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن. ئۇلارنى بۇ رەزىل مەقسىتىگە يەتكۈزمەيمەن. ئاللاھ بىزگە ياردەم قىلىدۇ!» دەپ ئىچىدە دۇئا قىلدى. ئارقىدىن ئايشەمگۈلنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ، پىچىرلاپ قويدى - دە، خىيال سۈرگەندەك جىم بولۇپ قالدى.



جىرىڭ - جىرىڭ قىلغان قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدىن كېيىن، ئىشىكلەر ئېچىلىپ، مەھبۇسلارغا كەچلىك تاماق ئۈچۈن گۆشسىز ئېتىلگەن سۇيۇقئاشتىن بىر چىنىدىن تارقىتىلدى. ئايشەمگۈل تارقىتىلغان سۇيۇق ئاشنى قولىغا ئېلىپ، قاچىدىكى قۇرۇق كۆكتات شورپىسىنىڭ يۈزىدە لەيلەپ تۇرغان بىر نەچچە تال قۇشقاچ تىلى قىلىپ كېسىلگەن چۆپكە قاراپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، قېرى مەھبۇس ئايالدىن زۇۋان كەلدى:

— ئىچ بالام! بوۋىقىڭنىڭ ساق - سالامەت تۇغۇلۇشى ئۈچۈن ساڭا كۈچ لازىم. ھەممىنى ئىچكىن! بىر تال چۆپ، بىر تال كۆكتاتمۇ سېنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئوزۇقلۇقتۇر. سۈيىنى ئاشۇرۇپ قويماي ئىچكىن. شۇندىلا سەن ماغدۇرلىنىسەن، بوۋىقىڭمۇ ئوزۇقلىنىپ، تۇغۇتۇڭ ئاسانلىشىدۇ.

ئايشەمگۈل سۇيۇقئاشنىڭ چۆپىدىن - سۈيىگىچە ھەممىسىنى

پـاك - پاكىـز ئىچىۋەتتـى. باشـقا مەھبـۇس ئاياللارمـۇ ئاشـلىرىنى ئىچىـپ بولغـان بولـۇپ، قاچىلارنـى يۇيۇۋېتـىپ، بىـر بۇلۇڭغـا قويۇلغان شـىرەنىڭ ئۈسـتىگە دەسـتىلەپ تىزىـپ قويۇشـتى ۋە ئۆزئـارا پاراڭغـا چۈشـۈپ كېتىشـتى. تاغدىـن - باغدىـن قىلىنغـان بـۇ پـاراڭلار خېلـى ئۇزاققىچـە داۋاملاشـقاندىن كېيىـن ئۇخـلاش سـىگنالى چېلىنـدى.

ئايـال مەھبۇسـلار ئورۇنلىرىغـا بېرىـپ، كۇسۇرلاشـقان ھالـدا پـۇت - قوللىرىنـى سـوزۇپ يېتىشـقا باشـلىدى.

قېـرى مەھبـۇس ئايـال ئۇلارنـى بالـدۇرراق يېتىشـقا ئاگاھلانـدۇرۇپ قويـۇپ، ئايشـەمگۈلگە يېقىـن يەردىـن ئـورۇن ئېلىـپ ياتتـى. بىـر پـەس ۋاقىـت ئۆتكەندىـن كېيىـن باشـقا مەھبۇسـلار خـۇددى ئۆلۈكتـەك ئۇيقۇغـا كېتىشـتى. شـۇندىلا قېـرى مەھبـۇس ئايـال ئورنىدىـن تـۇرۇپ، ئايشـەمگۈلنى نوقـۇپ ئويغاتتـى. ئۇنىـڭ مەقسـىتىنى چۈشـەنگەن ئايشـەمگۈل دەرھـال ئورنىدىـن تـۇردى. قېـرى مەھبـۇس ئايـال ئاسـتا ئايشـەمگۈلنىڭ قولىدىـن تۇتـۇپ كامېردىكـى ئارىلىقـى تـۆت - بـەش مېتىـر كېلىدىغـان بـوش يـەردە ئايشـەمگۈلنى ئۇياقتىـن - بۇياققـا ئالاھـەزەل يېرىـم سائەت ماڭغـۇزدى. ئاندىـن ئولتۇرغـۇزۇپ قورسـىقىنى يۇقىرىدىـن تۆۋەنگـە بـوش سـىلاپ، ئىچىـدە ئايـەت ئوقـۇدى. بـۇ ئوخشـاش ھەرىكەتنـى يەنـە ئەتىگەنـدە مەھبۇسـلار ئورنىدىـن تۇرماسـتا تەكـرار قىلـدى. ئـۇلار بـەش - ئالتـە كۈنگىچـە مۇشـۇنداق داۋام قىلـدى. تۆرمـە دوختـۇرى يـەن مـۇ ھەركۈنـى دېگـۈدەك كىرىـپ، تەكشـۈرۈپ تـۇردى.

ئالتىنچـى كۈنـى ئاخشـىمى ئايشـەمگۈلنىڭ تولغىقـى تۇتـۇپ، قورسـىقى قاتتىـق ئاغرىشـقا باشـلىدى. ئايشـەمگۈل ئىڭـراي دېسـىمۇ تېشـىغا چىقىرالمايتتـى. چۈنكـى، كۆزەتچـى گۇندىپايلارنىـڭ بىلىـپ قېلىشـىدىن ساقلىنىشـى كېـرەك ئىـدى. بۇمـۇ ئەلۋەتتـە ياشـانغان ئايـال مەھبۇسـنىڭ ئەقلـى ئىـدى. ئـۇ پۈتـۈن ئەقلىنـى ئىشـقا سـېلىپ، ئايشـەمگۈلنىڭ سـاق - سـالامەت تۇغۇۋېلىشـىغا يـاردەم قىلىشـقا بـەل باغلىغـان ئىـدى. شـۇڭا ئـۇ ئايشـەمگۈلنىڭ يېنىدىن قەتئىـي ئايرىلمىدى

ۋە ئۇنىڭغا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرۇشنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭ قورسىقنى توختىماي سىلاپ، ئىچىدە دۇئا قىلاتتى. تاڭ سەھەرگىچە ئىككىسى ئۇخلىمىدى. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئايشەمگۈل بولالمايۋاتاتتى، قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. تولغاق يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىدى. ياشانغان ئايال ئايشەمگۈلنىڭ بېشىغا ئۆزىنىڭ ياستۇق - كۆرپىلىرىنى قويۇپ، بېشىنى ئېگىزلەتتى. ئىككى پۇتىنى كېرىپ، كىندىك قىسمىنى ئۇۋۇلاپ ئىچىدە دۇئا قىلدى. ئالاھەزەل بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بالا ھەمرىيى ساڭگىلاپ، بوۋاقنىڭ بېشى كۆرۈندى. ياشانغان ئايال ئۆز تەجرىبىسى بويىچە بوۋاقنىڭ بېشىدىن تۇتۇپ ئاستا - ئاستا تارتىپ بېرىۋىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، «ئىڭە - ئىڭە» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئايشەمگۈلنىڭ بوۋىقى ساق - سالامەت بۇ دۇنياغا كۆز ئاچتى. بوۋاق ئوغۇل بولۇپ، بېشىدىكى قويۇق چېچى، ئاپئاق تېرىسى، قاڭشارلىق بۇرۇنى ئايشەمگۈلنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى. چۈنكى، بوۋاق دادىسىغا قويۇپ قويغاندەكلا ئوخشايتتى. ياشانغان ئايالمۇ ئۆزىنىڭ غەلىبىسىدىن خۇشاللىنىپ كۆز يېشى تۆكتى. بۇ ۋاقىتتا ئالىقاچان تاڭ سۈزۈلۈپ بولغان ئىدى. قوڭغۇراق چېلىنىش بىلەن تەڭلا ھەممە مەھبۇسلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە ئايشەمگۈلنىڭ يېنىدا بىر بوۋاقنىڭ ياتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى ۋە بوۋاقنى قوللىرىغا ئېلىشىپ، سۆيۈشۈپ كېتىشتى. بەزىلىرى خۇشاللىقتىن كۈلۈپ - تۇۋۇلاپ كەتتى. بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلىغان گۇندىپايىلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئىشىكنى ئاچتى - دە، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئايشەمگۈلنىڭ يېنىدا بىر بوۋاق ياتاتتى. بىر گۇندىپاي ئايشەمگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بۇ بوۋاق قاچان تۇغۇلدى؟ قانداق تۇغۇلدى؟ — دەپ ۋارقىرىغاچ بوۋاقنى تارتىپ ئالماقچى بولدى. ئەمما، ياشانغان ئايال ۋە مەھبۇسلار ئۇنىڭ ئالدىنى توساپ ئالغىلى قويمىدى، جېدەل چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. بىر گۇندىپاي چىقىپ كېتىپ، ئۇزاق

قالماي تۇرمە باشلىقى ۋاڭ ۋە يەن دوختۇرنى باشلاپ كەلدى.

ــ ئەيىيا! ئەيىيا! بوۋاق تۇغۇلدىمۇ؟ ــ دەپ ھەييارلىق بىلەن ھجىيىپ قويدى ۋە يەن دوختۇرغا قاراپ بىر نىمىنى دەپ پىچىرلىۋىدى. يەن دوختۇر كىلىپ بوۋاقنى تەكشۈردى ۋە خاتىرە دەپتىرىگە بىر نىمىلەرنى يازدى. ئاندىن ھجىيىپ تۇرۇپ: ـ «ياخشى، ياخشى» دەپ ۋاڭغا قارىۋىدى. ۋاڭمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. يەن دەرھال بىر تال ئوكۇلنى چىقىرىپ، بوۋاققا ئۇرماقچى بولۇپ، ئايشەمگۈلنىڭ يىنىغا كەلدى. ئايشەمگۈل:

ــ ياق! ياق! ئوكۇل ئۇرماڭلار! ـ دەپ ۋارقىراپ بوۋىقىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، گۇندىپايلار بوۋاقنى تارتىۋىلىش ئۈچۈن سۇپا يىنىغا مىڭىشقان ئىدى. ئەمما ياشانغان ئايال ۋە باشقا مەھبۇسلارمۇ سۇپا ئالدىغا كىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. گۇندىپايلارمۇ مەھبۇسلارغا ھۇجۇم قىلالمىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ۋاڭ چىشىنى چىشلەپ: «يوقۇلۇش، يوقۇلۇش» دەپ ۋارقىرىغانچە كامىردىن گۇندىپايلارنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كىيىن تۇرمە باشلىقى ۋاڭ بىر قانچە قىتىم يەن دوختۇرنى گۇندىپايلار بىلەن بىللە كامىرغا ئەۋەتتى. ئەمما، ئايشەمگۈل ۋە مەھبۇسلارنىڭ قارشىلىق قىلىشى بىلەن بوۋاققا ئوكۇل ئۇرالمىدى. مەھبۇسلار ئارىسىدىكى ئۇزاق تالاش ـ تارتىشلاردىن كىيىن، ياشانغان ئايال بوۋاققا «ئۈمىد» دەپ ئىسىم قويۇپ بەردى. ئاخىرى بۇ ئىش يوغىناپ، تەپتىش ۋە سوت مەھكىمىسىگىچە كىڭىيىپ، ئايشەمگۈل ۋە بوۋاققا دىلو تۇرغۇزۇلۇپ سوت ئىچىلدى. قانۇن سياسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان خىتاي دۆلىتىدە ئادالەتلىك سوتنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. يىپىق ئىچىلغان، ئادۋوكاتمۇ تەكلىپ قىلىنمىغان بۇ ئادالەتسىز سوتتا شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىلدى: «جاۋابكار ئايشەمگۈل پىلانلىق تۇغۇت سياسىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، يوشۇرۇن ھالدا ئۈچىنچى پەرزەنت كۆرمەكچى بولغانلىقى ۋە تۇرمە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، تۇرمىدە

تۇغقانلىقى، شۇنىڭدەك تۆرمە باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن قارشىلىشىپ، توپلىشىپ جېدەل چىقارغانلىقى ئۈچۈن ئايشەمگۈل ۋە بالىسى ئۆمىدكە ئون بەش يىللىقتىن قاماق جازاسى بېرىلدى ۋە سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى، جازا دەرھال ئىجرا قىلىنسۇن».

## ئىسىم پاجىئەسى

ئەركىن سىدىق بۇ شەھەردىكى مەلۇم بىر ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپىدە ئىشلەيتتى. ئۇ ئىچكىرىدىكى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچە ۋە خىتايچە قوش تىلدا دەرس ئۆتەلەيتتى. خىزمەت ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئىنتايىن تىرىشچان ۋە ئەستايىدىل بولۇپ، خىزمەتداش ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئىنتايىن ياخشى ئۆتەتتى. ئۇنىڭ مىجەزى ئېغىر بېسىق بولۇپ، ئىنتايىن ئېھتىياتچان ئىدى. سىياسىي ۋە جەمئىيەت ئىشلىرى توغرىسىدا ئوچۇق ئاشكارا ئىپادە بىلدۈرمەيتتى. ھەتتا ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى توغرا - دۇرۇس ئىپادىلەشتىن قورقاتتى. ئۇ ئۇيغۇر - خىتاي مۇناسىۋىتىگە دائىر سۆز بولۇنغاندا، «بىز مىللىيلارمىز»دەپ، «ئۇيغۇر» دېگەن گەپنىمۇ ئېغىزىغا ئالالمايتتى. خىتاي خىزمەتداشلىرىنى كۆرگەن ھامان «يولداش ياخشىمۇ سىز؟» دېگەندەك گەپلەر بىلەن سالام قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئۇ مەكتەپ رەھبەرلىكى تەرىپىدىن بىر قانچە قېتىم «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈلگىسى» بولۇپ باھالاندى. ئۆزى ئانچە خالاپ كەتمىسىمۇ، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ زورلىشى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئىلتىماس يېزىپ، بىرىنچى قېتىمدىلا قوبۇل قىلىندى. شۇنداقلا ئۇ نۆۋەتتىكى مەكتەپ رەھبەرلىرىگە ئۆستۈرۈلىدىغان ياش كوممۇنىست تاياچلىرىدىن بولۇپ قالغان ئىدى.

ياز ئايلىرىنىڭ كىرىشى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى ئىدارە - جەمئىيەت، كان - كارخانا ۋە مەكتەپلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر دەم ئېلىش ۋە تەتىل ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە

چەتئەللەرگە گۈرۈپپا شەكلىدە ساياھەتكە بېرىش - كېلىش قىزىپ كەتتى. ئەركىن سىدىق ئىشلەۋاتقان تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىمۇ بىر قىسىم ئىلغار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ تايلاند، مالايشىيا، سىنگاپورلارغا ساياھەت گۇرۇپپىسى بولۇپ چىقىشنى پىلانلىدى. ئەركىن سىدىقمۇ بۇ گۇرۇپپىغا تاللانغان ئىدى. پاسپورتىمۇ گۇرۇپپا قاتارىدا بىر نەچچە كۈندىلا ئىشلىنىپ چىقتى. ئەركىن سىدىق بۇ خەۋەرنى ئائىلىسىگە يەتكۈزگەندە، ئايالى گۈلنار خۇشال بولۇپ ئۇنى تەبرىكلىدى ۋە ئۆزىمۇ بىللە بارغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئەركىن سىدىق بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ئايالىنىڭمۇ بىللە بارغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ ئىلتىماس قىلدى. ئەمما، ئىلتىماسى رەت قىلىندى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئايالى نان - توقاچ ۋە پېچىنە - پىرەنىك دېگەندەك نەرسىلەرنى پىشۇرۇپ تەييار قىلدى. ئىككى بالىسىغا ياخشى قارايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، ئېرىنى خاتىرجەم قىلدى.

ئەركىن سىدىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى» ساياھەت گۇرۇپپىسى يولغا چىقتى. ئۇلار ئۈرۈمچىدىن گۇاڭجۇغا ئۇچۇپ، ئاندىن ئايروپىلان ئالمىشىپ تايلاندنىڭ پايتەختى باڭكوك شەھىرىگە باردى. باڭكوكتا ئىككى كۈن ساياھەت قىلغاندىن كېيىن، مالايشىيا پايتەختى كۇئالالۇمپۇر ۋە باشقا بىر نەچچە ساياھەت شەھىرىنى زىيارەت قىلدى. ئاخىرىدا سىنگاپورغا كېلىپ يەنە ئىككى كۈن ساياھەتتە بولدى.

ئەركىن سىدىق كاپىتالىزم دۇنياسى يەنى ئەركىن دۇنياغا تۇنجى قېتىم چىققان بولغاچقا، ئۇ يەردىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئانچە چۈشەنمەيتتى. ئۇ يەرلەر ئۇنىڭغا شۇنداق تىنچ - بۇرۇقتۇرما، ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەنلا ئالدىراش يۈرىدىغان غەلىتە كۆرۈندى. چۈنكى، ئۇ يەرلەردە پەۋقۇلئاددە سايلام مەزگىلىدىن باشقا ۋاقىتلاردا داغدۇغىلىق سىياسىي تەشۋىقات ۋە چاقىرىقلار بولمايتتى. كوچىلاردىمۇ ساقچى - قاراۋۇللار تۈركۈملەپ توپ - توپ بولۇپ

يۇرۇشــمەيتتى. پەقــەت ئانــدا - ســاندا ســاقچى ماشــىنىلىرى يوللــاردا ئۇچــراپ قالاتتــى. ھەممــە ئــادەم ئــۆز ئىشــى بىلەنــلا مەشــغۇل بولــۇپ، بىــر بىرىدىــن ئەدەپلىــك ئىــدى. ئــۆز - ئــارا ئەپــۇ ســوراش ئــۇ يــەردە ئومۇمىــي ئادەتكــە ئايلانغانــدى. بىــر كىــم بىلــەن يەنــە بىــر كىمنىــڭ ئــۇرۇش جېــدەل قىلغىنىنــى ۋە ئــۆز - ئــارا كەمسىتىلىشــلەرنى كۆرگىلــى بولمايتتــى. كىــم نېمىنــى خالىســا شــۇنى قىلالايتتــى. يۇقــرالار ئــەڭ يۇقــرى دەرىجىدىكــى ئىبــادەت ئەركىنلىكىگــە ئىگــە بولــۇپ، دىنــى - ئېتىقــاد چەكلىمىســى يــوق ئىــدى. باغچكــوك كوچىلىرىــدا تــوپ - تــوپ يۇرۇشــكەن بــۇددا مۇرىتلىــرى ئۇنــى ھەيــران قالــدۇردى. ھەيۋەتلىــك بــۇددا ئىبادەتخانىلىــرى ھــەر دوقمۇشــتا ئۇچرايتتــى. بــەزى يەرلــەردە مەسچىتلەرمۇ كۆزگــە چېلىقاتتــى ۋە ئۇنلــۇك تووۋلانغــان ئــەززان ئــاۋازى ئاڭلىناتتــى.

مالايشــياغا كەلگەنــدە ئــۇ تېخىمــۇ ھەيرانلىققا تولــدى. دوقمــۇش - دوقمۇشــلاردا مەســچىت - خانىقــالار ئېگىــز - ئېگىــز مۇنارلىــرى بىلــەن كۆزنــى قاماشــتۇراتتى. ئــەزان يۇقــرى ئاۋازلىــق كانايــدا تووۋلىناتتــى. رەتلىــك، پاكىــزە كىيىنگــەن قىــز - يىگىتلــەر مەســچىتلەرگە ئەركىــن - ئــازادە كىرىــپ چىقىۋاتاتتــى. يوللــاردا ھەممــە ئــادەم بىــر - بىرىگــە ســالام - سـائەت قىلىشــاتتى. كوچىــلار شــۇ قــەدەر رەتلىــك ۋە پاكىــزە ئىدىكــى، ئادەملــەر كوچىلارغــا قالايمىقــان ئەخلــەت تاشــلىمايتتى ۋە تۈكۈرمەيتتــى. بولۇپمــۇ ســاياھەتچىلەرگە بەكمــۇ ھۆرمــەت كۆرســىتىشــەتتى. ئەركىــن ســىدىق مەســچىتلەردىن بىرىنىــڭ ئىچىگــە كىرىــپ كــۆرۈپ بېقىشــنى ئويلىدىيــۇ، ئەممــا جۈرئــەت قىلالمىــدى. ئــۇ ئــۆز ئالدىغــا ھەرىكــەت قىلالمايتتــى. گــۇرۇپپــا باشــلىقى ئۇنىــڭ ئايرىــم ھەرىكــەت قىلىشــىغا رۇخســەت قىلمايتتــى. ئۇنىــڭ چىرايــى خىتايلارغــا بــەك ئوخشــاپ كەتمەيتتــى. ئــۇ، ئــاق يۈزلــۈك، قاراقــاش، بوتــا كــۆز ۋە ســاقاللىق بولغاچقا، بەزىــدە مالايشــيالىقلار ئۇنىڭغــا «ئەسســالامۇ ئەلەيكــۇم»دەپ ســالام قىلــدى. ئــۇ «ۋەئەلەيكــۇم ئەسســالام» دېيەلمىــدى. ئەممــا ئــۇ ئىچىــدە «مەنمــۇ بىــر مۇســۇلمان، ســىلەر بىلــەن قېرىنــداش، ســىلەرنى

بىەك ھۆرمەتلەيمەن، سىلەر بىلەن پاراڭلىششىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەپسۇس، شارائىتىم يار بەرمەيدۇ» دەپ ئويلىدى.

ئۇلار ئاخىرقى ساياھەت بېكىتى بولغان سىنگاپورغا كەلدى. ئاسىيادىكى تۆت كىچىك ئەجدەرھا دەپ ئاتالغان سىنگاپور ئاجايىپ تەرەققىي قىلغان شەھەر دۆلىتى بولۇپ، غەرب كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ كىچىك بىر ئۆرنىكى ئىدى. ئەمما، ئۇ يەردە ئاسىيالىقلار ياشايتتى. ئاھالىلەرنىڭ توقسان پىرسەنتتىن كۆپرەك قىسمى خىتاي نەسلىدىن كەلگەنلەر بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى «خىتاي» دەپ ئاتىمايتتى. تىلىمۇ خىتايچىغا ئانچە بەك ئوخشاپ كەتمەيتتى. ئۇ يەرنىڭ ئەسلى يەرلىك ئاھالىسى بولغان مالايلار بولسا، مالاي ۋە ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشەتتى. ئىنگلىز تىلى بۇ دۆلەتنىڭ ئورتاق ئىشلىتىدىغان دۆلەت تىلى بولۇپ قالغانىدى.

سىنگاپورنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى پۈتۈنلەي غەربچە بولۇپ، كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، قاينام ـ تاشقىنلىق بازار ۋە سودا مۇھىتى شەكىللەنگەن ئىدى. بازارلار ۋە سودا سارايلار كۆزنى قاماشتۇراتتى. سىنگاپورلۇقلار پۈتۈن دۇنيا بىلەن سودا قىلاتتى. ھاۋا، سۇ، دېڭىز قاتناش يوللىرى پۈتۈن دۇنيا بىلەن تورلىشىپ كەتكەن ئىدى. شەھەر قاتنىشىمۇ شۇنداق راۋان بولۇپ، مېترو، يەر ئاستى پويىز يولى ۋە ئاپتوبۇسلار ئۆمۈچۈك توردەك شەھەرنىڭ ھەر يېرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، قاتناش قىستاڭچىلىقى ئاساسەن يوق ئىدى.

ئەركىن سىدىق گۇرۇپپىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە شەھەرنىڭ داڭلىق ساياھەت مەركەزلىرىنى ساياھەت قىلدى. دېڭىز بويلىرىغا بېرىپ، قۇملۇق ساھىللاردا يالاڭ ئاياق قۇم دەسسەپ مېڭىپ باقتى. سىنگاپورنىڭ دېڭىز قىرغىقى ئىنتايىن كەڭ كەتكەن بولۇپ، دېڭىز سۈيى زۇمرەتتەك يېشىل ۋە پاكىز ئىدى. دېڭىز سۈيىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر سۇغا چۆمۈلەتتى. ھەر خىل مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ مەنزىرىلەرگە ھەيران

قالغان ئەركىن سىدىق «پاھ! نېمە دېگەن كەڭرى دېڭىز، نېمە دېگەن سۈزۈك سۇلار بۇ؟ بىزنىڭ يۇرتىمىزدىمۇ دېڭىز بولغان بولسا، مەنمۇ ھەر كۈنى بالىلىرىمنى ئېلىپ سۇغا چۆمۈلدۈرگەن بولاتتىم. بالىلىرىمنى سۇ ئۈزۈشتە تەربىيەلىسەم، ئۇلار سۇ ئۈزۈش ماھىرلىرى بولۇپ يېتىشىپ، دۇنياۋى مۇسابىقىگە قاتناشقان بولسا چېمپىيون بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا شان - شەرەپ كەلتۈرگەن بولار ئىدى» - دەپ ئويلىدى.

ساياھەتنىڭ ئاخىرقى كۈنى بولۇپ قالغان ئىدى. ئەركىن سىدىق ئىككى - ئۈچ كىشىدىن، كىچىك - كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، سودا قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى. ئۇ ئايالى ۋە بالىلىرىغا كىيىم - كېچەك، ئويۇنچۇق دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋالدى. بىر تور دۇكىنىغا كىرىپ، ئايالىغا تېلېفون قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىدىغانلىقىنى، ئۇنى ئىنتايىن سېغىنغانلىقىنى، بالىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارغا نۇرغۇن سوۋغا - سالام ئالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى. ئەمما ئۇ، ئۆزىنىڭ قايتىشىدا بىر پېشكەللىككە ئۇچرايدىغانلىقىنى ھېچ ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

سىنگاپوردىن ئۇچقان ئايروپىلان بېيجىڭ ئايرودۇرۇمغا قوندى. گۇرۇپپىدىكىلەر بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈشكە كىرەك ئىدى. گۇرۇپپىدىكى خىتايلار تەكشۈرۈشتىن ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىشتى. نۆۋەت ئەركىن سىدىققا كەلگەندە تەكشۈرۈش خادىمى ئۇنىڭ پاسپورتىغا ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ، ۋاراقلىرىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقتى. ئاندىن پاسپورتتىكى رەسىم بىلەن ئەركىن سىدىقنىڭ چىرايىغا قايتا - قايتا قاراپ سېلىشتۇرۇپ چىقتى ۋە ئەركىن سىدىققا قاراپ:

— سەن «جۇڭگولۇق» مۇ؟ — دەپ سورىدى. ئەركىن سىدىق بۇ سوئالغا ھەيران قېلىپ:

— ھەئە، مەن «شىنجاڭدىن، مىللىي يەنى مىللىتىم ئۇيغۇر» -

دەپ جاۋاب بەردى. تەكشۈرگۈچى خادىم يەنە ئۇنىڭدىن:
— «سەن ئامېرىكىغا بارغانمۇ؟» - دەپ سورىدى. ئەركىن سىدىق:
— ياق، مېنىڭ بۇ تۇنجى قېتىم چەتئەلگە چىقىشىم - دەپ جاۋاب بەردى. تەكشۈرگۈچى ساقچى پاسپورتقا ۋە ئەركىن سىدىققا يەنە بىر قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن:
— سەن بۇ يەردە ساقلاپ تۇر! مەن سېنى باشلىققا مەلۇم قىلىشىم كېرەك! - دەپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن تولۇق قورۇلغان ئىككى ساقچى بىلەن بىر قاسقان شەپكىلىك، پاكىنەك خىتاينى باشلاپ كەلدى. پاكىنەك خىتاي ئۇلارنىڭ باشلىقى بولسا كېرەك، ئىنتايىن تەكەببۇر كۆرۈنەتتى. ئۇ پاسپورتقا ۋە ئەركىن سىدىققا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:
— سېنىڭ ئىسمىڭ ئەركىن سىدىقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ ئىسمىنى خىتايچە ئاتاپ.
— ھەئە، مېنىڭ ئىسمىم ئەركىن سىدىق. — دەپ تەستىقلىدى ئۇمۇ خىتايچە.
— ئۇنداقتا سەن قولغا ئېلىندىڭ! ئېلىپ مېڭىڭلار! - دەپ يېنىدىكى ئىككى ساقچىغا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇئان ئىككى ساقچى كېلىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ قولغا كويزا سالدى ۋە»ماڭ«دەپ ئىتتىردى. ئەركىن سىدىق:
— مېنى نېمىشقا تۇتىسىلەر؟ مەن نېمە خاتالىق ئۆتكۈزدۈم؟
— دەپ سوئال قويىدى چىرايى ئۆڭسۈلى بولغان ھالدا. ئۇنىڭغىچە گورۇپپا باشلىقى خىتاي كېلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى پاكىنەك خىتايدىن سورىدى. پاكىنەك خىتاي:
— سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما! ئۇ ئامېرىكىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. بىز ئۇنى تەكشۈرىمىز. ئۇنىڭ سىلەر بىلەن بىللە كېتىشىگە رۇخسەت يوق! سىلەر كېتىۋېرىڭلار! - دەپ قوپاللىق بىلەن ئۇنىمۇ سىلكىۋەتتى.

ساقچىلار ئەركىن سىدىقنى ئىتتىرىپ ھەيدىگەنچە تەكشۈرۈش پونكىتىدىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان جايدىكى بىر بىنانىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ، يەر ئاستىغا ئېلىپ چۈشۈپ بىر كامېرغا سولىدى ـ دە، بىر قاپقارا تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، پۇت ـ قولىنى ئورۇندۇققا چېتىپ باغلاپ، سوراقنى باشلىدى:

ــ ھە، قېنى ئېيتە! ئامېرىكىدا نېمە ئىش قىلدىڭ؟ قايسى بۆلگۈنچى تەشكىلاتقا قاتناشتىڭ؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى سوراقچىلاردىن بىرسى.

ــ مەن ئامېرىكىغا بېرىپ باقمىدىم. ھېچقانداق تەشكىلاتلارغا قاتناشمىدىم. مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى جۇڭگودىن باشقا يەرگە چىقىپ باقمىغان. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم چەتئەلگە چىقىشىم ـ دېدى ئەركىن سىدىق تېڭىرقاش ئىچىدە.

ــ يالغان سۆزلەۋاتىسەن! بىزگە كەلگەن تۇتۇش بۇيرۇقىدا: «ئەركىن سىدىق ئامېرىكا ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ. چەتئەلدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرى. ئۇ «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»، «ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى» قاتارلىق غوللۇق تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا قاتناشقان» دېيىلگەن.

ــ ياق، ئۇنداق ئەمەس! سىلەر دېگەن ئەركىن سىدىق باشقا بىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن! مەن ئامېرىكىغا زادىلا بېرىپ باقمىغان. تەشكىلات، يىغىن دېگەنلەرگىمۇ قاتنىشىپ باقمىدىم. مەن شىنجاڭدىلا خىزمەت قىلغان.

ــ يالغان سۆزلەۋاتىسەن! سەن ئامېرىكىدىكى ئەركىن سىدىق بىلەن بىر تۇغقان بولۇشۇڭ مۇمكىن! بولمىسا سېنىڭ ئىسمىڭ نېمىشقا ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ؟

ــ ياق، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر تۇغقان ئەمەس! بىز ئۇيغۇرلاردا ئىسمى ئوخشايدىغان ئادەملەر ئىنتايىن كۆپ، مەن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان ھەم تونۇمايمەن.

ــ يالغان سۆزلەۋاتىسەن! سەندەك ياۋايى مىللەتتىن كېلىپ

چىققان ئادەملەرگە زادىلا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

ــ ئىشەنمىسەڭلار مەن ئىشلىگەن مەكتەپ رەھبەرلىرى ياكى پارتكومدىن سوراپ سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭلار! مەن ئۇ يەردە ئىلغار خىزمەتچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى ھەم كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى ئىدىم.

ــ يالغان سۆزلەۋاتىمەن! سەن قايسى مىللەت بىلەن ئىتتىپاق بولغان بولساڭ بول، ئۇ بىزگە كېرەك ئەمەس! بىزنىڭ ئىتتىپاقلىققا ئېھتىياجىمىز يوق. سەن بىزنىڭ پارتىيەمىزگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بولۇشۇڭ مۇمكىن. سەندەك ياۋايى مىللەتتىن بولغان ئادەم قانداقمۇ كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەزا بولالايسەن؟ كوممۇنىستىك پارتىيە دېگەن ـ بىز مەدەنىيەتلىك خەنزۇ خەلقىنىڭ پارتىيەسى. سېنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەزا بولغانلىقىڭ، ئۇنىڭ ئابرۇيىغا قىلىنغان ھاقارەتتۇر. شىنجاڭ دېگەن يەرگە نېمانداق ھاماقەت خەنزۇلار بېرىپ قالغاندۇ؟ ئەگەر بىزدەك ئىلغار، ھەقىقىي پارتىيە ئەزالىرى بولغان خەنزۇلار بېرىپ قالغان بولساق، سەندەك ياۋايىلارنى ھەرگىزمۇ پارتىيەگە قوبۇل قىلمايتتۇق ، خىزمەتمۇ بەرمەيتتۇق، پەقەت قول ۋە چاكار قىلىپ ئىشلىتەتتۇق ـ دەپ بىر ھازا تەھدىت ۋە تەنبىھ قىلغاندىن كېيىن سورىقىنى داۋام قىلدى:

ــ قېنى ئېيتە! بۇ قېتىم نەلەرگە باردىڭ؟ كىملەر بىلەن كۆرۈشتۈڭ؟ دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلاپ كىملەرگە ساتتىڭ؟

ــ مەن مەكتەپنىڭ تەشكىللىشى بىلەن تايلاند، مالايشىيا ، سىنگاپور قاتارلىق ئۈچ دۆلەتكە باردىم. مەن ئۇ يەردە ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدىم. دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ساتمىدىم. مەن ساتقۇن ئەمەس!

ــ ھىم، يالغان سۆزلەۋاتىسەن! ساتقۇن بولمىساڭ، ساياھەت گۇرۇپپىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ چەتئەلگە چىقامتىڭ؟ بىز بىلىمىز! سېنىڭ مەقسىتىڭ بولسا، دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى سېتىپ، چەتئەلگە ئاخبارات يەتكۈزۈش.

– ياق، ياق! مەن چەتئەلگە ھېچقانداق ئاخبارات يەتكۈزمىدىم. ساتقۇنلۇق قىلمىدىم. ماڭا تۆھمەت چاپلىماڭلار! مەن ھېچ قانداق يالغان سۆزلىمىدىم.

– ھىم، يالغان سۆزلەۋاتىسەن! ئىقرار قىل! بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىتىدە ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ. قارشىلىق قىلغانلار ئېغىر جازالىنىدۇ.

– نېمىنى ئىقرار قىلىمەن؟ مەن چەتئەلگە پەقەت ساياھەت ئۈچۈن باردىم. سىلەرگە ساتقۇنلۇق قىلىدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم.

– ھىم، يالغان سۆزلەۋاتىسەن! سەن ياخشىلىقچە ئىقرار قىلمىساڭ، بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىز سېنى ئىقرار قىلدۇرالايدۇ:

– قېنى بۇنىڭغا پارتىيەمىزنىڭ جازا قوراللىرىنىڭ تەمىنى تېتىپ قويۇڭلار! - دەپ، يېنىدىكى چوماقچىلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىككى چوماقچى خۇددى جاللاتلاردەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ يۈز - كۆزى، مەيدە - قورساقلىرىغا كالتەك بىلەن ئۇرۇپ، بېقىنىغا كۆچەپ تېپىپ، ئاغزى - بۇرنىدىن قان چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ يالۋۇرۇپ، نالە قىلىشلارغا قۇلاق سالمىدى. ئاخىرى ئۇ ھوشىدىن كەتكەندە توختاپ، ئۇنىڭغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ چېچىپ، ھوشىغا كەلتۈرۈپ داۋاملىق ئۇردى، تەپتى. ئەركىن سىدىق يەنە ھوشىدىن كەتتى.

جاللاتلار ئەمدى ھېرىپ قالدى بولغاي، بىردەم توختاپ ئۆز - ئارا كۇسۇرلاشتى. پاكىنەك ساقچى نەلەرگىدۇر بىر يەرگە تېلېفون قىلىۋىدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاق خالات كىيگەن ئىككى نەپەر دوختۇر سىياقىدىكى ساقچى كېلىپ، پاكىنەك ساقچى بىلەن بىردەم كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن، كىرىپ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن سومكىلىرىدىن دورا، ئوكۇل دېگەندەك نەرسىلەرنى چىقىرىپ، ھوشسىز ياتقان ئەركىن سىدىقنى تارتىشتۇرۇپ، ئۈستىدىكى كىيىملەرنى سالدۇرۇشتى ۋە ئاۋۋال ئۇنىڭ يۈرەك ھەرىكىتىنى

ئۆلچەپ، ئۇنىڭ ھايات ئىككەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن ئاغزىنى ئېچىپ، نامەلۇم بىر تال دورىنى قولى بىلەن گېلىغا تىقىپ يېگۈزۈۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلىكىنى قايرىپ ئېچىپ، نامەلۇم بىر خىل سۇيۇقلۇقنى ئوكۇل قىلىپ ئۇردى ۋە بىردەم ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىش ئالامىتىگە قاراپ تۇرۇپ، ئۆز ـ ئارا كۇسۇرلىشىپ بىر نېمە دېيىشكەندىن كېيىن چىقىپ كېتىشتى.

سوراقچىلار ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە كېلىشتى. يەنە سوراق داۋام قىلدى. ئۇلارنىڭ سورايدىغىنى ئوخشاشلا بىر سوئال ئىدى: «چەتئەلگە نېمىلەرنى ساتتىڭ؟ قانداق ئاخباراتلارنى يەتكۈزدۈڭ» دېگەننى تەكرار سوراۋېرەتتى. ئەمما، ئەركىن سىدىق ئەتىسىدىن باشلاپ نېرۋىسىدىن كەتكەن ئادەمدەك مەستخۇش بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇڭ ـ تەتۈر سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ساقچىلار سورىغان سوئالغا ئاۋۋال:»مەن ساتتىم«دەپ، كەينىدىن:»ياق، مەن ئالدىم» دەپ جاۋاب بەردى. ساقچىلارغا»نېمە ئالدىڭ؟«دېگەندە، ئۇ سومكىسىنى كۆرسەتتى. ساقچىلار ئۇنىڭ سومكىسىنى ئاختۇرۇۋىدى. ئەمما، ئۇنىڭ سومكىسىدىن باللارغا ئالغان كىيىم كېچەك ۋە ئويۇنچۇقتىن باشقا نەرسە چىقمىدى. سوراقچىلار بۇنىڭدىن تېرىكىپ كېتىپ، ئۇنى يەنە ئۇردى ـ تەپتى. ھوشىدىن كەتسە سوغۇق سۇ چېچىپ يەنە ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇرۇپ يەنە ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. ئاخىرىدا دوختۇر ساقچىلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا يەنە دورا يېگۈزدى ۋە نامەلۇم بىر خىل سۇيۇقلۇقنى ئوكۇل قىلىپ ئۇردى. بۇ جەريان ئۇدا تۆت كۈن داۋام قىلدى. تۆتىنچى كۈنگە كەلگەندە، ئەركىن سىدىق رەسمىي نېرۋىسىدىن كەتتى. ئۇ ساقچىلار سوئال سورىسا، ئوخشاشلا: بىر دەم «ئالدىم«، بىر دەمدە»ساتتىم» دەپ جاۋاب بېرەتتى. ساقچىلار ئۇرسا ئاۋۋال ۋارقىراپ كەينىدىن يىغلىدى. يىغلاپ بولۇپ، كەينىدىن كۈلدى. ئەمدى جاللات ساقچىلار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ساقچىلار پاكىنەك ساقچىغا تېلېفون قىلدى. ھايال ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بىلەن

بىر نەچچە دوختۇر ساقچىلار يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يۈرەك قان تومۇرلىرىنى ئۆلچەپ كۆردى. كۆز قارىچۇقىنى ئېچىپ قاراپ باقتى. ئاخىردا سوئال سوراپ بېقىشتى، ئەركىن سىدىق سوئاللارغا يەنە ئوخشاشلا قالايمىقان جاۋاب بەردى:

— چەتئەلگە نېمە ساتتىڭ؟

— ياق! ساتمىدىم، ئالدىم - دېدى.

— نېمە ئالدىڭ؟

— ياق! ئالمىدىم، ساتتىم - دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان دوختۇر ساقچىلار بېشىنى چايقاپ: «ئۇ نېرۋىسىدىن كېتىپتۇ، قايتا سوراق قىلىپ ئاۋارە بولماڭلار» - دەپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار نە دىياگنوز قويۇشمىدى. نە تەكشۈرۈش خاتىرىسى يېزىشمىدى.

ئەركىن سىدىق تۇتقۇن قىلىنىپ، 5 - كۈنى بولغاندا بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلان بىلەن بىلەن ئىككى ساقچىنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن يولغا سېلىندى. ئايروپىلان ئۈرۈمچىگە چۈشكەندىن كېيىن، ياللانما ساقچىلار ئەركىن سىدىقنى ئۈرۈمچى ساقچى دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ، ئەركىن سىدىقنىڭ گۇناھسىزلىقىنى، شۇڭا ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بەرسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىپ كەتتى. تاپشۇرۇۋالغان ساقچىلار ئەركىن سىدىقنى ماشىنىسىغا بېسىپ، ئۇ ئولتۇرۇشلۇق ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كېلىپ، ئۆينىڭ قوڭغۇرىقىنى چالدى. ئۇنىڭ ئايالى چىققاندىن كېيىن:«يولدىشىڭىز كەلدى» دېگەندىن باشقا ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلماي كېتىپ قالدى.

ئەركىن سىدىقنىڭ ئايالى ئېرىنى كۆرۈپ تونۇمايلا قالدى. ئۇ ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بولۇپ، يۈز - كۆزلىرى تاياق زەربىسىدىن ئىششىپ كەتكەن ئىدى. ئەركىن سىدىق ئىشىك ئالدىدا جىممىدە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق روھىي ئىپادىنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ خۇددى

بىر مۇردىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئايالى:
— ھەي، ئەركىن! نېمە بولدىڭىز؟ يۇرۇڭ! ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، ئۆز ئۆيىڭىزگە كەلدىڭىز! - دېدى. ئۇ يەنىلا بۇتتەك جىم تۇراتتى. ئايالى كېلىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تارتتى. شۇندىلا ئەركىن سىدىق زۇۋانغا كېلىپ:
— «سىز كىم؟نېمىشقا ماڭا چېقىلىسىز؟ مەن ھېچنېمىنى ساتمىدىم» دېدى. ئايالى: -
«ھەي، ئەركىن! نېمە دەۋاتىسىز؟ مەن ئايالىڭىز گۈلنار بولىمەن. مېنى تونۇمايۋاتامسىز؟«- دېدى ھېچنېمىنى چۈشەنمەي گاڭگىراپ،
— ھۇي، مەن سىزنى قانداق توناي؟ نېمە دېسىڭىز مەيلى! ئەمما، مەن ھېچقانداق نەرسە ساتمىدىم - دېدى ئۇ غەلىتە قاراپ،
— ھەي، ئەركىن! بۇ نېمە ئىش؟ سىزنىڭ كالىڭىزغا نېمە بولدى؟ ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن؟ — دەپ يىغلىغانچە ئىشىكنى ئېچىپ، — ئۆيگە كىرىڭ! - دېۋىدى.
— بۇ قەيەر؟ نېمىشقا مېنى بۇ يەرگە ئەكىرىسىز؟ يەنە مېنى ئۇرماقچىمۇ؟ مەن ھېچنېمە ساتمىغان تۇرسام؟ — دېدى ئۇ ۋە بۇتتەك قاراپ جىم تۇراتتى.
— دادا، دادا بىزگە نېمە ئەكەلدىڭىز؟ — دەپ ئۇنىڭ ئىككى بالىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېسىلدى. ئۇ ئۆز بالىلىرىدىن قورققاندەك قېچىپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى ۋە قولىنى كۆتۈرۈپ، يۈزىنى توسقاندەك قىلىپ: «مېنى ئۇرماڭلار، مېنى ئۇرماڭلار، مەن ھېچنېمىنى ساتمىدىم» - دېدى.
— دادا، دادا بىز سىزنى ئۇرمايمىز، بىز سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز! بىز سىزنى ئىنتايىن بەك سېغىندۇق - دېدى بالىلار ھېچنېمىنى چۈشەنمەي. ئەمما، ئۇ خۇددى قارشى تەرەپتىكى تامغا قارىغاندەك غەلىتە قاراپ:
— «مېنى ئۇرماڭلار! مېنى ئۇرماڭلار! مەن ھېچ نېمىنى ساتمىدىم» - دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. گۈلنار ساپادا ئولتۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

نارەسىدىلەرمۇ ئەمدى بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ، ئاپىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ:
– ئاپا، ئاپا، دادامغا نېمە بولۇپتۇ؟ نېمشقا بىزدىن قورقۇپ قاچىدۇ؟
– دەپ سورىدى.
گۈلنار ئاران تەستە كۆز يېشىنى توختىتىپ:
– بالىلىرىم! داداڭلار ئاغرىپ قاپتۇ، سىلەر ئۆيۈڭلارغا كىرىپ ئۆگىنىش قىلىڭلار! - دەپ بالىلىرىنى ياتاق ئۆيگە كىرگۈزىۋېتىپ، چۈشتە ئەتكەن، ئېشىپ قالغان تاماقنى ئىسسىتىپ، ئېرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ بەردى. ئەركىن سىدىق تاماقنى خۇددى نەچچە كۈن ئاچ قالغان ئادەمدەك شالاپلاپ بىردەمدىلا يەپ بولدى. قويۇپ بەرگەن بىر ئىستاكان سۇنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. ئەمما ئۇ، بۇرۇنقىدەك ئايالىغا دېيىدىغان: «رەھمەت، تامىقىڭىز بەك ئوخشاپتۇ! ئەتە نېمە تاماق قىلىسىز؟» دېگەن تەكەللۇپ سۆزلەرنى دېمەستىن تامغا قاراپلا ئولتۇراتتى.
گۈلنار ئۆزىنى ئاران تەستە تۇتۇۋېلىپ ئۆيدىن چىقتى - دە، ئىلگىرى ئەركىن سىدىق بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان خىزمەتدىشى ئېزىزجاننىڭ ئىشىكنى قېقىپ، ئۇلارغا بولغان ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئېزىزجان:
– گۈلنار سىز ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇڭ - دەپ، گۈلنارنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىپ، مەكتەپنىڭ بىرىنچى مۇدىرى بولغان خىتاي جاڭ ۋە مۇئاۋىن باشلىقى بولغان ئۇيغۇر مەمەت روزى دېگەن ئىككىسىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئەركىننىڭ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. خىتاي باشلىق بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ، خۇپسەنلىك بىلەن گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالدى. ئۇيغۇر باشلىق ئېغىز ئېچىپ:
– ئەركىن نېمە بولدىڭىز؟ ئەھۋالىڭىز قانداق؟ سىزگە نېمە بولدى؟

— دەپ سورىدى. ئەركىن سىدىق ئۇلارغا قارىماستىن، قورققان ھالدا تامغا قاراپ:«مەن ھېچنېمىنى ساتمىدىم، مېنى ئۇرماڭلار! مېنى ئۇرماڭلار!» ـ دەپ، غەلىتە جاۋاب بېرىۋاتاتتى. ئېزىزجان گەپ قىلىسىمۇ يەنە ئوخشاش جاۋاب بەردى. ئەمدى بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك قىلغان مەكتەپ مۇئاۋىن مۇدىرى گۈلنارغا بىر مۇنچە تەسەللىي بېرىپ، بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرىدىغانلىقىنى، دوختۇر چاقىرتىپ، تەكشۈرتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ئىككىنچى دوختۇرخانىدىن ئۆزى تونۇيدىغان بىر دوختۇرنى چاقىرتىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيىگە كەلدى. دوختۇر ئەركىن سىدىقنىڭ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ تەئەججۈپلەندى ـ يۇ، ئەمما دوختۇرلۇق بۇرچىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ يۈرەك، قان بېسىمى، دۈمبىسى ۋە مەيدىسى قاتارلىق يەرلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئاخىرىدا ئۇنى گەپ قىلدۇرۇپ سىناپ باقماقچى بولۇپ:

— سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى. ئەركىن سىدىق يەنىلا ئۇ ئادەمگە قارىماستىن:

— «مەن ھېچنېمىنى ساتمىدىم. مەن ماۋۇنى ئالدىم» ـ دەپ، قولىنى ئويۇنچۇقنىڭ شەكلىگە ئوخشىتىپ، سومكىسىنى كۆرسەتتى. ئاندىن يەنە:

— «ئۇرامسىلەر مېنى؟ ئۇرامسىلەر مېنى؟ مەن ھېچنېمىنى ساتمىدىم»

ـ دەپ، تاغدىن ـ باغدىن جاۋاب بەردى. دوختۇر بېشىنى چايقاپ:

— ئەھۋال چاتاق ئىكەن، مېڭىسى ئېغىر زەخىم يەپتۇ. دورا كار قىلمايدۇ. ھازىرچە ياخشى دەم ئالدۇرۇڭلار! كېيىنچە تۆتىنچى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ كۆرسەڭلار بولىدۇ ـ دېدى.

گۈلنار يىغلىدى ـ قاقشىدى. بىر قوشناچىم ئايالنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۆزىنى ـ ئۆزۈن دۇئا ئوقۇتۇپ كۆردى. ئەمما، ئەركىن سىدىقنىڭ ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ كېتىپ باراتتى.

164

ئـۇ يەنـە تامغـا قـاراپ ئولتـۇرۇپ: «مـەن ھېچنېمىنـى سـاتمىدىم، ئالدىم. ئالمىدىـم، سـاتتىم» ـ دەپ ئـوڭ ـ تەتـۈر سـۆزلەيتتى. تېخىمـۇ يامـان بولغىنـى تـۇرۇپ ـ تـۇرۇپ ھوشـىدىن كېتىـپ، ئاغزىدىـن كۆپـۈك چىقىرىـپ، يېتىـپ قالىدىغـان بولـۇپ قالـدى. تاماقمـۇ يېگىلـى ئۇنىمـاي تېخىمـۇ ئورۇقـلاپ، ئىسـكىلىتتەك ئىنچىكىلـەپ كېتىـپ باراتتـى.
ئۇرۇمچىگـە ئېلىـپ كېلىنگـەن كۈنىنـىڭ 6 ـ كۈنـى بولغـان ئاخشـىمى ئـۇ يەنـە ھوشـىدىن كەتتـى. يېرىـم سـائەتتەك ئاغزىدىـن كۆپـۈك چىقىرىـپ ياتتـى. بـۇ قېتىـم ئـۇ ئالدىنقـى قېتىملاردىكـى «مـەن ساتمىدىم، مـەن ئالدىـم. مـەن ئالمىدىـم، مـەن ساتتىم»دېمەسـتىن، «مـەن ئالدىـم. سـىلەرمۇ مـاڭا ئېلىـپ بېرىـڭلار! مـاڭا قەلـەم ـ دەپتـەر ئېلىـپ بېرىـڭلار! مـەن يازىمـەن، مېنـى ئۇرغانلارنـى يازىمـەن! ئۇنـى خۇدايىمغـا ئېلىـپ كېتىمـەن!» دەپ ۋارقىرىغىنىچـە جىمىـپ قالـدى. ئۇنىـڭ بەدەنلـىرى ئايىـاق ئاقىرىـپ كەتكـەن بولـۇپ، تىنىقـى تامامـەن توختـاپ كەتكـەن ئىـدى.

# جەستى سۇدىن سۈزۈۋېلىنغان بالا

## (1)

تومۇزنىڭ كىرىشى بىلەن يالقۇنتاغ ئېتىكى ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كەتكەن ئىدى. ئاسماندىكى بۇلۇتلارمۇ نەگىدۇر غايىب بولۇشقان بولۇپ، يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ رەھىمسىز ھەرىكەتلىرىدىن يىرگىنىپ قاچقاندەك تاغ قاپتاللىرىغا مۆكۈۋېلىشقان ئىدى. دەريا ۋە كۆل ساھىللىرىدىكى سۇسىزلىق باشقا يەرلەر قۇياش نۇرىدا كۆيۈپ كەتكەن يالقۇنتاغ تۆپىلىكلىرىدەك قىزىرىپ ۋە تاقىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. كۆكتە قاتارلىشىپ ئۇچىدىغان غاز - تۇرنىلارنىڭمۇ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. يېزا - كەنتلەرمۇ ئادەملەر بۇ رەھىمسىز دۇنيادىن بېزىرىپ، قەيەرلەرگىدۇر كېتىشكەندەك جىمجىتلىشىپ، چۆلدەرەپ قالغان ئىدى. مەھەللەردىكى قاتارلىشىپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى قۇلۇپلانغان بولۇپ، قۇلۇپلانمىغان بەزى ئۆيلەردە ئاندا - ساندا ياشانغانلار ۋە دۇنيادىن غاپىل ئۇششاق بالىلارلا قالغان ئىدى.

ئەمەت بوۋاي قاراغۇجا يېزىسىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ياشاپ كەلگەن يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، خۇددى قاراغۇجانىڭ ئەبەدىي قارانچۇقىدەك ئانا تۇپراقتىن ئۇزاقلارغا كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ھويلا - ئارامدىكى بىر نەچچە مو ئۈزۈملۈك بېغىدىن باشقا يېرى بولمىغاچقا، يازنىڭ بۇنداق تىنچىق كۈنلىرىدە قاق سەھەردىلا مال - چارۋىلىرىنى ھەيدەپ، ئېرىق - ئۆستەڭ قىرلىرىدا ئوتلىتىۋاتاتتى. بىر ئاز چوڭىيىپ قالغان ئوغلاق ۋە قوزىچاقلار قېچىپ ئۆستەڭ

قىرغاقلىرىغا بېرىۋېلىشاتتى. ئەمەت بوۋاي قوزىچاقلارنىڭ ئۆستەڭگە چۈشۈپ ئېقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى ساھىل تەرەپكە قوغلاپ ھېرىپ قالدى ـ دە، دۆڭرەك بىر جاينى تېپىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى: «ئەي ھايۋانلار! سىلەر نېمە دېگەن تەلەيلىك ـ ھە! ھېچنېمىدىن غېمىڭلار يوق، ئاچ قالارمەنمۇ؟ ئۇسساپ قالارمەنمۇ؟ يازدا ئىسسىپ، قىشتا توڭلاپ قالارمەنمۇ دەپ ئويلىمايسىلەر! پەقەت سىلەرنى چۈشۈن ۋە پاشىدىن باشقا نەرسىلەر ئاۋارە قىلالمايدۇ! بىز ئىنسانلارچۇ؟ ئەتىدىن كەچكىچە غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ياشايمىز. ئالۋان ـ سېلىقتىن قۇتۇلالمايمىز. جاپا تارتىپ قىلغان ئەمگەكلىرىمىزنى كادىر ۋە سېكرېتارلار ئۆزىنىڭ نەتىجىسى قىلىۋالىدۇ. ئەتىدىن ـ كەچكىچە بېشىمىزغا چىقىۋېلىپ، ھېلى ئۇنى قىل، ھېلى بۇنى قىل دەيدۇ. بۆزنى ماتا دەيدۇ. سۆزنى خاتا دەيدۇ. ئىلگىرى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەپ، پولات تاۋلاش ھەرىكىتى»نى قوزغاپ يېزىمىزدىكى باغ ـ ئورمانلارنى ۋەيران قىلغان ئىدى. مانا! ئەمدى ئۈچىنى ئادەملەرگە قاراتتى: بىرسىنى دىنى ئەسەبىي، ئىدىيەسى چاتاق دېسە، يەنە بىرسىنى بۆلگۈنچى ـ تېررورچى دەيدۇ. يەنە تېخى «قارا كۈچلەرنى تازىلاش» دېگەن سىياسەتنى ئوتتۇرىغا چىقاردى! ئۇلارنى پاش قىل دەيدۇ! بىلمىسەڭ نېمىنى پاش قىلىسەن؟ ئەمما ئۇلار يوقنى بار قىلىدۇ. تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدۇ. دىنىمىزنى ئاياق ئاستى قىلىپ، مەسچىتلىرىمىزنى چېقىۋېتىدۇ. كىم ناماز ئوقۇسا، قۇرئان ئوقۇسا، نەزىر ـ چىراغ قىلسا تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىر مەھەللىلەردە ئادەم قالمىدى. ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى تاشلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»دەيدىغان بىر نېمىنى پەيدا قىلىشتى. ياش ـ ياشانغان ۋە چوڭ ـ كىچىك دېمەستىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇ يەرگە مەجبۇرى تۇتۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئىگىسىز ـ باققۇچىسىز قالدى. مېنىڭ مومىيىم ھازىر ئۈچ نەۋرەمنى بېقىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. بوۋا ـ مومىلىرى يوق بالىلارنى «يېتىم بالىلارنى تەربىيەلەش

مەركىزى»، «جەننەت باغچىسى» دېگەندەك چىرايلىق نام قويۇلغان يەرلەرگە ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارنى تىرىك يېتىم قىلىشتى. ئاھ، ئادەملەر! ئىھ باللار! سىلەر نېمە گۇناھ قىلدىڭلار؟ مېنىڭ مۇشۇ پادىلىرىمدەك ياۋاش بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ھۆكۈمرانلار سىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقۇڭلارنى تارتىۋالدى. ياشاش ئىمكانىيىتىڭلارنىمۇ قويمىدى. ئاھ، خۇدا! بىزدەك ياۋاش بەندىلىرىڭگە ئۆزۈڭ ئىچ ئاغرىتقايسەن!»

ئەمەت بوۋاي قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىۋاتاتتى. پادىلارنىڭ مەرەشكەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، دۇئاسىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئوت - چۆپلەرنى يەپ بىر ئاز تويۇشقان پادىلارنىڭ ئۆستەڭ تەرەپكە سۇ ئىچىش ئۈچۈن مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پادىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ سۇ بويىغا كەلدى. كەڭلىكى ئۈچ مېتىرمۇ كەلمەيدىغان بۇ ئۆستەڭ «سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى» دېگەن نامدا سېمونت تاختا ۋە تاش بىلەن ياسالغان، سۈيى تېز ئاقىدىغان ئۆستەڭ ئىدى. پادىلارنىڭ بۇ يەردە ئۆستەڭگە بېشىنى تىقىپ سۇ ئىچىشى خەتەرلىك ئىدى. بۇ تومۇز مەۋسۈمى بولغاچقا سۇ ئۇلغىيىپ كەتكەن بولۇپ، قىرغاققا بىر غېرىچتەكلا قالغۇدەك ھالەتتە يۇقىرىلاپ قالغان ئىدى. ئەمەت بوۋاي پادىلارنى ئۆستەڭگە يېقىن كەلتۈرمەي ساھىل تەرەپكە ھەيدىدى. ئاندىن كېيىن ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرىدىغان قاڭالتىر چېلەك بىلەن سۇ ئېلىپ پادىلارنى سۇغىرىشقا باشلىدى. تۆتىنچى قېتىملىق سۇنى ئالاي دەپ، ئۆستەڭگە ئېڭىشىپلا چۆچۈپ كەتتى. ئون - ئون بەش مېتىر يىراقتىن بىر كىچىك باللىنىڭ جەسىتى ئېقىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمەت بوۋاي دەسلەپتە تېڭىرقاپ قالدى. كېيىن دەرھال ئۆستەڭگە سەكرەپ كىرىپ، ئىككى پۇتىنى كېرىپ مەزمۇت تۇرۇۋالدى - دە، جەسەت يېقىن كېلىشى بىلەن كاپپىدە قىلىپ، بەل تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىپ قاشقا ئېلىپ چىقتى. ئاندىن قولىقىنى باللىنىڭ ئاغزىغا يېقىپ، تىنىقىنىڭ بار - يوقلىقىنى تىڭشاپ باقتى. مەيدىسىگە

قولىنى قويۇۋېتىپ باقتى. بالىدا تىنىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. يۈرىكى ئاللىقاچان ھەرىكەتتىن توختىغان ئىدى.

«قانداق قىلىش كېرەك؟» ئەمەت بوۋاي بالىنى ياتقۇزۇپ قويۇپ ئىچىدە قىسقا دۇئا قىلدى. ئاندىن پادىلىرىنى ئۆستەڭدىن يىراقلاشتۇرۇپ ھەيدىگەچ، ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى ۋە «ئادەم بارمۇ؟» دەپ توۋلاپ باقتى. ھېچ يەردىن سادا كەلمىدى. ئەمەت بوۋاي ئۆستەڭدىن يىراق كەتمەي، ئەتراپتىن ئادەم ئىزدەپ ۋارقىراشنى داۋاملاشتۇردى. ئالاھەزەل بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يىراقتىن كەتمەن كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئەمەت بوۋاي قاراپلا ئۇ ئادەمنى تونۇۋالدى. ئۇ، مۇشۇ ئەتراپقا يېقىنراق يەردە ئولتۇرىدىغان ئىككىنچى ئەترەتكە تەۋە قاسىم دارازا دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ يېشى ئاتمىشلارغا يېقىنلاپ قالغان، ئاق پىشماق، ئېگىز بويلۇق ئادەم ئىدى:

— ھوي! قاسىماخۇن! بۇ تەرەپكە كېلىڭلا! - دەپ يېنىغا چاقىرىپ ئەكەلدى ئۇنى.

— ھە! نېمە بولدى ئەمەتاخۇن؟ — دەپ ھەيرانلىقىنى بىلدۈرگەچ، بوۋاينىڭ كۆزىگە قارىدى ئۇ.

— كېلىڭلا قاسىماخۇن ، كېلىڭلا! - دەپ قاسىماخۇننى جەسەتنىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىپ، باياتىن بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپ ئەمەت بوۋايغا قارىدى قاسىماخۇن.

— ھە! قانداق قىلاتتۇق؟ كەنتكە مەلۇم قىلايلى! سىلى بېرىپ، كەنت ساقچىلىرىغا مەلۇم قىلسىلا! مەن بۇ يەردە رەھمەتلىككە قاراپ تۇراي!

قاسىم دارازا كېتىپ ئۇزاق قالماي كەنت تەرىپىدىن بىرنەچچە ماشىنىدا كادىر ۋە ساقچىلار يېتىپ كېلىشتى. ساقچىلار بالىنىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئەمەت بوۋايدىن ۋەقەنىڭ جەريانىنى سوراشتى ۋە خاتىرە يېزىشىپ، بىر - بىرى بىلەن

ئۆزاققىچە كۈسۈرلاشتى. ئەمما، كەنت كادىرلىرىمۇ، ساقچىلارمۇ بۇ بالىنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئاخىردا ئەمەت بوۋاي ۋە قاسىم دارازا ئىككىسىگە قاراپ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تونۇيدىغان ـ تونىمايدىغانلىقىنى سوراشتى. ئۇلار: ـ ياق! تونۇمايمىز. ــ دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە بىر ئاز كۈسۈرلىشىپ، رەھمەتلىكنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ، كەنتكە قاراپ كېتىشتى.

(2)

سۇلايمان توختى قاراغوجا يېزىسىنىڭ بىرىنچى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ياۋاش، ئىمان ـ ئېتىقادلىق كىشىلەردىن ئىدى. ئائىلىمۇ ياۋاش ـ يۇمشاق ئائىلە ئائىلى ئىدى. سۇلايمان توختى توختى بوۋاي ـ سارىخان مومايلارنىڭ يالغۇز ئوغلى بولغاچقا، ئايرىلىپ چىقىپ كەتمەي ئاتا ـ ئانىسى بىلەن چوڭ ھويلىدا بىرگە ياشىدى. توختاخۇن بوۋاي ئوغلىنى ئۆزىدەك قارىتۇرۇك بولۇپ قالمىسۇن دەپ، كىچىك ۋاقتىدىلا يوشۇرۇن دىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، قارى ـ قۇرئان قىلغان ئىدى. شۇڭلاشقا سۇلايمان توختى كەنت مەسچىتىدىكى ئىككى ئىماملىڭ بىرى بولۇپ، جامائەت ئارىسىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىدى. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىدا جامائەت ئۇچۇن مىننەتسىز خىزمەت قىلاتتى. سۇلايمان توختى قارى بولغاچقا، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۆيىدە مەخپىي ھالدا، خولۇم ـ خوشنىلىرىدىن بىر نەچچىسىنىڭ باللىرىنى ئاخشام ـ ئەتىسى ھەپتىيەك ئوقۇتۇپ، قۇرئان ساۋادىنى چىقىرىپ بېرىۋاتاتتى.

بۇ يىلدىن ئېتىبارەن دىنى زاتلار قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىندى ۋە مەسىلىلىرىنى تاپشۇرۇشقا قىستالدى. نادان خەلقنى بولسا مەسىلىلەرنى پاش قىلىشقا كۈشكۈرتتى. شۇنىڭ بىلەن ئارقا كوچا تەرەپتە ئولتۇرىدىغان بىر قوشنىسى سۇلايمان توختىنىڭ بالا ئوقۇتقانلىقىنى چېقىپ قويدى. سۇلايمان توختى ئائىلى بىلەن بىرگە

تۇتقۇن قىلىنىپ، «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىپ كېتىلدى. ئۈچ بالىسى توختاخۇن بوۋاي بىلەن سارىخان مومايىنىڭ بېقىشىغا قالدى. ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ توختاخۇن بوۋاينىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ كەتكەن ئىدى. تەرتىپى جايىدا، پۇت ـ قولى باسماسلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى ۋە ئۇزۇن قالماي ۋاپات بولدى.

سارىخان مومايىنىڭمۇ يېقىندىن بۇيان كۆزى ئاجىزلىشىپ قالدى. ئۇ يېقىندىكى نەرسىلەرنىلا كۆرەلەيتتى. ئۈچ نەۋرىسىنى بېقىش ئۇنىڭغا خېلى قىيىن بولۇۋاتاتتى. سەككىز ياشلىق ئېلىجان بالىنىڭ كىچىكى بولغاچقا بەكمۇ ئەركە ئۆستى. ئۇ ئۆزىدىن چوڭ ئىككى ئاچىسىغا تۇتۇق بەرمەس بولۇۋالدى. ھەدىسىلا: «سىرتقا چىقىمەن» دەپ يوقاپ كېتەتتى. «ئاتام قېنى؟ ئاپام قېنى؟ مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارىمەن. ئۇلارنى كۆرگۈم كەلدى!» دەپ غوۋغا قىلاتتى. بىر كۈنى ئېلىجان چۈش كۆردى. چۈشىدە: ئاتىسى بىر تۆۋرۈككە ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، قولى ئارقىسىغا قىلىنىپ، زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇلغان، كىشەنلەنگەن ھالدا تۇراتتى. ئىككى ساقچى ئىككى تال تۆمۈر زىخنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ: «يۈرىكىڭنى داغلايمىز! كۆزۈڭنى ئويۇپ، قارىچۇقنى يەۋېتىمىز! يۈرىكىڭنى كاۋاپ قىلىپ يەيمىز!» دەپ ۋارقىراۋاتاتتى.

ئېلىجان قورققىنىدىن: «ئاتامنى ئۆلتۈرمەڭلار! سىلەرگە يەيدىغان باشقا گۆش تېپىلمامدۇ؟» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. سارىخان موماي ئېلىجاننىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى ۋە نەۋرىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئېلىجان سۇدەك تەرلەپ كەتكەن ئىدى. سارىخان موماي: «بالام! ئوماق ئوغلۇم! نېمە بولدۇڭ؟» دەپ ئۇنى ئويغاتتى.

ئېلىجان ئويغىنىپ: ـ موما، موما! ئۇلار ئاتامنىڭ يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ يېمەكچى بولۇۋاتىدۇ ـ دەپ يىغلاپ كەتتى. سارىخان مومايمۇ يىغلىدى. ئېلىجان مومىسىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ

تۇرۇپ:

ــ موما! مەن ئاتامنىڭ قېشىغا بارىمەن. ئۇلارغا ئاتامنى ئۆلتۈرگىلى قويمايمەن. ساقچىلارنى مەن ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! ئاندىن كېيىن ئاتامنى بىزنىڭ ئۆيگە ئەكېلىمەن. موما! ماڭا، ئاتامنى سولاپ قويغان يەرنى دەپ بەرگىنە ـ دەپ يىلىنىپ تۇرۇۋالدى. سارىخان موماي نەۋرىسىگە: «جېنىم بالام ھەرگىز ئۇنداق قىلما، سەن كىچىك، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيسەن. ئۇلار بەك ياۋۇز، ئەگەر سەن ئۇ يەرگە بارساڭ ئۇلار سېنىمۇ تۇتۇۋېلىپ، يۈرىكىڭنى سۇغۇرىۋالىدۇ.تىرىك تۇرغۇزۇپ، جىگىرىڭنى، بۆرىكىڭنى ئېلىۋالىدۇ ـ دە، ئايروپىلانغا سېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. ھەرگىز ئۇنداق قىلما بالام! ئاتاڭنى خۇدا ساقلايدۇ. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى دۇئا قىلىمەن ـ دەپ نەسىھەت قىلدى. ئەمما، ئېلجان دېگەن گېپىدىن يانمايۋاتاتتى. ئۇ يەنە تەكرارلايتتى: «مەن ئەتە ئاتامنىڭ قېشىغا بارىمەن. ئۇنى قۇتقۇزۇپ، ئۆيگە ئەكېلىمەن»!



**(3)**

سۇلايمان توختى «يېپىق تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن, قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئۇچرىدى ۋە خورلاندى. ئۇ «مەخپىي بالا ئوقۇتۇش»نىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بوينىغا ئالدى. شۇنداق بولسىمۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى بايراق چىقىرىشتىن تارتىپ ـ تا كەچ كىرگۈچە بولغان ئون تۆت سائەتلىك سىياسىي ئۆگىنىشكە مەجبۇرى قاتناشتى. خىتايچە ئۆگىنىشكە، خىتايچە شوئار توۋلاشقا مەجبۇرلاندى. «شىجىنپىڭ تۇمەن مىڭ يىل ياشىسۇن»، «ئۇيغۇرلار جۇڭخۇا مىللىتىگە تەۋە»، «شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ بىرقىسمى» دېگەندەك شوئارلارغا قارشىلىق قىلمىدى ۋە ئۇلارنى يادلاپ چىقتى. ئەمما،«ئەللىك ئالتە ماددا»نى ئۆگىنىشتە ئۆزىنىڭ ئىمانىنى قۇربان قىلمىدى. ئۇ «ئەللىك ئالتە ماددا»دىكى: «خۇدا بارمۇ ـ يوق؟» دېگەن سوئالغا: «بار» دەپ،

«دىن زەھەرلىك ئەپيۇن» دېگەنگە: «ئۇنداق ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان توختى لاگېر سوراقخانىسىغا ئېلىپ كېرىلىپ، يولۋاس ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، قاتتىق ئۇرۇلدى. بەدىنىگە توك ئۆتكۈزۈلۈپ قىينالدى. تىرناقلىرىغا يىڭنە سانجىلدى. ئامبۇر بىلەن تىلىنى قىسىپ - تارتىپ، يەنە ئوخشاش سوئالنى تەكرارلىدى:

— خۇدا بارمۇ يوق؟

— بار

— دىن زەھەرلىك ئەپيۇنمۇ؟

— ياق! ئۇ زەھەرلىك ئەپيۇن ئەمەس، ھەق دىندۇر.

بۇ جاۋابلاردىن قاتتىق ئاچچىقلانغان سوراقچىلار:

- سەن بىر خەتەرلىك ۋە ئەسەبىي دىنى ئۇنسۇر، بىز سېنىڭ تىنىڭنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىمىز! قېنى خۇدايىڭنى چاقىرمامسەن؟ ئۇ سېنى قۇتقۇزالامدىكەن؟ — دەپ، سۇلايمان توختىنى كالتەك بىلەن باش - كۆزى قانغا بويۇلۇپ كەتكىچە ئۇردى. سۇلايمان توختى ھوشىدىن كەتتى. ئەمما، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاغزىدىن يېنىك بىر تاۋۇش تىترەپ چىقىۋاتاتتى: «خۇدا بىر، ئۇ بەرھەق، دىنىمىز ھەقىقەت!»

ساقچىلار سۇلايمان توختىنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، ئەسلىدىكى باشقىلار بىلەن تۇرىدىغان كامېرغا سولىماستىن يەر ئاستىدىكى بىر كىشىۋادرات مېتىر كېلىدىغان، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان كامېرغا ئېلىپ كىرىپ سولىۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا:«سوراقچىلار بىلەن قارشىلاشتى» دېگەن جىنايەت تۇرغۇزۇلۇپ يۇقىرىغا يوللاندى. سۇلايمان توختى ئۆزىنىڭ قانچىلىك ۋاقىت ھوشسىز ياتقانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ بىر ۋاقىتتا ساقچىلارنىڭ كامېر ئىشىكىنى شاراقشىتىپ ئېچىپ، ئۆزىنى سۆرەپ تارتىۋاتقانلىقىنى تۇيدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەن ئىدى. ئەمما،

ئۇنىڭغا نە سۇ، نە ئاش بېرىلمىدى. ئەكسىچە، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈلۈپ، پۇت - قولى كىشەنلەنگەن ھالەتتە، بىر ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىشتى.

ئالاھەزەل بىرەر سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن ئۇنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، يەنە بەش منۇتتەك پىيادە ماڭدۇرغاندىن كېيىن بېشىدىكى قارا خالتىنى ئېلىۋېتىپ، بىر كامېرغا ئەكىرىپ سولاپ قويۇشتى. سۇلايمان توختى كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئەتراپقا قارىۋىدى، غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇرغان بۇ كامېردا ئۆزىدىن باشقا يەنە ئۈچ كىشىنىڭ بارلىقىنى كۆردى. غەلىتە يېرى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا گۆش، پولۇ، مانتا دېگەندەك ھەرخىل ئۇيغۇر تاماقلىرى دۆۋىلىۋېتىلگەن ئىدى. سۇلايمان توختى: - بۇ نېمە ئىش؟ دېگەندەك ئۇلارنىڭ كۆزىگە قارىۋىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشانغانراق بىرسى ئېغىز ئاچتى:

— بۇ بىزنىڭ ئاخىرقى تامىقىمىز! ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا بېرىلگەن ئۆلۈم مەززىسى. — دەپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى. باشقا ئىككىسىمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ: «شۇنداق، كەل! بۇلاردىن تويغىچە يېگىن، سەنمۇ بىزنىڭ تەقدىرىدىشىمىز» دېگەندەك قىلىشاتتى. شۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى بىلدى. تاماقلارنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.ئەمما، ئۇنىڭ گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. كۆز ئالدىغا ئاتىسى توختاخۇن بوۋاي ئانىسى سارىخان موماي ۋە بالىلىرى كەلدى. بولۇپمۇ، كىچىك ئوغلى ئېلىجاننىڭ دائىم دەيدىغان: «ئاتا! مەن چوڭ بولسام، مولla - ئالىم بولىمەن. چوڭ شەھەرگە بېرىپ ئوقۇيمەن» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كېلىپ، كۆزى ياشقا تولدى.

شاراققىدە قىلغان ئاۋازنىڭ چىقىشى بىلەن ھەممە مەھبۇسلار ئىشىك تەرەپكە قاراشتى. ئىشىكتىن ئىككى ساقچى كىرىپ، سۇلايمان توختىنىڭ قولىغا بىر ۋاراق قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، گەپ - سۆز قىلىشماي چىقىپ كېتىشتى. ئۇ قەغەزگە كۆز يۈگۈرتۈپ

175

ئوقۇپ چىقتى. بۇ سۇلايمان توختىنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى «ھۆكۈمنامىسى» ئىدى. ئۇنىڭغا قىسقىچە قىلىپ مۇنداق يېزىلغان ئىدى: «سۇلايمان توختى، ئەر ـ ئۇيغۇر، قىرىق ئالتە ياش. ئەسەبىي دىنىي ئۇنسۇر. ئۇ يوشۇرۇن بالا ئوقۇتۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى، تەربىيەلەشتە ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلماي، ساقچىلار بىلەن قارشىلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى». سۇلايمان توختى قەغەزنى ئوقۇۋېتىپ تىترەپ كەتتى ۋە غەزەپتىن كۆزلىرى تومپىيىپ، ئېتىلىپ چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ئەمما، يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى: «ئىنسانغا ھامىنى بىر ئۆلۈم كېلىدۇ! ئەمما، شەرەپ بىلەن ئۆلۈش ھەممىگە نېسىپ بولمايدۇ! مەن ھېچقاچان دىنىمغا ئاسىيلىق قىلمىدىم، خۇدانى ئىنكار قىلمىدىم، كىشىلەرگە يامانلىق قىلمىدىم. ھارام ـ ناشايان ئىشلارغا كۆز قىرىمنى سالمىدىم. ئاللاھنىڭ دىنىنى ساقلاپ قېلىش، ئەۋلادلارغا دىنى ئەقىدىلەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەم ئارمانىم يوقتۇر! ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ جامائەت مەندىن رازى بولۇپ كېتىڭلار! ئۇماق بالىلىرىم سىلەر مەندىن كىچىك قالدىڭلار! سىلەرنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم! مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار! قەبرەمنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇڭلار!».

تاڭ سەھەر، كۆك يۈزى تېخى تولۇق سۈزۈلمىگەن ئىدى. ئۇپۇق قىپقىزىل رەڭگە كىرگەن بولۇپ، خۇددى بۇگۈن قانلىق بىر ۋەقە بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تۇيۇقسىز ماشىنىلارنىڭ غۇيقۇيتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، شاراقشىتىپ ئىشىك ئېچىلدى. يىگىرمە ـ ئوتتۇزدەك ئەسكەر ۋە ساقچى خۇددى باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىدىغاندەك ھالەتتە مىلتىق ـ ئاپتوماتلار بىلەن كىرىپ كېلىشتى ـ دە، ھەر بىر مەھبۇسنى ئىككىدىن ساقچى كويزا ـ كىشەن بىلەنلا كاللىسىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، مۇرىسىدىن ئىتتىرىشىپ ئېلىپ چىقىشتى. سۇلايمان توختى ھەممىنىڭ ئالدىدا

ئېلىپ مېڭىلغان بولۇپ، قالغان ئۈچ مەھبۇسمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان ئىدى. ماشىنىلار قوزغىلىپ ئەسكەرلەرمۇ بىللە مېڭىشتى. بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنى شەھەر سىرتىدىكى ئادەمزات يوق بىر جايغا ئەكېلىپ چۈشۈرۈشتى.

مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىگە كويزا - ئىشكەل سېلىنغاندىن باشقا،تىلى قىل سىم بىلەن باغلانغان بولۇپ، مىدىر - سىدىر قىلالمايتتى ۋە گەپ قىلالمايتتى ، مەھبۇسلار قاتار تۇرغۇزۇلدى. ئون بەش مېتىردەك ئارىلىقتا ئەسكەرلەر ئۇلارغا قارشى قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. ئەتراپ خۇددى قىيامەت - قايىم بولۇپ كەتكەندەك شۈنداق جىمىپ كەتكەن ئىدى. سۇلايمان توختى ئىچىدە: «ئاللاھ! ئاللاھ! بىسمىللاھ» دەپ توختىماي دۇرۇت ئوقۇپ تۇراتتى. «ئات!» دېگەن بۇيرۇق بىلەن تەڭ، تات - تات - تات... قىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، مەھبۇسلار بىر - بىرلەپ يەرگە يىقىلدى. ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەردىن ئۈركۈپ كەتكەن قۇشلار تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىشتى. بۇلۇتلار خۇددى ماتەمگە چۆمۈۋاتقاندەك مۇئەللەقتە جىمجىت تۇراتتى.

**(4)**

ئېلىجان ئەتىگەندە مومىسى قىلىپ بەرگەن قايماق سالغان چايغا نان چىلاپ يەپ بولۇپلا، مومىسىغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

ــ موما، موما! ئاداشلىرىم بىلەن ئوينايتتىم، رۇخسەت قىلىڭا! موما، ئويناپ كېلەيچۇ؟

ــ ياق بالام ھويلىدا ئوينىغىن. يىراققا كەتمە! سېنى ئاتا - ئاناڭغا ساق تاپشۇرمىسام بولمايدۇ - دەپ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك رۇخسەت قىلمىدى. ئەمما، ئەلىجان قەتئىي ئۇنىماي، مومىسىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋەتتى. ئاخىرى موماي: «بولىدۇ بالام! ئەمسە، يىراققا كەتمە!» دەپ جېكىلەپ، ئېلىجانغا رۇخسەت بەردى. ئېلىجان ھويلىدىن چىقىپ ئاداشلىرىنى ئىزدىمەستىن ئۇدۇل

چوڭ يولغا چۈشۈپ، يېزا بازىرى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىلگىرى ئاتىسى سۇلايمان توختى بىلەن بىرنەچچە قېتىم يېزا بازىرىغا بارغان ئىدى. ئۇيەردە ساقچى - تۇرمە، بازار، ماگىزىن - دۇكانلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. يېزا بازىرى كەنتتىن بەش - ئالتە كىلومېتىرلا ئۇزاقلىقتا بولۇپ، ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. پىيادە يېرىم سائەتتەك ماڭسىلا بارغىلى بولاتتى. ئېلىجان يول بويىنى بويلاپ ماڭدى. يولدا ئاندا - ساندا تىراكتور - هارۋىلار ئۇچراپ قالاتتى. ئۇلار ئېلىجانغا قاراپ قوياتتى. ئېلىجانمۇ ئۇلارغا قاراپ قوياتتى. ئەمما،هېچكىم ئېلىجانغا گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭمۇ «يېزا بازىرىنى تېپىپ بارالايمەن» دېگەن ئىشەنچى بولغاچقا، ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. دېگەندەك ئۇزاق قالماي يېزا بازىرىنى تېپىپ كەلدى.

قاتار - قاتار دۇكانلار سېلىنغان، قەۋەتلىك بىنالارمۇ بولغان يېزا بازىرى ئېلىجانغا باشقىچىلا چوڭدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەمما، نېمىشقىدۇر بازاردا بۇرۇنقىدەك ئادەملەر جىق ئەمەس ئىدى. دۇكان - ئاشخانىلار ئۇچۇق بولسىمۇ، كىرىپ - چىقىۋاتقانلار ساناقلىقلا ئىدى. ۋېلىسىپىت - موتوسىكلىت مىنىۋالغانلار ئاستا مېڭىشاتتى. ئەمما، ماشىنىلارنى خۇددى بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ مېڭىۋاتقاندەك شۇنداق ئىتتىك هەيدىشەتتى. پات - پات غۇيۇلدۇتۇپ كېتىۋاتقان ساقچى ماشىنىسى سىگناللىرىنى هۇقۇيتۇپ، ئادەمنىڭ قۇلاق - مىڭىنى يەيتتى. ئېلىجان بىرنەچچە قېتىم ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ باقتى. ئەمما، ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى. ئېلىجاننىڭ بۇ غەلىتە قىلىقىنى كۆرگەن بىر كىشى ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ قالدىمۇ قانداق، ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: «بالام نېمىشقا ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەيسەن؟ ئۇنداق قىلما! خەتەرلىك ئىش بۇ بالام! ساقچىلار بىلەن بىرەر ئىشىڭ بارمىدى - يا؟» دەپ سورىدى.

— هەئە، بوۋا! ئۇلار مېنىڭ ئاتامنى تۇتۇپ كەتكەن. نەگە

سولاپ قويىدى؟ شۇنى سوراي دېگەن ئىدىم.

— ھە، مۇنداق دېگىن بالام! ئەمما، ئۇلار بۈگۈن بەك ئالدىراش. ساڭا گەپ قىلىشقا چولىسى تەگمەيدۇ.

— ئۇلار نېمىشقا ئالدىراش بوۋا؟

— ھە، بىلمەيدىكەنسەندە بالام. بۈگۈن يېزىمىزدىن بىرقانچە ئادەم ئېتىلغانمىش. جەسەتلەرنىڭ ئىگىلىرى ساقچىخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «جەسەتنى بىرىڭلار! ئۆزىمىز مۇسۇلمانچە دەپنە قىلىمىز!» دەپ توپلىشىۋالغانمىش! ئەمما، ساقچىلار جەسەتنى بەرمەپتۇدەك!

— بوۋا جەسەتنى نېمىشقا بەرمەيدۇ؟جەسەتنى يا يېگىلى بولمىسا؟ — دەپ يەنە سورىدى ئېلىجان.

— ھەي بالام! سەن تېخى كىچىك بىلمەيسەن! ھازىر «جەسەت كۆيدۈرۈش ئۆيى» دەيدىغان ئۆيلەرنى ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىگە خۇمدانىدا خىش پىشۇرغاندەك جەسەت كۆيدۈرىدىغان خۇمدانلارنى سالدى.

— ئەمسە ئۆتكەندە بىز بوۋامنى، يەرنى كولاپ، يۇيۇپ - تاراپ، جىق ئادەم كېلىپ كۆمدۇققۇ؟ ئاندىن كېيىن ئۆيدە قۇرئان ئوقۇغان، پولۇ ئەتكەن. مەن پولۇدىن جىق يېۋالغان ئىدىم.

— ھەي بالام! ئۇ دېگەن بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلار! ھازىر ھەممە نېمە ئۆزگەردى. ھۆكۈمەت دىنى قائىدىلەرنى بىكار قىلدى. ھۆكۈمەت نېمە دېسە شۇنى قىلمىساق بولمايدۇ!

— ھۆكۈمەتتە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار يوقمۇ؟

— بار بالام! ئەمما، ئۇلارنى پارتىيە سېكرېتارى باشقۇرىدۇ. ئۇلارمۇ كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئەزاسى. شۇڭا، ئۇلار كوممۇنىستىك پارتىيەگە بويسۇنىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە نېمە دېسە شۇنى قىلىدۇ.

— ئەمما، مېنىڭ ئاتاممۇ ئۇيغۇرغۇ؟ ئۇ قۇرئان ئوقۇيتتى، مەسچىتكە ئىمام ئىدى.

بوۋاينىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. چۈنكى، بۈگۈن

ئېتىلغانلار ئارىسىدا قاراغوجا يېزا ئىككىنچى كەنتىنىڭ ئىمامى بار ئىكەن دەپ ئاڭلىغان ئىدى. بوۋاي ئېلىجاندىن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى سورىدى ۋە ئۇنى ئۆيىگە قايتىپ كېتىشكە نەسىھەت قىلدى. ئەمما، ئېلىجان قەتئىي ئۇنىمىدى ۋە بوۋايدىن يېزا ساقچىخانىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىدى. بوۋاي ئېلىجاننىڭ قەتئىي ئىرادىسىدىن تەسىرلەندىمۇ قانداق، ئۇنى يېزا ساقچىخانىسىغا ئۆزى باشلاپ باردى ۋە ئېلىجانغا قولىدىكى نانىدىن بىر تال بېرىپ، جېدەلگە ئارىلاشماي دەپ ئويلىدى بولغاي ئەتىمالىم، ئۆز - ئۆزىگە: «خۇدا بۇ نارىسىدە بالىنى ئۆزەڭگە تاپشۇردۇم» دېگەنچە پىچىرلاپ كېتىپ قالدى.

ساقچىخانا ئالدىغا بىرمۇنچە ئادەملەر يىغىلىشۋالغان بولۇپ، ئۇلار ساقچىلار بىلەن بىرنېمە توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتاتتى. ئېلىجان نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. بىر ئازدىن كېيىن ساقچى باشلىقى بولسا كېرەك، سېمىز، غورا قاپاق بىرسى چىقىپ، خىرقىرىغان ئاۋازدا ئولىشىۋالغانلارغا مۇنداق ئۇقتۇرۇش قىلدى: «يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن جەسەتلەر ئائىلىسىگە بېرىلىدۇ. لېكىن، ساقچىلار ماشىنىسىدا كەنت ۋە ئائىلىسىگە ئۆزلىرى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە جەسەتلەر بۈگۈنلا يەرلىككە قويۇلۇشى كېرەك!»

جەسەت ئىگىلىرى ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلاپ رازى بولۇشتى بولغاي، ساقچى ماشىنىسىغا يېقىن كەلدى. ئېلىجان ساقچى ماشىنىسىغا چىقىۋاتقان ئىككىنچى كەنتلىك بىر كىشىنى تونۇپ قالدى - دە، ئۇنى تۇۋلاپ بولغۇچە ماشىنا كېتىپ قالدى. ئېلىجان ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. ماشىنا ئېلىجان كەلگەن يول بىلەن ئۇدۇل ئىككىنچى كەنت تەرەپكە كېتىپ باراتتى. ئېلىجان يۈگۈرۈپ ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزاق ئەگەشتى. ئەمما، ماشىنا تېز ھەيدەلگەچكە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشەلمىدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە ماشىنا كۆزدىن غايىب بولدى.

ئېلىجان ئەمدى ئاستا قەدەم بىلەن مېڭىشنى داۋاملاش

تۇردى. چۈشكە يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئېلىجاننىڭ قورسىقى ئېچىشقا باشلىدى. ئۇ يېزا بازىرىدىكى بوۋاي بەرگەن ناننى يېدى. ناننى يەپ بولغۇچە گېلىغا تۇرۇپ قېلىپ بىرنەچچە قېتىم يۆتىلىپ كەتتى. شۇ پەيتتە ئۇ ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاق بۇلۇتتەك بىرنەرسىنى كۆردى. بۇ ئىككىنچى كەنتتىن ئۆتىدىغان تاش ئۆستەڭ ئىدى.

ئېلىجان ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكىنىگە قارىماي قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ مېڭىپ، ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، قىرغاقتا يېقىن كېلىپ، ئۇستى تەرىپى يانتۇ ھەم تىك، ھەم سىلىق ياسالغان سېمونت قىرغا بىر پۇتىنى قويدى. ئاندىن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ قانغىچە ئىچتى. ئەمما، ئورنىدىن تۇرۇپ، قوپۇپ كېتەي دېيىشىگە سول پۇتى تېيىلىپ كېتىپ، سۇغا چۈشۈپ كەتتى.

ئۆستەڭ ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، سۇ ئېقىنى ئىنتايىن تېز بولۇپ، ئېلىجان ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆرە تۇرالمىدى. «قۇتقۇزۇڭلار!» ـ دەپ، تۇۋلاپ باقتى. ئەمما، ئەتراپتا ئادىمىزات بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ھېچكىم ئۇيمىدى. بىردەمدىلا نەچچە يۈز مېتىرغىچە ئېقىپ كەتكەن ئېلىجاننىڭ ئاغزى ـ بۇرنىغا سۇ تولۇپ كېتىپ، پۇت ـ قولىنى مىدىرلىتالمىدى. ئۇنىڭ تىنىقى توختاپ قالغان بولۇپ، سۇ يۈزىدە خۇددى ئاققۇ چۈجىسىدەك لەيلەپ كېتىپ باراتتى.

# جەستى مۇز ئارىسىدىن تېپىلغان بالا

يۈسۈپجان بىلەن بۇۋىپاتەم ئىناق ئەر - ئاياللاردىن ئىدى. «نىكاھ غايىب» دېگەن راست ئىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى كىچىكىدىن تونۇسىمۇ، ئەمما بىر بىرىگە ئاشىق - مەشۇق بولۇپ، مۇھەببەتلىشىپ باقمىغان ئىدى. ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن يۈسۈپجان بىلەن ئون توققۇز ياشقا كىرگەندە بۇۋىپاتەم ئىككى تەرەپ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ شىرەم تۇغقانچىلىقى ۋە يېقىن ئۆتكەنلىكى سەۋەبىدىن، كېلىشىپ قويغىنى بويىچە نىكاھ ئوقۇتۇلۇپ، بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇلغانىدى.

كىچىكىدىن مۇستەھكەم دىنى ئەقىدىدە چوڭ بولغان بۇۋىپاتەم ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى يىرمايتتى. ئۇ دىنى ئەمىر - مەرۇپ ۋە ئەقىدە - ئەھكاملىرىنى مۇقەددەس بىلەتتى. شۇنداق قىلغىنىغا يارىشا، نىكاھتىن كېيىن يۈسۈپجان بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالدى. بىرەر يىل ئۆتمەيلا ئۇلار بىر باللىق بولدى. تۇنجى پەرزەنتىنىڭ ئوغۇل بولغانلىقىدىن ئىنتايىن سۆيۈنگەن يۈسۈپجان ئوغلىغا: «كەلگۈسىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغان مەشھۇر ئادەملەردىن بولسۇن» دېگەننى ئۈمىد قىلىپ، «نەسرۇللا» دېگەن ئىسىمنى قويدى. نەسرۇللا بىر ياشقا كىرە - كىرمەيلا بۇۋىپاتەم يەنە ئىككىنچى بالىسىغا ھامىلىدار بولغان ئىدى. ئەپسۇس، «پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى» دىكىلەر بۇنى بايقاپ قېلىپ، ئىككى بالاڭنىڭ ئارىلىقى «ئۈچ يىل بولمىسا بولمايدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ، ھامىلىنى مەجبۇرى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ ئالدۇرۇۋەتتى ۋە نۇرغۇن جەرىمانە قويۇشتى. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن يېگۈزلۈۋېتىلگەن نامەلۇم بىر دورىنىڭ تەسىرىدىنمۇ قانداق؟

بۇۋىپاتەم ئۇزاققىچە قايتا ھامىلدار بولالمىدى. نەسرۇللا ئۇلارنىڭ يالغۇز پەرزەنتى بولۇپ قالىغانىدەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆيەتتى.

لوپ ناھىيە سامپۇل يېزىسىنىڭ قارىقى كەنتى ئەھلى ـ ئىلمى، موللا ـ ئالىملار چىققان، ئاھالىسى دىنى ئېتىقادقا چىڭ يېپىشىدىغان، تىرىشچان ۋە ئەمگەكچان خەلق ياشايدىغان كەنت ئىدى. بۇۋىپاتەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دىنىي ئېتىقادى چىڭ، بەش ۋاقلىق نامازنى تەرك قىلمايدىغان ئائىلە بولغاچقا بۇۋىپاتەمنىمۇ كىچىكىدىن دىنى جەھەتتىن تەربىيەلەپ، ئېتىقادى چىڭ، ئىمان ـ ئەخلاقلىق بىر قىز قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئىدى. قاراقىلىقلار ئادەتتە رامىزان مەزگىلىدە باشقىچە جانلىنىپ كېتەتتى. ئەرلەر مەسچىتلەرگە يىغىلىپ تەرەۋى نامىزى ئوقۇسا، ئاياللارمۇ چوڭراق ئۆيلەرگە يىغىلىپ، بۇۋى ـ خانىملارنىڭ باشچىلىقىدا قۇرئان ـ ھەدىسلەردىن ئايەتلەرنىڭ مەنىسى ۋە ھەدىسنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلايتتى. ئادەتتە بۇ «تەبلىغ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇۋىپاتەم رامىزان مەزگىلىدە تەبلىغ پائالىيىتىگە قاتنىشىشنى قولدىن بەرمەيتى. ئۇ ھەر قېتىملىق تەبلىغدىن كېيىن نۇرغۇن يېڭى بىلىم ۋە چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇپ، كاللىسىدىكى مەۋھۇم چۈشەنچىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىخلاسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزىنى: «ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشتىم» دەپ ھېسابلاپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى.

2017 ـ يىلى باھارنىڭ كىرىشى بىلەن قارىقىنىڭ ۋەزىيىتى بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. كەنت كادىرلىرى ناھىيە ۋە يېزىدىن كەلگەن كادىرلارنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە ئاھالىلەرنى ھەر كۈنى يىغىۋېلىپ، مەسىلە پاش قىلىشقا مەجبۇرلىدى. كادىرلارنىڭ دېيىشىچە، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ مەسلىسىنى ئۆزى پاش قىلىشى يەنى ئۇلار بۇرۇن يوشۇرۇن قىلغان ئىبادەتلىرى، ھۆكۈمەت ئۇستىدىن قىلغان گەپ ـ سۆزلىرى، بىر ـ بىرىگە قىلغان

نەسىھەتلىرى، بارغان - تۇرغان يەرلىرى قاتارلىقلارنى ئاشكارىلىشى ۋە كەنت كادىرلىرىغا مەلۇم قىلىشى كېرەككەن! ئەگەر، كىمدە - كىم ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى يوشۇرۇپ، كېيىن ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئېغىر جازالىنىدىكەن. ئەگەر كىمدە - كىم باشقىلارنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلسا، پاش قىلغان مەسىلىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، نەق پۇل بىلەن مۇكاپات بېرىلىدىكەن. بۇنى ئاڭلىغان قاراقىلىقلار ئۇنىڭغا دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈشمىدى. ھېچكىم ئۆزىنى - ئۆزى پاش قىلىپ، مەسىلە تاپشۇرمىدى. باشقىلارنىمۇ ئاشكارىلىمىدى. ئەمما، ئادەملەر بىردىن - ئىككىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ يوقاپ كېتىۋاتاتتى. كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن ۋە يوشۇرۇنچە مەسىلە تاپشۇرۇۋاتامدۇ؟ ياكى بىر - بىرلىرىنى پاش قىلىۋاتامدۇ؟ بۇنى بىلگىلى بولمايتتى.

چارشەنبە يانغان ئاخشىمى ئىدى. يۈسۈپجان ئەر - ئەر ئايال بالىسىنى ئۇخلىتىپ بولۇپ، ئەمدى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇشىغا دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلدى. يۈسۈپجان ئويغىنىپ ، ئىشىكنى ئاچاي دەپ، ھويلىغا چىقىشىغىلا دەرۋازا ئىتتىرىلىپ ئېچىۋېتىلدى - دە، ئون نەچچە قوراللىق ساقچى باستۇرۇپ كىرىشتى. ساقچىلار يۈسۈپجانغا قوراللىرىنى تەڭلەپ: - «ئايالىڭ قېنى؟» دەپ، ۋارقىرىدى - دە يۈسۈپجان ئېغىز ئېچىپ بولغىچە، ئۇنى ئىتتىرىپ دېگۈدەك ياتاق ئۆيگە ئەكىرىشتى. ئەمدى ئۇيقۇسىنى ئېچىپ تۇرغان بۈۋىپاتەمنى ئۇخلاش كىيىمى بىلەن تۇتۇپ - سۆرەشتۈرۈپ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىشتى. يۈسۈپجان «نېمە بولدى؟ نېمىشقا مېنىڭ ئايالىمنى تۇتىسىلەر؟ ئۇ نېمە گۇناھ قىلغان؟» دەپ سوئال قويۇپ، ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى كۆمۈلۈپ قالغانچە قېتىپلا قالدى. ساقچىلار ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بېرىشمەي كېتىشتى.

ساقچى ماشىنىسى ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا يېزا مەركىزىگە يېتىپ كەلدى - دە، بىر يەردە توختاپ، «دوكلات» دېگەندىن كېيىن دەرۋازا ئېچىلىپ، يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن توختاپ بۈۋىپاتەمنى

ماشىنىدىن ئېلىپ چۈشتى. ئاندىن بۈۋىپاتەمنىڭ بېشىدىكى قارا خالتىنى ئېلىۋېتىپ، بىر كامېرغا ئەكىرىپ سولىۋېتىپ چىقىپ كېتىشتى. بۈۋىپاتەم كامېردىكىلەرنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. كامېردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى يىل بۇرۇنقى رامىزان ئېيىدا بىللە تەبلىغ ئاڭلىغان ئاياللار ۋە بۈۋى خېنىملار ئىدى.

— بۇ قەيەر؟ بىز نېمىشقا تۇتۇلدۇق؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاياللارغا قاراپ،

— بىزمۇ بىلمەيمىز بۈۋىپاتەم! بىزمۇ تېخى ھېلىلا ئېلىپ كېلىندۇق. — دەپ جاۋاب بەردى ئۇنىڭغا بىر نەۋرە تۇغقان كېلىدىغان بىر ئايال جاۋاب بېرىپ، — بەلكى، بىزدىن بىھۇدە گۇمان قىلغاندۇ؟

— بىز گۇناھسىز. — دەپ جاۋاب بەردى بۈۋىم ئايال ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ، — بەلكىم بىزنى بىر نەچچە كۈن سوئال - سوراق قىلىپ قويۇۋېتىشى مۇمكىن. بىز بىر - بىرىمىزنى پاش قىلماسلىقىمىز كېرەك! ھېچ نېمىنى ئىقرار قىلماسلىقىمىز كېرەك!

— ھەي، نادانلار! - دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ياشانغانراق بىر ئايال، — بىزنى چوقۇم ئارىمىزدىكى بىرسى پاش قىلغان گەپ، بولمىسا بىكاردىن - بىكار تۇتۇپ كېلەمدۇ؟

— مېنى كەچۈرۈڭلار! خۇدايىم مېنى كەچۈرسۇن! - دەپ سۆزگە ئارىلاشتى كەنت مۇئاۋىن سېكرېتارىنىڭ ئايالى مىشىلداپ، — ئالدىنقى كۈنى مېنىڭ ئېرىم، سەن مەسىلەڭنى تاپشۇر! - دەپ مەجبۇرلاپ، ئۇرۇپ - تىللاپ قورقۇتقان ئىدى. مەن ھەرقايسىلىرىنىڭ ئىسمىلىرىنى دەپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئېرىم بىزنى يېزىلىق ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئەمما، مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن قىلمىدىم. مېنى ئەپۇ قىلىشىڭلار! مەن توۋا قىلاي! توۋا خۇدايىم!

— ئەمدى توۋا قىلغان بىلەن بىكار. — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق، بوغداي ئۆڭ، قوشۇما قاش كەلگەن بىر ئايال، — سىزنىڭ ئېرىڭىز

بۇرۇنلا پارتىيەگە سادىق، ھوقۇقپەرەس ئادەم ئىدى. بەلكى باش سېكرېتارلىقنى كۆزلەپ، خىزمەت كۆرسەتمەكچى بولغان گەپ، مانا ئەمدى سىزنىمۇ قۇتقۇزالماپتىغۇ؟

— بولدى قىلايلى قېرىنداشلار! - دېدى ئاق يۈزلۈك، سېمىزراق كەلگەن بىر ئايال، — ئەمدى نېمە قىلغان بىلەن بىكار! پۇشايمان قىلساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. بىز بىر ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرىدىغان ئىش قىلمىدۇق. پەقەت تەبلىغ ئاڭلىدۇق، دىنىمىزنى ئۆگەندۇق، بۇ بىر جىنايەت ھېسابلىنىدىغان ئىش ئەمەسقۇ؟

ئايال تۇتقۇنلارنىڭ مۇنازىرىسى شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىۋاتاتتى. بۇنى تويۇپ قالغان كارىدوردىكى گوندىپايلار ئۇلارغا:

— بولدى قىلىپ ئۇخلاڭلار! بولمىسا ئېغىر جازالىنىسىلەر! - دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇتقان ئاياللار مۇنازىرىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىردىن - بىردىن ئۇيقۇغا كېتىشتى.

گوندىپايلارنىڭ جاراڭلىتىپ تۆمۈر ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن تۇتقۇنلار ئويغىنىپ كېتىشتى. كامېرنىڭ كىچىك تۆشۈكىدىن چۈشۈۋاتقان قىزغۇچ كۈن نۇرىدىن تاڭ ئېتىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. گوندىپايلار تۇتقۇنلارنى بىردىن - بىردىن نۆۋەت بويىچە سوراققا ئېلىپ چىقىشتى. چاشكا ۋاقتىدىن ئۆتكەندە بۈۋىپاتەمگە نۆۋەت كەلدى. ئىككى گوندىپاي كېلىپ، ئۇنى سوراقخانىغا ئېلىپ چىقىشتى. سوراقتىن بۇرۇن ئاق خالات كىيگەن بىر خادىم ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان ئالدى. نامەلۇم بىر ئوكۇل سۈيۇقلۇقنى ئوكۇل قىلىپ ئۇردى. ئۇنىڭ ئىسمىدىن - جىسمىغىچە ھەممە نەرسىنى سوراپ خاتىرىلىۋالغاندىن كېيىن، بىر قارا ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، پۇت - قولنى ئورۇندۇقنىڭ يان تەرەپ ۋە پۇتىغا چېتىپ، مىدىر - سىدىر قىلالماس قىلىپ قويغاندىن كېيىن سوراقنى باشلىدى:

— نېمشقا تەبلىغ ئاڭلاشقا قاتناشتىڭ؟

— شۇ، رامىزان بولغاندىن كېيىن، تەبلىغ ئاڭلاپ ئىبادەت

قىلغان ئىدۇق.

ــ يىغىلىشىپ ئىبادەت قىلىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

ــ ياق، بىلمەيدىكەنمەن. قايسى قانۇنغا خىلاپ ئىدى؟ ــ دېدى بۇۋىپاتەم ھېچ نېمىنى چۈشەنمىگەندەك قىلىپ.

ــ دۆلەت بىخەتەرلىكى قانۇنغا خىلاپ. ــ دېدى ساقچى ۋارقىراپ،

ــ ئەمما، بىز ئۇ يەردە پەقەت قۇرئان ـ ھەدىسلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىنى ئاڭلىدۇق. ھۆكۈمەتكە قارشى گەپ ـ سۆز قىلمىدۇق. بۇ قانداقسىگە دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىش بولسۇن؟ ــ دېدى بۇۋىپاتەم.

ــ ھەي، تولا كاپشىما! رۇخسەتسىز توپلىشىپ ئىبادەت قىلىش ـ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىدا چەكلەنگەن. چۈنكى ئۇنداق قىلىش، ئەسەبىيلىك ۋە دىنى ئاشقۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ــ ئەمما، بىز پەقەت تەبلىغ ئاڭلىدۇق، ناماز ئوقۇدۇق. ھۆكۈمەتكە قارشى بىر ئىش قىلمىدۇق. ــ دېدى يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن بۇۋىپاتەم.

ــ تولا كاپشىما! ھەر قانداق ئەسەبىي ـ دىنى ئاشقۇنلار ھەر قاچان ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشى، مالىمانچىلىق ـ توپىلاڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. سەن ئۆزۈڭنىڭ بىر «ئەسەبىي دىنى ئاشقۇن» ئىكەنلىكىڭنى ئىقرار قىل! بولمىسا ئېغىر جازالىنىسەن! ـ دېدى سوراقچىلار يەنە ۋارقىراپ،

ــ ياق، ئىقرار قىلمايمەن! مەن دىنى ئەسەبىي ئۇنسۇر ۋە ئاشقۇن ئەمەس! ئادەتتىكى بىر نورمال مۇسۇلمان! ـ دېدى بۇۋىپاتەم ئىقرار قىلىشنى رەت قىلىپ،

ــ ئىقرار قىلمامسەن؟ ــ قېنى كېلىڭلار! بۇنىڭغا بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىزنىڭ تەمىنى تېتىپ قويۇڭلار ـ دەپ يېنىدا جاللاتلاردەك قاراپ تۇرۇشقان غالچىلىرىغا بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى

جالىلات ئېتىلىپ كېلىپ، قولىدىكى قارا كالتەك بىلەن بۇۋىپاتەمنىڭ يۈز ـ كۆزى ۋە مەيدە ـ بېقىنلىرىغا بىر نەچچىنى ئۇرىۋەتتى. بۇۋىپاتەم ھوشىدىن كەتكەن ئىدى. غالچىلار ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە سوغۇق سۇ چېچىپ، ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىر ۋاراق «ئىقرارنامە قەغىزى»نى ئەكىلىپ، ئۇنىڭغا مەجبۇرىي قول قويدۇردى.

يۈسۈپجان بىر نەچچە كۈنگىچە بىر تەرەپتىن ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بالىسىغا ئاش ـ تاماق ئېتىپ، ئۇنى ئانا ئورنىدا بېقىۋاتاتتى. نەسرۇللا:

ـــ ئانام قېنى؟ نەگە كەتتى؟ ـــ دەپ تولا سوئال سوراپ، يۈسۈپجاننى ئارامىدا قويمايۋاتاتتى. بىر ھەپتىگىچە بۇۋىپاتەمدىن ھېچ خەۋەر ئالالمىغان يۈسۈپجان كەنت ئىشخانىسىغا بېرىپ، كەنت كادىرلىرىدىن ئايالىنى سۈرۈشتە قىلدى. كەنت كادىرلىرى بولسا بۇ ئىشتىن ئۆزىنىڭ خەۋىرى يوقلۇقىنى، يېزا مەركىزىگە بېرىپ، ساقچىخانىدىن سۈرۈشتە قىلىشنى تاپىلىدى. بۇنى ئاڭلىغان يۈسۈپجان ئوغلى نەسرۇللانى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويۇپ، يېزىلىق ساقچى پونكىتىغا كەلدى. ساقچىلار ئۇنىڭ كېلىش سەۋەبىنى ئۇققاندىن كېيىن، كومپيۇتېرنى ئېچىپ، بۇۋىپاتەمنىڭ ئارخىپىغا قاراپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ـــ ئايالىڭ ھازىر قويۇپ بېرىلمەيدۇ. ئۇ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى سادىر قىلىپتۇ. ئېغىر جازالىنىشى مۇمكىن. سەن ئەڭ ياخشىسى ئۆيۈڭگە قايتىپ كېتىپ بالاڭنى باققىن.

ـــ بالام تېخى كىچىك ئىدى. ئۇ ئانام نەگە كەتتى؟ ـــ دەپ سوراپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. رەھىم قىلىپ ئۇنى قويۇپ بەرسەڭلار؟ ـــ دېدى يۈسۈپجان ساقچىلارغا يالۋۇرۇپ.

ـــ بىز دېدۇققۇ! ئايالىڭ ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپتۇ. بىز ئۇنى قويۇپ بېرەلمەيمىز. پات يېقىندا ئۇنىڭغا جازا ھۆكۈمى ئېلان قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا بىز ساڭا خەۋەر قىلىمىز. ـــ دېدى ئېگىز بوي،

بۇغداي ئۆڭ كەلگەن ئۇيغۇر ساقچى ئۇنىڭغا ھوميىپ قاراپ.

— ئەمىسە ئۇنىڭغا ئاقلىغۇچى ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ، جازاسىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن داۋا ئاچسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى يۈسۈپجان تەرەددۇت بىلەن.

— ھەي ئەخمەق! - دېدى ئوتتۇرا بوي، دوغىلاق كەلگەن يەنە بىر ساقچى ئۇنىڭغا غەلىتە قاراپ، — بۇنىڭ سىياسىي دېلو ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ بۇنىڭغا ئادۋوكات تۇتۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق! چۈنكى، سىياسىي دېلولارغا سوت ئېچىلمايدۇ! بۇنداق دېلولارنىڭ كۆپلىكىدە سوت ئاچىدىغانغا نەدە ۋاقىت، نەدە سوتچى بولسۇن؟

بۇنى ئاڭلىغان يۈسۈپجاننىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قېيىشقا باشلىدى. ئۇ بىردەم كۆزىنى يۇمۇپ جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى تەلپىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئايالىم بىلەن كۆرۈشكە رۇخسەت قىلامسىلەر؟ ئۇ ھازىر نەدىكەن؟

— ياق، بولمايدۇ! ئايالىڭ ھازىر «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دە تۇتۇقلۇق. كېيىنكى ھەپتىگىچە جازا ھۆكۈم قىلىنىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىن نەگە يۆتكىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ناھىيەدىن ئۇقتۇرۇش كېلىدۇ. شۇ چاغدا بىز ساڭا ئۇقتۇرۇش قىلىمىز. ئۇقتۇرۇشنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە يوتقان - كۆرپىسىنى ئەكېلىپ بەرسەڭ بولىدۇ!

يۈسۈپجان ھېچقانداق بىر ئىشنى قىلالماي، يېزىدىن ئۈمىدسىز ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇدۇل چوڭ ئۆيىگە بېرىپ، يېزا بازىرىدىن ئېلىپ كەلگەن تاتلىق - تۈرۈم بىلەن ئوغلى نەسرۇللارنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىشقا تىرىشتى. ئەمما، نەسرۇللا ئۇ نەرسىنى يەپ بولۇپلا ئانىسىنى سورىدى.

— دادا، ئانام قېنى؟ نېمىشقا ئانامنى بىللە ئېلىپ كەلمىدىڭ؟

ــ ئوغلۇم، ئاناڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتىدۇ.دوختۇرلار رۇخسەت بەرمىدى ـ دېدى يۈسۈپجان نەسرۇللانى بەزلەشكە تىرىشىپ،

ــ ئانام نېمە بولۇپ ئاغرىپ قاپتۇ دادا؟ ئۆيدە ھېچ ئاغرىپ قالمىغان ئىدىغۇ؟

ــ ئاناڭنىڭ بېشى ئاغرىپ قاپتۇ ئوغلۇم! ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدىكەن.

ــ دادا، بۇرۇن ئانامنىڭ بېشى ئاغرىپ قالسا، سەن تۇتۇپ قويساڭلا ساقىيىپ كېتەتتىغۇ؟ ــ دېدى ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن نەسرۇللا دادىسىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي.

ــ بالام ھازىر ئاناڭنىڭ بېشىنىڭ سىرتى ئەمەس، ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ. ساقچىلار: «ئۇنىڭ ئىدىيەسى چاتاق، ئۇنى ئىدىيە دوختۇرلىرى داۋالىمىسا بولمايدۇ» دەۋاتىدۇ. ئاناڭ داۋالىنىپ ساقايسا، قايتىپ كېلىدۇ بالام! ـ دېدى يۈسۈپجان ئۇنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىپ.

شۇندىلا نەسرۇللا بىر ئاز بېسىقىپ، ئويناش ئۈچۈن ھويلىغا چىقىپ كەتتى. يۈسۈپجان نېمە قىلىشنى بىلەلمەي خىيالغا پېتىپ كەتتى: «ئانا دېگەن بىر ئائىلە ئۈچۈن نېمە دېگەن مۇھىم، نېمىدېگەن قىممەتلىك ھە! ئەر ـ ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، ئايال ئائىلىنىڭ يۈرىكى ـ دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەن كونىلار. مانا!بىر ھەپتىدىن ئاشتى. ئۆيدە ئايالىم بولمىغاچقا، بىر ۋاقلىق تۈزۈك تاماقمۇ يېيەلمەيۋاتىمىز. ئۆي ـ ئۆيدەك ئەمەس، خۇددى گۆرىستانلىقتەك كۆرۈنمەكتە. ماڭىغۇ مەيلى! پۈتۈن بولغۇلۇق مۇشۇ بالىغا بولۇۋاتىدۇ. بالىغا ئانا بولمىسا زادى بولمايدىكەن ئەمەسمۇ؟ كۈندە نەچچە ۋاقلىق تاماق ئېتىش، كىر ـ قات يۇيۇش، ئۆي تازىلاشتەك ئىشلارغا شۇ ئانا چىدىمسا، ئەرلەر چىدىمايدىكەنمىز. بالامنى قانچە قېتىم ئاچ قويدۇم. كىيىملىرى قاسماقلىشىپ كەتتى. يۇيۇپ يۈرەلمىدىم. ئۇنىڭ روھى كەيپىياتىمۇ نورمالسىزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ! توختىماي

ئانا، ئانام نەدە؟ نېمىشقا ئانام كەلمەيدۇ؟ ــ دەپ قۇلاق مېڭەمنى يەپ بولدى. ئاھ، خۇدا! باللارنى ئانىسىز قويمىغايسەن!»

بۇۋىپاتەم تۇتۇلۇپ كېتىپ، تەخمىنەن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يۇسۇپجان كەنت كادىرلىرى تەرىپىدىن چاقىرتىلدى. يۇسۇپجان كۆڭلىدە بىر نېمىنى تۇيغاندەك قىلىپ، ئوغلى نەسرۇللانى بوۋا - مومىسىنىڭ ئۆيىگە بىر نەچچە سائەت قاراپ تۇرۇپ تۇرۇڭلار. ــ دەپ ئاپىرىپ قويۇپ، ئاندىن كەنت تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كەنت ئىشخانىسىغا كەلدى. ئۇ ئىشخانىغا كىرىپلا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. كەنت سېكرېتارىنىڭ يېنىدا قوراللىق ئىككى ساقچى تۇراتتى. ئۇلار يۇسۇپجاننىڭ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگەن سالىمىنى جاۋابسىز قالدۇرۇشتى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كېلىپلا قولىغا كويزا سېلىۋالدى - دە، ئۇنى تىك تۇرغۇزۇپ قويۇپ، سوئال سوراشقا باشلىدى.

ــ سەن دىنى ئەسەبىي ئۇنسۇر بۇۋىپاتەمنىڭ ئېرى يۇسۇپجان بولامسەن؟

ــ ھەئە، مەن بۇۋىپاتەمنىڭ ئېرى يۇسۇپجان. ئۇنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟

ــ ئايالىڭ بۇۋىپاتەم توپلىشىپ تەبلىغ ئاڭلىغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن «ئون يىللىق قاماق جازاسى» غا ھۆكۈم قىلىندى. ساڭا، ئايالىڭنى بۇ ئىشتىن توسمىغانلىقىڭ ۋە ئۇنى ۋاقتىدا پاش قىلمىغانلىقىڭ ئۈچۈن «جىنايەتچىنى قانات ئاستىغا ئالغانلىق جىنايىتى» ئارتىلىپ، «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە يوللىنىسەن.

ــ نېمىشقا؟ مەن نېمە خاتالىق ئۆتكۈزدۈم؟ ــ دېدى يۇسۇپجان غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دېگەندەك بولۇپ.

ــ بىز دېدۇققۇ؟ سەن ئايالىڭنىڭ دىنى ئاشقۇنلۇق ھەرىكىتىنى بىلىپ تۇرۇپ، پاش قىلمىغانلىقىڭ ئۈچۈن، سەنمۇ «ئىدىيەسىدە مەسىلە بار ئادەم» ھېسابلىنىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «كەسپىي قايتا

تەربىيەلەش مەركىزى» دە ئىدىيەڭنى ئۆزگەرتىشىڭ كېرەك!

— ياق، ئۇنداق قىلماڭلار! مېنىڭ بالام تېخى كىچىك، ئۇنىڭغا قارايدىغانلا ئادەم يوق! - دېدى يۈسۈپجان يىغلىنىپ.

— بىزنىڭ سېنىڭ بالاڭ بىلەن كارىمىز يوق! بىز ۋەزىپىمىزنى ئىجرا قىلغىلى كەلدۇق! - دەپ، ئۇنىڭ يىغلىغىنىغا پىسەنت قىلماستىن، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرگەنچە ئېلىپ چىقىپ، ساقچى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە ئېلىپ كېتىشتى.

ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن نەسرۇللا بەك كەپسىزلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ھەر كۈنى بوۋىسىغا:

— بوۋا، دادام، ئانام قېنى؟ ئۇلار نېمىشقا كەلمەيدۇ؟ دادام مېنى نېمىشقا ئويناتمايدۇ؟ — دەپ توختىماي سوئال سوراپ ئاۋارە قىلاتتى. ئۆيدە تۇرغىلى ئۇنىماي، «ئوينايمەن» دەپ تالاغا قېچىپ كېتىپ جاپا سالاتتى. مەتتوختى بوۋاينىڭ ئۇنىڭ بىلەن دائىم سىرتقا چىققۇدەك ھالى يوق ئىدى. قەمەرخان مومايمۇ ئۇنداق قىلالمايتتى. ئۇلارنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى نەسرۇللانىڭ ئۆيدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ ئويىنىشى ئىدى.

بۇ يىل قىش ئالدىنقى يىللارغا قارىغاندا سوغۇقراق كەلگەن بولغانلىقتىن، ئۆستەڭدىكى سۇ قېلىن مۇز تۇتۇپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن كىچىك باللار چاڭغا تېيىلىپ ئويناش ئۈچۈن ئۆستەڭگە بېرىۋالىدىغان بولدى. نەسرۇللا چاڭغا تېيىلالمىسىمۇ، ئەمما چاڭغا تېيىلالايدىغان باللارغا ئەگىشىپ، دادىسى ئېلىپ بەرگەن توپلىيى بىلەن مۇز ئۈستىدە سىيرىلىپ ئويناشنى ئۆگىنىۋالدى. بەزىدە كىچىك تاختا پارچىلىرىنى تېپىپ كېلىپ، ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، سىيرىلىپ ئوينايتتى.

بۈگۈنمۇ نەسرۇللا بىر پارچە ياغاچ تاختىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن قېچىپ چىقتى - دە، ئۆستەڭگە كېلىپ، باشقا باللار بىلەن مۇز ئۈستىدە سىيرىلىپ ئويناشقا باشلىدى. ھازىرغىچە ئۆستەڭ سۈيى

ئىچىدىغان دېھقانلار سۇ ئېلىش ئۈچۈن مۇزدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىپ قويياتتى. چوڭراق باللار ئۇنىڭدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. نەسرۇللا باشقا باللارغا ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ، بۇ تۆشۈكنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالدى ـ دە، ئۆزىنى توختىتالماي تۆشۈكتىن سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ئۆستەڭ ئانچە چوڭقۇر بولمىسىمۇ، ئەمما قېلىن مۇز تۇتۇپ كەتكەچكە، ئۇ ھەر قانچە قىلىپ تۆشۈكتىن چىقالمىدى. باشقا باللار ئالدىغا قاراپ ئۇزاپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ۋارقىراپ جارقىرىغان ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق تىركەشتى. ئۇنىڭ ئېغىز بۇرنىغا سۇ كىرىپ كەتكەچكە، ئاستا ـ ئاستا نەپەس ئېلىشتىن توختاپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئالدى تەرەپكە كەتكەن باللار قايتىپ كېلىپ، تۆشۈك ئېچىلغان يەرنىڭ مۇز ئاستىدا بىر بالىنىڭ لەيلەپ قالغان بەدىنىنى كۆرۈپ توختاشتى ۋە ئۇنىڭغا: ـ سەن كىم؟ قولۇڭنى بەر، بىز سېنى تارتىۋالايلى! ـ دەپ ۋارقىرىدى. ئەمما، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا ئاڭلانمىدى. مۇز ئاستىدىكى بالا مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتاتتى. باللار ئۆز ئارا كۇسۇرلىشىپ: «ئۆلگەنمىدۇ نېمە؟» ـ دېيىشتى. ئاندىن باللار جەسەتنى ئۆزلىرى چىقىرالمايدىغانلىقلارىغا كۆز يېتىپ، يېقىن ئەتراپتا ئۆيى بار بالىدىن بىرسى ئاتا ـ ئانىسىغا خەۋەر قىلدى. ئۇلار كېلىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ، كەنت كادىرلىرى ۋە چوڭلارنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇلار مۇزنى چېقىپ، تۆشۈكنى يوغىنىتىپ نەسرۇللانىڭ جەسىتىنى سۈزۈپ چىقىرىشتى. ئەمما، بالىنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ جەسىتىنى كەنت ئىشخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ، بوش ئۆيدىن بىر يەرگە قويۇپ قويدى.

كەچ بولغاندا نەسرۇللا ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن مەتتوختى بوۋاي بىلەن قەمەرخان موماي تالاغا چىقىپ، ئۇنى ئىزدەپ تاپالماي: «بەلكى قۇدىلارنىڭكىگە كېتىپ قالغاندۇ» دەپ ئويلاپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ يېتىپ قېلىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە قوشنا كەنتتىكى قۇدىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. قۇدا

بۇۋاي - مومايلار نەسرۇللانىڭ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كېلىپ، خۇلۇم - خوشنىلاردىن سوراشتۇرۇپ، بىر بالىنىڭ مۇز ئاستىدا توڭلاپ ئۆلگەن جەسىتىنىڭ تېپىلغانلىقىنى، جەسەتنىڭ ھازىر كەنت ئىشخانىسىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كەنت ئىشخانىسىغا باردى. كەنت كادىرلىرى بالىنىڭ جەسىتىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇلار نەسرۇللانى تونۇپ، جەسەتنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ يىغا - زارە قىلىشتى. كىشىلەرنىڭ تەسەللىسى بىلەن ئۇلار يىغا - زارىدىن توختىغاندىن كېيىن، ئۇلار كەنت كادىرلىرىدىن بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى يەنى ئوغۇل ۋە كېلىنىگە خەۋەر قىلىپ مۇمكىن بولسا، ئۇلارنىڭ بىر - ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت بىلەن كېلىپ، دەپنە ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. كەنت كادىرلىرى بۇنىڭغا بىشىنى چايقىشىپ: «ياق، بىز بۇ ئىشنى قىلالمايمىز! چۈنكى، بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشىلەردۇر.بىز ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيمىز! ھۆكۈمەت ۋە قانۇن تارماقلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارلىشالمايمىز» - دەپ رەت قىلىشتى.

بۇۋاي - موماي بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە كۆز يېشى قىلىشتى. رەھمەتلىك نەسرۇللانىڭ جەسىتى شۇ كۈنى كەنت كادىرلىرىنىڭ زورلىشى بىلەن يەرلىكىگە قويۇۋېتىلدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى يۈسۈپ توختى ۋە بۈۋىپاتەم يۈرەك پارىسىدىن تىرىك ئايرىلغانىنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ جەسىتىنىمۇ كۆرەلمىدى. ناۋادا ئۇلار يۈرەك پارىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋرىنى ئاڭلىغان بولسا قانداق بولۇپ كېتەر ئىدى؟ ئانىسى بۈۋىپاتەمنىڭ يۈرىكى قانداق چىدار ئىدى؟ يۈرىكى يېرىلىپ كېتىپ، ئۇمۇ بۇ مەسۇم يۈرەك پارىسى بىلەن بىللە باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان بولارمىدى؟ دادىسى يۈسۈپ توختىنىڭ كۆزىدىن چىققان ياشلار يۇرۇڭقاش دەرياسىغا قوشۇلۇپ، دەريا سۈيىنى تاشتۇرۇۋېتەرمىدى؟ دەريا سۈيى تېشىپ كەلكۈنگە ئايلىنىپ، زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ تەختىنى يالماپ - يۇتۇپ كېتەر بولغىيمىدى؟

# چېكىت چىقارغان چاتاقلار

مەن چېكىت. ئادەتتە گېزىت - ژۇرنال ۋە خەت - چەكلەردە بىر جۈملىنىڭ ئاخىرلىشىپ، يەنە بىر جۈملىنىڭ باشلىنىشىنى ئىپادىلەيدىغان تىنىش بەلگىسى ئىدىم. ھېچقانداق ئىجتىمائىي ياكى سىياسىي مەنىلەرنى ئىپادىلىمەيتتىم. كىشىلەر مېنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئەمما ھازىر مېنىڭ ئورنۇم ۋە رولۇم ئۆزگىرىپ كەتتى. مەن ھازىر كىملىك، پاسپورت، بانكا كارتىلىرىدا ئىشلىتىدىغان بولدۇم. ھازىر ھۆكۈمرانلار مېنى سىياسىينىڭ قورالى قىلىۋالدى.

ئۇلار ئۆزلىرى ئىشەنچلىك دەپ قارىمايدىغان ياكى گۇمانلىق دەپ قارىغان كىشىلەرنىڭ كىملىك، پاسپورت ۋە كارتىلىرىغا مېنى مەخپىي قارانچۇق قىلىپ، سايرايدىغان سىگنال بېكىتىپ قوندۇرۇپ قويۇشتى. شۇنىڭ بىلەن سىياسىي گۇمان، سىياسىي پالاكەت، سىياسىيلاشقان سۇيىقەست دېگەندەك كىشىلەرگە تەھدىت سېلىپ، قورقۇتىدىغان سەلبىي مەنىگە ئىگە بولۇپ قالدىم. ھازىر كىشىلەر مەندىن قورقۇپ قاچىدىغان، ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇلار ھەقلىق! ئەگەر مەن بىرەرسىنىڭ كىملىكىگە قوندۇرۇلۇپ قويۇلسام، ئۇلار پالاكەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىردەمدىلا ساقچىلار ئۇلارنىڭ بېشىدا پەيدا بولىدۇ، تەكشۈرۈلىدۇ، ھەتتا تۇتۇپ كېتىلىدۇ.

ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگىلى يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئالىي مەكتەپنى يۇقىرى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەچكە ئۆزىگە ئىشىنىپ ئۈرۈمچىدە خىزمەت تاپالايمەن ۋە يۇقىرىلاپ ئوقۇيمەن

دېگەن مەقسەتتە يۈرۈۋاتاتتى. ئۇ «خىتايچە ئوقۇغان مىللىي» بولغاچقا خىتايچىسى سۇدەك، ئىنگلىزچىسىمۇ ئالاھىدە ياخشى ئىدى. ئۇ ئۆزىچە: «مەن خىزمەتكە قوبۇل قىلىشنىڭ ھەر قانداق شەرتىگە چۈشىمەن» دەپ ئويلايتتى. توردىن خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئېلانلىرىنى ئىزدەپ، بىر نەچچە ئىدارە ۋە شىركەتكە ئىلتىماس سۇندى. ئۇلارنىڭ بىر قانچىسىدىن: «ئاۋۋال يۈزتۇرانە سۆزلىشىپ-كۆرۈشىمىز» دېگەن تەكلىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى راۋۇرۇس ياساپ، چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ كۆرۈشۈشكە باردى. ئۇنى بارغان ئىدارىنىڭ كاتىپى كۈتۈۋالدى ۋە تېلېفوندا باشلىقىغا مەلۇم قىلدى. يۇقىرىقى قەۋەتتىكى ئىشخانىسىدىن چۈشكەن باشلىق ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى ۋە سەن ئۇيغۇرمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:

— ھەئە، مەن ئۇيغۇر، لېكىن مەن «خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان مىللىي». — دەپ ئۆزىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرماقچى بولۇۋىدى، خىتاي باشلىق دەرھال سۆزگە ئارىلىشىپ: «بولدى قىل، ھاجەتسىز! بىزنىڭ ئىدارىمىز ئۇيغۇردىن خىزمەتچى قوبۇل قىلمايمىز» - دېدى. ئەمما ئۇنىڭ، «نېمىشقا؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلدى.

ئۇ يەنە بىر نەچچە شىركەتكە ئىلتىماس سۇنۇپ، يۈزتۇرانە كۆرۈشۈش ئۈچۈن ۋەدە ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن: «ئۇيغۇرنى قوبۇل قىلمايمىز» دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ بۇنى ئىچىگە سىغدۇرەلمىدى. كاللىسىغا ئوڭ - تەتۈر خىياللار كېلىشكە باشلىدى: «ئۇلار ئۇيغۇرلار جۇڭگودىكى ئەللىك ئالتە مىللەتنىڭ بىرسى، جۇڭگودا ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر دەيتىغۇ؟ قېنى ئۇنداق بولغىنى؟ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇقىمۇ يوقكەنغۇ؟ قېنى؟ مېنى بىر خەنزۇ بىلەن ئوخشاش ئىشقا قويۇپ قويسۇنچۇ؟ شۇ چاغدا ئۇيغۇرنىڭمۇ باشقىلار قىلالايدىغان ئىشنى قىلالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتى. ئۇيغۇر

بولۇش گۇناھمۇ؟ ياق! مەن ئۆزۈم ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلۇۋالمىغان تۇرسام؟ ھېلىمۇ ئاتا - ئانام مېنى خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇتقىنى، ئۇلار بىلەن ئوخشاش تىلدا سۆزلىشەلەيمەنغۇ؟ بۇمۇ يەتمەمدۇ؟ يا ئۆزۈمنى خەنزۇ قىلىپ ئۆزگەرتىشىنىڭ ئورنى بولمىسا؟ ناۋادا، ئاتا - ئانامنىڭ قېشىغا بېرىپ: «مېنى نېمىشقا ئۇيغۇر تۇغۇپ قويدۇڭلار؟» دېسەم ئۇلار بىرنىمۇ ئاتا - ئانىمىز ئۇيغۇر تۇغۇپتىكەن دېمەمدۇ؟ دېمىسىمۇ بىر ئۇيغۇر - خەنزۇ بولۇپ تۇغالالمايدۇ - دە، ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا دۇنيادا مىللەت بىلەن مىللەتنىڭ پەرقى قالامتى؟ ناۋادا ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مېنىڭ قېنىمنى خەنزۇلارنىڭ قېنىغا تېگىشتۈرۈپ قويۇڭلار دېسەم نېمە دەر؟ ھە - قاچان مەن بىلەن قان تېگىشتۈرىدىغان خەنزۇ تاپالمايدۇ؟ چۈنكى، ئۇ ئۇيغۇر بولۇپ قالسا مەندەك ئىش تاپالماسلىقىدىن، جەمئىيەتتە ئىككىنچى نومۇرلۇق پۇقرا بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىشەنچىسىز ۋە گۇمانلىق كىشىلەر قاتارىغا كىرىپ قېلىشتىن قورقىدۇ - دە، ھەي! ئۇيغۇر بولۇپ، شور پېشانە تۇغۇلۇپ قالغانلىقىم!»

ئۇ ئۇنى ئويلاپ، بۇنى ئويلاپ چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش ۋە كېيىن شۇ يەردە خىزمەت تېپىپ ئىشلەشنى قارار قىلدى. ئۇ چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسانلا ئىش تېپىپ، شۇ دۆلەتلەردە كۆچمەن بولۇپ قالالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. تور ئارقىلىق بىر نەچچە دۆلەتنىڭ ئالى مەكتەپلىرىگە ئىلتىماس قىلىۋىدى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، تۈركىيە قاتارلىق بىر نەچچە دۆلەتنىڭ ئالى مەكتەپلىرىدىن چاقىرىق كەلدى. ئۇ ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن ئوقۇش پۇلىنى دۆلەت كۆتۈرىدىغان تۈركىيەدىكى بىر مەكتەپنى تاللىدى - دە، چاقىرىقنى كۆتۈرۈپ پاسپورت ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۆزى تۇرۇۋاتقان رايونغا مەسئۇل ساقچى ئىدارىسىگە باردى. ساقچىلار ئۇنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن، چاقىرىق قەغىزىگە كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويماستىن ئۇنى چۆۋۈتىپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى تارتىۋېلىپ، «كىملىكىڭنى ئالغىلى ئىككى كۈندىن

كېيىــن كــەل» دەپ چىقىرىۋەتتــى.

ئــۇ ئىككــى كۈننــى ناھايىتــى تەســلىكتە ئۆتكــۈزۈپ، ســاقچى ئىدارىســىغا بــاردى. ســاقچىلار ئۇنىڭغــا: ئىلگىرىكىگــە ئوخشــمايدىغان ئالاھىــدە سۈپەتلىك بىــر كىملىكنــى تۇتقــۇزۇپ قويــدى. ئــۇ ئەجەبلىنىپ كىملىككــە بىــر قارىۋەتكەندىــن كېيىــن: «پاســپورتقا ئىلتىمــاس قىلسام بولامــدۇ؟» دەپ ســورىدى. ســاقچىلار: «ئەكــەل كىملىكىڭنــى» ـ دەپ، ئۇنىــڭ قولىدىكــى كىملىكنــى تارتىۋېلىــپ، ئۈســتەل ئۈســتىدىكى بىــر ئاپپاراتقــا ســېلىۋىدى، كىملىــك: «ھۈيــت، ھۈيــت، ھۈيــت» قىلىــپ ســايراپ كەتتــى. بۇنىڭدىــن كۆرەڭلــەپ كەتكــەن ســاقچىلار ئۇنىڭغــا قــاراپ: «ئەمــدى ســەن پاســپورتقا ئىلتىمــاس قىلىــش تۈگــۈل تۇرۇۋاتقان مەھەللەڭدىنمــۇ باشــقا بىــر مەھەللىگــە بارالمايســەن. ســېنىڭ ئۈچــۈن ئاســماندا تــور، يــەردە قاپقــان قۇرۇلــدى.» ــ دېــدى مۇغەمبەرلەرچــە ھىجىيىــپ،

ئۇ تېڭىرقاپ قېلىپ سورىدى:

ــ نېمىشــقا مېنىــڭ كىملىكىمنــى ســايرايدىغان قىلىــپ قويدۇڭلار؟

ــ دېدى ئۇ ھېچنېمىنــى چۈشــنەلمەي.

ــ تېخــى بىلمىدىڭمــۇ؟ ئــۇ ســايرىغان ســېنىڭ كىملىكىڭىزدىكــى «چېكىــت» تــۇر، بــۇ ســېنىڭ گۇمانلىــق ئىكەنلىكىڭنــى ئىپادىســى.

ــ مــەن نېمىشــقا گۇمانلىــق؟ ــ دېــدى ئــۇ تېخىچــە ھېچنېمىنــى چۈشــىنەلمەي.

ــ چۈنكــى، ســەن چەتئەلگــە ئوقۇغىلــى چىقماقچــى بولــدۇڭ ئەمەســمۇ؟

ــ چەتئەلگــە ئوقۇشــقا بارىدىغانلارنىــڭ ھەممىســى گۇمانلىــق بولامــدۇ؟

ــ ياق، ھەممىسى ئەمەس، سەن!

ــ نېمىشقا مەن؟

ــ چۈنكى، سەن ئۇيغۇر بولغانلىقىڭ ئۈچۈن.

ــ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى گۇمانلىقمۇ؟

— ھەئە، بولۇپمۇ سەندەك چەتئەلگە چىقماقچى بولغانلار ۋە چەتئەلگە چىققانلار تېخىمۇ گۇمانلىق.

— نېمىشقا گۇمانلىق؟ نېمە ئاساسلار بار؟

— بىزنىڭ ئاساسىمىز شۇكى، — دەپ داۋام قىلدى قىسىق كۆز ساقچى ياپما قاپىقىنى پورۇشتۇرۇپ، — چەتئەلگە چىققان ئۇيغۇرلار قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇ يەردە بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قايتىپ كەلسىمۇ ئىدىيەسى زەھەرلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈپ كېلىدۇ.

ئۇ نېمە دېمىسۇن ئاقمىدى. دېمىسىمۇ ئۇلار پۈتۈن بىر ئۇيغۇر مىللىتىنى بۆلگۈنچى ۋە گۇمانلىق دەۋاتقان يەردە، ئۇنىڭدەك ئۇيغۇردىن تۇغۇلغان بىرسىگە ئىشىنەتتىمۇ؟

ئەگەر ئۇ: «مەن ئۇيغۇر بولغان بىلەن خىتايچە ئوقۇغان، تەپەككۇرۇم خىتايچە، مەن سىلەر بىلەن ئوخشاش ئىدىيەدە، مېنىڭ باشقا ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلىشىم، مىللىي بۆلگۈنچى بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس دېسىچۇ؟» ئۇنىڭمۇ پايدىسى بولۇشى ناتايىن ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قېنى - بەرىبىر ئۇيغۇر قېنى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پېشانىسىگە بېسىلغان «ئۇيغۇرلۇق تامغىسى» دىن قۇتۇلالمايدىغانلىغا كۆزى يەتتى - دە، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «مەيلى، مەن ئۇيغۇر بولسام نېمە بولۇپتۇ؟ ئۇيغۇرلارمۇ ئىنسانغۇ؟ باشقا ئۇيغۇرلارمۇ ياشاۋاتىدىغۇ؟ مەنمۇ ئۇلاردەك ياشىشىم كېرەك! ئۇلارغا نېمە بولسا ماڭىمۇ شۇ! چەتئەلگە چىقالمىسامىمۇ مۇشۇ يەردە يول تېپىپ، ئىگىلىك تىكلەپ، بىر تىرىكچىلىك يولى تاپىمەنغۇ؟» - دەپ پىچىرلىدى.

ئۇ يەنىلا ئۆزىنى ئۇيغۇر قىلىپ تۇغۇپ قويغان ئاتا - ئانىسىغا دەردىنى ئېيتسا ئاقىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يۇرتىدىكى ئاتا - ئانىسىغا تېلېفون قىلىپ، ئاتا - ئانىسىغا: - ئۆزىنىڭ ئۇرۇمچىدە بىر «كومپيۇتېر ئويۇنچۇق دۇكىنى» ئاچماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا بىر ئاز دەسمى كېرەك بولىدىغانلىقىنى، ئىمكان بولسا تېزرەك پۇل ئەۋەتىپ بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ:

ـ «بـالام، يۇرتقـا قايتىـپ كەلگىـن! تاشـمۇ چۈشـكەن يېرىـدە ئەزىـز، نېمـە قىلساڭ، مۇشـۇ يـەردە قىـل» دېگـەن گېپىگـە پىسـەنت قىلمىـدى. بالىسـىنىڭ ياتلارنـىڭ جاھـىل مىجەزىنـى تارتىـپ قالغىنىنـى بىلىدىغان ئاتـا ـ ئانىسـى ئۇنىڭغـا دېگـەن سـوممىدىكى پۇلنـى ئەۋەتىـپ بـەردى.

ئـۇ بىـر ـ ئىككـى ھەپتـە ئىچىدىـلا كومپيۇتېـر دۇكىنـى ئېچىـش ئۈچـۈن كېتىدىغـان دۇكان، ماتېرىيـال دېگەنـدەك ماددىـي نەرسـىلەرنى تەييـار قىلـدى. ئەمـدى ئۇنىڭغـا ھۆكۈمەتنىـڭ يەككـە تىجـارەت قىلىـش ئىجازەتنامىسـى كېـرەك ئىـدى. بۇنىـڭ ئۈچـۈن ئـۇ سـودا ـ سانائەتنى مەمۇرىـي باشـقۇرۇش ئىدارىسـىغا بـاردى. خادىمـلار ئۇنىـڭ كېلىـش مەقسـىتىنى بىلگەندىـن كېيىـن كىملىكنـى كۆرسىتىشـنى تەلـەپ قىلـدى. ئـۇ كىملىكنـى چىقىرىـپ بەرگەندىـن كېيىـن، خادىمـلا ئۇنىـڭ كىملىكنـى بىـر ئۇسـكۇنىنىڭ ئۈسـتىگە قويۇۋىـدى، ئۇسـكۇنە «ھۇيـت ـ ھۇيـت ـ ھۇيـت» قىلغـان ئـاۋاز چىقىرىـپ سايراپ كەتتـى. خادىمنىـڭ قولـى تىتـرەپ، چىرايـى ئۆڭـۈپ كەتتـى ـ دە، ساقچىغا تېلېفـون قىلدى. ھايـال ئۆتمەيـلا تـۆت سـاقچى كېلىـپ، ئۇنىـڭ قولىغـا كويـزا، بېشـىغا قـارا خالتـا كەيدۈرۈپ ئېلىـپ مېڭىشتى.

ئـۇ سـاقچىخانىدا ئىـدى. نېمـە گۇنـاھ قىلغانلىقىنـى بىلمەيتتـى سـاقچىلار ئۇنىـڭ كىملىكنـى ئۈسكۈنىسـىگە سـېلىپ تەكشـۈرۈپ چىققاندىـن كېيىـن: «سـاڭا تىجـارەت قىلىشـقا رۇخسـەت بېرىلمەيـدۇ.» ــ دېيـدى.

ــ نېمىشقا؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ تەئەججۈپلىنىپ،

ــ كىملىكىڭدىكـى چېكىـت سـېنىڭ «گۇمانلىـق» ئىكەنلىكىـڭ بەلگىسـىدۇر. ئەمـدى سـەن «تىجـارەت قىلىمـەن» دەپ ئـاۋارە بولمـا! شـۇنداقلا دەرھـال ئۈرۈمچىدىـن كـەت! يۇرتۇڭغـا كېتىـۋال! ئەگـەر يەنـە بىزنـى ئـاۋارە قىلسـاڭ ئاقىۋىتىـڭ ياخشـى بولمايـدۇ! قالغىنىنـى ئـۆزۈڭ بىـل. ــ دەپ ئاگاھلانـدۇرۇش قىلىشـتى.

ئـۇ يۇرتقـا قايتىدىغانلىقىنـى، ئاتـا ـ ئانىسـىغا خـەۋەر قىلىۋېتىـپ، يـۈك ـ تاقلىرىمنـى يىغىشـتۇرۇپ، پويىـز ئىستانسـىغا كەلـدى ۋە بېلـەت

ئېلىش ئۇچۇن ئۆچرەتتە تۇردى. ئۆچرەتتىكى يات مىللەت يولۇچىلىرى ھېچ قانداق سوئال ـ سوراقسىز بېلەت ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەندە خادىم ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، كىملىكىنى كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ كىملىكىنى چىقىرىپ بەردى. خادىم كىملىكنى تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسىگە سېلىۋىدى. ئۈسكۈنە «ھۈيت ـ ھۈيت ـ ھۈيت» قىلىپ چىقىراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا ساقچىلار پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ، يېقىنىلا يەردىكى بىر ساقچىخانىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى ئۈسكۈنىسىگە سېلىپ تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭغا «گۇمانلىق شەخس» دەپ چېكىت قويۇلغانلىقىنى، ئەمما تېخى جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى بىلىشتى ـ دە:

ــ نەگە باراتتىڭ؟ــ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ تۇرپانغا قايتماقچى ئىدىم.ــ دەپ جاۋاب بەردى. ساقچىلار ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە بىر مۇنچە سوئاللارنى سوراشتى. ئۇنىڭ خىتايچىنى ئۆزلىرىدەكلا سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ساقچىلار ئۇنىڭغا: «بۇ ئۇيغۇرمۇ ياكى ئۇيغۇر بولۇۋالغان خەنزۇمىدۇ؟» دېگەندەك قىلىپ، باشقىدىن بىر قارىۋېتىپ: ـ بىز بىلەن كەل ـ دەپ، ئۇنى پويىز بېكىتىگە ئېلىپ كېلىپ، بېلەتنى ئۆزلىرى ئېلىپ بېرىپ تۇرپانغا يولغا سېلىپ قويىدى. ئۇ تۇرپانغا بارغۇچە يەنە بىر نەچچە قېتىملىق تەكشۈرۈشتە كىملىكى سايراپ كېتىپ ساقچىلارنىڭ سوئال ـ سوراقىغا مەھرۇز قالدى.

ئۇنىڭ «ئۆز كىملىكىنى» يەرگە ئېتىپ ـ دەسسەپ چەيلىۋەتكۈسى، دېرىزىدىن سىرتقا تاشلىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. ئەمما، كىملىك بولمىسا تېخى بولمايتتى، كىملىكسىز بىرى بۇ يەردە ھېچقانداق ئىش قىلالمايتتى. ناۋادا، تەكشۈرۈپ تۇتۇلۇپ قالسا دەرھال ساقچىلار ئېلىپ كېتىپ، خۇددى تاشقى پىلانېتتىن كەلگەن بىرسىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغاندەك: «بۇ دۇنياغا قاچان

تۇغۇلغان؟ نەدە؟ نېمە دېدى؟» دېگەندەك كۆرمىگىلىغان سوئاللارنى ياغدۇرۇپ، بەدەنلىرىدىن قان ئېلىپ، ئوكۇل ئۇرۇپ، يالىڭاچ قىلدۇرۇپ ئاپپاراتقا سېلىپ تەكشۈرۈپتۇ ـ دە، ئاخىرىدا ئۇنىڭ پۈتۈن تارىخى بىلەن قېنىنىڭ تىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ، «د، ن، ئا» ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ چىقىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر تال موي ۋە بىر تامچە قېنىدىنمۇ ئۇنىڭ كىم، نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايتى.

ئۇ ئۆزىچە، مەن ئەمدى «پۈت ـ قولى باغلانغان كەپتەردەك بولۇپ قاپتىمەندە؟» دەپ ئويلاپ تۇراتتى. دېرىزىدىن بىر قۇشقاچنىڭ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قۇشقاچ بىلەن خىيالەن پاراڭلىشىپ كەتتى: «هەي، قۇشقاچ! سەن ئۇچۇپ نەگە بارىسەن؟ هەممە يەرگە ئۇچۇپ بارالايسەنغۇ هەقاچان؟ سېنىڭدە مېنىڭكىدەك «كىملىك» دەيدىغان بىر نەرسە يوققۇ؟ شۇڭا خالىغان يەرگە ئۇچۇپ بارالايسەن! بىر جايدىن يەنە بىر جايغا، هەتتا بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە ئۇچۇپ كېتەلەيسەن! بۇنىڭ ئۈچۈن سەندىن كىملىك تەلەپ قىلىنمايدۇ؟ سەن ئۈچۈن چېگرا دېگەن توساق مەۋجۇت ئەمەس! ئۇچقىن! ئۇچقىن! خالىغان يېرىڭگە ئۇچۇپ بارغىن! ئەمما، مېنىڭ ئاھۇ ـ زارىمغا بىر قۇلاق سېلىۋەت: مەن بىر ئادەم. ئەمما، هازىر ئادەم بولۇپ قالغىنىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن! ئىنسانلار «كىملىك» دەيدىغان بىر نېمىنى ياساپ چىقىشتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئۇنىڭغا چېكىت قوندۇرۇپ، ئادەملەرنى:«ياخشى ـ يامان، گۇمانلىق ـ بىگۇمان» دەپ بەلگە سېلىپ قويۇشتى. مانا قارا! مېنىڭ كىملىكىمگە چېكىت قوندۇرۇپ قويۇلغان بولغاچقا، خالىغانچە هېچقانداق ئىش قىلالمايمەن! هېچ يەرگە بارالمايمەن! سەن خالىغانچە سايرىيالايسەن! سايرىساڭ هېچكىم سېنى تەكشۈرمەيدۇ، تۇتۇۋالالمايدۇ! ئەمما، مېنىڭ كىملىكىم سايراپ كەتتىمۇ؟ ئىشىم چاتاق. بىردەمدىلا ئەسىرگە ئېلىنىمەن ـ دە، بىر قانچە سائەت سوئال ـ سوراق بىلەن ئاۋارە قىلىنىمەن. پاسپورتۇم بولمىغاچقا سېنىڭدەك چېگرالارنى بۆسۈپ ئۆتەلمىدىم. هەتتا تۇغۇلۇپ چوڭ

بولغان يۇرتۇمغىمۇ ئەركىن ئازادە كېتەلمەيۋاتىمەن! ھازىر يولدا مەن. يۇرتۇمغا بارغۇچە يەنە نېمە ئىشلار بولىدۇ؟ ئۇنى بىلمەيمەن! ھەي قۇشقاچ! دەپ باققىنە! سەن نېمانداق بەختلىك!»

قۇشقاچ زۇۋانغا كەلدى: «ھەي ئادەم! مېنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىمنىڭ تۈپ سەۋەبى - مېنىڭ ئەركىنلىكىمدۇر. مەن ھېچكىمگە، ھېچقانداق جايغا تەۋە ئەمەس، ئۆز - ئۆزۈمگە خوجادۇرمەن. شۇڭا خالىغان يەرگە ئۇچۇپ بارالايمەن. مېنىڭ ئۇچۇش دۇنيانىڭ بۇ چېكىدىن ئۇ چېكىگە بېرىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس! خالىسام دان ئىزدەپ يەرگە قونالايمەن. خالىسام قانات قېقىپ بىپايان سامادا پەرۋاز قىلىپ ئۇچالايمەن. ئەمما، مېنىڭمۇ قورقىدىغان تەرىپىم بار. ئۇ بولسىمۇ ئەركىنلىكىمنى يوقۇتۇپ، سىلەر ئادەملەر ياسىغان قەپەزگە سولىنىپ قېلىش. خۇدا ساقلىسۇن! قەپەزگە سولىنىپ قېلىشتىن بەك قورقىمەن! شۇڭا، بىز مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئادەملەرگە يېقىن كەلمەي، ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىپ، يىراق يەرلەردە توپلىشىپ ياشايمىز. توپتىن ئايرىلىپ قالساق ئىشىمىز چاتاق بولىدۇ. ئۇلار بىزنى ئاسانلا تۇتۇۋالىدۇ. مەنمۇ ھازىر ئۆز توپۇم تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىمەن. خەير خوش! سېنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم!» - دەپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇ تۇرپانغا يېتىپ كەلدى. كۆز مەۋسۇمىنىڭ ئاخىرلىشىش باسقۇچى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھاۋا يەنىلا ئىنتايىن ئىللىق ۋە ئوچۇق ئىدى. كۆك ئاسماندا پارچە - پارچە لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممە يەر خۇددى دېڭىز سۈيىدەك ياپ - يېشىل سۈزۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ھىلال شەكىلگە كەلگەن يېرىم ئاي بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىگە سۈيۈملۈك كۆك بايرىقىمىزنىڭ سىيماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ قەلبى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئىلگىرى ئۆز يۇرتىنىڭ بۇنچىلىك ئىللىقلىقىنى ھېس قىلمىغان ئىدى. ئۇ ئىلگىرى تەتىلدە يۇرتىغا قايتقان ۋاقىتلاردا ئۆيدىن سىرتقا چىقماي كىتاب ئوقۇش بىلەنلا ئۆتەتتى. ئۇ ئوقۇغان

تارىخ كىتابلىرىدا خىتايلارنىڭمۇ ئۆز يۇرتىنى سۆيىدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئىككى دەريا(چاڭجاڭ ۋە خۇاڭخې) ئارىلىقىدا ياشاپ ـ كۆپىيىپ، شەھەر دۆلەتلەرنى قۇرغانلىقىنى ئوقۇغان ئىدى. ئۇ يەنە تارىختا تۇرپاندا قۇرۇلغان «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دەپ ئاتالغان دۆلەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل ياشىغانلىقى، ئۇلارنىڭ يۈكسەك بۇددا مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، دۇنيا بۇددىزىمنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغانلىقىنى، خىتايلارنىڭ بۇ يەرگە ساياھەتچى، سودىگەر قىياپىتىدە كېلىپ، بۇددا نوملىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى ئوقۇغان ئىدى. ئۇ تارىختىكى ئەمەلى خاتىرىلەرنى ھازىرقى ئەھۋالغا سېلىشتۇرۇپ ئويغا كەتتى: «ئىككى دەريا ۋادىسىدا ياشىغان خىتايلار نېمە دەپ، ئەمدى بىزنىڭ يۇرتىمىزغا كېلىپ، بۇ يەرگە خوجايىن بولۇپ قالدى؟ ئەمدىلىكتە ئۇلار ئۆز يۇرتىغا سىغىشمىدىمۇ؟ ئۇلارمۇ ئۆز يۇرتىنى سۆيەتتىغۇ؟ نېمە دەپ باشقىلارنىڭ يۇرتىغا كېلىۋالىدۇ؟ ھوقۇق ئۈچۈن، خىزمەت ئۈچۈن، جان بېقىش ئۈچۈن شۇنداق قىلامدىغاندۇ؟ ئۇلارغا ئۆز يۇرتىدا خىزمەت يوقمىكىنە بۇ يەرگە كېلىپ بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزنى تارتىۋالىدىغانغا؟ ئەمدىلىكتە خىزمەت ئۇلاردىن ئاشمايۋاتىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتىمىزدا ئىشسىز قېلىۋاتىمىز. ئۇلاردىن بىزگە ئىش ـ خىزمەت ئاشمايۋاتىدۇ. ھەي ئاشۇ بىزنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتىمىز ھېلىمۇ مەۋجۇت بولغان بولسا، بەلكىم ئۇلار بىزگە خوجايىن بولۇۋالمىغان، ئىش ـ خىزمەتلىرىمىزنى تارتىۋالالمىغان بولاتتى ـ ھە؟ ئۇلار كەلسىمۇ ئوغرىلىق ئۈچۈن كېلەتتى بەلكى؟ ئەمدى بولغاندا بىزگە خوجايىن بولۇۋېلىپ، بىزنى ئوغرى ـ قاراقچىلاردەك كۆرۈپ، «گۇمانلىق، ئىشەنچسىز»دەپ كېتىشلىرى. ھەي! پەلەك يەنە چۆرگۈلەپ ئەسلىگە قايتارسەنمۇ؟؟»

ئۇ يىراقتىن ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ، خىيالىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئالغىلى كەلگەن ئىدى. ئۇلار كۆز يېشى قىلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن بىر تاكسىغا چىقىپ، ئۆيىگە كېتىۋېلىشتى. ئانىسى ئۇنىڭغا ھاردۇق ئېشى قىلىپ

بەردى. ئاتىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىل ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىقىپ دېھقانچىلىق ئىدارىسىغا بېرىپ، ئۇنى ئىشقا قوبۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ باقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئېھتىماللىمۇ تۆۋەن ئىدى. چۈنكى، «ئاتا - ئانىسىنىڭ ئورنىغا بالىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى» بىكار قىلىنغىلى خېلى زامان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇمۇ ئۇنىڭغا ئانچە بەك قىزىقىپ كەتمىدى. ئۇ ئوقۇغان «لايىھەلەش كەسپى» دېھقانچىلىق كەسپىگە ماس كېلىشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆزى توردىن ئىش ئىزدەپ بېقىشنى قارار قىلىپ، بىر ئايدەك ئىش ئىزدەپمۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك بىر ئىش تاپالمىدى. ئاخىرى، ئاتىسىنىڭ شىرەم بىر تۇغقىنى قۇرغان «قاتناش - ترانسپورت شىركىتى»دە ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرماقچى بولدى.

بۇ شىركەت تۇرپاندىن - داخىيەنگە مال توشۇيدىغان بولۇپ، تىجارىتى يامان ئەمەس، تۆت دانە يۈك ماشىنىسىغا ئىگە، سەككىز ئادەم ئالمىشىپ ئىشلەيدىغان كىچىك تىپتىكى بىر شىركەت ئىدى. ئۇ ئەتىگەندە يولغا چىقىپ، مەنزىلگە بارغاندىن كېيىن مال بېسىپ، نامازدىگەرگىچە قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ تۇرپاندىن ساق - سالامەت چىققان بولسىمۇ، داخىيەنگە كىرىش ئېغىزىدا ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە دۇچ كەلدى: - كىملىكىڭنى چىقار! - دېدى ساقچىلار. ئۇ كىملىكنى چىقىرىپ بەردى. ساقچىلار كىملىكنى ئېلىپ، قولىدىكى تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋىدى، كىملىك «ھۇيت - ھۇيت - ھۇيت» قىلىپ سايراپ كەتتى. ساقچىلار ئۇنىڭ داخىيەنگە كىرىشىگە يول قويماي، ماشىنىسىنى بىر چەتكە تارتقۇزۇپ، ئىككى سائەتكە يېقىن تەكشۈرۈپ، سوئال - سوراق قىلىپ چىقتى. شۇ ئارىدا ئۇ بىر ساقچىنىڭ خىتايچە: «ئەيىيا! ئۇنىڭ كىملىكىدىكى چېكىتى سېرىق ئىكەن. ئەگەر قىزىل بولۇپ قالغان بولسا، دەرھال ئۇنىڭ پۇت - قولىنى بوغۇشلاپ، تۈرمىگە ئاپىرىپ تاشلايتۇق - دە، بۈگۈنكى ئادەم

تۈتۈش ۋەزىپىمىز ئورۇنلانغان بولاتتى» دېگەننى ئاڭلاپ قالدى. شۇ چاغدىلا ئۇ كىملىكتىكى چېكىتنىڭ قاتناش بەلگىلىرىدىكى چىراغلاردەك «يېشىل، سېرىق، قىزىل» دىن ئىبارەت ئۈچ خىل رەڭگە ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. دېمەك، ئۇنىڭ كىملىكىدىكى «چېكىت» نىڭ رەڭگى سېرىق ئىكەن. ناۋادا قىزىل بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ يورۇق دۇنيادا نەپەس ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

ئاخىرى ئۇنىڭغا داخىيەنگە كىرىشكە يول قويۇلدى. ئۇ داخىيەنگە كىرىپ مال بېسىش ئورنىغا بارغاندا، باشقا خىزمەتداشلىرى ئاللىقاچان مال قاچىلاپ بولغان ئىدى. ئۇلار ۋاقتىدا يولغا چىقىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا مەنزىلگە يېتىپ بارمىسا بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار يولغا چىقىشتى. ئۇ مال باسقۇچلارغا يېلىنىپ، ئارتۇق پۇل بېرىپ، ئىككى سائەتكە يېقىن ۋاقىتتا مالنى باستۇرۇۋالدى ـ دە، تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى. يېرىم يولغا كەلگەندە ماشىنىنىڭ ماي كۆرسەتكۈچى چىرىغى سېرىق يېنىۋالدى. ئۇ ماشىنىغا ماي تولۇقلىشى كېرەك ئىدى. يېقىن يەردىكى ماي ئىسكىلاتىدا توختاپ ماي قاچىلىماقچى بولدى. ماي ئىسكىلاتىدىكى خادىم ئۇنىڭدىن كىملىك كۆرستىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ كىملىكنى چىقىرىپ بەردى. خادىم ئۇنى بىر ئۈسكۈنىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋىدى، ئۇ كىملىك يەنە «هۇيت ـ هۇيت ـ هۇيت» قىلىپ سايراپ كەتتى. بىردەمدىلا تۆت ساقچى پەيدا بولدى ـ دە، كىملىكنى ئېلىۋېلىپ، خېلى ئۇزاققىچە بىر يەرلەرگە تېلېفون قىلىپ، سۈرۈشتۈرمىسىنى قىلىپ چىقتى. ئۇنى سوئال ـ سوراققا تارتتى. ئاخىرىدا ماي قاچىلاشقا رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى بىكاردىن ـ بىكار ئىككى سائەتكە يېقىن ئاۋارە قىلغان بولدى. ئۇ ماي قاچىلاپ يولغا چىققاندا كۈن تاغ ئۈستىگە قوناي دەپ قالغان بولۇپ ئۇنىڭغا: «ئەي يىگىت! كەچ قالدىڭ، سېنى بىكاردىن ـ بىكار ئاۋارە ئاۋارە قىلىشتى، مەن بۇنىڭدىن ئۇيالماقتىمەن! شۇڭا يۈزلىرىم قىزىرىپ كەتتى. ۋاقتىدا

ئـۇ بىـر تەرەپكـە كەتمىسـەم يەنـە نۇرغـۇن ھەقسـىزلىكلەرگە گۇۋاھچـى بولـۇپ قالىمـەن! خەيـر ـ خـوش يىگىـت، ۋاقتىـدا مەنزىلىڭگـە يېتىـۋال! ئامـان بـول!» دەۋاتقانـدەك قىلاتتـى.

ئـۇ تۇرپانغـا يېتىـپ كەلگەنـدە ئاللىقاچـان كـەچ كىرىـپ كەتكـەن بولـۇپ، ئەتـراپ قاراڭغۇلىشـىپ كەتكـەن ئىـدى. مالنـى ئۆتكۈزۈۋېتىـپ ماشـىنىنى بوشـىتىش مۇمكىـن ئەمـەس ئىـدى. ئـۇ بولغـان ئەھۋالنـى شـىركەت خوجايىنىغـا مەلـۇم قىلـدى. خوجايىـن قايىنـاپ: «يىگىـت، بۈگـۈن مالنـى تاپشـۇرۇپ بېرەلمىگىنىمىـز ئۈچـۈن، مـال ئۆتكۈزۈۋالغۇچـى شـىركەتكە ئەتـە مىـڭ سـوم جەرىمانـە تۆلىشـىم كېـرەك! سـەن ئەتىدىـن باشـلاپ ئىشـتىن توختىتىلدىـڭ، ئاتـاڭ كېلىـپ مـەن بىلـەن سۆزلەشسـۇن» دەپ تەنبىـھ بـەردى. ئـۇ ھېرىـپ ـ چارچـاپ، چۈشـكۈن ھالـدا ئۆيىگـە قايتىـپ كەلـدى. ئاتـا ـ ئانىسـى ئۇنـى تـۆت كـۆز بىلـەن ساقلاۋاتقان ئىـدى. ئـۇلار ئوغلىنىـڭ بېشـىغا كەلگـەن پالاكەتلىرىنـى ئـاڭلاپ، ئىنتايىـن كۆڭلـى يېرىـم بولـدى ۋە ۋايسـاپ: «بـۇ چېكىـت دېگـەن قانـداق گـەپ؟ زامـان نېمـە بولـۇپ كەتتـى؟ كىملىككـە چېكىـت قويـۇش، دەپتەرگـە نومـۇر قويـۇش، ئـادەم قېنىنـى شـوراپ ئېلىۋېلىـپ، قـان ئامبىـرى تۇرغـۇزۇش، يـول ـ كوچـىلار، مەھەللـە ئۆيلەرگـە توسـاق قـۇرۇش، كامېـرا بېكىتىـپ ـ نـازارەت قىلىـش، نېمـە دېگـەن كـۆپ چەكلىملـەر بـۇ؟ ئەمـدى ئادەملەرنـى قەپەزگـە سـولىغان قۇشـقا ئوخشـىتىپ قويامـدۇ نېمـە؟ چېكىـت دېگەننـى بىـز ئىلگىـرى دەپتـەر ـ كىتابلارغـا خـەت يازغانـدىلا ئىشـلىتەتتۇق. ئەمـدى بولغانـدا ئۇنـى ساقچىغا ئوخشـاش بىزنـى نـازارەت قىلىدىغـان قورالغـا ئايلانـدۇرغىنى نېمىسـى؟ ئەتـە ئۆگـۈن ئەكېلىـپ، پېشـانىمىزگە تېڭىـپ قويامـدۇ قانـداق؟ ئىلگىـرى كوممۇنىسـتىك پارتىيـە خەلـق ئۈچـۈن خىزمـەت قىلىـدۇ دېسـە، ئىشـىنىپ ئۇنىڭغـا ئـەزا بولۇپتىكەنمـەن. مانـا! ئەمـدى ئەۋلادلىرىمىزغـا كەلگەنـدە، ئـۇ خەلقنىڭ بېشـىغا چىقىۋالدىغـۇ؟ ئۇلارنىڭ دۆلەتنـى زامانىۋىلاشـتۇرۇش دېگىنـى مۇشـۇنداق بولامـدۇ؟ بـۇ ئوچۇقـلا زوراۋانلاشـتۇرغانلىق بولمـاي نېمـە؟ دۆلـەت ـ زوراۋان ۋە مۇتىھەملەرنىـڭ

قولىغا ئۆتسە ھالاك بولىدۇ دەيدىغانغۇ؟ قېنى كۆرىمىز! ئاخىرى زوراۋانلارنىڭ ھالاك بولمىغىنىنى؟»

ئۇ يەنە ئىشسىز قالدى. ئۇ ئوقۇغان لايىھەلەش كەسپىدىن ھامان بىر كۈنى ئىش تاپىدىغانغا ئىشىنەتتى. ئۇ يەنە توردىن ئىش ئىزدەشنى باشلىدى. بىر نەچچە ھەپتىلىك ئىزدەشتىن كېيىن، ئاخىرى ئىچكىرى ئۆلكىدىكى خاڭجۇ دېگەن شەھەردىكى بىر شىركەتتىن «ئىشقا قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشى»نى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ «قانداق قىلىشىم كېرەك؟» دەپ ئاتا ـ ئانىسىغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ نەسىھىتىگە دۇچ كەلدى: «ئوغلۇم! بىزدە: ئۆزگە يۇرتتا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول دېگەن گەپ بار. نېمە قىلساڭ مۇشۇ يەردە قىلغىن. ئۆز كەسپىڭدىن ئىش تاپالمىساڭ، كەسىپ ئۆزگەرتىپ، باشقا بىرەر كەسىپ ئۆگەنسەڭمۇ بولىدۇ. ئوغۇل بالىغا قىرىق ھۈنەرمۇ ئاز كېلىدۇ دەيدىغان چوڭلارنىڭ ئاتا سۆزى بار، مېنىڭ ئاتا ـ ئاناممۇ ئەسلىدە دېھقان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ماڭا: «بالام! بىرەر ھۈنەرلىك بولۇپ قالغىن» دەپ، ياغاچچىلىقنى ئۆگىتىپ قويغان ئىدى. كېيىن كىچىكىمدە دىنى مەكتەپتە ئوقۇغانىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ، يېڭى ھۆكۈمەت ئاچقان كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىدا ئوقۇپ كادىر بولغان ئىدىم. مانا ئەمدى زامان ئۆزگىرىپ، سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا باشقىچە كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ. كادىرلىق باشقىلاردىن ئاشمايۋاتىدۇ. نېمىمۇ قىلار ئىدىڭ چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇيمەن دەپ، بىزدە يەنە: «زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق» دەيدىغان گەپ بار. شۇڭا بىز سېنى خىتاي مەكتىپىدە ئوقۇتقان ئىدۇق، ئەمدىلىكتە سېنىڭ ئۇلارنىڭ جاھىل مىجەزىدىن تارتىپ قالغانلىقىڭدىن ئەپسۇسلانماقتىمىز بالام! جاھىللىق قىلما، جاھىل ئىنسانىنىڭ تەلىيى كاج كېلىدۇ.»

ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەسىھەتكە پىسەنت قىلمىدى. ئۇ ئىچكىرىدىكى شارائىتنىڭ بۇ يەردىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا، بۇ يەردىكى ھەددىدىن ئاشقان نازارەت سىستېمىسىنىڭ ئۇ يەردە

يوقلۇقىغا ئىشىنەتتى. ئىچكىرىگە بارىدىغان پويىز بېلىتى ئېلىش بىر مەسىلە ئىدى. ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىدا بولغاندەك كىملىكنىڭ سايراپ كېتىپ، ساقچىلارنىڭ ئاۋارە قىلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. تەلىيىگە پويىز ئىستانسىدا ئىشلەيدىغان بىر خىتاي ساۋاقدىشىنىڭ بارلىقى خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالدى - دە، ئۇنىڭ بېلەت ئېلىپ بېرىشى بىلەن ئىچكىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ خاڭجۇغا بارىدىغان بېلەتنى بىراقلا ئالغاچقا يولدا چۈشۈپ ئالمىششقا توغرا كەلمىدى. ئۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ، يۈلتۇز قوۋۇقچە بولغان ئارىلىقتا كۆزئەينەك تاقاپ، بىر تال خىتايچە كىتابنى ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇردى. دېگەندەك ئۇنىڭ تاكتىكىسى ئىشلەپ قالدى بولغاي، كىملىكى تەكشۈرۈلمىدى. يۈلتۇز قوۋۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، تا - خاڭجۇغا بارغىچە ھېچقانداق بىر تەكشۈرۈشكە دۇچ كەلمىدى. ئۇ چۈشكەن تېز پويىز بىر كېچە - كۈندۈزدىلا خاڭجۇغا يېتىپ كەلدى.

يولۇچىلار يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ پويىزدىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇمۇ پويىزدىن چۈشۈپ: «قايسى تەرەپكە مېڭىشىم كېرەك؟» دەپ ئۇياق - بۇياققا قاراپ بولغىچە ئىككى ساقچى پەيدا بولدى: «سەن ئۇيغۇرمۇ؟ كىملىكىڭنى چىقار؟» دەپ سورىدى ئۇلار. ئۇ ھەيران قېلىپ كىملىكىنى چىقاردى. ئۇنىڭ كىملىكى ئۈسكۈنىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇش بىلەنلا:«ھۇيت - ھۇيت - ھۇيت» قىلىپ سايراپ كەتتى. ساقچىلار ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ ساقچىخانىغا ئېلىپ كەلدى. ساقچىلار خېلى ئۇزاق ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە تېلېفون قىلدى ۋە ئۇنى سوراق قىلدى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ قولىدىكى شىركەتنىڭ ئىشقا قوبۇل قىلىش چاقىرىقىنى كۆرگەندىن كېيىن قويۇپ بېرىشتى.

بۇ چاغدا ئاللىقاچان كەچ كىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ بىر بىر مېھمانخانا تېپىپ قونۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ يېقىن ئەتراپتىن بىر مېھمانخانا تېپىپ باردى. مېھمانخانا خادىمى ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن: «بىز ئۇيغۇرلارغا ياتاق بەرمەيمىز»

- دەپ، ياتــاق بېرىشــنى رەت قىلــدى. ئــۇ نېمــە ئۈچــۈن؟ ــ دەپ ســورىۋىدى، خادىــم ئۇنىڭغــا: «ئۇيغــۇرلار تېررورچــى، پاســكىنا» دەپ جــاۋاب بــەردى. بــۇ جــاۋاب ئۇنىــڭ قاتتىــق غەزىپىنــى كەلتــۈردى. ئــۇ خىتايلارنىــڭ ئۇيغۇرلارنــى «تېررورچــى» دەيدىغانلىقىنــى بىلەتتــى. ئەممــا، پاســكىنا دېگــەن گەپنــى ئــاڭلاپ باقمىغــان ئىــدى. ئــۇ خادىمغــا يەنــە ســوئال قويــدى:

ــ نېمىشقا ئۇيغۇرلارنى پاسكىنا دەيسەن؟

خادىم دۇدۇقلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

ــ چۈنكى، سىلەر قوي گۆشى يەيسىلەر، قوي گۆشى پۇرايدۇ.

ئــۇ خادىمنىــڭ كۈلكىلىــك جاۋابىدىــن ھەيــران قېلىــپ، ئۇنىڭغا:«ئەگــەر ئىنســانلارنى يېگــەن گۆشــىگە قــاراپ، پاكىــز ياكــى پاســكىنا دەپ ئايرىشــقا توغــرا كەلســە، ســىلەر خەنــزۇلار ھەممىدىــن بــەك پاســكىنا بولــۇپ ھىساپلىنىســىلەر. چۈنكــى، ســىلەرنىڭ دۇنيــادا يېمەيدىغــان ھېچنېمــەڭلار يــوق، پاكىــز - پاســكىنا، ھــالال - ھــارام دەپ ئايرىــپ ئولتۇرمايســىلەر؟ بۇنىڭغــا نېمــە دەيســەن؟ ــ دەپ ســوئال قويــدى. خادىمنىــڭ ئۇنىڭغــا جــاۋاب بېرەلمــەي، تىلــى تۇتۇلــۇپ قالــدى - دە، مېھمانخانــا دىرېكتورىغــا ئــەرز قىلىــپ تېلېفــون قىلــدى. دىرېكتــور كېلىــپ ئۇنىــڭ ياقىســىنى تۇتــۇپ چىقىرىۋەتمەكچــى بولــدى. ئۇمــۇ بــوش كەلمــەي، دىرېكتورنىــڭ ياقىســىدىن ئالــدى. چــوڭ جېــدەل چىقىدىغانــدەك قىلاتتــى. خادىــم ســاقچىغا خــەۋەر بــەردى بولغــاي، ھايــت - ھۇيــت دېگۈچــە ســاقچىلار يېتىــپ كېلىــپ، ئۇنىــڭ قولىغــا كويــزا ســېلىپ، بېشــىغا قــارا خالتــا كىيــدۈرۈپ ئېلىــپ مېڭىشــتى. ئــۇ ســوراقخانىدا ئىــدى.

ــ نېمىشقا كەلدىڭ؟

ــ ئىشلەش ئۈچۈن كەلدىم.

ــ نېمىشقا ئۆزۈڭنىڭ يۇرتىدا ئىشلىمىدىڭ؟

ــ يۇرتۇمدا ئىش تاپالمىدىم.

ــ نېمە دەپ؟

ــ ئۇيغۇر بولغانلىقىم ئۈچۈن.

ــ ئۇنداقتا، بۇ يەردە ئىشلىشىڭگە ۋە تۇرۇشۇڭغا رۇخسەت يوق. خاڭجۇ شەھىرى ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ــ نېمىشقا، مېنىڭ يۇرتۇمدا جىق خاڭجۇلۇقلار بارغۇ؟

ــ ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز يوق، ئەمما سەن بۇ يەردە تۇرساڭ بولمايدۇ.

ئۇنىڭ يەنە جىق سوئال سورىغۇسى بار ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۇسساپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا نە ئاش، نە سۇ بېرىلمىدى. ئەكسىچە، ئىككى پارچە ئۇقتۇرۇش قەغىزى چىقىرىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدى. ئۇ ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ ئوقۇدى. ئۇقتۇرۇشنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭغا: «جېدەل چىقارغانلىقى ئۈچۈن ئىككى ملىڭ سوم جەرىمانە تۆلەش ھۆكۈمى». يەنە بىرىدە ئۇنىڭ «خاڭجۇدىن دەرھال يۇرتىغا قايتۇرۇلۇش ھۆكۈمى» يېزىلغان ئىدى. ساقچىلار ئۇنىڭغا مەجبۇرىي قول قويغۇزدى ۋە يالاپ پويىز ئىستانسىغا ئاپىرىپ، باشقا بىر مۇنچە تۇتۇلغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ مېڭىشتى.

ئۇ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ تۈرمىگە قامالدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سوراققا ئېلىپ چېقىلىپ، «ئىچكىرىدە جېدەل چىقىرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزگەن» دېگەن جىنايەت ئارتىلىپ، تۇرپاندىكى بىر «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە يوللاپ بېرىلدى. بىرەر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ كۆز يېشى قىلغان ھالدا ئاتا ـ ئانىسىغا قاراپ، ئۇلاردىن ئەپۇ سورىدى. باغرى يۇمشاق ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يەنىلا كەچۈرۈپ قۇچىقىغا باستى ۋە ئوغلى بىلەن شۇ سۆزى بىلەن خوشلاشتى:«ئوغلۇم ئۆز يۇرتىغا سىغمىغان ئادەم باشقىلارنىڭ يۇرتىغا ھەرگىزمۇ سىغمايدۇ!»

# گۈلنىسانىڭ گۈلى نەدە ئېچىلاتتى؟

گۈلنىسا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇشتىن توختاشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ يەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇش ۋە ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇش ئۈچۈن ئوقۇغۇچى ئۆزلىرى ئوقۇش پۇلى تۆلەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بۇ قەدەر چىقىملارنى كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى دېھقان، ئانىسى نورمال بىر ئائىلە ئايالى بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. دېھقانچىلىقتىن تاپقان كىرىمى ئۇلارنىڭ قورساق ۋە ئۇچىسىدىن ئاشمايتتى. گۈلنىسا بۇ ئائىلىنىڭ تۇنجى بالىسى بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە كىچىك ئىككى ئىنىسى ۋە بىر سىڭلىسى بار ئىدى. كىچىك سىڭلىسى پىلاندىن سىرت تۇغۇلغاچقا، يېزىنىڭ «پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى» تەرىپىدىن نۇرغۇن جەرىمانە قويۇلۇپ، بۇ ئائىلىنىڭ بىر ئاز ھاللىنىپ قالغان ۋاقىتلاردا سېتىۋالغان بىر ئېشەك ۋە ئىككى كالىسىنى سېتىپ جازا تۆلەشكە مەجبۇر قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسى ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالدى.

گۈلنىسانىڭ ئانىسى مەرەمنىساخان ئىنتايىن تىرىشچان ئايال بولۇپ، بالىلارنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن پۈتۈن ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز قىلاتتى. گۈلنىسا مەكتەپتىن توختاپ، ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلە ئىشلىرى جىق يېنىكلەيتى. ئەمما، بۇ كۆيۈمچان ئانا ئۇنداق قىلىشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ شەھەردە بىر شىرەم تۇغقان كېلىدىغان تىككۈچى تۇغقىنى بار ئىدى. ئۇ تۇغقىنىغا گۈلنىسانى شاگىرتلىققا بېرىشنى ئېيتىۋىدى،

ئۇلار دەرھال قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن گۈلنىسانى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، شەھەردىكى تۇغقىنىغا شاگىرتلىققا ئاپىرىپ بەردى.

گۈلنىسا شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قوپۇپ، تىككۈچىلىكنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. گۈلنىسا تىرىشچان قىز بولغاچقا، بىر نەچچە ئايدىلا كۆزىنى ھۈنەرگە پىشۇرۇۋالدى. قول - پۇتى تىككۈچىلىك كەسپىگە تېزلا ماسلىشىپ قالدى. دەسلەپتە ياماش - قاداش ئىشىدىن باشلىغان گۈلنىسا ئەمدى ماشىنىدا ئۇلتۇرۇپ كۆينەك، چاپانلارنىڭ يەڭ - پەشلىرىنى تىكەلەيدىغان بولدى. گۈلنىسانىڭ قولىنىڭ ئەپچىللىكىنى كۆرگەن ئۇستىسى ئايشەم خېنىم ئۇنىڭغا باشقىچىلا ئامراق بولۇپ كەتتى. ئۇ گۈلنىسانىڭ ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم يېزىغا بېرىپ، ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ كېلىشىگە ماقۇل بولدى ۋە: «گۈلنىساخان ئۇكىلىرىڭىزغا ئاپىرىپ بېرىڭ» دەپ، ئۈچ - تۆت سوم پۇل تۇتقۇزۇپ قويىدىغان بولدى. گۈلنىسا بۇ پۇلنىڭ يېرىمىغا ئۇكىلىرىغا كەمپۈت - پېچىنە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ، يېرىمىنى ئاپىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بۇنى كۆرگەن بىچارە ئانا خۇشاللىقتىن كۆز يېشى قىلىپ، گۈلنىساغا ۋە ئۇستا خېنىمغا كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتتى. ئۇكىلىرى بولسا ئاچىسى گۈلنىسانىڭ شەھەردىن ئەكېلىپ بەرگەن تاتلىق - تۈرۈملىرىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپ، بىر - بىرىدىن تالىشىپ يېيىشىپ كېتەتتى ۋە ئاچىسىدىن: «يەنە قاچانلىققا كېلىسەن؟ يەنە بىر نەرسە ئالغاچ كېلەمسەن؟» دەپ سورىشىپ كېتەتتى. گۈلنىسا بولسا: «ئەلۋەتتە ئۇكىلىرىم، مەن يەنە كېلىمەن، سىلەرگە يەنە كەمپۈت ئەكېلىپ بېرىمەن» دەپ ئۇكىلىرىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋېتەتتى.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. گۈلنىسا پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئۇستىسى ئايشەم خېنىمنىڭ كۆيۈنۈپ ئۆگىتىشى نەتىجىسىدە باللار كىيىملىرىدىن تارتىپ، چوڭلارنىڭ كۆينەك - چاپانلىرىغىچە بولغان خېلى جىق

كىيىملەرنى تىكىشنى ئۆگىنىۋالدى. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان ئايشەم ئۇستام گۈلنىسانى ئۆزىنىڭ يېقىن ياردەمچىسى قىلىۋالدى ۋە يېڭى كىرگەن شاگىرتلارنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇردى. گۈلنىسا ئۇستام ئورنىدا يېڭى شاگىرتلارغا ھۈنەر ئۆگىتىدىغان ئۇستا بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئايشەم ئۇستام تىككۈچىلىك دۇكىنىنى گۈلنىسانىڭ باشقۇرۇشىغا قويۇپ، كۆپرەك ئۆزىنىڭ شەخسى ئىشلىرى ۋە توي - تۆكۈن چاقىرىقلارغا كېتىدىغان بولدى. گۈلنىسانىڭ قولىغا ئۆتكەن شاگىرتلار تېزلا يېتىشىشكە باشلىدى. دۇكاننىڭ خېرىدارلىرى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ كۆپىيىپ، كىرىمى ئېشىپ بېرىشقا باشلىدى. كىشىلەر: «گۈلنىسا ئۇستام» دەپ خېلى يىراق جايلاردىن كېلىدىغان بولدى. گۈلنىسانىڭ كىشىلەرگە تۇتقان ئىللىق مۇئامىلىسى ۋە سۈپەتلىك تىككىلگەن كىيىم - كېچەكلىرى ئۇنى بۇ شەھەرگە تونۇتىۋەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ بىر سەھرا قىزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە تېخىمۇ ھەيران قېلىشتى. ئايشەمخان ئۇستام گۈلنىساغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ قالدى ۋە مەخسۇس مائاش بېكىتىپ، تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ باش ئۇستىسى قىلىۋالدى.

تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ باش ئۇستىسى ۋە مائاشلىق خادىمى بولۇپ قالغان گۈلنىسا ئۆزىگە ياراشقان ئېسىل مودا كىيىملەرنى تىكىپ كىيىپ، رەڭ تۈزەپ ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھازىر خالىغان ۋاقىتتا ئۆيىگە بېرىپ كېلەلەيدىغان رۇخسەتكە ئېرىشكەچكە، ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم يېزىغا بېرىپ، ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇكىلىرىنى يوقلاپ كېلەتتى. ئەمدى ئۇ ئۇكىلىرىغا كەمپۈت - پېچىنىلەردىن سىرت يەنە كىيىم - كېچەك، ئاياق - پايپاق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇكىلىرىنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋېتىدىغان بولدى. ئاپىسىغا مۇئاشىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك تۇتقۇزۇپ، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى خېلىلا يېنىكلىتىپ قويدى. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان ئاپىسى گۈلنىسادىن بەكمۇ رازى ئىدى.

ئانىنىڭ ھەممە دەردلىرىنى قىزى گۈلنىساغا دەۋىرىشكە كۆڭلى تارتمايتتى. يېقىندىن بۇيان كەنت كادىرلىرى بىر نەچچە قېتىم كېلىپ، ئۇلارنى ئاۋارە قىلدى. غەلىتە بىر خىل جەدۋەللەرنى ئەكېلىپ، ھازىرقى ئائىلە ئەھۋالىدىن تارتىپ، كونا - يېڭى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ جەدۋەلدىكى «ئىلگىرى جازالانغانمۇ يوق؟ پىلانلىق تۇغۇتقا خىلاپلىق قىلغانمۇ يوق؟» دېگەندەك يەرلەر ئۇلارغا باش ئاغرىقى تېپىپ بەردى. ئۇلارنىڭ تۆتىنچى بالىسى يەنى گۈلنىسانىڭ سىڭلىسى «پىلاندىن سىرت تۇغۇلغان بالا» دېگەن بەتنام بىلەن كەنت ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتتە تىزىملاقلىق ئىدى. ئۇنى يوشۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى. جەدۋەلنىڭ ئۇ كاتەكچىسىنى تولدۇرماي بوش قالدۇرۇپ قويۇۋىدى، جەدۋەل قوبۇل قىلىنمىدى. كەنت كادىرلىرى ئۆزلىرى كېلىپ مەخسۇس ھالدا تولدۇرغۇزۇپ يۇقىرىغا يوللىدى.

— 2017يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن يېزىلاردا ۋەزىيەت ئىنتايىن يامانلىشىپ كەتتى. ھەممە يەرنى ۋەھىمە قاپلىغانىدى. قانداقتۇر يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان لاگېرلار ھەممە يېزىلاردا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ يەرگە دېھقانلارنى ناماز ئوقۇغان، تەبلىغكە قاتناشقان، مەسچىتكە بارغان، ساقال قويغان، نەزىر بەرگەن، روزا تۇتقان، قۇرئان ئوقۇغان ۋە ئوقۇتقان، ھەجگە بارغان، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن - تۈزۈمگە بوي سۇنمىغان، پىلانلىق تۇغۇتقا بويسۇنمىغان دېگەندەك تۈگىمەس باھانىلەر بىلەن تۇتۇپ سولاشقا باشلىدى. گۈلنىسانىڭ ئاتىسى سېيىت ئاخۇنمۇ «ساقال قويغان، پىلانلىق تۇغۇتقا خىلاپلىق قىلغان» دېگەن باھانە بىلەن تۇتۇپ كېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن گۈلنىسانىڭ ئاپىسى ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالدى. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ۋە باللارغا قاراش، ئاش - تاماق ئېتىش، سودا - سېتىق پۈتۈن ئىشلار بىر ئانىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئىدى.

گۈلنىسا يەنە بۈگۈن ئاپىسى ۋە ئۇكىلىرىغا ئۇششاق - چۈششەك

يېمەكلىك ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئېلىپ ئاپىسىنى يوقلاپ، يېزىدىكى ئۆيىگە كەلدى. سىڭلىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ: «ئاچا، جېنىم ئاچا» دەپ يىغلاپ كەتتى. ئىنىلىرىمۇ دومسۇيۇشۇپ ئولتۇراتتى. ئاپىسىنىڭ چىرايى ئىنتايىن غەمكىن ئىدى. ئۆزىگە مېھرلىك كۆزلىرى بىلەن سەپسېلىپ قارايدىغان ئاتىسى كۆرۈنمەيتتى. گۈلنىسا ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ئۇكىلىرىغا بۆلۈپ بېرىۋېتىپ، ئاپىسىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە سورىدى:

ــ ئاپا! نېمە بولدىڭىز؟ سىڭلىمغا نېمە بولدى؟ نېمىشقا يىغلايدۇ؟ سىز نېمىشقا ئۇنداق روھسىز چۈشكۈن، غەمكىن بولۇپ كەتتىڭىز؟

بىچارە ئانا گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا قىزىنى قۇچاقلاپ بۇلدۇقلاپ يىغلاپ كەتتى. گۈلنىسا زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەنمەي، ئاپىسىنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتكەچ يەنە سورىدى:

ــ نېمە بولدى ئاپا؟ ئاتامغا زادى نېمە بولدى؟بىرەر كېلىشمەسلىك بولدىمۇ ياكى ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىمۇ؟

ــ ئاتىڭىز، ئاتىڭىز، ئۇ ئىككى كۈن بولدى يېزا ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى ـ دېدى ئانا كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ،

ــ نېمە دەيسىز ئاپا؟ ئاتام نېمە گۇناھ قىلىپتىكەن؟ ــ دەپ سورىدى گۈلنىسا تەئەججۈپلىنىپ، ــ ئۇ بىر خۇدايىمنىڭ مۆمىن بەندىسى، بىر تال قۇرت ـ قوڭغۇزغىمۇ زىيان يەتكۈزمەيدىغان ئاقكۆڭۈل ئىنسان ئىدىغۇ؟

ــ توغرا دەيسىز قىزىم، ئاتىڭىز ھېچقانداق گۇناھ قىلمىدى. جىنايەت ئۆتكۈزمىدى. ئەمما، ساقچىلارنىڭ دېيىشىچە: ئاتىڭىز ساقال قويغان، ئىدىيەسى قالاق ۋە ئىشەنچسىز ئادەممىش، يەنە تېخى بۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن«پىلانلىق تۇغۇتقا خىلاپلىق قىلدى»دېگەن جىنايىتى ئۈچۈنمۇ جازالىنىشقا تېگىشلىك ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن

يېزا مەركىزىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دە ئىككى يىل تەربىيەلىنىشى كېرەككەن. ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئىدىيەسى ئۆزگەرتىلىپ، «جۇڭخۇا مىللىتىگە خاس يېڭى ئادەم» بولۇپ چىقارمىش! ئۇ يەردە يەنە ئۇ خىتايچە ۋە دۆلەت قانۇنىنى ئۆگىنەرمىش!

— هە! مۇنداق دەڭ ئاپا، بۇ نېمە دېگەن قاملاشمىغان ئىش.

— دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى گۈلنىسا، — ئاتام بىر دېھقان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتالمىش«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ سەۋەبىدىن ئوقۇيالمىغان ساۋاتسىز ئادەم تۇرسا، ئۇ قانداق قىلىپ خىتايچە ئۆگىنەلەيدۇ؟ دۆلەت قانۇنىنى قانداق چۈشىنىدۇ؟

— شۇنى دېمەمسىز قىزىم. — دەپ كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا داۋام قىلدى ئاپىسى، — بىز ئەزەلدىن خەنزۇچە ئۆگىنىپ باقمىدۇق، دۆلەت قانۇنىمۇ بىزگە هېچكىم ئۆگەتمىگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتىڭىز يېشى ئەللىكتىن ئېشىپ كەتكەن «قاراتۇرۇك ئادەم» تۇرسا قانداقمۇ خىتايچە ئۆگىنەلەيدۇ؟ بۇ بىر قارىغۇنى تار يەردە قىستىغانلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ زامان نېمە بولۇپ كېتىپ باريدۇ؟ بىز جۇڭخۇا مىللىتى بولماي، ئۇيغۇر مىللىتى بولساق جۇڭگونىڭ پۇقراسى بولمامدىكەنمىز؟ مانا ياز كېلىۋاتىدۇ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى كىم قىلىدۇ؟ باللار تېخى كىچىك تۇرسا، ئىنىلىرىڭىز مەمەت، سەمەتلەر تېخى كەتمەن تۇتقۇدەك بولمىغان تۇرسا، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز قىزىم؟»

— ئاپا، بولدى قىلىڭ! كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ! - دەپ ئاپىسىغا تەسەللىي بەردى گۈلنىسا، — بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر! ئىككى يىل دېگەن هايت - هۇيت دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇكىلىرىممۇ ئۇنىڭغىچە چوڭ بولۇپ قالىدۇ. مەنمۇ سىلەرنى يوقلاپ هالىڭلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن.

گۈلنىسا ئۇ كۈنى ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ بەك تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن، يېزىدىكى ئۆيىدە قونۇپ قالدى ۋە ئاپىسى

بىلەن خېلى ئۇزاققىچە مۇڭداشتى. ئۇيدە ئاتىسى بولمىغاچقا ھەر ئىككىلىسىلا ئۇيقۇ تاپالمايۋاتاتتى. ئىلگىرى گۈلنىسا ئالدىراپ كېلىپ، ئالدىراپ قايتقاچقا ھەممە گەپنى دېيەلمەيتى. بۇ قېتىم ئۇ گۈلنىساغا ئىلگىرى دېيەلمىگەن بەزى گەپلەرنى دەپ بەردى: «ھازىر كەنت ئاھالىلىرى ئىنتايىن ئېغىر دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ياشايدىكەن. ھە دېسىلا كەنت ساقچىلىرى ۋە كادىرلىرى ئۆيلەرنى ماراپ ئاقتۇرىدىكەن. كىم نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، نېمە ئىش قىلماقچى، نەگە باردى، نەگە بارماقچى دېگەنلەرنى سوراپ ـ سۈرۈشتۈرۈپلا تۇرىدىكەن. ھېچكىم رۇخسەتسىز بىر كوچىدىن يەنە بىر كوچىغا، بىر مەھەللىدىن يەنە بىر مەھەللىگە بارالمايدىكەن. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغمۇ نازارەت قىلىنىدىكەن. مەسچىت ـ خانىقالاردا ئادەم قالمايۋېتىپتۇ. مەخپىي ساقچىلار كىم نامىز ئوقۇدى، كىم قۇرئان ئوقۇيدۇ؟ ــ دېگەنلەرنى ئېنىقلاپ، ھەممىسىنى تىزىملايدىكەن ھەمدە ئۇلارنى «ئىشەنچسىز پۇقرالار» دەپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە مەجبۇرىي تۇتۇپ كېتىۋېتىپتۇ. ھەممىدىن يامىنى كەنتلەردە ئەرلەر ۋە ياش قىزلار ئاز قېلىۋېتىپتۇ. يۇزىگە چۈمبەل ئارتىدىغان، ياغلىق چەككەن قىزلارنىمۇ مەجبۇرى تۇتۇپ، «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە ئېلىپ كېتىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە بىر قىسىم ياش قىزلارنى تىزىملاپ ۋە مەجبۇرلاپ، «ئىشىنچا ئەمگەك كۈچى» دېگەن نام بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كەتكەنمىش. بىزنىڭ ئۆيگىمۇ نەچچە قېتىم كېلىپ سىزنى نەدە تۇرۇۋاتىدۇ، نەدە ئوقۇۋاتىدۇ دەپ سوراشتى. مەن ئۇلارغا: «قىزىم شەھەردە ئوقۇۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم. كەنت ئاياللار مۇدىرى بۇنىڭغا: ـ ھە، شۇنداقمۇ؟ ــ دەپ تىزىملاپ كەتكەن ئىدى. ئەمما، كېيىن كەنت سېكرېتارى كېلىپ: «قىزىڭىز ئوقۇۋاتقانلار تىزىملىكىدە يوق ئىكەن» دەپ، ماڭا گۇمان بىلەن قاراپ ماڭا راست گەپ قىلىشىم كېرەكلىكىنى، بولمىسا ماڭىمۇ جازا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا:

«قىزىم شەھەردە ئىشلەۋاتىدۇ» دېدىم. ئۇ يەنە نەدە ئىشلەۋاتىدۇ، مۇقىممۇ ـ ۋاقىتلىقمۇ، ئىسپات ئەكېلىپ تاپشۇرىسىز بولمىسا، قىزىڭىز «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» ھېسابلىنىپ باشقا جايلارغا ئەۋەتىلىدۇ. مۇشۇ ئىككى ھەپتە ئىچىدە بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرىڭ! بولمىسا سىزنى:«كادىرلار خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلغان» دەپ ھېسابلاپ، «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە ئەۋەتىمىز دەپ تەھدىت سالدى. سىزدىن ئىنتايىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن قىزىم!

گۈلنىسا ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر مۇنچە تەسەللىي بېرىپ، بۇ ئىشنى ئايشەمخان ئۇستام بىلەن سۆزلىشىپ، بىر چارىسىنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئىچىدە ئايەت ئوقۇپ ئۇخلاپ قالدى.

گۈلنىسا قانچىلىك ۋاقىت ئۇخلىدىكىن، يېرىم كېچە بولغان ۋاقىتتا «مېنى قۇتقۇزۇڭلار! مېنى قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلىغانچە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ سۇدەك چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەن ئىدى. ئاپىسىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، قىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ پىشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

ــ نېمە بولدى قىزىم؟ بىرەر يامان چۈش كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. گۈلنىسا ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئاپىسىغا سۆزلەپ بەردى: «گۈلنىسا ئۆيدىن چىقىپ، شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. نېمىشقىكىن يولدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. توساتتىن ئاسماندىن يوغان بىر ئەجدەرھا تۆمشۇقىدىن ئوت چاچرىتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى. گۈلنىسا ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. ئەجدەرھا ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى ۋە زۇۋانغا كېلىپ ۋارقىراشقا باشلىدى: ھەي، قىز! توختا! مىڭ قاچساڭمۇ مەن ساڭا يېتىشىۋالىمەن. كەل! ئۇستۈمگە مىنگىن! مەن سېنى شەرقتىكى يۇرتىمىزغا ئېلىپ بارىمەن! ئۇ يەردە ئېگىز بىنالار، ھەشەمەتلىك سارايلار بار! سەن بىزگە كېلىن بولۇشقا قوشۇلساڭ بەختلىك ياشايسەن. سېنى بىز ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئەجدەرھا نەسلىلىك قەۋمگە ئايلاندۇرىۋالىمىز!»

گۈلنىسانىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ پېشانىسىنى سۈرتكەچ ئۆزى بىلىدىغان نۇرغۇن ئايەتلەرنى ئوقۇدى. ئۇنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ پۈركۈپ ئورنىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىكتە قوپۇپ، تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن چىراغنى ياندۇرۇپ ئوچاققا ئوت قالىدى. ئۇنىڭغىچە تاڭ سۈزۈلۈپ قالغانىدى. گۈلنىسانىڭ ئاپىسى: «سېغىنىپ قالغانسىز قىزىم» دەپ، ئۇنىڭغا قۇشقاچ تىلى كېسىپ، چامغۇر ۋە كاۋا توغرىغان دېھقان سۇيۇق ئېشى ئېتىپ بەردى. بۇ ئاش ئۇنىڭغا شۇنداق تېتىپ كەتتىكى، دېھقانلارنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئېسىل نېمەتلىرى، شەھەرلىكلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدىغان لەززەتلىك تائاملىرى بارلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ دېھقان قىزى بولۇپ قالغانلىقىدىن تولىمۇ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاپىسىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتتى.

گۈلنىسا مېڭىشتىن بۇرۇن ئۇكىلىرىنى ئويغىتىپ، ئۇلار ئېشىنى ئىچىپ بولغىچە قاراپ، ئۇلارنىڭ چۈچۈك سەھرا شېۋىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىمۇ بىر ئاز كۈتۈۋالدى. ئۇكىلىرىغا مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇشنى، ياخشى ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتسە بارلىق چىقىملىرىنى ئۆزى كۆتۈرىدىغانلىقىنى، ئېسىل كىيىم - كېچەك تىكىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، ئۇلارنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى. ئاپىسى بولسا: «ئىنشائاللاھ، قىزىم! ھەممىدىن مۇھىمى ئاتىڭىزنىڭ ساق - سالامەت ھالدا «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دىن چىقىشىنى تىلەيلى. ئۇنىڭدىن كېيىن سىزنى خۇدايىم ئۆزى پاناھىدا ساقلىسۇن!» دەپ دۇئا قىلدى.

گۈلنىسا ئاپىسى ۋە ئۇكىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئەتىگەندىلا شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىردەك ماڭسىلا يېزا بازىرىغا بارغىلى بولاتتى. ئۇ يەردىن ئاپتوبۇس بىلەن بەش - ئالتە كىلومېتىردەك يول ماڭسا شەھەرگە يېتىپ كېلەتتى. يېزا بىلەن شەھەر ئارىلىقىدا كىچىك كىرا ماشىنىلىرى ۋە

تاكسىلار قاتنايتتى. ئۇ يېزا بازىرىغىچە چوڭ يول بىلەن ماڭماي، ئېتىز ئارىلىقىدىكى كىچىك ئېرىقنى بويلاپ مېڭىپ يېزا بازىرىغا بېرىۋالدى. ئاندىن يېزا بازىرىغا ئېھتىيات بىلەن كىرىپ، ئادەملەرگە كۆرۈنمەستىن يولدا كېتىۋاتقان بىر تاكسىنى توسۇپ، غىپپىدىلا شەھەرگە بېرىۋالدى.

گۈلنىسا دۇكانغا كىرىپ ئۆزى بىر قوللۇق تازىلىق قىلىپ دۇكاننى پاك - پاكىز قىلىۋەتتى. ئۇنىڭغىچە شاگىرتلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. گۈلنىسا شاگىرتلىرىغا ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ، ئۆزىمۇ ئالدىنقى كۈنلىرى خېرىدارلىرى تىكتۈرۈش ئۈچۈن ئەكېلىپ بەرگەن كىيىملەرنى ئۆلچىمى بويىچە كېسىپ تەييار قىلدى. شاگىرتلىرىغا بەزى مۇرەككەپ يەرلىرىنى تىكىشنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭغىچە ئايشەمخان ئۇستاممۇ يېتىپ كەلدى. دۇكاننىڭ پاكىز قىياپىتى، شاگىرتلارنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گۈلنىسادىن باشقىچىلا سۆيۈنۈپ كەتتى. ئەمما ئۇ گۈلنىسانىڭ يۈزىدىكى غەمكىنلىكنى كۆرۈپ ئەجەپلەندى - دە، گۈلنىسانى سىرتقا چاقىرىپ:

— نېمە بولدى قىزىم! بىرەر دەردىڭىز بارمۇ؟ ئۆيدىكىلەرگە بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. گۈلنىسا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئايشەمخان ئۇستامغا سۆزلەپ بەردى. ئايشەمخان ئۇستاممۇ بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەردار بولغاچقا بىر ئاز جىددىيلەشتى. تېخى ئالدىنقى كۈنلا «ئاھالىلەر كومىتېتى» ئۇنى چاقىرتىپ دۇكىنىدا قانچە ئادەمنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، نەدىن كەلگەنلىكىنى، ئائىلە ئەھۋالى، تۇرۇشلۇق ئورنى قاتارلىقلارنى ۋە ھەربىر ئادەمنىڭ كىملىكى بويىچە ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى كېرەكلىكىنى تاپشۇرغانىدى.

گۈلنىسادىن باشقىلار شەھەر تەۋەسىدىن كەلگەن ۋە يېشى كىچىك قىزلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىملىك ئېلىشى تەلەپ قىلىنمايتتى. گۈلنىسا دەل مۇشۇ ئايدا ئون سەككىز يېشىنى ئالغان بولغاچقا، ئۇنىڭ كىملىك ئېلىشى زۆرۈر ئىدى. ئايشەمخان ئۇستام مەلۇم قىلىشنى بىر

نەچچە كۈن كېچىكتۈرۈپ باقتى. ئەمما بولمىدى. پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەنلىكى ئاھالىلەر كومىتېتىدىكىلەر باستۇرۇپلا كېلىشتى. ھەممە قىزلاردىن ئادرېس ۋە ئائىلە تاۋابىئاتىنى سوراپ يېزىۋېلىشتى. نۆۋەت گۈلنىساغا كەلگەندە ئايشەمخان ئۇستام جاۋاب بەرمەكچى بولىۋىدى، ئاھالىلەر كومىتېتىدىكىلەر:

— سىز ئارىلاشماڭ! ئۇ قىز ئۆزى جاۋاب بەرسۇن - دەپ گۈلنىسادىن كىملىكنى چىقىرىشنى سورىدى. گۈلنىسا تېخى كىملىك ئالمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەنلىكىنى، ئەمدى ئىلتىماس قىلىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئۇلار خاپا بولۇپ كېتىشتى. ئاندىن ئۇلار گۈلنىسا دەپ بەرگەن يېزا - كەنت ئادرېسى بويىچە سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە تۇتۇلغان ئىشەنچسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى - دە، ئاھالىلەر كومىتېتىدىن كەلگەن قىسىق كۆز، پاكىنەك بىرسى قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— بۇ قىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشى ۋە ئىشلىشى قانۇنسىز. ئۇ ئۆز يېزىسىغا بېرىپ، ئاۋۋال كىملىك ئىلتىماسى قىلىشى، ئاندىن يېزىلىق «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى» نى باشقۇرۇش كومىتېتىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك. دەرھال بۇ يەردىن كەلگەن يېرىگە كەتسۇن. — دەپ، ئايشەمخانغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى - سىز ئايشەمخان بۇ قىزنى دەرھال يولغا سېلىۋېتىپ، ئاندىن «ئاھالىلەر كومىتېتى»غا بېرىپ ئىپادە بىلدۈرۈڭ! ئىپادىڭىزگە قاراپ سىزنىڭ ئادەم يوشۇرغان جىنايىتىڭىزنى بىر تەرەپ قىلىمىز.

— مەن ئادەم يوشۇرمىدىم، ئۇ قىز مېنىڭ تۇغقىنىم بولىدۇ. بۇ يەردە مائاشلىق ئىشچى. خېلى ئۇزۇن بولدى بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىلى - دېدى ئايشەمخان ئۇستام يىغلىنىپ، — ئۇ مېنىڭ دۇكىنىمدا ئۇستام بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلسام، مېنىڭ بىر قانىتىم سۇنغان بولىدۇ.

— بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كارىمىز يوق، بىز دۆلەتنىڭ قانۇن - سىياسىتىنى ئىجرا قىلىمىز! سىز ئايشەمخان بۇ ئىش ئۈچۈن تەكشۈرۈپ چارە كۆرۈشنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك! - دېدى ئۇلار ئايشەمخانغا ھومۇيۇپ قاراپ، — ئەتە سىزنى ئىشخانىدا ساقلايمىز! - دەپ، دەپتەر - قەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى.

گۈلنىسا ئىنتايىن كۆڭلى يېرىم بولغان ۋە كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايشەمخان ئۇستام ۋە شاگىرتلىرى بىلەن خوشلىشىپ، كۆز يېشى قىلدى. ئايشەمخان ئۇستام ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ:

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ قىزىم! مېنىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان تونۇشلىرىم بار. ئۇلار ئارقىلىق يول مېڭىپ سىزنى قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن - دېدى ۋە تېخى بىر ئاي توشمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىر ئايلىق مائاشىنى تولۇق بېرىپ، ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئاپىرىپ يولغا سېلىپ قويدى.

گۈلنىسا يېزىغا بېرىپلا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ يەنە ئارقا تەرەپلەرگە ئۆتۈپ، چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ ئۆيىگە كەلدى. چۈشكە يېقىنلىشىپ قالغان ۋاقىت بولغاچقا، ئاپىسى تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىلىۋاتقان ئىكەن. ۋاقىتسىز كەلگەن گۈلنىسانى كۆرۈپ، كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيغاندەك قىلىپ، قىزىنىڭ كۆزىگە قارىدى. گۈلنىسا ئاپىسىغا بولغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىپ كۆز يېشى قىلدى. ئاپىسىمۇ قىزى بىلەن تەڭ بىر ئاز يىغلىدى. ئەمما، تۇرمۇشتا قاتقان ئايالىلارغا خاس تەمكىنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ گۈلنىساغا تەسەللىي بەردى:

— قىزىم كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىپ يىغلىماڭ، «زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» دېگەندەك ھازىر ھېچكىمدە ئىختىيارلىق، ئەركىنلىك يوق. ھەممە نەرسە زورلاش - مەجبۇرلاش بىلەن بولۇۋاتىدۇ. «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن يەرگىمۇ ئادەملەرنى مەجبۇرىي تۇتۇپ كېتىشتى. ئەگەر ئىختىيارى بولغان بولسا، ھېچكىم ئۇ يەرگە ئۆزلۈكىدىن بارمىغان بولاتتى. ئاتىڭىزنىڭ

ھالى قانداق بولۇپ كېتىۋاتىدىغاندۇ قىزىم؟ ئاڭلىشىمچە، «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» نىڭ شارائىتى ئىنتايىن ناچارمىش. كىشىلەرگە تويغۇدەك تاماق بەرمەيدىكەن. ئەتىگەندە خۇدايىمنىڭ قۇرۇق سۈيىدە پىشۇرغان گۈرۈچ شورپىسى، چۈشتە بىر تال مۇشتۇمچىلىك كېلىدىغان هورنان، كەچتە گۆشسىز يېسسىۋېلەك شورپىسى بېرىدىكەن. ئەگەر ئۇلار لاگېر باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ دېگىنىنى قىلالمىسا، ئۆزلىرىدە - شوئارلارنى يادلىيالمىسا، خىتايچە گەپ قىلالماي ئۇيغۇرچە گەپ قىلىپ سالسا، ھېچ قانداق يەيدىغان نەرسە بەرمەيدىكەن. ئاتىڭىز قورسىقىغا بەك ئامراق ئىدى. ئۇ يەردە قانچە قىينىلىپ كېتىپ بارىدىغاندۇ؟ يا ئۇ يەرگە ئاش - نان ئاپىرىپ بەرگىلى يول قويمىسا، بىچارە ئاتىڭىزغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ قىزىم! ھەر قېتىم تاماق ئەتكەندە ئاتىڭىز كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، تاماقمۇ گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ. بىزگە نېمە ئامال بار؟ باللار ئۈچۈن ياشىمىساق بولمىسا قىزىم. ھەر كۈنى خۇدايىمدىن ئاتىڭىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلاشنى تىلەيمەن. تېخىچە ھېچ بىر خەۋىرىنى ئالالمايۋاتىمەن. «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن يەرنى تۈرمىدىنمۇ چىڭ باشقۇرىدىكەن. تاملىرى تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان، ئەتراپىغا غىچچىدە كامېرا ئورنىتىلغان، قۇرۇت - قۇڭغۇزلارمۇ كىرىپ چىقالمايدىغان ھالەتتە ئىكەن. سىرتتىن ھېچكىمنى يېقىنمۇ يولاتمايدىكەن قىزىم! ئاتىڭىزنىڭ بىر خەۋىرىنى ئۇقساق بولاتتى. ھازىر سىزدىنمۇ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن قىزىم! ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ سىزنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم! خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغايسەن. ئامىن!

گۈلنىسا ئاپىسىنىڭ تاماق ئېتىشىگە ياردەملەشكەچ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش، كىملىك مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش ئۈستىدە ئاپىسى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. كىملىك ئۈچۈن ئاۋۋال كەنت سېكرېتارىدىن خەت ئېلىپ، ئاندىن يېزىلىق ساقچى پونكىتىغا بېرىشقا توغرا كېلەتتى. گۈلنىسانىڭ ئاپىسى يەنە ئەندىشىگە چۈشتى.

كەنت سېكرېتارلىرى ئۇزۇندىن بۇيان گۈلنىسانىڭ سۈرۈشتۈرمىسىنى قىلىشۋاتقاچقا، ئۇ ئۆزى يالغۇز بارسا بىرەر پالاكەتكە ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۈگۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە كەنت ئىشخانىسىغا بىللە بېرىشنى قارار قىلىشتى.

تاماق پىشقان ئىدى. گۈلنىسانىڭ ئاپىسى ئەڭ ئاۋۋال تارتىپ سالغان بىر قاچا لەغمەننى يوغان بىر چىنىگە سېلىپ، شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويدى. گۈلنىسا ئاتىسىنىڭ دائىم تاماق يەيدىغان قاچىسىنى تونۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلغانلىقىنى بىلىپ، ئاپىسىنىڭ ۋاپادارلىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قارىۋىدى، ئۇنىڭغا ئاپىسىنىڭ چىرايى شۇنداق سولغۇن كۆرۈندى. بۇنىڭدىن ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنىڭ ئىنتايىن يېرىملىقىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلىمۇ بۇزۇلدى. ئاپىسى ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ:

ــ قىزىم ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ ئاتىڭىز بولمىسىمۇ بۇ ئاشنى ئېلىپ قويۇشۇمدىكى سەۋەب شۇكى، مەن بۇ بىر قاچا ئاش شىرە ئۈستىدە تۇرغانچە ئاتىڭىزنى ھازىرلا كېلىدىغاندەك ھېس قىلىمەن. تۇيۇقسىزلا كېلىپ قالارمۇ دەپ ئويلايمەن، شۇنىڭ بىلەن بىر دەم بولسىمۇ كۆڭلۈم تەسكىن تاپىدۇ قىزىم! ـ دېدى. گۈلنىسامۇ باش لىڭشىتىپ، «ئىلاھىم شۇنداق بولغاي ئاپا! مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن. سىزدەك ۋاپادار ئانىنى ھېچ يەردىن تاپقىلى بولمايدۇ» دەپ، ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى. ئۇزاق قالماي گۈلنىسانىڭ ئۇكىلىرىمۇ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىشتى. شىرە ئۈستىدىكى توخۇ گۆشى بىلەن قورۇلغان قورۇما سېلىنغان لەغمەننى كۆرۈپ «لەغمەن، لەغمەن يەيدىكەنمىز!» دەپ چۇرۇقلاپ كېتىشتى. گۈلنىسا بۈگۈن ئاپىسى ئەتكەن لەغمەننى ئۇكىلىرى بىلەن بىللە يېدى. گۈلنىسانىڭ ئۇكىلىرى ئاچىسى بىلەن تاماق يېگەنلىكىدىن قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار بىردە لەغمەننىڭ چۆپىنى سۈمۈرسە، بىردە ئاچىسىغا قارايتى. ئىككى ئىنىسى تېخى ئەمدىلا ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشقا كىرگەن كىرگىنىگە قارىماي، بىر چىنە

لەگمەننى يەۋەتتى - دە، شىرەدىكى ئاپىسى ئاتىسىغا ئېلىپ قويغان ئاشقا قاراشتى:

— ھە، تويمىدىڭلارمۇ قارنى يامانلار. — دەپ ئۇكىلىرىغا چاقچاق قىلىۋىدى، ئاپىسى گۈلنىسانى قولى بىلەن ئىشارەتلەپ توختىتىپ قويدى ۋە ئىككى ئوغلىغا ئاشنى يېرىمىدىن بۆلۈپ بەردى. ئۇكىلىرى ئاشنى يەپ بولۇپلا، ئاچىسىغا: «بىزگە نېمە ئەكەلدىڭىز؟» دېگەندەك تىكىلىپ قارىۋىدى، گۈلنىسا بۇنى تۇيۇپ: «ئۇكىلىرىم مەن بۇ قېتىم مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئالدىراش كەلدىم. يەنە شەھەرگە قايتسام، كېلەر قېتىم كېلىشىمدە سىلەرگە جىق نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بېرىمەن» دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزدى. كەچكىچە بۇ ئاتىسىز قالغان بىر ئائىلە كىشىلىرى بىللە مۇڭدىشىپ، خۇددى بىر ياخشى كۈننىڭ كېلىشىنى كۈتىۋاتقاندەك خۇشال ھالدا ئۇخلاپ قېلىشتى. ئەتىسى سەھەردە خوراز چىللىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ گۈلنىسا ئويغىنىپ كەتتى - دە، كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قاراپ، ئاپىسىنىڭ ئاللىقاچان ئويغىنىپ بولغانلىقىنى كۆردى. جاپاكەش ئانا ئەتىگەندىلا ھويلىغا چىقىۋالغان بولۇپ، توخۇ، ئۆردەك، قوي - ئۆچكىلەرنىڭ يەملىرىنى بېرىۋاتاتتى. گۈلنىسامۇ ھويلىغا چىقىپ ئاپىسىغا ياردەملەشمەكچى بولۇۋىدى، ئاپىسى ئۇنىمىدى.

— قىزىم! - دېدى ئاپىسى، — سىز ئۈستى - بېشىڭىزنى مەينەت قىلماڭ! مەن بۇ ئىشلارغا ئۆگىنىپ قالغان، بىردەمدىلا تۈگەيدۇ. سىز چاي تەييارلىغاچ تۇرۇڭ، چاي ئىچىپ بولۇپ، بالىلارنى مەكتەپكە ماڭغۇزۇۋېتىپ بىزمۇ ماڭايلى! گۈلنىسا ئاپىسىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، ئۇكىلىرىغا ناشتىلىق تەييارلىدى. ئۇنىڭغىچە ئاپىسى ھويلا ئىشىنى تۈگىتىپ كىرىپ، ئۇكىلىرىنى ئويغاتتى. ھەممىسى بىللە ئولتۇرۇپ تونۇر نېنى ۋە قايماق چاي بىلەن ناشتا قىلىشتى. گۈلنىسا بۈگۈن ئۇكىلىرىغا: «پاكىز كىيىملىرىڭلارنى كىيىڭلار!» دەپ بۇيرۇپ، ئۇلارنى پاكىز كىيىندۈرۈپ مەكتەپكە يولغا سالدى. ئۆزى ۋە ئاپىسىمۇ

پاكىزە كىيىنىپ كەنتكە قاراپ يولغا چىقتى.

كەنت ئىشخانىسى ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇلار پاراڭلاشقاچ مېڭىپ بىردەمدىلا كېلىپ قالدى ـ دە، ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قېلىشتى. كەنت ئىشخانىسى ئالدىغا بىر مۇنچە ئادەملەر ئولىشىۋالغان بولۇپ، كۆپىنچىسى ئاياللار ۋە ياش قىزلار ئىدى. ئىككى ساقچى ۋارقىراپ ۋە قوللىرىدىكى كالتەكلەر بىلەن ھەيۋە قىلىپ، ئۇلارنى ئىشخانىغا ھەيدىمەكتە ئىدى. گۈلنىسانىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى ۋە ئاپىسىغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ،

ــ قانداق قىلىمىز ئاپا، قايتىپ كېتەمدۇق؟ ــ دەپ سورىدى. ئاپىسى: ـ ياق قىزىم! ئاۋال نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئوقۇۋاپ باقايلى! ئەلگە نېمە بولسا، بىزگىمۇ شۇ! ـ دېدى. توساتتىن ئىشخانىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىۋاتقان بىر ياشانغان ئايالنىڭ نالە ـ پەريادى ئاڭلاندى:

ــ ياق، مەن قوشۇلمايمەن! مېنىڭ قىزىمنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلار! مەن يالغۇز تۇرسام، ماڭا كىم قارايدۇ؟ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى مەن يالغۇز قىلالمايمەن! مەن ئاغرىقچان خوتۇن! ماڭا رەھىم قىلىڭلار! قىزىمنى بەرمەيمەن! ـ دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئۇ ئايالنى ئىككى ساقچى دۈمبىسىدىن ئىتتىرگەنچە چىقىرىۋەتتى. «ئاپلا، ئىش چاتاقكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى گۈلنىسانىڭ ئاپىسى ۋە پىكرىنى ئۆزگەرتىپ، «قايتىپ كېتەيلى» دەپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە، يەنە تۇرۇپ قالدى. كەنتنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بىلەن ئاياللار مۇدىرى ئىككى ساقچىنىڭ نازارىتىدە ئۈچ قىز بالىنى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار گۈلنىسا ۋە ئاپىسىنىڭ ئالدىنى توستى ۋە:

ــ مانا، مانا! قۇلىقىڭلار قىزىپ قالغانمۇ نېمە؟ بىزمۇ دەل سىلەرنىڭكىگە بارايلى دەۋاتاتتۇق، سىلەر ئۆز ئايىغىڭلار بىلەن ئالدىمىزغا كېلىپسىلەر! بۇ تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ئىش بولۇپتۇ. قېنى سىلەرمۇ ئىشخانىغا مېڭىڭلار! بۇ قېتىمقى تىزىملىكتىن

چۈشۈپ قالساڭلار بولمايدۇ! - دېدى ئۇلار.

ــ مۇنداق گەپتى سېكرېتار، مەن قىزىم گۈلنىسا ئۈچۈن كىملىك ئىلتىماس قىلىشقا كەلگەن ئىدىم. ــ دېدى گۈلنىسانىڭ ئاپىسى بوش ئاۋازدا

ــ قېنى ئىشخانىغا كىرىڭلار! ئۇ يەردە كىملىك، تىزىملىك، يول تەييارلىقى ھەممىسى تېزلا بېجىرىلىدۇ. ــ دېدى سېكرېتار مۇغەمبەرلەرچە ھىجىيىپ،

ــ نەگە يول تەييارلىقى؟ ــ دېدى گۈلنىسانىڭ ئاپىسى تېڭىرقاپ،

ــ نەگە بولاتتى؟ ئىچكىرىگە! كەنتىمىزدىكى بارلىق «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى»نى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى زاۋۇت - كارخانىلارغا بېرىپ ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇ بولسا نۆۋەتتىكى دۆلىتىمىز ۋە رايونىمىزنىڭ جىددىي سىياسىي ۋەزىپىسى. ھېچكىمنىڭ بۇنىڭغا بويۇنتاۋلۇق قىلىشىغا بولمايدۇ! - دېدى سېكرېتار ۋارقىراپ،

ــ قىزىم گۈلنىسا شەھەردە ئىشلەۋاتقان، ئۇ تىككۈچىلىك دۇكىنىدا مائاشلىق ئۇستام بولغان ئىدى. ئۇ قانداقسىگە ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى بولسۇن؟

ــ تولا كوتۇلدىماڭ! - دېدى مۇئاۋىن سېكرېتار قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ قىزىڭىز گۈلنىسا بىزنىڭ كەنتىمىزدىكى نوپۇسلۇق، ئۇنىڭ شەھەردە ئىشلىشى قانۇنسىز!

ــ سېكرېتار بىزگە رەھىم قىلسىلا! قىزىمنىڭ ئاتىسى «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»دە ئىدى. بۇ قىزىممۇ يىراققا كەتسە، مەن تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالىمەن.

ــ ھە! تەربىيەلەشتىكى توختاخۇننىڭ ئايالىغۇ سىز؟ ــ ئۇنداقتا تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، سىلەرنىڭ ئائىلە «ئىشەنچسىز ئائىلە» قاتارىغا كىرىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەرگە ھەرگىز ئېتىبار بېرىلمەيدۇ. قارشىلىق قىلغانلار قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ. ــ دېدى ۋە ئىككى ساقچىغا قاراپ «بۇلارنىمۇ بىللە ئېلىپ كىرىڭلار» دەپ بۇيرۇق

قىلىدى. ساقچىلار گۈلنىسا ۋە ئاپىسىنى يالاپ ئېلىپ كەلگەن ئۈچ قىز بىلەن قوشۇپ كەنت ئىشخانىسىغا ھەيدەپ كىردى.

ئىشخانىدا ئۇلار بۇ كەنتتە كۆرۈپ باقمىغان بىر قانچە ناتونۇش كىشى كومپيۇتېر، فوتو ئاپپاراتى دېگەندەك نەرسىلەرنى تۇتۇپ قاراپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشراق بىرسى گۈلنىسانىڭ بېشى، تۇغۇلغان ۋاقتى قاتارلىقلارنى تىزىملاپ كومپيۇتېرغا ئالدى. يەنە بىرسى گۈلنىسانى تامغا يېقىن تۇرغۇزۇپ سۈرەتكە تارتتى. ئاخىرىدا كومپيۇتېر يېنىدىكى بىر كىچىك نەرسىگە بارمىقىنى قويدۇرۇپ، بارماق ئىزى ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە ۋاراق خەت بېسىلغان قەغەزنى چىقىرىپ گۈلنىسانىڭ ئالدىغا تاشلاپ:

- بۇنىڭغا ئىمزا قويۇڭ! - دېدى. گۈلنىسا خەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى ۋە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ياق، مەن ئىشلەمچىلىككە بارمايمەن! مېنىڭ شەھەردە مائاشلىق ئىشىم بار. مەن بىر ئۇستا ھۈنەرۋەن. مەن ئۆز كۈنۈمنى ئۆزۈم ئالالايمەن. مەن ئىشچىلىققا موھتاج ئەمەس!

— ئاغزىڭنى يۇم! - دېدى كەنت كادىرى ھەيۋە قىلىپ،

— ئەگەر بارمايدىكەنسەن ئاپاڭ ۋە سەن ئىككىڭ «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئەۋەتىلىسىلەر! ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىسىلەر! قېنى مەرەمنىساخان قايسىسىغا تۇرىسىز؟ يا قىزىڭىز گۈلنىسا ئىچكىرىگە «ئىشىنما ئەمگەك كۈچى» بولۇپ ئىشلەمچىلىككە بارىدۇ ياكى ئىككىڭلار تەڭلا قايتا تەربىيەلەش مەركىزىگە ئەۋەتىسىلەر.

مەرەمنىساخاننىڭ بېشى قېيىشقا باشلىدى. كاللىسىغا بىر گەپ كەلمەيۋاتاتتى. ئالىقىنىنى پېشانىسىگە قويۇپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. قۇلاق تۈۋىدە بىر نېمە غۇڭۇلدايتتى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، قىزى گۈلنىسانىڭ مىشىلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنى، كادىرلارنىڭ ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كۆردى:

— قېنى ئىمزا قوي! ياخشىلىقچە ئۆز ئىختىيارلىقىڭ بىلەن ئىمزا

قويغىنىنىڭ ئەۋزەل. ئۇ زامان سەن ئىچكىرىگە بېرىپ پۇل تېپىپ كېلىسەن. بىزمۇ دۆلەت ئالدىدىكى ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلىغان بولىمىز. ئەگەر ئۆز ئىختىيارلىقىڭ بىلەن ئىمزا قويماي، دۆلەت كادىرلىرى بىلەن قارشىلىشىدىكەنسەن، بىز سېنى «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئەۋەتىمىز. ئۇ يەردە ئىدىيەڭ ئۆزگەرتىلىپ، باشقىدىن گەپ ئاڭلايدىغان ئادەم بولۇپ چىقىسەن! قېنى قايسىنى تاللايسەن؟

مەرەمنىساخان ئەمدى بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، قىزى گۈلنىساغا قارىدى ۋە مۇنداق دېدى:

— قىزىم بولدى قىلىڭ! يىغلىماڭ! ئىمزا قويۇڭ! ئۇلارغا بىزنىڭ يىغىمىز، بىر ئۆتكۈنچى يامغۇرچىلىكمۇ تەسىر قىلمايدۇ. ئۇلار ھېچقاچان خەلقنىڭ دەردىگە يېتىپ باقمىغان. «دۆلەت سىياسىتى» دەۋاتىدىغۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشساق بىزنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

گۈلنىسا ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يىغىسىنى توختاتتى ۋە ئۈچ پارچە خەتكە بىرمۇ - بىر ئىمزا قويدى. ئاندىن ئاپىسىغا نېمە دەركىن دەپ قارىدى.

— قىزىم نېمە خەت ئىكەنلىكىگىزنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئاپىسى تەئەججۈپ بىلەن.

— ئوقۇدۇم ئاپا! مېنىڭ ئىچكىرىدىكى خېنەن ئۆلكىسىگە قاراشلىق بىر شەھەرنىڭ يېزا ۋە مەن بىلەن تۈزگەن «ئىشچىلىق توختامنامىسى» ئىكەن. مەن كېلەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىغىچە بارلىق رەسمىيەتلىرىنى تۈگىتىپ، ئۇ زاۋۇتتا ئىشقا چۈشىدىكەنمەن.

مەرەمنىساخان قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ يەنە بېشى قېيىۋاتاتتى. ئۇ يەرگە يېقىلىپ چۈشۈۋاتاتتى. گۈلنىسا يۈگۈرگەنچە بېرىپ ئاپىسىنى يۆلىۋالدى. كەنت ئايالىلار مۇدىرى بىر ئىستاكان سوغۇق سۇ ئەكېلىپ:«بۇنى ئىچكۈزۈڭ» دەپ گۈلنىسانىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. باشقىلار خۇددى يۈرەكلىرى تاشتىن يارالغاندەك ھومىيىپ قاراپ تۇراتتى. گۈلنىسا ئاپىسىغا سۇنى ئىچكۈزۈپ، بېشىنى بىر ئاز سىيلاپ - ئۇۋۇلاپ بېرىۋىدى ئۇ كۆزىنى ئاچتى ۋە:

— «قىزىم ئۆيگە كېتەيلى! تەييارلىقىڭىزنى قىلايلى! ماڭغۇچە ياخشى تەييارلىق قىلىۋېلىڭ!» دېدى. ئەمما بىردىنلا ۋارقىرىغان ئاۋازدىن مەرەمنىساخان چۆچۈپ كەتتى. كەنت سېكرېتارى گۈرەن تومۇرى يېرىلىپ كېتەي دېگۈدەك ۋارقىراپ سۆزلەۋاتاتتى:

— نېمە دەۋاتىسىز؟ قىزىڭىزنىڭ ئۆيگە كېتىشكە بولمايدۇ! بىز «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» گە تاللانغان قىزلارنى هازىرلا يېزىلىق هۆكۈمەتكە ئېلىپ كېتىمىز. ئۇلارغا بىر نەچچە كۈنلۈك تەكشۈرۈش - تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بارىدىغان يەرنىڭ قائىدە - تۈزۈمنى ئۆگىنىدۇ، سىز ئۆزىڭىز كېتىۋېرىڭ! قىزىڭىز ماڭىدىغان كۈنى ئۇزىتىشقا كېلىپ، قىزىڭىزنى كۆرۈۋالسىڭىز بولىدۇ.

دېگەندەك بىردەمدىلا يېزىلىق هۆكۈمەتكە قاراشلىق بىر ئاپتوبۇستا بىر نەچچە كادىر ۋە قوراللىق ساقچىلار كېلىپ، قىزلارنى ئېلىپ كېتىشتى. مەرەمنىساخان نائىلاج ئۆيگە قايتىپ كېتىپ، قىزىنىڭ خەۋىرىنى كۈتتى. تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كەنت ئاياللار مۇدىرى كېلىپ، مەرەمنىساخانغا گۈلنىسانىڭ يولغا چىقىدىغانلىقىنى، خالىسا بېرىپ خوشلىشىۋالسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەرەمنىساخان دەرهال يېزا مەركىزىگە كەلدى. يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ئادەم ئولىشىۋالغان ئىدى. بىردىنلا داقا - دۇمباق چېلىنىپ، يۈزگە يېقىن ياش قىزلارنى تىزىلدۇرۇپ ئېلىپ چىقىشتى. مەرەمنىساخان يىراقتىنلا گۈلنىسانى تونۇۋالدى. ئەمما، هەيران بولۇپ ياقىسىنى چىشلىدى. گۈلنىسانىڭ ياغلىقى ئېلىۋېتىلگەن، چېچى قىرقىما قىلىپ كېسىۋېتىلگەن ئىدى. كىيگەن كىيىمىمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەس بولۇپ، ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل كۈل رەڭلىك ئىشچىلار فورمىسى شەكلىدىكى ئىشتان - چاپان كىيدۈرۈلگەن ئىدى. قىزلارنىڭ هېچقايسىسىنىڭ يۈزىدە كۈلكە ئالامىتى كۆرۈلمەيتتى. ئۇلار باشتىكى بىرسى قانداق قىلسا، باشقىلارمۇ خۇددى مايمۇنلاردەك ئۇنى دوراپ بىردەم قولىنى مەيدىسىگە قوياتتى، بىر دەم ئېگىز كۆتۈرۈپ ناخشا ئوقۇيتتى.

مەرەمنىساخان يۈگۈرۈپ بېرىپ قىزىنى قۇچاقلىماقچى بولدى. ئەمما، يول ياقىسىدىكى ساقچى ۋە نازارەتچىلەر ئۇنى يېقىن بارغۇزمىدى. ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇلار ئاپتوبۇسقا چىقىرىلىشقا باشلىدى. شۇ چاغدىلا مەرەمنىساخان يۈگۈرۈپ بېرىپ گۈلنىساغا ئېسىلدى. گۈلنىسامۇ ئاپىسىغا قولىنى ئۇزاتتى. ئىككى قول شۇنچىلىكلا تېگىشىپ قالدى.

گۈلنىسا يىغلىغۇدەك ھالدا ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنى قىلدى: «خەير - خوش ئاپا! ئامان بولۇڭ! مەن ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىمەن. مەن ئۆز يۇرتۇمغا سىغمىدىم، باشقىلارنىڭ يۇرتىغىمۇ سىغمايمەن. مېنىڭ گۈلۈم باشقا يەردە ئېچىلمايدۇ».

# ئانام بىز ئۈچۈن ھەم ئانا ھەم دادا بولدى

مۇھەممەت ئىمىن ئەتىگەندە يولغا چىقىشى كېرەك ئىدى. ئۇ سىرتتا قىلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم ئىشلارنى بېجىرىۋالدى. بىرقانچە دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ خوشلىشىۋالدى. بېلەتنى بولسا بىر قانچە كۈن بۇرۇن ئېلىپ قويغاچقا، كۆڭلى خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ سىرتتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىشى ئۆيگە يېمەك - ئىچمەك ۋە بالىلارغا ئويۇنچۇق، قونچاق دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىپ ئېلىش ئىدى. شۇڭا چوڭراق تاللا بازىرىدىن كەررېفورغا باردى. ئۇ يەردىن ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولاتتى. ئۇ ئۆيگە لازىمەتلىك نەرسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدىكى نۆۋەت بالىلىرىغا ئويۇنچۇق ئېلىشقا كەلگەن ئىدى. كىمگە نېمە ئېلىشقا كەلگەندە، ئالدى بىلەن ئويلىغىنى چوڭ قىزى پاتىمە بولدى. ئۇ قونچاقنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭغا چىرايلىق قونچاقتىن بىرنى سېتىۋالدى. ئۇنىڭدىن كىچىك بالىلارغىمۇ بىرەر تالدىن ئويۇنچۇق ۋە شاكىلات قاتارلىق تاتلىق - تۈرۈم نەرسىلەرنى سېتىۋالدى.

مۇھەممەت ئىمىن ئۆيگە كەلگەندە ئاللىقاچان كەچ بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئايالى ئىلمىنۇر ئاللىقاچان كەچلىك تاماقنى تەييارلاپ بولغان بولۇپ، ئۇ ئېرى ياخشى كۆرىدىغان قوۋۇرغا لەغمەن ئەتكەن ئىدى. ئۇلار تاماقنى يەپ بولۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ، بالىلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇزاققىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ - ئويناپ ئەركىلەتتى. بالىلارنىڭ تاتلىق گەپلىرى، ئوماق كۈلكىلىرى ۋە سەبىيلەرچە قىلىقلىرىغا قاراپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى. سەبىيلەرنىڭ سوئاللىرىغا

جاۋاب بېرىپ، تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ، مەڭزىگە سۆيۈپ، ئۇلارنى ئاتا - ئانا مېھرىدىن بەھرىمەن قىلدى. ئالاھەزەل سائەت ئون بولغاندا بالىلار ئۇخلاپ قېلىشتى. مۇھەممەت ئىمىن ۋە ئىلمىنۇرنىڭ ھېچ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار ھازىرقى ۋە كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، يېڭى تونۇشقان چاغدىكى تاتلىق ئەسلىمىلىرىگە كىرىپ كېتىشتى.

مۇھەممەت ئىمىن ئۈرۈمچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بۇ شەھەردە قېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇ تۇغۇلغان يۇرتى خوتەنگە بۆلۈۋېتىلدى. ئۇ خوتەندىمۇ ئىش ئىزدەپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. ھېچقانداق ئورۇن ئۇنى ئىشقا قوبۇل قىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش نىيىتىگە كېلىپ، بىر مەزگىل بازار ئۇچۇرى ئىگىلەپ، خوتەن ئۇيغۇرلىرىغا ئەنئەنىۋى كەسىپ بولغان دورا - دەرمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تاللىۋالدى. ئۇ بۇ تىجارەتنى خوتەندە بىر مەزگىل قىلغاندىن كېيىن، تونۇشلىرىدىن بۇ تىجارەتنىڭ باشقا يەرگە يۆتكەلسە ياخشى ئاقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاتا - ئانا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئاز مەبلەغ توپلاپ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ ئەلۋەتتە، ئۈرۈمچىگە قۇرۇق كەلمىگەن ئىدى. ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن خوتەننىڭ ئالقات، چاكاندا، قىزىل گۈل يايپىرىقى قاتارلىق ئېسىل دورا ماتېرىياللىرىنى تېزلا قولدىن چىقىرىپ، ئوبدانلا ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ قالدى. يىراقنى كۆزلەيدىغان شىجائەتلىك مۇھەممەت ئىمىن تىجارەتنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن شىركەت قۇرۇپ، ئۇنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇ ئۈرۈمچىدە شىركەت قۇرۇش ئۈچۈن شەرت قىلىنغان رەسمىيەتلەرنى ھاردىم - تالدىم دېمەي يول مېڭىپ، مىڭلىغان توسالغۇلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرى بارلىق رەسمىيەتلەرنى پۈتتۈردى.

2006 - يىلى ئۈرۈمچىدە «تاڭنۇرى خەلقئارا سودا چەكلىك

شىركىتى» نى قۇرۇپ چىقتى. شىركەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ بىر يۇرۇش ئىشخانا بىناسى، ئىسكىلات قاتارلىقلارنى ئىجارىگە ئېلىپ، سودىسىنى ئىنتېرنېت ـ ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە مۇقىم بازار، مۇقىم خېرىدار، ئىشەنچلىك ماتېرىيال مەنبەسىنى شەكىللەندۈرۈپ تورلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تىجارىتى بىر خىل قېلىپقا چۈشۈپ، سودا ـ ئوبوروت ئىشلىرى خېلى ئوبدانلا راۋاجلىنىپ قالدى. مۇھەممەد ئىمىنمۇ يۈز ـ ئابرۇيي تېپىپ دىرېكتور ئاتىلىپ ھۆرمەتلىنىدىغان، توي ـ تۆكۈن، ئولتۇرۇشلارغا چاقىرىلىدىغان، باشقىلارنىڭ دوست تارتىشىغا، قىز ـ چوكانلارنىڭ قىزىقىشىغا ئېرىشكەن جەلپكار يىگىت بولۇپ قالدى.

مۇھەممەت ئىمىن سودا تىجارەت جەھەتتە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ تېخى ئۆيلەنمىگەن ئىدى. ئەمما، ئۇ دوستلىرىغا ئۆزىنىڭ گۈزەل بىر پەرىزاتقا ئۇچرىسا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئەتىيازنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئۇنىڭ ساتتارجان ئىسىملىك دوستى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان نىشان چېيىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ مۇھەممەد ئىمىنگە نىشانىنىڭ قىز دوستلىرى كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇھەممەت ئىمىن چاچ ـ ساقاللىرىنى ياسىتىپ، چىرايلىق رەختلەردىن تىكىلگەن كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىنى كىيىپ چايغا كەلدى. ئەر ـ ئايال ئارىلاش چاقىرىلغان بۇ چايغا ھەممەيلەن كېلىپ بولغان ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن بىر ئاز كەچ قالغان بولسىمۇ، ساتتارجان ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئەرلەرنى مېھمانخانا ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، نازۇ ـ نېمەتلەر تارتىلدى. ئاياللار ئايرىم بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، ئەرلەر جۇشقۇن ھالدا كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن ئولتۇرۇشتى. ساتتارجان ئۆزى دىيانەتلىك، بەش نامازنى تەرك قىلمايدىغان بالا بولغاچقا، تاللىغان قىزىمۇ يۈزىنى ئورىغان ھىجابلىق قىز ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن بۇ چايدىن ئىنتايىن سۆيۈنگەنلىكىنى ئېيتىپ دوستىنى تەبرىكلىدى. ساتتارجانمۇ ئۇنىڭغا

بـۇ سـورۇندىكى قىزدىـن بىرنـى تونۇشـتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىـپ، ئۇنـى ئىنتايىــن خۇشــال قىلىۋەتتــى.

بىرنەچچـە سـائەتلىك مېھماندارچىلىقتىـن كېيىـن سـورۇندىكىلەر تارقالــدى. ئىلمىنــۇر نىشــانلانغان قىزنىــڭ تەلپــى بويىچـە ئۇنىڭغـا ھەمــراھ بولــۇپ، كــەچ بولغىچــە قېلىــپ قېلىشــقا ماقــۇل بولــدى. ســاتتارجانمۇ مۇھەممــەت ئىمىنىنــى كېيىــن قايتىشــقا ماقــۇل دېگــۈزۈپ ئېلىــپ قالــدى. شــۇ ئارىــدا باشــقا مېھمانــلار كەتكــەن بولغاچقــا، ســاتتارجان نىشــانلانغان قىزنــى مېھمانخانــا ئۆيگــە تەكلىــپ قىلــدى. بۇنىڭغــا ئىلمىنــۇر بىللــە ھەمــراھ بولــۇپ چىقتــى.

مۇھەممــەت ئىمىنىنــىڭ يۈرىكــى دۈپۈلــدەپ ســوقۇپ كەتتــى. ئۇنىــڭ ئالدىــدا ئــۆزى ئــارزۇ قىلغــان پەرىــزات پەيــدا بولــۇپ قالغانىــدى. ئــۇ ھەرقانچــە تارتىنچــاق بولســىمۇ، ئىلمىنۇرغــا قاراشــتىن ئۆزىنــى قاچۇرالمىــدى. زىلــۋا بويلــۇق ئىلمىنــۇر قــارا ياغلىقنــى ئالدىغــا قىلىــپ چىگىۋالغــان بولــۇپ، ئــۇزۇن ئىشــتانىنىڭ ئۈســتىگە كىيىۋالغــان قــارا پەلتۇســى ئۇنــى ئىنتايىــن ســالاپەتلىك قىلىــپ قويغــان ئىــدى. ئاپئــاق يــۈزى قىزىرىــپ ئالمىــدەك پارقــراپ كەتكــەن بولــۇپ، ھېچقانچــە گىرىــم قىلمىغــان بولســىمۇ تەبىئىــي گــۈزەل كۆرۈنەتتــى. قىياقتــەك قېشــى ۋە ئۈيماقتــەك لەۋلــرى ئۇنــى خــۇددى بىــر گــۈزەل خانىشــتەك كۆرســىتىۋاتاتتى. ئارىدىكــى جىمجىتلىقنــى ســاتتارجان بــۇزۇپ:

ــ قېنــى دوســتلارنى تونۇشــتۇرۇپ قويــاي! بــۇ يىگىــت «تاڭنــۇرى خەلقئــارا ســودا چەكلىــك شــىركىتى»نىڭ دىرېكتــورى مۇھەممــەت ئىمىن بولــدۇ. بــۇ قىــز بولســا بالىــلار كېسەللىكلىرى دوختــۇرى ئىلمىنــۇر خانىم بولــدۇ. قېنــى گەپلەشــكەچ ئولتــۇرۇڭلار. ــ دېــدى خۇشــخۇيلۇق بىلــەن كۈلۈمسىرەپ،

ئىلمىنــۇر يەرگــە قارىغانچــە «ئەسســالامۇ ئەلەيكــۇم» دەپ ســالام بــەردى. مۇھەممــەت ئىمىنمــۇ «ۋەئەلەيكــۇم ئەسســالام» دەپ جــاۋاب قايتــۇردى ۋە ئىچىــدە «مــەن ئىزدەۋاتقــان پەرىــزات دەل مۇشــۇ قىــزدەك قىلامــدۇ نېمــە؟» دەپ ئويلىــدى. ئەممــا، دەماللىققــا ئۇنىنــى

تېشىغا چىقىرالمىدى. چاينى ئىلمىنۇر قۇيدى ۋە مېھمانلارنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ئۆزى قارشى تەرەپتىكى سافاغا بېرىپ ئولتۇردى. ئەمما، ئۇ ئالدى تەرەپتىكى ئەرلەرگە قارىماستىن تېلېفونغا قاراپ ئولتۇراتتى. ساتتارجان ئۇلارنى گەپلەشكەچ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئەمما، ھېچكىم گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر پىيالىدىن چاي ئىچىشىپلا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراشتى. ساتتارجانمۇ تۇزۇت قىلماستىن ماقۇل بولدى. ئۇلار خوشلىشىپ تالاغا چىققاندىن كېيىن مۇھەممەت ئىمىنگە بىر ئاز جان كىرىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ ئىلمىنۇرنى ئۇنىمغىنىغا قويماي «مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي» دەپ ماشىنىسىغا چىقىرىۋالدى. ئۇلار تاكى ئىلمىنۇرنىڭ ئۆيىگە كەلگۈچە ھېچقانداق گەپلەشمىدى. ئەمما، خوشلىشىش ئالدىدا مۇھەممەت ئىمىن ئىلمىنۇردىن تېلېفون نومۇرىنى سورىدى. ئىلمىنۇرمۇ ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمەستىن تېلېفون نومۇرىنى بېرىپ، رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەت ئىمىننىڭ كۆزىگە بىر نەچچە كۈنگىچە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىلمىنۇرنىڭ سىماسى كەتمەيتى. ئۇ ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ ئىلمىنۇرغا تېلېفون قىلىپ، كۆرۈشۈش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دەسلەپتە ئىلمىنۇر ئىشى ئالدىراشلىقىنى باھانە قىلىپ كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولمىدى. ئەمما، بىر نەچچە قېتىملىق تېلېفوندىن كېيىن ماقۇل بولدى. ئۇلار بىر رېستوراندا كۆرۈشۈپ، بىللە تاماق يېگەچ پاراڭلاشتى. مۇھەممەت ئىمىن ئىلمىنۇرغا ئۆزىنىڭ بارلىق كەچۈرمىشلىرى، ھازىرقى شىركەتنىڭ ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى نىشانىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. ئىلمىنۇرمۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇغان دوختۇرلۇق كەسپىگە بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. مۇھەممەت ئىمىن «بۇغداي نېنىڭ بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن» دېگەن ماقالنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىلمىنۇرنىڭ دىنىي يوسۇندا كىيىنىشى، ئېتىقادىنى

مۇقــەددەس بىلىشــى ۋە غايىلىرىنــى ماختــاپ، بــۇ ئىشــلارنىڭ ئۆزىگــە بەكمــۇ يارايدىغانلىقىنــى، ئىلمىنۇرنــى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنــى ئېيتىــپ، ئۇنىــڭ كۆڭلىنــى ئۇتۇۋېلىشــقا تىرىشتى. نەتىجىــدە ئىلمىنــۇر كېلــەر قېتىملىــق كۆرۈشۈشــكىمۇ ماقــۇل بولــدى. ئــۇلار بىــر نەچچــە قېتىملىــق كۆرۈشۈشــتىن كېيىــن تــوي قىلىشــقا كېلىشــتى.

مۇھەممــەت ئىمىــن بىلــەن ئىلمىنــۇر بىــر ئۇيغــۇر رېستوراندا ھــاراق ـ شارابسىــز، ئاددىــي ـ سـاددا، مىللىــي يوسۇندا تــوي قىلــدى. تويدىــن كېيىــن ئــۇلار بەختلىــك ياشــاپ باللىــق بولــدى. ئىلمىنــۇر دوختۇرلــۇق خىزمىتىــدە ئىشــلەۋەردى. مەمــەت ئىمىــن بولســا، شــىركەتنى تەرەققىــي قىلــدۇرۇپ، ئىمپــورت ـ ئېكســپورت سودىســى قىلىدىغــان خەلقئارالىــق شــىركەتكە ئايلانــدۇردى. ئــۇ پاكىســتان، تۈركىيــە قاتارلىــق دۆلەتلەرگــە بېرىــپ، ۋەتەنگــە ئېھتىياجلىــق بولغــان دورا ماتېرىياللىرىنــى ئىمپــورت قىلــدى. يۇرتىمىزنىــڭ بــەزى مىللىــي تېبابــەت دورىلىرىنــى ئېكســپورت قىلــدى. شــۇنىڭ بىلــەن ئۇنىــڭ تىجارەت دائىرىســى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئىــش ـ ئوقتــى يۈرۈشــۈپ كەتتــى.

ئائىلــۋى تۇرمــۇش تەرەپتىــن ئــۇلار بىــر ـ بىرىگــە ئىنتايىــن ماسلىشــىپ، بەختلىــك ياشــاۋاتاتتى. باللىــرى كۆپىيىــپ تۆتكــە يەتتــى. شــۇنىڭدىن كېيىــن ئــۇلار بــەزى ئاۋارىچىلىكلەرگــە دۇچ كەلــدى. ئۇلارنىــڭ ئۈچىنچــى ۋە تۆتىنچــى بالىســى «پىلاندىــن سىــرت تۇغۇلغــان» دەپ قارىلىــپ، ئاھالىلــەر كومىتېتــى تەرىپىدىــن نۇرغــۇن جەرىمانــە قويۇلــدى. ئىلمىنۇرنــى دائىــم ئاھالىلــەر كومىتېتــى كادىرلىــرى چاقىرتىــپ، ئــاۋارە قىلىدىغــان بولۇۋالــدى. شــۇنىڭ بىلــەن ئــۇلار ئــەر ـ ئايــال مەسلىھەتلىشــىپ نۇرغــۇن پــۇل خەجلــەپ، ئائىلــە بويىچــە پاســپورت ھــەل قىلــدى. مۇھەممــەت ئىمىــن بــۇ ئارىــدا بىــر قېتىملىــق ئىمپــورت سودىســىنى بېجىرگــەچ تۈركىيەگــە كېلىــپ ئــۆي ئالــدى. ئۇنىڭدىــن كېيىــن ئىلمىنــۇر ۋە باللىرىنــى ئېلىــپ چىقتــى. ئەممــا، مۇھەممــەت ئىمىنىنىــڭ ئاساســلىق تىجارىتــى ۋەتەنــدە بولغاچقــا، دائىــم ۋەتەنگــە بارمىســا بولمايتتــى. شــىركەت ئۇنىڭســىز يۈرمەيتتــى. شــۇڭا،

ئۇنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقىتلىرىنى ۋەتەندە ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. تۈركىيەگىمۇ پات - پات كېلىپ بالىلىرىنى يوقلاپ تۇردى.

مۇھەممەت ئىمىن بۇ قېتىم ۋەتەنگە بارسا، يەنە تۈركىيەگە قايتىپ كېلەلمەسلىكنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇ نەچچە ئون قېتىم توسالغۇسىز بېرىپ كەلدى. ئۇ تۈركىيەدە ھېچقانداق بىر سىياسىي پائالىيەتكە قاتناشمىغاچقا، مەندە بىر سىياسىي مەسىلە يوق دەپ ئويلايتتى. ئۇ ھەر قېتىم تۈركىيەگە كەلگىنىدە پەقەت ئۆزىنىڭ تىجارەت ۋە ئائىلە ئىشلىرى بىلەنلا بولۇپ، سىياسىي گەپ - سۆز ۋە پائالىيەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يىقىن كەلمىدى. ئۇ: «مەن بۇ يەردە بىرەر سىياسىي پائالىيەتكە قاتناشسام، ئۇيغۇرلار يىغىلغان يەرلەرگە بارسام ياكى ئۇلارغا پۇل ئىئانە قىلسام، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلىپ قالىدۇ» دەپ ئويلايتتى.

بىر قېتىم ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، بىر مۇنچە ئۇيغۇرلارنىڭ يولدا توپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، قولىدا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى ۋە ھەر خىل لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى، تۈركچە - ئۇيغۇرچە ئارىلاشتۇرۇپ، خىتايغا قارشى شوئار توۋلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك ھاياجاندىن قاتتىق سوقۇپ كەتتى. ئۇ دەرھال يول ياقىسىدىكى بىر دۇكاننىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. ئەمما، ئىختىيارسىز نامايىشچىلار توپىدىن كۆزىنى ئۈزەلمىدى. دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ، ئۇلارغا قارىدى ۋە ئىچىدە «ۋەتىنىمىزدە بۇرۇن قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايرىقى مۇشۇ ئىكەن - دە، نېمە دېگەن چىرايلىق بايراق بۇ! كاشكى، ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ بايرىقىمىز بىلەن قۇرۇلغان جۇمھۇرىيىتىمىز ئاغدۇرۇلۇپ كەتمەي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسا، مەنمۇ شۇ بايراقنى كۆتۈرۈپ چوڭ بولغان بولاتتىم. ھازىرقىدەك ئۇنىڭدىن ئۈركۈپ قاچمىغان بولاتتىم. بىز نېمە دېگەن شور پېشانە خەلق ھە» دەپ ئويلىدى. مۇھەممەت ئىمىن دۇكاندا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن نامايىش قىلىۋاتقان

ئۈيغۇرلار ئۇزاپ كەتتى بولغاي، ئۇلارنىڭ تووۋلاۋاتقان ئاۋازىمۇ بېسىقىپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ دۇكاندىن چىقىپ، «باشقىلار مېنى كۆرۈپ قالمىسۇن» دېگەننى ئويلىدى ـ دە، بىر تاكسىنى توسۇپلا ئۆيگە كېلىۋالدى.

ئۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن بىر ئىستاكان سۇ ئىچىۋېلىپ ئولتۇرۇپلا كەتتى. ئۇ باشقا ۋاقىتلاردا سىرتتىن ئۆيگە كەلسە «ئاۋۇ ئۇنداق بولدى، ماۋۇ مۇنداق بولدى» دەپ سايراپلا كېتەتتى. قارىغاندا ئۇنىڭ ھاياجىنى بېسىلمىغان ئىدى. ئىلمىنۇر ئېرىدىكى بۇ غەلىتىلىكنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىدى. ئۇ شۇئان زۇۋانغا كېلىپ ئۆزىنىڭ بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئەمما، ئۆزىنىڭ بىر دۇكانغا كىرىپ مۆكۈۋالغانلىقىنى ۋە دېرىزىدىن ئۇزاق قاراپ تۇرغانلىقىنى ئېيتمىدى.

ــ ھە ــ ئە، مۇنداق دەڭ! شۇڭا بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپسىزكەن ــ دە، مەنمۇ بايرىقىمىزنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ۋاقتىمدا شۇنداق ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىدىم. كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇزاق ــ ئۇزاققىچە بايرىقىمىزغا تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم. يۈرىكىمگە تېگىۋالغۇم كەلدى. ئەمما، ئۇ دوستۇم: «مەندە بىر تاللا بار» ــ دەپ بەرگىلى ئۇنىمىغان ئىدى. مەن رەسىمگە تارتىۋالغان ئىدىم. ــ دېدى ھاياجاندا. مۇھەممەت ئىمىن ھەيران قېلىپ ئىلمىنۇرنى باشقىچە كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى ۋە سورىدى:

ــ ئەجەب ماڭا كۆرسەتمەپسىزغۇ؟ بۇرۇنراق كۆرگەن بولسامچۇ كاشكى، ئۆتكەندە ۋەتەندىن يېڭى چىققان بىر ئاغىنەم مەندىن: «بايرىقىمىزنى كۆرگەنسەن بەلكى، رەڭگى قانداقكەن؟ بىزگىمۇ كۆرسەتمەمسەن؟» دەپ سورىۋىدى، جاۋاب بېرەلمەي يەرگە قاراپ قالدىم. يەنە بىر ئاغىنەم: «بايرىقىمىزنىڭ رەڭگى يېشىلمىكەن ياكى كۆكمىكەن؟» ــ دەپ سورىغاندا قارىسىلا كۆك ئىكەن دەپ قويغان

ئىدىم.

— بايرىقىمىز رەڭگى دەل كۆك ئەمەس بەلكى، ئوچۇق ھاۋارەڭ.

— دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ئىلمنۇر، — ئوچۇق ھاۋارەڭ بولسا - سۈزۈك ئاسمانغا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، پاكلىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ھىلال ئاي بولسا دىنىمىزنىڭ ئىسلام ئىكەنلىكىنىڭ سىمۋۇلىدۇر. بايرىقىمىزنىڭ مۇنداق رەڭگى ۋە شەكلى 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت قۇرۇش يىغىنىدا قارار قىلىنغان. يەنە 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت قۇرۇش يىغىندىمۇ؟ شۇ ئەينى بايراق دۆلەت بايرىقى قىلىپ بېكىتىلگەن.

مۇھەممەت ئىمىن ئىلمنۇرنى خۇددى يېڭىدىن كۆرۈۋاتقاندەك باشقىدىن قاراپ:

— ھە؟ سىزنى نەچچە يىلدىن بۇيان ئىستانبۇلدا بالا بېقىۋاتامدىكىن دېسەم تارىخ ئوقۇپ، ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ كەتتىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ سوئال قويدى ئۇنىڭغا.

ئىلمنۇر ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر ئاياللار گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، سۆھبەت ئاڭلاۋاتقانلىقىنى يەنىلا ئېرىدىن يوشۇرۇپ، تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مۇھەممەت ئىمىن بىز ئەمدى ئۆزىمىزنى تونۇپ يەتمىسەك بولمايدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، قانداق ياشىغانلىقىنى، تارىخىمىزدا نېمىلەر بولغانلىقىنى، ھازىر قانداق قىلىپ ئاسارەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك! بىز ھاياتىمىزدا يەپ — ئىچىپ، ياخشى ھايات كەچۈرسەكلا بولمايدۇ. ناماز ئوقۇغانغا، مەن مۇسۇلمان دەپ قويغانغىلا بىر ياخشى ئىنسان بولۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىز دىنىمىزغا چېتىلىپ يېپىشقاندىن باشقا، ۋەتەن — مىللەت تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئېزىلىۋاتقان، جاپا — مۇشەققەتتە قېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداش

بولۇشىمىز كېرەك! شۇنداق قىلغاندىلا بىز ئىككى دۇنيالىق بەختكە ئېرىشەلمەيمىز.

بۇنى ئاڭلىغان مۇھەممەت ئىمىن خۇددى كۆز ئالدىدا يېڭى بىر دۇنيا پەيدا بولۇۋاتقاندەك خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە ۋەتەندە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بولۇۋاتقان بەزى ئۆزگىرىشلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى:

ئۈرۈمچىدە 2009 - يىلى بەشىنچى ئىيۇل كۈنى يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان نەپرىتى ئاشتى. چۈنكى، بەشىنچى ئىيۇل ۋەقەسىدە قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان، تىنچ نامايىش ئېلىپ بېرىۋاتقان ياشلارنى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قانلىق باستۇرغاندىن باشقا، خىتاي پۇقرالىرىمۇ قولغا كالتەك - توقماق ئېلىپ كوچىغا چىقىپ، نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار خىتايلار بىلەن بىللە ياشىيالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى ئېنىق ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۇيغۇرلار خىتايلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونغا بارمايدىغان، خىتايلار ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونغا كېلەلمەيدىغان بولدى. بۇ ئەھۋال تەبىئىيلا ئۇيغۇرلاردا ئۆز - ئارا ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۆملىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردا ئۆز كىملىكىنى تونۇش كۈچىيىپ، مۇسۇلمانلىقنى ئەۋزەل بىلىپ، ناماز ئوقۇپ - روزا تۇتىدىغانلار، ھەجگە بارىدىغانلار كۆپەيدى. ئاياللارمۇ ياغلىق - چۈمبەل ئارتىپ، دىنى ئەقىدىلەرگە يېپىشىپ، شەرمى - ھاياغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن ئىدى. ئۇ يەنە ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىدا بىر دوستىنىڭ دەپ بەرگەنلىكىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، خىتاي باش سېكرېتارى شى جىنپىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونغا پارتىيە خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كېلىپ، قەشقەرگە بارغاندا قەشقەر

كوچىلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي قىياپىتىنى كۆرۈپ: «مەن باشقا دۆلەتكە كېلىپ قالدىممۇ قانداق؟ بۇ يەرمۇ جۇڭگو دائىرىسىمۇ؟» دېگەن ئىمىش ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتكوم سېكرېتارى جاڭ چۈنشيەنگە كايىپ كەتكەنمىش. ھەتتا ئۇ بېيجىڭغا قايتىدىغان ۋاقىتتا ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىدا پارتلاش يۈز بېرىپ، ئۇنى ئالاقزەدە قىلىۋەتكەنمىش.

دېگەندەك شۇنىڭدىن كېيىن شى جىنپىڭ جاڭ سېكرېتارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، تىبەتتە قاتتىق قوللۇق سىياسەت يۈرگۈزۈپ، «جاللات» دەپ ئاتالغان چېن چۈەنگونى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونغا پارتكوم سېكرېتارى قىلىپ يۆتكەپ كەلدى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن چاتاق بولۇشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ شەھەر كوچىلىرى ۋە يوللارغا كۆزىتىش كامېرالىرى ئورنىتىپ، «خەلققە قولايلىق ساقچى پونكىتى» دېگەن نامدا ھەر بەش يۈز مېتىر يەرگە بىردىن پوتەي سېلىپ، قاتمۇقات تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى. بىر مەھەللىدىن يەنە بىر مەھەللىگە، بىر يېزىدىن يەنە بىر يېزىغا، بىر ناھىيەدىن يەنە بىر ناھىيەگە، بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە بېرىش ئۈچۈن يول خېتى ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھېچكىم كىملىكسىز بىر يەرگە بارالمايدىغان بولدى. «سەللا گۇمانلىق» دەپ قارالغانلارنى خالىغانچە تۇتۇپ كېتىدىغان بولدى. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مەخسۇس تەكشۈرۈش جەدۋىلى تۈزۈپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇ جەدۋەل ئارقىلىق كىمنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچلىك ئەمەسلىكى بېكىتىلىپ، ئىشەنچلىك ئەمەس دەپ قارالغانلارنى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېيىلگەن لاگېرغا ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ تۇتۇلۇپ - مەجبۇرى ئوقۇتۇش مۇددىتى ئىككى يىل دېيىلسىمۇ، ئەمما ھازىرغىچە ئۇ يەردىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققانلارنى ھېچكىم كۆرمىدى ياكى ئاڭلىمىدى. يوشۇرۇن تۇتقۇن قىلىشلار ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ

سەرخىل زىيالىيلىرى، سەنئەتكارلىرى، باي تىجارەتچىلىرى ۋە ئالىم ــ ئۆلىمالىرى بىر بىرلەپ تۇتۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

بۇلارنى ئويلاپ، مۇھەممەت ئىمىننىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئاغزىدىن گەپ چىقمايۋاتاتتى. ئىلمىنۇر:

ــ نېمە بولدىڭىز؟ ــ ھە، ئەمدى تامىقىڭىزنى يەۋېلىڭ! ــ دېگەندىلا قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ شىرەگە كەلدى. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىپ، ئايالىغا رەھمەت ئېيتتى. ئاندىن يېقىندا ۋەتەنگە ماڭىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، يول تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

مۇھەممەت ئىمىن ئايروپىلاندا ئاۋۋال بېيجىڭغا كېلىپ، ئاندىن ئايروپىلان ئالمىشىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنى بىر دوستى ئالغىلى چىققان ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن تەكشۈرۈش نۇقتىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، دوستى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، تىنىچ - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن بىرلىكتە شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار يولدا پاراڭلاشقاچ ماڭدى. ئۇنىڭ دوستىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ھازىر ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىكەن. بۈگۈن بار ئادەم، ئەتىسى يوقاپ كېتىدىكەن؟ نەگە كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرگىلى بولمايدىكەن. يېقىندىن بۇيان چەتئەلگە بېرىپ، كېلىۋاتقانلارنىمۇ تەكشۈرۈۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە دىققەت قىلىشى كېرەككەن. بولسا، بالدۇرراق تۈركىيەگە چىقىپ كەتسە ياخشى بولارمىش! ئۇ دوستىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: - ھەئە، شۇنداقمۇ؟ ــ دەپ قويدى - يۇ، ئانچە بەك پىسەنتىگە ئېلىپ كەتمىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «مەن چەتئەلگە چىققىنىم بىلەن ھېچقانداق ئىشقا يەنى سىياسىيغا ئارىلاشمىغان تۇرسام، پەقەت تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولغان تۇرسام، مەندىن نېمە قۇسۇر تاپالايتتى؟» دەپ ئويلىدى.

مۇھەممەت ئىمىن بۇ كۈنى دەم ئېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە شىركەتكە باردى. شىركەتتىكى خىزمەتچىلەر بىلەن تىنچلىق

ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن دىرېكتور ۋە تىجارەت بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بۇرھانجاندىن ماللارنىڭ سېتىش - سېتىۋېلىنىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئاندىن شىركەت بوغالتىرىغا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم چەتئەلدە قىلغان سودىسىدىن كىرگەن كىرىمىنى تاپشۇرۇپ، ئۇنى ھېسابقا ئولتۇرغۇزۇپ، باجنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋېتىشنى ئېيتتى. ئاندىن كاتىپ خانىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، بەزى يېڭىلايدىغان توختام ۋە ئىلتىماسلارنىڭ تىزىمىنى بېرىپ، ئۇلارنى تېزراق تەييار قىلىۋېتىشنى تاپىلىدى. ھەممە ئىش جايىدا كېتىپ بارغاندەك تۇراتتى. كەچتە ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتتا كاتىپ خانىم ئۇنى چاقىرتىپ، ئايرىم گېپى بارلىقىنى ئېيتتى. كاتىپ خانىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ يولدىشى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۆتكەن ھەپتە بىخەتەرلىك نازارىتىدىن ساقچىلار كېلىپ، چەتئەل بىلەن سودا قىلىۋاتقان شىركەت ۋە شەخسلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئېلىپ كېتىپتىمىش. چەتئەل بىلەن سودا قىلىۋاتقانلار ئۆزىگە دىققەت قىلىشى كېرەككەن. مۇھەممەت ئىمىن كاتىپ خانىمنىڭ بەرگەن ئۇچۇرىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئىشتىن چۈشتى.

مۇھەممەت ئىمىن كەچلىك تامىقىنى سىرتتىكى بىر ئاشخانىدىن يەپ، ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ تېلېۋىزورنى ئېچىپ بۈگۈنكى خەۋەرلەرنى كۆرۈۋەتكەندىن كېيىن، بىر نەچچە دوستىغا تېلېفون قىلىپ كۆرۈشتى. ئۇ دوستلىرى ئىچىدىنمۇ ئۇزۇن قولاق بىرسى ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ يەنە خىيالغا چۈشۈپ كەتتى: «نېمىشقا سىياسەت ھەممە يەردە ئوخشاش بولمايدىغاندۇ؟ ئىچكىرىدە سىياسەت كەڭرى ئىكەنغۇ؟ ئۇ يەردە نۇرغۇن شىركەتلەر چەتئەل بىلەن تىجارەت قىلىۋاتىدىغۇ؟

يېقىنىدا بىر بەلباغ ـ بىر يول سىياسىتى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، نۇرغۇن كارخانا ۋە شىركەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيا، پاكىستان ۋە تۈركىيەگە مەبلەغ سېلىشقا، كان ـ كارخانا قۇرۇشقا باشلىدىغۇ؟ بىز ئۇيغۇرلارمۇ ئۇنىداق قىلساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟ نېمىشقا بىزنىڭ چەتئەلگە چىقىشىمىزنى بىخەتەرلىك نازارىتى تەكشۈرمەكچى بولىدۇ؟ بىز يا دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان سالىدىغان ئىشلارغا ئارىلاشمىساق؟ ئۆز يولىمىزدا تىجارىتىمىزنى قىلىۋاتقان تۇرساق؟ دۆلەتكە باج تاپشۇرۇۋاتساق؟ تېخى مەن ئۆتكەن يىلى ئىچكىرىدە يەر تەۋرىگەندە نۇرغۇن پۇل ياردەم قىلدىمغۇ؟ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلدىمغۇ؟ چەتئەلگە چىققاندا بولسام پەقەت، تىجارەت ۋە ئائىلە ئىشلىرى بىلەنلا مەشغۇل بولدۇم. ھېچقانداق سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمىدىم. ئۇنىداق ئىكەن تۇتۇپ تەكشۈرسىمۇ بىرەر چاتاق چىقماس؟»

مۇھەممەت ئىمىن گاڭگىراش ئىچىدە قىلىۋاتاتتى. ئايالى ئىلمىنۇرنىڭ ئىستانبۇلدا دېگەن گەپلىرىنى ئويلىسا، بىردىنلا كاللىسى ئېچىلغاندەك بولۇپ قالاتتى ۋە ئۆز ئۆزىگە: «بۇ قېتىم تۈركىيەگە بارسام چوقۇم قايتىپ كەلمەيمەن، كۆچمەن بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ ئائىلەم بىلەن بىللە ياشايمەن. ئەمما، بۇ يەردىكى شىركەتنى قانداق قىلىشىم كېرەك؟» دەپ ئويلايتتى. دېمىسىمۇ ئون نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە ئىگە بولۇپ قالغان شىركەتتىن ئاسانلىقچە ۋاز كېچەلمەيتتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن ئاكا ـ ئۇكا ۋە ئاچا ـ سىڭىل تۇغقانلاردەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ۋەتەندىن ئايرىلسا، بۇ شىركەتتىكى ئون نەچچە ئادەم ئىشسىز قالاتتى. ئۇ ئۆتكەندە تۈركىيەگە مېڭىشىدا پاكىستاندا توختاپ، نۇرغۇن مال توختام قىلىپ، ئۇزاق يوللۇق پوچتىدىن يوللاپ قويغان ئىدى. مال بۇگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. دېگەندەك بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ماللار يېتىپ كەلدى. ئۇ

ماللارنى خوتەن، قەشقەر، كورلا ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر مىللىي تىبابەت دوختۇرخانىلىرىغا توپ ئۆتكۈزۈپ قولدىن چىقاردى. دۆلەتكە ئۆتۈشكە تېگىشلىك باجنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، پايدىنىڭ بىر قىسمىنى شىركەتتىكى ئىشچى خىزمەتچىلەرگە بۆلۈپ بەردى. شىركەتتىكى ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۆزى ئەڭ كۆپ سوممىلىق مۇكاپاتنى ئالدى.

مۇھەممەت ئىمىن تۈركىيەدىكى ئائىلىسى بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئالاقىلىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئىلمىنۇرغا بۇ قېتىمقى مۇكاپاتنى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئېيتقاندا، ئىلمىنۇر ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ بالدۇرراق قايتىپ كېلىشىنى، باللارنىڭ سېغىنىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. چوڭ قىزى پاتىمەمۇ تېلېفونغا چىقىپ: «دادا سىزنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى. تېزراق كەلمەمسىز؟» دېگەن ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن ھەر قېتىم ئائىلىسىگە تېلېفون قىلغاندا، قىزى پاتىمە بىلەن كۆرۈشمەي قالمايتتى. يەتتە ياشلارغا بېرىپ قالغان قىزى پاتىمەنىڭ تاتلىق - چۈچۈك سۆزلىرى ئۇنى كۈلدۈرۈپ، كۆڭلىنى يايرىتىۋېتەتتى. ئۇمۇ پاتىمەگە ۋەدە قىلىپ: «قىزىم! مەن ئۇزاققا قالماي يولغا چىقىمەن. سىزگە قونچاق ئالغاچ بارىمەن» دەپ ئۇنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋېتەتتى.

مۇھەممەت ئىمىن 50 مىڭ سومنى دوللارغا ئالماشتۇرۇپ، تۈركىيەگە ماڭدۇرۇش ئۈچۈن تەييار قىلدى. ئۇ ئايروپىلاندا ماڭدىغان بىرەر تونۇشى ئارقىلىق ماڭدۇرماقچى ئىدى. ئەمما، نېمىشقىدۇر بۇ قېتىم تۈركىيەگە ماڭىدىغان تونۇش چىقمايۋاتاتتى. بىر قىسىم تونۇشلىرى خۇددى قۇدۇققا چۈشكەن پاقىدەك يوقاپ كەتكەن ئىدى. بىر قىسىملىرى بولسا تۈركىيەدىن ۋەتەنگە ئەندىشە ئىچىدە كەلمەيۋاتقان ئىدى. ئۇ ئاخىرى پۇلنى بانكىدىن ئەۋەتىشنى ئويلاپ، مەلۇم بىر چەتئەل بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى تارمىقى ئارقىلىق ئەۋەتتى. ئارقىدىن ئىلمىنۇرغا تېلېفون قىلىپ، ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئىلمىنۇرمۇ ئۇنى ئۆزىگە دىققەت قىلىشقا ئامال بولسا، شىركەتنى

باشقىلارغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، بىراقلا كۆچۈپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، تۈركىيەدىن ئۈچقان بىر قىسىم تىجارەتچىلەر ئۈرۈمچىگە چۈشكەندىن كېيىنلا ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ كېتىۋېتىپتۇمىش. ئۇلار تۇتۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن!

مۇھەممەت ئىمىن بۇ قېتىم راستىتىنلا بىر ئاز ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. ئەمما، يەنىلا كاللىسىغا ئورۇنلىشىۋالغان: «مەن ھېچقانداق سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمىسام،نېمىشقا مېنى تۇتۇپ كەتكۈدەك؟ بەلكى تۇتقان تەقدىردىمۇ، بىر نەچچە كۈن تەكشۈرۈپ ئاندىن قويۇپ بېرەر؟» دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

مۇھەممەت ئىمىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئادىتى بويىچە بىر دەم تېلېۋىزور كۆرۈپ ئاندىن تونۇش بىلىشلىرىگە تېلېفون قىلدى. تېلېفونغا چىققان بىر ئۇزۇن قۇلاق دوستىدىن تۈركىيەدىن كەلگەن كىملەرنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكى، تۇتۇلۇش سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئۇ دوستىنىڭ دېيىشىچە، ھەقىقەتەن تۈركىيە - ئۈرۈمچى ئارىسىدا تىجارەت قىلىۋاتقان بىر مۇنچە كىشىلەر تۇتۇلۇپ كەتكەنمىش. ئەمما، ھېچكىم تۇتۇلۇش سەۋەبىنى بىلمەيدىكەن. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە دىققەت قىلىشى كېرەككەن. بۇنى ئاڭلىغان مۇھەممەت ئىمىن ئىچىدە: «بىر ئاز تەييارلىق قىلىپ قوياي، نېمە دەپ سوئال سورىسا، نېمە دەپ جاۋاب بەرسەم بولار؟ قانداق سوئال سورار؟ بەلكىم تېخى مەندىن گۇمانلانمىغاندۇ؟ تۇتۇپمۇ كەتمەس؟» دەپ ئويلىدى. ئەمما، نېمىشقىكىن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيۋاتاتتى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئاخىرى ئۇخلاپ قالدى.

مۇھەممەت ئىمىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئىشىك قوڭغۇرىقى قاتتىق چېلىنىۋاتاتتى.

— كىم! بۇ كېچە نېمە ئىشلار بار؟

— ئىشىكنى ئاچ! بىز ساقچى، تېز بول!

— يېرىم كېچە بولۇپ كەتتى. ھەر قانداق گەپ بولسا ئەتە سۆزلەشسەك بولمامدۇ.

— بولمايدۇ، دەرھال ئاچ! بولمىسا ئىشىكنى چېقىپ كىرىمىز.

مۇھەممەت ئىمىن ئىشىكنى ئاچتى. ئالدىدا ئالتە نەپەر قوراللىق ساقچى تۇراتتى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپلا ھېچقانداق گەپ سۆز قىلماستىن ئۇنىڭ قولىغا كويزا سالدى، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈردى.

— نېمە بولدى؟ نېمىشقا مېنى تۇتىسىلەر؟

— گەپ قىلما! سەن قولغا ئېلىندىڭ!

— نېمىشقا مېنى قولغا ئالىسىلەر؟

— سېنى گەپ قىلما دەۋاتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئارىدىن ئېگىز بوي، ياپما قاپاق كەلگەن بىرسى خىتايچە، — ئۇنىڭ سەۋەبىنى بارغاندا بىلىسەن!

— نەگە ئاپىرىسىلەر مېنى؟

«بىز سېنى گەپ قىلما دېدۇق» دېگەنچە پاكىنەك بىرسى كېلىپ، مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئاغزىغا بىر تال قاتلانغان لاتىنى ئەكېلىپ تىقىپ قويدى.

ساقچىلار مۇھەممەت ئىمىننى ماشىنىسىغا چىقىرىپ ئېلىپ ماڭدى. ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن بىر دەرۋازا دەرۋازا غارقىراپ ئېچىلىپ، ماشىنا ئىچىگە كىردى. ساقچىلار مۇھەممەت ئىمىننى ئىتتىرگەنچە ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، بىر يەر ئاستى كامېرغا ئەكىرىپ، بېشىدىكى قارا خالتىنى ئېلىۋېتىپ، بىر قولىدىكى كويزىنى ئېچىپ، تامدىكى بىر تۆمۈر ھالقىغا باغلاپ قويۇپ، ئاندىن بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كوتۇلدىغانچە چىقىپ كېتىشتى. بۇنىڭدىن سوراقنىڭ ئەتىسى بولىدىغانلىقى ئوچۇق بولدى.

جاراڭ — چۇرۇڭ قىلىپ ئېچىلغان تۆمۈر ئىشىكنىڭ ئاۋازىدىن كېيىن مۇھەممەت ئىمىن ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىپ، ئىشىك تەرەپكە قارىدى. تۆت ساقچى قولىدا ھەر خىل توك كالتەكنى،

كويزا ــ كىشەن دىگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشكەن ھالدا كىرىپ كېلىشتى:

ــ «تاڭنۇرى خەلقئارا سودا چەكلىك شىركىتى»نىڭ دىرېكتورى مۇھەممەت ئىمىن دىگەن مۇشۇمۇ؟ ــ دەپ قولىنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتى بىر ئېگىز بوي، ياپما قاپاق ساقچى سېمىزلىكتىن پۇشۇلداپ تىنىدىغان كۆزئەينەكلىك خىتايغا قاراپ.

ــ ھەئە، ئۇ ئاخشام تۇتۇپ كېلىندى. ــ دەپ جاۋاب بەردى كۆزئەينەكلىك.

ــ ھە! ياخشى بولدى. تۈركىيەگە سېتىلغان ئۇنسۇردىن يەنە بىرى قولغا چۈشتى. قېنى سوراقنى باشلاڭلار. ــ دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ئۇ باشقىلارغا قاراپ. قارىغاندا ئۇ بۇگۈنكى سوراقچىلارنىڭ باشلىقىدەك قىلاتتى.

ــ تۈركىيەگە نېمىشقا باردىڭ؟

ــ تىجارەتكە، سودا قىلىش ئۈچۈن بارغان.

ــ نېمە سودىسى قىلدىڭ؟

ــ دورا ماتېرىياللىرى سودىسى.

ــ ئۇنداقتا پاكىستانغا نېمىشقا باردىڭ؟

ــ پاكىستانغا دورا ماتېرىياللىرى سودا سودىسى قىلىش ئۈچۈن باردىم.

ــ پاكىستاندا كىم بىلەن كۆرۈشتۈڭ؟

ــ ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدىم. پەقەت پاكىستانلىقلار بىلەنلا سودا قىلدىم.

ــ ئۇيغۇرلار بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟ مەسىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئەزالىرى بىلەن؟

ــ ياق، ئۇلار بىلەن كۆرۈشمىدىم. ئۇنداق بىر پارتىيەنىڭ بارلىقىنى سىلەردىن ئاڭلاۋاتىمەن.

ــ ھە، ئۇنداقتا! تۈركىيەدە كىم بىلەن كۆرۈشتۈڭ؟

ــ ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدىم. تۈركلەر بىلەنلا سودا قىلدىم.

— ئۇيغۇرلار بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟ مەسىلەن ئابدۇقادىر ياپچان ۋە ھىدايەتۇللا ئوغۇزخان بىلەن.

— ياق، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن.

— نامايىشقا قاتناشتىڭمۇ؟ ئەكسىيەتچى گېزىت — ژۇرناللارنى ئوقۇدۇڭمۇ؟

— ياق! نامايىشقا قاتناشمىدىم. گېزىت ئوقۇمىدىم.

— ھە خۇپسەنلىك قىلما! سېنىڭ تۈركىيەدە گېزىت ئوقۇغانلىقىڭنى كۆرگەن ئادەم بار!

— قېنى، ئىسپاتىڭلار بولسا كۆرسىتىڭلار! ئەمما، مەن تۈركچە گېزىت ئوقۇغان، ئانچە بەك چۈشەنمىگەن ئىدىم.

— چۈشەنمىسەڭ نېمىشقا ئوقۇيسەن؟

— پۇتبولچىلارنىڭ رەسىمگە قاراپ باقاي دېگەن ئىدىم.

— ھە! گېزىت ئوقۇغانلىقىڭ ئېنىقكەنغۇ؟

— تۈركىيەگە نېمىشقا پول ئەۋەتتىڭ؟ كىمگە؟

— ئايالىمغا ئەۋەتتىم.

— ئايالىڭ ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بالىلىرىڭ بارمۇ؟

— ئايالىم ۋە تۆت بالام بار. ئۇلار ئۇ يەردە ئوقۇيدۇ.

— نېمىشقا ئۇلارنى بۇ يەردە ئوقۇتمىدىڭ؟

— ئايالىم ئۈرۈمچىدە تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ بولغان. تۈركىيەدە تېخىمۇ يۇقىرى بىلىم ئالماقچى ئىدى.

— ھەي، تۈركىيەدە قانداق يۇقىرى بىلىم ئالسۇن؟ جۇڭگونىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيەسى تۈركىيەنىڭكىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

— ياق، بىلمەيدىكەنمەن!

— تۈركىيەگە جەمئىي قانچە قېتىم باردىڭ؟

— سەككىز — توققۇز قېتىمدەك.

— ھەي، بىلىپ قوي! سېنىڭ جىنايىتىڭ ئىنتايىن ئېغىر! ئەمما، سەن تېخى ئىقرار قىلمايۋاتىسەن؟

– ھەممە گەپنى دېدىڭمۇ؟ مەن تۈركىيەدە ھېچقانداق سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمىغان تۇرسام، قانداقسىگە جىنايىتىم ئېغىر بولىدىكەن؟

– كۆپ قېتىم تۈركىيەگە بارغانلىقىڭ ۋە تۈركىيەدە گېزىت ئوقۇغانلىقىڭنىڭ، جۇڭگونىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسىنى چەتئەلگە ئەۋەتكەنلىكىڭنىڭ ئۆزى جىنايەت ئەمەسمىكەن؟

– ياق، جىنايەت ئەمەس! مەن ئۇنداق ئىشلارنىڭ جىنايەت بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان.

– ئاڭلاپ باقمىغان بولساڭ بىزنىڭ جازا قورالىرىمىز ساڭا ئاڭلىتىپ قويىدۇ. – دەپ ۋارقىرىغانچە يېنىدىكى ساقچىلارغا بۇيرۇق چۈشۈردى:

– قېنى نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ بۇنىڭ ئەدىپىنى بىر بېرىپ قويۇشمامسىلەر؟

ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەيلا ئىككى ساقچى يۈگۈرۈپ كېلىپ، مۇھەممەت ئىمىننى ئىتتىرگەنچە قاپقارا بىر تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا مەھكەم چېتىپ باغلاپ، قولىدىكى كالتەك بىلەن بەش – ئالتىنى ئۇرىۋەتتى. مۇھەممەت ئىمىن كالتەك زەربىسىگە چىدىماي ھوشىدىن كەتتى. جاللاتلار ئۇنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىپ، ھوشىغا كەلتۈرۈپ يەنە ئۇردى.

– ئىقرار قىل! – دېيتتى ئۇلار توختىماي، ئىقرار قىلساڭ جازايىڭ يېنىكلەيدۇ. بولمىسا سېنىڭ بۇ يەردىن ئۆلۈكۈڭ چىقسا چىقىدۇكى، تىرىكىڭ چىقمايدۇ!

– نېمىنى ئىقرار قىلىمەن؟ مەندە جىنايەت يوق، مەن ھېچقانداق سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمىدىم!

– تۈركىيەگە سېتىلغانلىقىڭنى ئىقرار قىلىسەن.

– مەن تۈركىيەگە سېتىلمىدىم. ئۇ يەردە ھېچقانداق سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمىدىم.

– تۈركىيەگە توختىماي قاتىرىغانلىقىڭ، پۇل ئەۋەتكەنلىكىڭ،

گېزىت ئوقۇغانلىقىڭ سېتىلغان بولماي نېمە؟

ــ ياق، مەن سېتىلمىدىم. مەن خائىن ئەمەس!

ــ ھەي، جاھىل ئۇنسۇر! ئىقرار قىلمىساڭ مانا ئەمسە! ــ دەپ شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى ۋە:

ــ ئۇرۇڭلار! دەپ ۋارقىرىدى سېمىز خىتاي جاللاتلارغا، شۇنىڭ بىلەن ئىككى جاللات ساقچى كېلىپ مۇھەممەت ئىمىننى كالتەك بىلەن يەنە قاتتىق ئۇرۇپ، باش كۆزىنى يېرىۋەتتى. ئۇ يەنە ھوشىدىن كەتتى.

ــ ئىقرارنامەنى ئېلىپ كېلىڭلار! ــ دەپ بۇيرۇق قىلدى باشلىق خىتاي يەنە بىر ساقچىغا ۋارقىراپ، ئۇ ساقچى بېرىپ بىر ۋاراق ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان ئىقرارنامەنى ئېلىپ كەلدى. باشقا ئىككى ساقچى مۇھەممەت ئىمىننىڭ قولىنى قايرىپ ـ سوزۇپ، تۆگۈلۈپ قالغان بارمىقىنى مەجبۇرى ئاچقۇزۇپ، قىزىل رەڭلىك سۇرۇخقا ئۇنىڭ بىگىز بارمىقىنى بېسىپ تەگكۈزدى. ئاندىن ئىقرارنامىنىڭ ئۇستىگە باستۇردى. بۇنىڭ بىلەن ھوشسىز ياتقان مۇھەممەت ئىمىن ئۆز ئىقرارنامىسىگە ئۆزى قول قويغان بولدى.

سوراقچىلار ھوشسىز ياتقان مۇھەممەت ئىمىننى پۇت ـ قولىدىن سۆرىگەنچە سوراقخانىدىن ئېلىپ چىقىپ بىر كامېرغا سولىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن كالپۇكلىرى قۇرۇپ، ئاغزىنى چاكىلداپ قالغان ئىدى. كامېردىكى كونا مەھبۇسلار ئۇنىڭغا ئازراق سۇ ئىچكۈزدى. قان ـ ياشلىرىنى سۈرتۈپ ـ تازىلاپ، ئاستىغا ئەديال سېلىپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇ قانچىلىك ۋاقىت ياتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىر چاغدا ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپىغا قارىدى. مەھبۇسلارمۇ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرى يەۋاتقان ھورناندىن بىر تال ۋە بىر ئاز قايناقسۇ قۇيۇپ ئۇنىڭغا بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۇت ـ قولىغا بىر ئاز جان كىردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن نەچچە ھەپتىگىچە ئۇنى سوراققا ئېلىپ چىقىشمىدى. مۇھەممەت ئىمىن ھەيران قېلىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ بىر

تەرەپتىن خۇشال ئىدى. ئۇ ئىچىدە: «سۇراقتا يېڭىپ چىققان ئوخشايمەن. ئۇنداق بولمىغاندا يەنە سوراق قىلىنىشىم كېرەك ئىدىغۇ؟ بەلكىم سوراقتا بىرەر نەتىجە چىقمىغان بولسا قويۇپ بېرەمدۇ تېخى؟ ئەگەر قويۇپ بېرىلسەم تۈركىيەگە كېتەلەرمەنمۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ئالاھەزەل تۆت ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىركۈنى، ئىككى گۇندىپاي كېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا بىر قىزىل تامغىلىق ھۆججەتنى تۇتقۇزۇپ: - ماۋۇنى ئال! بۇ سېنىڭ ھۆكۈمنامەڭ. سەن «ئون بەش يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى» غا ھۆكۈم قىلىندىڭ! نەرسە - كېرەكلىرىڭنى ئالغىن، بۇ يەردىن يۆتكىلىسەن.

— دېدى. مۇھەممەت ئىمىن قولىدىكى ھۆكۈمنامىنى ئېچىپ ئوقۇدى: «جاۋابكار مۇھەممەت ئىمىن، ئەر، ئۇيغۇر، ئوتتۇز يەتتە ياش. ئۇ ئۆزىنىڭ تۈركىيەگە سېتىلغانلىقى، يەنە كۆپ قېتىم تۈركىيەگە بارغانلىقى، پۇل ئەۋەتكەنلىكى ۋە ئەكسىيەتچى گېزىت ئوقۇغان جىنايىتىنى ئىقرار قىلغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈلۈك قىلىنىپ، ئون بەش يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى».

— ئاپا، دادام نېمىشقا كەلمەيدۇ؟ ئېيتىڭچۇ؟ دادامنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى. — دەيتتى پاتىمە ھەر كۈنى ئىلمىنۇرغا سوئال قويۇپ، ئىلمىنۇر بولسا قىزىنى بەزلەپ: «قىزىم، دادىڭىز ئۇزاققا قالماي كېلىدۇ! سىزگە قونچاق ئەكېلىپ بېرىمەن دېگەنغۇ؟ ئۇ چوقۇم كېلىدۇ» دەيتتى. پاتىمە يەنە: «ئاپا، نېمىشقا ئەمدى دادام بىزگە تېلېفون قىلمايدۇ؟ بۇرۇن ھەر كۈنى تېلېفون قىلاتتىغۇ؟ ئەمدى تېلېفون قىلسا، مېنىڭ جىق دەيدىغان گېپىم بار ئىدى. ئەمدى تېلېفون كەلسە مېنى ئويغىتىۋېتىڭ» دېگەنچە ئۇخلاپ قالاتتى.

ئىلمىنۇر بىلەن مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغىلى بىر نەچچە ئاي بولۇپ قالغان ئىدى. ئىلمىنۇر تېلېفون قىلسا، مۇھەممەت ئىمىننىڭ تېلېفون قەتئىي ئۇلانمىدى. شىركەتنىڭ تېلېفون نومۇرىمۇ ئۇلانمايتتى، ئۇ شىركەتكە تېلېفون قىلسا: «بۇ

نومۇر مەۋجۇت ئەمەس، خاتا ئۇرۇۋاتىسىز» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىناتتى. ئىلمىنۇر ئۇرۇمچىدىكى باشقا دوستلىرىدىنمۇ سۈرۈشتۈرۈپ، مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئۇچۇرىنى ئالالمىدى. ئەمما ئىلمىنۇر زېرىكمەستىن ئېرىنى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇردى. ئاخىرى، خوتەنگە مۇھەممەت ئىمىننىڭ تۇغقانلىرىغا تېلېفون قىلىپ، ئېرىنىڭ قولغا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، خوتەندىكى ئاكا - ئىنىلىرى ۋە تۆت نەپەر تاغىلىرىنىڭمۇ «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن يىغىۋېلىش لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئۇقتى.

مۇھەممەت ئىمىننىڭ سەكسەن ياشتىن ئاشقان ئانىسى قارانچۇقسىز قالغان ئىدى. ئىلمىنۇرنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن غەش بولۇۋاتاتتى. قويغان - تۇتقىنىنى ئۇقمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. بىر نەچچە قېتىم كېچىسى بالىلىرى ئۇخلاپ قالغاندا تازا يىغلىۋالدى. ئەمما ئۇ، يەنىلا ئېسىنى يىغىۋېلىپ شۇنداق خىيال قىلىپ كەتتى: «بەس! ئەمدى ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي! بىزدە مۇنداق بىر ماقال - تەمسىل بارغۇ: كېلىدىكەن يىراقتا كەتكەنلەر، كەلمەيدىكەن كەتمەنلەنگەنلەر، ئېرىم تېخى ھايات! ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دېگەندەك ھامان بىر كۈنى تۈرمىدىن چىقىدۇ! ئۇنىڭغىچە مەن بالىلىرىمنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇشۇم كېرەك. ئۇلارنى ئوقۇتۇپ، بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۈرسەم، ئۇلار چوقۇم دادىسىنى ئىزدەپ تاپىدىغۇ؟ بالىلار چوڭ بولسا، ئۇلار ناھەق جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان دادىسى ئۈستىدىن خەلقئارا ئادالەت سوتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەرز قىلالايدۇ. ئۇنىڭغىچە مەن بىر تەرەپتىن بالىلىرىمنى ئوقۇتقاچ، يەنە بىر تەرەپتىن دادىسىنىڭ سۈرۈشتۈرمىسىنى قىلىپ تۇرامدىم!».

ئىلمىنۇر مىشچان ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن بىلىملىك دوختۇرلا بولۇپ قالماي، ئۇستا پسىخولوگ بولغاچقا، تېزلا ئۆزىنى رۇسلىۋالدى. ئۇ: «يېتىپ يېسەڭ تاغمۇ توشمايدۇ» دېگەننى ئويلاپ، سۈرۈشتۈرۈش

ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ئىشلەيدىغان خىزمەت تاپتى. ئۇ ئۆزى ئوقۇغان دوختۇرلۇق كەسپىدىن تۈركىيەدە ھەرقاچان ئىش تاپالايتتى ۋە بىلىمنى ئاشۇرۇپ، يۇقىرى مائاش ۋە مەرتىۋىگە ئىگە بولالايتتى. شۇڭا ئۇ دادىللىق بىلەن يېڭى ھاياتنى باشلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. «نۇزۇگۇم فوندى جەمئىيىتى»گە ئەزا بولۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. تۈركىيەدىكى ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ «پارتلىغان سۈكۈت» پىروگراممىسىدا ئېرى مۇھەممەت ئىمىن ۋە تۇتقۇن قىلىنغان باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەم ۋەتەندە كۆرگەن - ئاڭلىغان خىتاينىڭ زۇلۇملىرى ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بەردى. ھەم «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، مۇھەممەت ئىمىننىڭ ناھەق تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى خەلقئاراغا پاش قىلدى. شۇنداقلا ئىلمىنۇرنىڭ چوڭ قىزى پاتىمەمۇ مۇخبىرنىڭ زىيارىتىگە قاتنىشىپ، دادىسىنى سېغىنغانلىقى ھەققىدىكى تەسىرلىك سۆزلىرىنى كىتابخانلارغا مۇنداق بايان قىلدى: «مېنىڭ ئىسمىم پاتىمە، مەن ۋەتەندە تۇغۇلغان، بۇ يىل ئون ياشقا كىرىمەن. دادامنى كۆرمىگىلى ئۈچ يىلدىن ئاشتى. مەن دادامنى ئىنتايىن سېغىندىم. دادامنى ئەسلىسەم ئىنتايىن كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ. ئەمما، ئۇنۇمنى سىرتقا چىقىرالمايۋاتىمەن. دادامنىڭ ئىللىق چىرايى ھەر دائىم كۆزۈم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. دادام مەن ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتتا ۋەتەنگە يولغا چىقىپتىكەن. مەن ئۇخلاپ قالغان بولساممۇ، دادام مەڭزىمگە يېنىشلاپ - يېنىشلاپ سۆيۈپ قويۇپتۇ. كۆزىگە ياش ئېلىپ، ئۇزاق - ئۇزاق ماڭا قاراپ: «ئامان بولۇڭ قىزىم،سىزنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم! خۇدايىم بۇيرىسا ئۇزاق قالماي قايتىپ كېلىمەن» دەپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە قوپسام، دادام ئۆيدە يوق ئىكەن. مەن ئاپامدىن: «دادام نەگە كەتتى» دەپ سورىسام ئاپام ماڭا: «قىزىم، دادىڭىز خىزمەت بىلەن ۋەتەنگە كەتتى. ئۇزاققا

قالماي قايتىپ كېلىدۇ. سىزگە قونچاق ئەكېلىپ بېرىدۇ» دېگەن ئىدى. كېيىن دادام بىزگە دائىم تېلېفون قىلىپ تۇردى. دادام ئاپام بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپلا مەن بىلەن سۆزلىشەتتى. مەن دادام بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەندە ئىنتايىن خۇشال بولاتتىم. بىر قېتىم تېلېفون سۆزلەشكەندە دادام ماڭا: قىزىم مېنى سېغىندىڭىزمۇ؟ مەن سىزنى ئىنتايىن سېغىندىم. مەن ئۇزاققا قالماي قايتىپ بارىمەن. سىزگە قونچاق ئالغاچ كېلىمەن دېگەن ئىدى. ئەمما، بەك ئۇزاق بولدى ئۇ كەلمەيۋاتىدۇ. ئاپامنىڭ دېيىشىچە، دادام مېنى ۋە ئۇكىلىرىمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەنتۇق، بىزگە دائىم ئويۇنچۇق ۋە قونچاقلارنى ئېلىپ بېرەتتىكەنتۇق. مەن دادام ئېلىپ بەرگەن قونچاقنى بىردەممۇ يېنىمدىن ئايرىمايمەن. دادامنىڭ تېزراق كېلىپ، بىز بىلەن جەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. دادىسىزلىقنىڭ بەك قاتتىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. بۇ كۈننىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھازىر ئاپام بىزگە: ھەم ئانا، ھەم دادا بولۇۋاتىدۇ».

# ئامانگۈلنىڭ ئاھىغا كىم قۇلاق سالاتتى؟

ئامانگۈلگە سىستىرالىق مەكتىپىدىن چاقىرىق كەلگەن ئىدى. بۇنىڭغا ئۇ ئۆزى خۇشال بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدى ۋە ئۇنىڭ بەختىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۇلار يالغۇز قىزى ئامانگۈلنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرى دېھقان بولۇشقا قارىماي، يىلدا بىر قېتىم كىرىم قىلىدىغان بۇغداي - قوناق، پاختىلىرىنىڭ ئالۋان - سېلىقتىن ئېشىپ قالغان ئازغىنە قىسمىنى ئۆزلىرى يېمەي - ئىچمەي دېگۈدەك يىغىپ ساقلاپ، ئامانگۈلنىڭ كېيىنكى ئوقۇشى ئۈچۈن ئاتاپ قويغان ئىدى.

بىر دېھقان قىزىنىڭ شەھەرگە كىرىپ ئوقۇشى ئۇلار ئۈچۈن بىر مۆجىزە ئىدى. ئۇلار ئامانگۈل ئوقۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن ئالاھىدە تەييارلىق قىلدى. يېزا مەركىزىدىكى تىككۈچى تۇغقىنىنىڭ قېشىغا بېرىپ، قىزى ئۈچۈن بىر قۇر يېڭى ئۈستىباش تىكتۈردى. ئۇلار قىزىنى شەھەردە باشقىلارنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالمىسۇن، «سەھرالىق تومپاي» دېيىلىپ، يەكلەنمىسۇن دەپ ئويلايتتى. قىزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئۇلار ئۈچۈن ئۆز جېنىدىنمۇ قىممەتلىك ئىدى.

ئامانگۈلنىڭ تېببىي مەكتەپتىكى سىستىرالىق ئوقۇشى باشلاندى. ئۇ دەسلەپتە داۋالاش ياكى دورىگەرلىك كەسپىگە تاللىنالمىغىنىغا ئىنتايىن كۆڭلى يېرىم بولغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭغا ئامال يوق ئىدى. بۇ دېھقان قىزىنىڭ پۇل خەجلەپ، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىپ، كەسپىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان ئاكىلىرى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا

ـ ئانىسىنىڭ قولىدىن مۇنداق ئىش كەلمەيتتى. ئۇ بۇ كەسپتە ئوقۇشقا مەجبۇر ئىدى. كىچىكىدىنلا باشلىغان ئىشنى ئاخىرىغىچە قىلىدىغان ئەستايىدىل ئادەتنى يېتىلدۈرگەن ئامانگۇل سىرتتىن قارىغاندا بىرەر كەسپىدىكى ئوقۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشنى قارار قىلدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، مۇئەللىم ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە سۆيۈشىگە ئېرىشتى. ئابدۇللا ئىسىملىك ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭ، قاڭشارلىق كەلگەن بىر يىگىت ئۇنىڭغا ئالاھىدە يېقىنچىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. ئامانگۇلنىڭ زىلۋا بويى، سۇتتەك ئاق تېرىسى، ئويناپ تۇرىدىغان بوتا كۆزلىرى، قىياقتەك ئىنچىكە قاشلىرى ھەر كىمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئۇنىڭ يۈزى تولۇن ئايدەك، قىلىقلىرى سىپايە بولغاچقا خېلە ـ خېلە يىگىتلەرنىڭ مەيلى بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.

ئۇ ئابدۇللانىڭ يېقىنچىلىق قىلىشىدىن ئۆزىگە كۆڭلى بارلىقنى سېزىۋاتقان بولسىمۇ، بىر مەزگىل ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. ئۇ ئالدى بىلەن «ئوقۇشۇمنى ياخشى نەتىجە بىلەن تۈگىتىۋالسام» دەپ ئويلايتتى. ئۇ سىرتتىن قارىغاندا كەسپىگە تېزلا ئۆزلىشىپ قالدى. كەسپى دەرسلەردىن سىرت خەنزۇ تىلىنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ چىڭ تۇتۇپ ئۆگەندى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئارزۇ قىلىدىغان داۋالاش كەسپىدە يۇقىرىلاپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ھايات ـ ھۇيت دېگۈچە بىرىنچى مەۋسۇملۇق ئوقۇش ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ يۇرتى قاراقاش خوتەندىن ئانچە ئۇزاق بولمىغاچقا، ئاپتوبۇس بىلەن قايتماقچى بولدى. ئۇ بېلەت ئالغىلى كېتىۋاتقاندا ئابدۇللا بىلەن بىر ئاپتوبۇسقا چىقىپ قالدى. ئۇلار بىكەتكە بارغۇچە ئۈن ـ تىنسىز مېڭىشتى. بىكەتكە كەلگەندە ئابدۇللا ئۆزىنىڭ شوخلۇقىنى كۆرسىتىپ، چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇۋالدى ـ دە، نۆۋەت كەلگەندە ئىككى بېلەتنى بىراقلا ئېلىۋەتتى ۋە بېلەتنى ئامانگۇلگە تەڭلەپ: ـ «سىز قىز بالا، ئۆچىرەتتە تۇرۇپ جاپا تارتىپ

قالىسىز، مانا بۇنى ئېلىڭ» دەپ، ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي بېلەتنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئامانگۈلنىڭ خىجىللىقتىن يۈزى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ دەرھال يېنىدىن بېلەت پۇلىنى چىقىرىپ، ئابدۇللانىڭ «ئالمايمەن» دەپ تۇرۇۋالغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئىچىدە ئابدۇللادىن سۆيۈنگەنلىكىنى يوشۇرۇشقا تىرىشتى - يۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم پىسسىڭگىدە كۈلۈپ سالدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى ئابدۇللانىڭ يۈرىكىنى چەنلەپ ئېتىلغان ئوقتەك ئۇدۇللا ئۇنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ قادالدى.

ئابدۇللا بىلەن ئامانگۈل باشقا - باشقا يېزىدىن بولسىمۇ قاراقاشقىچە بىللە باردى. ئامانگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاپتوبۇس بېكىتىدە قىزىنى ساقلاۋاتقان ئىدى. ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشكەندە ئابدۇللا چامادانىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ كېلىپ ئامانگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسىغا سالام بەردى - دە، چامادانىنى قويۇپلا قىزىرىپ - ھودۇققانچە كېتىپ قالدى. ئامانگۈلمۇ قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى: «ساۋاقدىشىم ئىدى، بىر ئاپتوبۇسقا چىقىپ قالدۇق، ئۆزىمۇ قاراقاشتىن، مىجەزى ياخشى بالا» دەپ تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئابدۇللانىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزاققىچە قاراپ قالدى. ئۇنىڭ ئەدەپ بىلەن سالام بېرىشلىرى، كېلىشكەن بەستى، يەرنى قاتتىق - قاتتىق دەسسەپ، چوڭ قەدەم بىلەن مېڭىشى ئۇلارغىمۇ ياراپ قالغاندەك قىلاتتى. ئامانگۈلنىڭ ئانىسى: «ھەتتەڭگەي! ئاشۇنداق بىر بالا كۈيئوغلىمىز بولۇپ قالغان بولسا، قىزىمىزنىڭ بەختى ئېچىلاتتىكەن! بۇلارنىڭ بىر جۈپ بولۇپ قوشۇلۇشى خۇددى ياقۇت ئۈزۈككە - ئالماس كۆز قويغاندەك يارىشىملىق ئىش بولاتتىكەن» دەپ ئويلاپ قالدى.

تەتىل توشقاندا ئۇلار يەنە بىللە قايتتى. مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئىنتايىن تىرىشىپ ئوقۇدى. ئۆگىنىشتە ھەمكارلاشتى. ئابدۇللا كەسپتە ياخشى بولۇپلا قالماي خىتايچىدىمۇ ئالاھىدە ياخشى ئىدى. تىل ئۆگىنىشتە ئۇ ئامانگۈلنىڭ يېقىن ياردەمچىسى

بولـۇپ قالـدى. شـۇنداق قىلىـپ، ئـۇلار بـارا ـ بـارا بىـر ـ بىرىدىـن ئايرىلالمايدىغـان ئاشـىق ـ مەشـۇقلاردىن بولـۇپ قالـدى.

ئۇلارنىــڭ ئوقۇشــى ئۆچىنچــى يىلىغــا قــەدەم قويــۇپ، ئوقــۇش پۈتتــۈرۈش ئالدىــدا تۇراتتــى. ئــۇلار پىراكتىكىســىنى قاراقــاش ناھىيەلىــك ئۇيغـۇر تىبابـەت دوختۇرخانىسـىدا بىللـە قىلـدى. ئەممـا، ئوقـۇش پۈتتۈرگەندىــن كېيىنكــى تەقســىمات ئۇلارنىــڭ ئويلىغىنىــدەك بولمـاي قالـدى. ئابدۇللانىــڭ كەسـىپ ۋە تىـل جەھەتتىكـى ئالاھىـدە ئەتىجىسـىگە ئاساسـەن، ئۇنـى ئانـا مەكتىپىنىـڭ ئۆزىـدە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىـپ قېلىشـتى. ئامانگـۈل بولسـا قاراقاشـقا بۆلۈنـۈپ، ئـۆز يېزىسـىدىكى دوختۇرخانىغــا سېســترالىققا ئورۇنلاشــتۇرۇلدى. ئەممــا تەقســىماتتىن كېلىــپ چىققــان ئورۇنــدىكى ئايرىلىــش ئۇلارنىــڭ مۇھەببىتىنــى ئايرىيالمايتتـى. ئـۇلار ئايرىلىـپ خىزمـەت باشلاشـتىن بـۇرۇن كەلگۈسـى تۇرمۇشــى ھەققىــدە مەسلىھەتلىشــىپ بىرلىككــە كەلــدى. چــوڭلار قوشـۇلغان تەقدىـردە كېلـەر يىلـى يـازدا تـوي قىلىـپ، بىـر ياسـتۇققا بـاش قويۇشـقا كېلىشـتى.

ئابدۇلـلا خىزمـەت باشـلاپ ئـۇزاق ئۆتمەيـلا مەكتـەپ تەرىپىدىـن ئۈرۈمچىگـە بىـر يىللىـق بىلىـم ئاشۇرۇشـقا ئەۋەتىلـدى. ئامانگـۈل بىـر جەھەتتىـن بۇنىڭدىـن خۇشـال بولغـان بولسـىمۇ، يەنـە بىـر جەھەتتىـن ئابدۇللانىــڭ ئۇزاققــا كېتىشــىدىن كۆڭلــى يېرىــم بولــدى. يېزىلىــق دوختۇرخانىنىــڭ شــارائىتى ئىنتايىــن ناچــار ئىــدى. دوختۇرخانىنىــڭ تىببىـي ئەسـلىھەلەر كـەم، كېسـەللەر كـۆپ بولـۇپ، دوختـۇر ـ سېسـترالار ئىنتايىــن جاپالىــق ئىشلەشــكە توغــرا كېلەتتــى. ئۇنىــڭ ئۈســتىگە ھــەر كۈنــى دېگــۈدەك سىياســىي ئۆگىنىــش، ئىدىيــە تەكشــۈرۈش، خىزمەتچىلەرنىــڭ ئۆزىدىكــى مەســىلىلەرنى ئــۆزى پــاش قىلىــش، باشـقىلارنى پـاش قىلىـش، دىنـى ئەسـەبىيلىكنى يوقىتىـپ، ئىجتىمائىـي قىياپەتنــى تــۈزەش دېگەنــدەك يىغىنــدا پەيــدا بولغــان سىياســەتلەر دوختــۇر ـ سېســترالارنىڭ داۋالاش ـ ئاســراش ئىشــلىرىغا توســقۇنلۇق قىلماقتـا ئىـدى. يېڭـى قۇرۇلغـان ئاتالمىش «كەسـىپىي قايتـا تەربىيەلەش

مەركىزى»دىن ھەر كۈنى نەچچە ئونلىغان كېسەل ۋە تاياق زەربىسىدىن يارىلانغانلار كېلەتتى. ئۇلارنى گۇندىپاي ۋە ساقچىلار يالاپ ئەكەلگەچكە، دوختۇرخانا خۇددى ئۇرۇش ۋاقتىلىرىدىكى جىددىي قۇتقۇزۇش مەركەزلىرىگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. تۇتقۇنلارغا قىلىنغان ھايۋانلارچە مۇئامىلە كىشىنىڭ قەلبىنى شۈركەندۈرەتتى.

بىر كۈنى ئىككى ساقچى بىر ياشانغان ئايالنى يالاپ ئېلىپ كەلدى. بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئايالنىڭ ئۆپكىسى ئاغرىغان بولۇپ، توختىماي يۆتىلەتتى. قىزىتمىسى ئېشىپ كەتكەن ئىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا:«ئۆپكە ياللۇغى» دەپ دىياگنوز قويۇشتى ۋە ياللۇغ قايتۇرۇش ئوكۇلىنى ئامانگۈلنىڭ ئۇرۇشىغا تاپشۇردى. ئامانگۈل ئايال تۇتقۇننىڭ قولىدىكى كويزىنى كۆرۈپ، ساقچىلارغا كويزىنى ئېلىۋېتىشنى، بولمىسا ئوكۇلنى ئۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، ساقچىلار كويزىنى ئېلىۋېتىشنى رەت قىلدى. ئامانگۈل ئوكۇل ئۇرۇشنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ دوختۇرلۇق قائىدىسىگە چۈشمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. رەھىمسىز ساقچىلار گەپ ئاڭلايدىغاندەك قىلمايتتى. ئاخىرى ئامانگۈل دوختۇرخانا باشلىقىنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇ كېسەلنىڭ ئەھۋالىنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا بىر ئاز يېلىنىۋىدى، ئاخىرى بۇ تاش يۈرەكلەر ئايال تۇتقۇننىڭ قولىنى بوشىتىپ، پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ قويدى. شۇندىلا ئامانگۈل ئايالغا ئوكۇلنى ئۇرۇپ، بىمار تۇتقۇننىڭ ئاغرىقى توختىتىغۇچە يېنىدىن ئايرىلماي، ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى. بۇ ئۇنىڭ دوختۇرلۇق ئەخلاقىنى ئۆز ئەخلاقىدەكلا مۇقەددەس بىلگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

دوختۇرخانا يېزا مەركىزىدە بولغاچقا، ئامانگۈل بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. ۋەزىيەت بارغانچە ناچارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ناھىيە ۋە ۋىلايەتتىن نۇرغۇن دۆلەت كادىرلىرى كەلگەن بولۇپ، ئۇلار يېزىدىن تارتىپ - كەنتلەرگىچە ئورۇنلىشىپ، تەتۈر شامال چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا مۇسۇلمان

خەلقلەرنى دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە، ھازىرقى ۋە بۇرۇنقى مەسىلىلەرنى تاپشۇرۇشقا قىستىدى. دىن ئوقۇغان، تەبلىغ ئاڭلىغان، ساقال - بۇرۇت قويغان، مەسچىتكە بارغان، ناماز ئوقۇغانلارنى تۇتقۇن قىلىپ، ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە يىغىۋېلىشتى. خوتۇن - قىزلارنىڭ «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەزالىرىدىن بولۇش» دېگەن نام بىلەن چۈمبەل - ياغلىقلىرىنى مەجبۇرى ئالغۇزىۋەتتى. ئۇزۇن كۆينەك - يوپكا كىيگەنلەرنى كوچىلاردىلا تۇتۇۋېلىپ، سالغۇزىۋەتتى ۋە كېسىۋېتىشتى. بويىغا يەتكەن ياش قىزلارنى مەجبۇرىي يىغىۋېلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە «ئەرزان باھالىق ئىشلەمچى»لىككە ئېلىپ كېتىشتى. ياش يىگىتلەر ئارماندا قېلىۋاتاتتى. قارشىلىق قىلغانلارنى «ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى چىقتى» دېگەن باھانىلەر بىلەن تۇتۇپ كېتىشەتتى.

يېقىندىن بۇيان يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلار ۋە يېزىنىڭ كادىر - خىزمەتچىلىرى بىرلىشىپ، ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتاي ئەرلىرى بىلەن توي قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك مۇكاپاتلاش ۋە ئالداش سىياسەتلىرىنى بازارغا سېلىشقا باشلىدى. ئۇلار يەنە بۇ تەشۋىقاتلىرىنى سىياسەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، «ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ ئىككى مىللەتتىن ئۆز - ئارا توي قىلىدىغانلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، مۇكاپاتلاش چارىسى» نى ئېلان قىلىپ تەشۋىقات قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدا «ئۇيغۇرلار ۋە خەنزۇلاردىن توي قىلغان بىر ئائىلىگە ئون مىڭ سوم نەق پۇل مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئولتۇراق ئۆي ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئېتىبار بېرىلىدۇ» دېيىلگەن ئىدى. كېيىنچە بۇ ئىشقا مائارىپ تارماقلىرىمۇ ئارىلىشىپ: «ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ ئىككى مىللەتتىن تۇغۇلغان بالىلارغا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئون بەش نومۇر قوشۇپ بېرىلىدۇ» دەپ سىياسەت چىقاردى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ بۇ سىياسىي تەشۋىقاتلىرىنىڭ ئانچە ئۈنۈمى بولمايۋاتاتتى. چۈنكى،

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن خىتايلار بىلەن نىكاھلىنىشنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش دىندىمۇ ھارام ھېسابلىناتتى. خىتايلار بىلەن نىكاھلانغان قىزلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى باشقىلار تەرىپىدىن نەپرەتلىنەتتى ۋە ئارىغا ئېلىنمايتتى. ھەممىدىن مۇھىمى بۇ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن غۇرۇر ۋە ۋىجدان مەسىلىسى ئىدى. مۇشۇ ۋىجدان مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى قۇربان قىلغان ئىپارخان، نۇزۇگۇم قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ تارىخىنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر قىزلىرى ئاساسەن يوق ئىدى. بۇ قەھرىمانلار ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ۋىجدان قايىنىقىنىڭ مەنبەسى ئىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئارا نىكاھلىنىش تەشۋىقاتى ئاقمىغانسىرى ئۇلار بۇنىڭغا تۈرلۈك يېڭى ھىيلە ۋە تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىشتى. بەزى جايلار ئۆز ئالدىغا بەلگىلىمە چىقىرىپ «ئۇيغۇر قىزلار بىلەن نىكاھلانغان خىتاي ئەرلىرىنىڭ ئۆي، خىزمەت، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، داۋالىنىش، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە زور ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى» نى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئۇلار يەنە ئۇيغۇرلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، «قىزىنى خىتاي ئەرلىرىگە بەرمىگەنلەر ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشقانلىق ھېسابلىنىپ، ئاتالمىش كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزىگە ئېلىپ كېتىلىپ جازالىنىدۇ» دەپ تەھدىت سېلىشتى. بۇنىڭ بىلەن خىتاي ئەرلىرى جاسارەتلىنىپ، ئۇيغۇر قىزلىرىغا كۆز تىكىپ، نىكاھ تەلىپىنى تەپتارتماي ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى.



يۇقىرىدىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى خىتاي بولۇپ، ئۇلار ھەر قانداق ئىدارە - ئورگان ۋە يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ خىزمەت تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئامانگۈل ئىشلەۋاتقان يېزىلىق دوختۇرخانىدا بىر قانچە نەپەر بويتاق قىزلار ئىشلەيتتى. بۇ قىزلارنى ئوۋ نىشانى قىلىشقان خىتاي كادىرلار دائىملا دوختۇرخانىغا ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن شاڭچىنىڭ مۇكۇسىدەك قاتنايدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار كېسەل

بولمىسىمۇ كېسەل قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، قىزلارغا كۆز - قىرىنى سالىدىغان، قەستەن گەپكە سالغان بولۇۋېلىپ، بەزى قىزلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئىشتىن چۈشكەندە «كىنوغا بارايلىمۇ؟ شەھەرگە كىرىپ ئويناپ چىقايلىمۇ؟ مەن بىلەن ساياھەتكە بارامسىز؟» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ، كۆزىگە كىرىۋېلىپ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. بەزىلىرى ھەتتا ئوچۇقتىن - ئوچۇق توي تەكلىپىنى قويۇپ، بۇنىڭغا ئۇيغۇر كادىرلارنى ئارىچى قىلىپ بېسىم ئىشلىتىش، ئالداش ۋاسىتىلىرىنىمۇ سىناپ كۆرۈشتى.

بىر كۈنى ئۆزىنى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى داۋالىغان بىر ئۇيغۇر كادىر ئامانگۈلنى دوختۇرخانا ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، ۋىلايەتلىك خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى بىر جاڭ ئىسىملىك خىتاينىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئامانگۈل بۇنى ئاڭلاپ غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى ۋە ئۇنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئائىلىچاقان توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغانلىقىنى، سۆيگەن يىگىتى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇيغۇر كادىرى بولسا يەنە گەپ يورغىلىتىپ، ئويلىشىپ بېقىشنى، جاۋاب ئۈچۈن ئەتە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئامانگۈلنىڭ ئۇنىڭغا:«ئەتە كەلمەڭ! بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جاۋابىم» دېگۈسى بار ئىدى. ئەمما، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گېپىنى يۇتىۋەتتى. بەلكى ئۇ يەنە كەلگەندە دېسەممۇ بولارمىكىن؟ دەپ ئويلىدى. ئۇ ئىشتىن چۈشۈپلا تېلېفونخانىغا بېرىپ، ئابدۇللاغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭغا:«ئابدۇللا بۇ يەردە ئىشلار بەك چاتاق بولۇۋاتىدۇ. مۇھەببىتىمىزگە قارا كۆلەڭگە چۈشۈرۈۋاتىدۇ. مەن سىزنىڭ جىددىي قوغدىشىڭىزغا موھتاج! ئامال بولسا ئوقۇشنى توختىتىپ، قايتىپ كەلسىڭىز! مەن سىزنى كۈتىمەن. سىزنى سۆيىمەن. ئامانىتىڭىزنى جېنىم بىلەن قوغدايمەن!» دېگەندەك يۈرەك سۆزلىرىنى دەۋالدى. ئابدۇللا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ قالدى. قىشلىق تەتىلگە يەنە بىر ئايدەك ۋاقىت بار ئىدى. ئۇنىڭ رۇخسەت سوراش

ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. جىددىي ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشى كېرەك ئىدى. تۇرۇپ كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغاندەك قىلدى. ئەمما ئۇ «بۇ قەدەر جىددىي نېمە ئىش بولۇپ كېتەر؟» دەپ ئويلىدى - دە، يەنىلا تەتىلنى كۈتۈشنى قارار قىلدى.

ئامانگۈل بۈگۈن يەنە ئىشقا كەلدى. كېسەللەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. قىلىدىغان ئىشلار شۇنداق جىق بولۇشىغا قارىماي، يۇقىرىدىن كەلگەن خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر كېلىپ، ئىككى سائەتكە يېقىن يىغىن ئاچتى. يىغىندىن كېيىن تۈنۈگۈنكى ئۇيغۇر كادىر بىلەن دوختۇرخانا باشلىقى ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. ئۇيغۇر كادىر يەنە سوراشقا باشلىدى:

— تۈنۈگۈنكى تەكلىپنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟

— ياق، ئويلاشمىدىم.

— نېمىشقا؟

— مەن دېدىمغۇ؟ مېنىڭ لايىقىم بار. بىز يازلىققا تويىمىزنى قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغان.

— لايىقىڭىز نەدە؟ كىم ئۇ؟

— ئىسمى ئابدۇللا، ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ.

— ئۇيغۇر ئىكەن — دە،

— ھەئە، مەنمۇ ئۇيغۇر بولغاندىن كېيىن، ئۇمۇ ئۇيغۇر بولىدۇ — دە!

— ھەي! سىزنىڭ ئىدىيىڭىز چاتاق ئىكەن. ھەددىڭىزنى بىلىڭ! — دەپ قىزاردى ئۇيغۇر كادىر.

— مۇھەببەت بىلەن ئىدىيەنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ — دەپ جاۋاب قايتۇردى ئامانگۈل يەردىن ئۈستۈن قارىماي،

— تولا كاپىشماڭ! مۇھەببەت دېگەن نېمە ئۇ؟ ھازىر پارتىيەنىڭ سىياسىتى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. پارتىيەمىز خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئۆز — ئارا توي قىلدۇرۇپ، قوشۇلۇپ كېتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مۇقىملىقنى ئىشقا

ئاشۇرايلى دەۋاتىدۇ.

— مەن مۇقىملىققا قارشى چىقمىدىم. ئىتتىپاقلىقنى بۇزمىدىمغۇ؟

— ھەي، خۇپسەنلىك قىلماڭ! سىزنىڭ بىر خەنزۇ كادىر بىلەن نىكاھلىنىشنى رەت قىلىشىڭىزنىڭ ئۆزى ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقتۇر.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس! بۇ مۇھەببەت مەسىلىسى.

— تولا كاپشىماڭ! بىزنىڭ پارتىيەمىز «مۇھەببەت» دېگەن نېمىنى تونۇمايدۇ! ئۇ دېگەن ئەسەبىيلىكنىڭ ئىپادىسى.

— ياق، مەن ئۇنداق قارىمايمەن! مەن مۇھەببىتىمدىن ۋاز كېچەلمەيمەن! — دېدى ئامانگۈل قەتئىيلىك بىلەن.

— ئاڭلاپ قويۇڭ! ئەمدى سىزگە دەيدىغىنىم شۇكى، سىزنىڭ ئىككى تاللىشىڭىز بار: بىرىنچىسى، خەنزۇ كادىر جاڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش. ئىككىنچىسى بولسا ئۇنى رەت قىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىش. — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇيغۇر كادىر، — ئەگەر ئىككىنچى يولنى تاللىسىڭىز، خىزمىتىڭىزدىن ئايرىلىسىز ھەم سىزنى «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە يوللايمىز. ھەتتا ئاتا ـ ئانىڭىز ۋە ئۇرۇق تۇغقانلىرىڭىزمۇ جازالىنىدۇ.

ئامانگۈلنىڭ بېشى قېتىپ كېتىۋاتاتتى. ئابدۇللانىڭ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە كېلىش ئىمكانى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدى. «ئاتا ـ ئانامغا ئېيتسامچۇ؟» دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئىشقا ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئاتا ـ ئانىسى دىنى ئېتىقادى كۈچلۈك، بەش نامازنى تەركىي قىلمايدىغان، ئۆز ئۆرپ ـ ئادىتىنى مۇقەددەس بىلىدىغان ئائىلە ئىدى. ناۋادا ئامانگۈلنىڭ ئاتىسى بىلىپ قالسا، ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ ئىشنى جېدەلگە ئايلاندۇرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئامانگۈل ئۇنى ئويلاپ، بۇنى ئويلاپ، بۇ ئىشنى ئۆزىلا بىر تەرەپ قىلىشنى قارار قىلىپ، كۆڭلىگە بىر پىلاننى پۈكۈپ قويدى.

ئامانگۈل يەنە نورمال كۈندىكىدەك ئىشقا كەلدى. كۆڭلى

دەككە ـ دۈككىدە ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بىر نەچچە بىمارغا ئوكۇل ئۇرۇپ، يەيدىغان دورىلارنى كۆرسىتىپ بېرىپ ئىشنى داۋام قىلدى. كۆڭلىدە:«بۈگۈنكى كۈنۈم خاتىرجەم ئۆتەرمۇ؟» دەپ ئويلىدى. ئەمما ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئۇ يەنە ئىشخانىغا چاقىرتىلدى:

ــ قانداق بولدى قارارىڭىز؟ ــ دېدى ئۇيغۇر كادىر قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، بۇ قېتىم خىتاي كادىر جاڭمۇ بىللە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بوي، قىسىق كۆز، ياغاق يۈز بىر خىتاي ئولتۇراتتى.

ــ مېنىڭ قارارىم شۇكى، ــ دېدى ئامانگۈل تەستە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ــ جاڭ بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ كۆرۈش.

ــ ھەببەللى، ــ دېدى ئۇيغۇر كادىر مۇغەمبەرلەرچە ھىجىيىپ، ــ بىزنىڭ شاۋ جاڭنى يارىتىپ قالسىز! ئۇ دېگەن ئوقۇمۇشلۇق زىيالىي ــ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ ئۇيغۇر كادىر ــ بۇ يەر كۆرۈشۈشكە ئەپسىزدەك قىلىدۇ، سىلەر بىزنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى ئىشخانىدا كۆرۈشۈڭلار! بىز چىقىپ تۇرايلى، سىز بىزنىڭ ئارقىمىزدىن چىقىڭ، ساقلايمىز!

ئامانگۈل بۇنىڭغا ئىلاجسىز ماقۇل بولۇپ، ئۆز ئىشخانىسىغا قايتىپ چىقتى: «قانداق قىلىش كېرەك؟ گېپىمگە قوشۇلارمۇ، قوشۇلماسمۇ؟ نىيىتىنى بۇزۇپ، زورلۇق ــ زومبۇلۇق قىلىپ قالسىچۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىغاندىن كېيىن، كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك قىلىپ، بىر تال كىچىك قايچىنى چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئۇ ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. قەدەملىرى شۇنداق ئېغىر ئىدى. قىسقا بىر ئارىلىقمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق ئۇزاق بىلىنمەكتە ئىدى. بىر بېسىپ ــ ئىككى بېسىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇيغۇر كادىر بىلەن جاڭ كارىدوردىلا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان بولۇپ، جاڭ خۇددى مەست بولۇپ قالغان

ئادەمـدەك ھىجىيىپـلا تۇراتتـى.

ــ قېنـى بـۇ ئىشـخانىغا كىرىـڭ ــ دەپ، ئۇيغـۇر كادىـر ئامانگۈلنـى بىـر ئىشـخانىغا باشـلاپ كىـردى. جاڭمـۇ بىللـە كىـردى. ئۇيغـۇر كادىـر ئىككىسـىنى يالغـۇز قالـدۇرۇپ چىقىـپ كەتتـى.

ــ ھـە، ھـە! ئامانگۈلـى سـەن بـەك چىرايلىـق، مـەن سـېنى ياخشـى كۆرىـدۇ! ــ دېـدى جـاڭ شـەھۋانىيلەرچە ھىجىيىـپ ۋە ئامانگۈلگـە يەۋەتكـۈدەك ھالەتتـە قـاراپ، ئامانگـۈل ئۇنىـڭ ئۆزىنـى سـەنلەپ گـەپ قىلىشـىدىن بـەكلا سەسـكىنىپ كەتتـى. كـۆز ئالدىـدا يىرگىنچلىـك بىـر مەخلـۇق تۇراتتـى. ئـۇ ئۆزىنـى ئـاران تەسـتە تۇتـۇۋېلىـپ سـۆز باشـلىدى:

ــ جـاڭ ئەپەنـدى، سـىز توغـرا چۈشەنسـىڭىز! مېنىـڭ ياخشـى كۆرىدىغـان سـۆيگۈنۈم بـار ئىـدى. بىـز يازلىققا تـوي قىلىشـقا پۈتۈشـۈپ قويغـان ئىـدۇق. مـەن سـىزنىڭ تەلىپىڭىزنـى قوبـۇل قىلالمايمـەن.

ــ نېمـە دەۋاتسـەن؟ مـەن چۈشـەنمىدىم! ــ دەپ ھېچنېمىنـى بىلمىگەنـدەك قىياپەتكـە كىرىۋالـدى جـاڭ. ئامانگـۈل تېبىئـي مەكتەپتـە ئوقۇغـان نورمـال خىتايچىسـى بىلـەن سـۆزىنى يەنـە قايتـا ــ قايتـا تەكرارلىـدى ۋە:

ــ بىـز ئۇيغـۇرلار مۇسـۇلمان! خەنـزۇلار بىلـەن نىـكاھ قىلىـش ــ بىزنىـڭ ئـۆرپ ئادىتىمىزگـە توغـرا كەلمەيـدۇ. سـىز ئوقۇغـان زىيالـىي بولغانلىقتىـن كېيىـن بۇنـى توغـرا چۈشەنسـىڭىز! ــ دېـدى.

ــ سـەن نېمـە دەۋاتـىدۇ؟ ھازىـر «ئۇيغـۇر ــ مۇسـۇلمان» دېگـەن گـەپ يـوق ئەمـدى. ھەممىمىـز جۇڭخـۇا مىللىتـى. بىـز بىـر ــ بىرىمىـز بىلـەن ئارىلىشـىپ، بىرلىكتـە ياشىشـىمىز كېـرەك. ــ دېـدى جـاڭ ئۆكتەملەرچـە سىياسـەت سـۆزلەپ،

ــ يـاق، مـەن ئۇنـداق قىلالمايمـەن! سـىزگە خەنزۇلاردىـن قىـز تېپىلمامـدۇ؟ ــ دېـدى ئامانگـۈل يىغلىنىـپ،

ــ يـاق، تېپىلمايـدۇ! بىـز خەنـزۇلاردا قىـزلار ئـاز، شـۇڭا بىـز ئـۆز يۇرتىمىزنـى تاشـلاپ بـۇ يەرگـە كەلـدۇق. بىزگـە ھۆكۈمـەت ئۇيغـۇر قىـزلار بىلـەن ئۆيلىنىڭلار! جىـق پـۇل بېرىمىـز. ــ دېـدى. داۋام قىلـدى

جاڭ يەنە كېكەچلەپ تۇرۇپ، ــ بۇ پۇللارنى مەن ساڭا بېرىدۇ. يەنە ساڭا ئۆي ئېلىپ بېرىدۇ. بولامدۇ؟

ــ ياق، بولمايدۇ! ــ دېدى ئامانگۈل يەنىلا يىلىنىپ، ــ مەن سىزگە بىزنىڭ دوختۇرخانىدىكى خەنزۇ سېسترا قىز تاڭنى تونۇشتۇرۇپ قويسام بولامدۇ؟

ــ ياق، ئۇ بولمايدۇ! ئۇ چىرايلىق ئەمەس. سەن چىرايلىق. مەن چىرايلىق قىزنى ياخشى كۆرىدۇ! ـ دېدى جاڭ چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋە ھىجايغانچە ئامانگۈلگە يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇشقا ئۇرۇنۇپ قولىنى سوزۇپ كەلدى. ئامانگۈل ئارقىغا داجىپ قاچتى. جاڭ تېخىمۇ بىزەڭلىك قىلىپ ئامانگۈلگە يېقىنلاشتى ـ دە، ئۇنىڭ كۆكسىلىرىگە ئېسىلىشقا باشلىدى. غەزەپلەنگەن ئامانگۈل يەنە بىر قەدەم كەينىگە داجىدى ــ دە، يانچۇقىدىن قايچىنى چىقىرىپ، جاڭنىڭ قولىنىڭ بىر نەچچە يېرىگە تىقىۋەتتى. جاڭ چوشقىدەك چىرقىراپ، يەنە ئامانگۈلگە ئېسىلماقچى بولىۋىدى، ئۇنىڭ يۈزىگىلا بىرنى تىقىۋەتتى. قان چاچراپ چىقىشقا باشلىدى.

ــ ئەييا! ئەييا! تېررورىست، تېررورىستنى تۇتۇڭلار! ــ دەپ، ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا قاراپ چىرقىراشقا باشلىدى. بىردەمدىلا قوغداش ساقچىلىرى كېلىپ ئامانگۈلنى تۇتۇپ، قولىغا كويزا، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ ئېلىپ مېڭىشتى.

بۇ ئىش بىردەمدىلا پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى. ئامانگۈلنىڭ ئاتا ــ ئانىسىمۇ خەۋەر تېپىپ يىغا ــ زارى قىلىشقانچە يېزا مەركىزىگە قاراپ يول ئالدى. ئەمما، ئۇلار يولدىلا تۇتقۇن قىلىندى. بىچارە ئاتا ـ ئانا قىزىنىڭ نېمە بولۇپ، نېمە سەۋەبتىن تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى بىلىپ بولغىچە، ئۆزلىرى جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قېلىشتى. بىر نەچچە ھەپتىلىك سوئال ـ سوراقتىن كېيىن ئامانگۈلگە «ھۆكۈمەتنىڭ سىياستىگە قارشى چىقىپ، ئادەم يارىلاندۇرۇپ، تېررورلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان» دېگەن جىنايەت ئارتىلىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم

قىلىنىدى.

ئابدۇللا تەتىلگە قويۇپ بېرىلىپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماستىن، پويىز ـ ئاپتوبۇسلار بىلەن ئۇدۇل قاراقاشقا يېتىپ كەلدى ـ دە، كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ، ئامانگۈل ئىشلىگەن يېزىغا يېتىپ كەلدى. نېمىشقىدۇر يېزا بازىرى سۈرلۈك ھەربىي ھالەت تۈسىگە كىرىپ قالغان بولۇپ، كوچىلاردا ئادەملەر ئىنتايىن شالاڭ ئىدى. يوللاردا ساقچى ماشىنىلىرى ئۇياقتىن ـ بۇياققا قويۇۋەتكەندەك ئۆتۈشۈپ، سىگناللىرىنى ھۇقۇيتۇشۇپ، ھەيۋە قىلىشىپ، بىرەر ۋەقە چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغاندەك قىلىشاتتى. ئۇ بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاشپەز ئۇستامدىن:

— ئاكا، بۈگۈن بۇ يەردە نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئاشپەز ئۇستام ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ:

— باشقا يەردىن كەلگەن ئوخشىمامىلا ئۇكام؟ خەۋەرلىرى يوقكەندە، بۈگۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلار ئېتىلىدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە يېزىمىزدىكى سېستىرا قىز ئامانگۈلمۇ بار ئىكەن. — دېدى.

ئابدۇللانىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ، خۇددى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ، تېز ـ تېز سېلىپ كەتتى. كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قايغاندەك بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن؟ بىر ۋاقىتتا ساقچى ماشىنىسىنىڭ سىگناللىرىنىڭ يۇقىرى ئاۋازىدىن سىلكىنىپ، كۆزىنى ئېچىپ يولغا قارىدى. ئىككى ماشىنىدا بىر قانچە نەپەر ئەر ـ ئايال تۇتقانلار نۇرغۇن ئەسكەرلەرنىڭ يالاپ مېڭىشىدا ئېلىپ كېتىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈلۈپ، ئارقا تەرىپىگە تاختاي ئېسىلىپ، ئىسمى يېزىپ قويۇلغانىدى. ئابدۇللا ئىككىنچى ماشىنىدىكى بىر مەھبۇسنىڭ ئارقىسىغا قادالغان تاختايدىكى «ئامانگۈل» دېگەن خەتنى كۆردى ـ دە، ۋارقىرىۋەتتى: «ئامانگۈل! ئاھ، مېنىڭ جېنىم ئامانگۈلۈم! سىزگە نېمە بولدى؟ سىزنى نېمىشقا ئۆلۈمگە ھۆكۈم

قىلىشتى؟ ئاھ، مېنىڭ پەرىشتەم! مېنى كەچۈرۈڭ! مەن ۋاقتىدا كېلەلمىدىم» دەپ ۋارقىرىغانچە ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. ئەمما، ھەرقانچە قىلىپمۇ ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشەلمىدى. ئۇ توختىماي ۋارقىرايتتى:«ئامانگۈل! مېنىڭ پەرىشتەم! مەن سىزنى قۇتقۇزىمەن! مەن سىز بىلەن تويى قىلىمەن!». بىر ۋاقىتتا ئۇ ئارقىسىدىن تەگكەن بىر كالتەك بىلەن ھوشىدىن كەتتى.

# ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ھاجى

«ئابدۇغوپۇر ھاجىم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپتۇ» دېگەن خەۋەر تۇشمۇ - تۇشتىن تارقىلىپ ئىلى دىيارىنى زىل - زىلىگە سالدى. ھەممە ئادەم بۇ خەۋەرگە دەماللىققا ئىشىنەلمىدى. بەلكى بۇ «ئۆسەك سۆزدۇر ياكى تېخى دەلىللەنمىگەن ئەپقاچتى گەپلەردۇر» دېيىشكەنلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيتتى. چۈنكى، ئۇ تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئىدى. جامائەت ئىشى بىلەن ئالدىراش چېپىپ يۈرەتتى. خەير - ساخاۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن يولدا ئىدى. ئۇ يېتىم - يېسىر، قېرى - تۇل ئاياللارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئىدى. دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىدى. بۇنداق بىر مۆتىۋەر زات قانداق بولۇپ، ئۆلۈم جازاسىغا لايىق گۇناھ ئىشلىسۇن؟

ھېچكىم ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيۋاتاتتى. ئەمما، بارا - بارا بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقى ئېنىقلىنىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن بۇ خەۋەرنى ئابدۇغوپۇر ھاجىم قامالغان «يېڭى ھايات تۈرمىسى»دە ئىشلەيدىغان گۇندىپايلاردىن بىرسى سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئابدۇغوپۇر ھاجىمغا سوت ئېچىلماستىنلا «ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشى» قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇلغان بولۇپ، پات يېقىندا ئىجرا قىلىنارمىش. بۇ خەۋەر ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كەڭ تارقىلىپ، چەتئەللەرگىمۇ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ چەتئەلدىكى تۇغقانلىرى تەرىپىدىن «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى» ۋە «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»غا يەتكۈزۈلدى. رادىيودىكى شۆھرەت ھوشۇر ئەپەندىم غۇلجىدىكى ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ

ئائىلە ـ تاۋابىئاتى ۋە ساقچى ـ گۇندىپايلارغا تېلېفون قىلىپ، بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىنى دەلىللىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ ھەقتە مەخسۇس بايانات ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ ئاقىۋىتىنى سۈرۈشتە قىلىشقا چاقىردى ھەمدە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئابدۇغوپۇر ھاجىمغا بەرگەن ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئەمدى ئاپتور مەزكۇر ھېكايىسىدە ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ قىسقىچە ھايات مۇساپىسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش سەۋەبىنىڭ ئاساسسىزلىقىنى يورۇتۇپ چىقىدۇ.

غۇلجا شەھىرىنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان گۈزەل بايكۆل مەھەللىسى ئۆزىنىڭ ئاۋاتلىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزى مەھەللىلىرىدىن ئانچە قېلىشمايتتى. شۇڭا، بايكۆللۈكلەر تەۋەلىك جەھەتتىن قارادۆڭ يېزىسىغا قارىسىمۇ ئۆزلىرىنى بىز شەھەرلىك دەپ قارايتتى. دېمىسىمۇ يېقىندىن بۇيان «شەھەر قۇرۇلۇش پىلانى»غا كىرىپ قېلىپ، ئۆيلىرى چېقىپ تاشلانغان نۇرغۇن ئاھالىلەرگە بايكۆلدىن تۇرالغۇ يەر كېسىپ بېرىلىپ، نۇرغۇن يېڭى ئۆيلەر سېلىنىدى. بايكۆلنىڭ كەڭ كەتكەن بوز يەرلىرى شەھەر ئاھالىلىرى تەرىپىدىن ئاۋات قىلىنىپ، كۆجۈم بىر مەھەللە بولۇپ شەكىللەنگەن ئىدى. ئارىلىقتىكى بوش قالغان يەرلەرمۇ زاۋۇت ـ كارخانىلار تەرىپىدىن ئىگەللىنىپ، بايكۆلنى غۇلجا شەھىرىگە تۇتاشتۇرىۋەتكەن ئىدى.

ئابدۇغوپۇر ھاجىم مۇشۇ كۆجۈم مەھەللىدە دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئۇ تۇغۇلغان ۋاقىتدا ئانىسى تۇنجى تۇغۇتىدەك بەك ئېغىر تولغاق ئازابى تارتىپ كەتمىدى. بوۋاقنىڭ ئىگەلىگەن ۋاقىتتا چىققان دۇتارنىڭ بوم تارىسىدەك ئاۋازى بىر يىغىنىڭ ئەمەس، بەلكى بىر كۆلكىنىڭ ئاۋازىدەك تۇيغۇ بېرىپ، ئانىسىنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. ئانا پەرزەنتىنىڭ بۇ ھالىتىدىن بىر خۇشاللىق ياكى بىر

بەختتىن شەپە بېرىۋاتقاندەك ئالامەتنى سەزگەنىدى.

دېگەندەك، خاسىيەتلىك بۇ بوۋاق تۇغۇلۇپ نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، خىتاينىڭ ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نى قوزغاپ،نەچچە ئون مىليون كىشىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان داھىيسى ماۋزېدۇڭ ئۆلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ قاتىل داھىيسى ئۈچۈن خەلقنى مەجبۇرى تەزىيەگە ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر خەلقى ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن ئىچىدە خۇشال بولۇۋاتاتتى. خەلق ئۇستىگە كەلگەن بالايى - ئاپەتنىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بىللە دەپنە قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

كۈتۈلگەندەك، ئۇزاق ئۆتمەي ماۋزېدۇڭنىڭ ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى سىياسىتى»نىڭ خاتا بولغانلىقى ئۇنىڭ بىر قىسىم ۋارىسلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئايالى باشچىلىق قىلغان «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دېگەن ۋارىسلىرى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ يېڭى رەھبىرى «خۇا گوفېڭ» تىكلەپ چىقىرىلغان ئىدى. ئۇ ماۋزېدۇڭنىڭ خاتا سىياسەتلىرىنى تۈزىتىپ، كوممۇنانى ساقلاپ قالغان ئاساسىدا داش قازاننى چېقىپ تاشلاپ، يەرلەرنى دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن خەلق تۈگمەس سىنىپىي كۈرەشتىن قۇتۇلۇپ، ھۆددىگە ئالغان يەرلىرىنى تېرىپ، بىر ئاز قورسىقى تويىدىغان ھالەتكە كېلىشكە باشلىدى.



كىچىك ئابدۇغۇپۇر ھايىت - ھۇيىت دېگۈچە ئوقۇش يېشىغا توشۇپ مەكتەپنى باشلىدى. ئۇ ئەقىللىك بولغاچقا مەكتەپتە ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ ئوقۇدى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇدى. ئۇنىڭ ئالى مەكتەپكىچە ئوقۇش ئارزۇسى بار ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭغا ئالى مەكتەپنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇش نېسىپ بولمىدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا غۇلجىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر

بىلەن سودىسى قايناپ كەتكەن بولۇپ، ھەممە ئادەم دېگۈدەكلا سودىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تەڭتۇش دوستلىرىمۇ تىجارەتكە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ياش ئابدۇغوپۇرمۇ سودىغا قىزىقىپ قالدى. ئۇ مۇنداق ئويلاپ قالغانىدى: «ئوقۇپ نەگىمۇ بارارمەن؟ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلىسەمغۇ مەيلى، ئۆتەلمىسەم يەنىلا دېھقان بولىدىغان گەپ، ھازىر ئالىي مەكتەپ نومۇر چېكى بەك يۇقىرىلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئوقۇدۇم دېگەندىمۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندە كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپقىلى بولمايدىغان تۇرسا! خىزمەت تېپىش ئۈچۈنمۇ ئارقا ئىشىكتىن مېڭىپ نۇرغۇن پارا بېرىشكە توغرا كېلىۋاتسا! سودا ـ سانائەت ساھەسىدە ئوقۇغانلارنى دېھقانچىلىقتا خىزمەتكە قويۇۋاتسا، مائارىپ ساھەسىدە ئوقۇسا، زاۋۇتتا ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇۋاتسا، ئوقۇغانىنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ ئۇنىڭدىن تىجارەت قىلىپ ئىگىلىك تىكلەپ، ئەل ـ جامائەتكە ۋە ئاتا ـ ئانامغا ياخشى خىزمەت قىلمايمەنمۇ؟ بۇنىڭ نەرى يامان؟ كونىلاردا: تىجارەتتە بەرىكەت بار دېگەن گەپ بار ئىدىغۇ؟ مانا! ئاكاممۇ ھازىر بىر ئوبدان پۇل تېپىپ قالدىغۇ؟ يۆلەنچۈكىممۇ يېنىمدا تۇرسا؟ ئامەت دېگەن نەرسە ھەركىمگە ئۆمرىدە بىر نەچچە قېتىملا كېلەرمىش، يا! بىسمىللاھ، ئاللاھقا تەۋەككۈل.»

ئابدۇغۇپۇر ئون بەش يېشىدىلا تىجارەتنى باشلىۋەتتى. ئاكىسى بىلەن بىللە بىرنەچچە قېتىم ئىچكىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ كەلدى. توپ ـ پارچە مال سېتىشنى ئۆگىنىپ، غۇلجا شەھىرىدە بىر دۇكانمۇ ئېچىۋالدى. ئۇ تىجارەتنىڭ ئېپىنى ئېلىۋالغان ئىدى. ئاكىسىغا ئەگىشىپ يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە بېرىپ، بازار ئەھۋالىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن بىر نەچچە يىل توختىماي مال چىقاردى. ئۇ بۇ سودىدا كۆپلەپ پايدا ئېلىپ، بايكۆلدىكى داڭلىق بايلاردىن بولۇپ قالدى. بۇ ئارىدا ئۆيلىنىپ بالا ـ چاقىلىقمۇ بولۇۋالدى. كونىلار: «ئايال كىشىنىڭ ئايىغى ياراشسا، ئەر كىشىگە ئامەت قوشلاپ كېلىدۇ» دېگەننى بىكارغا ئېيتمىغان ئىكەن. ئۇ

ئۆيلەنگەندىن كېيىن تىجارىتى تېخىمۇ روناق تېپىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا سودىسىدا بۇياقتىن لاتا - پۇتا چىقىرىپ، ئۇياقتىن تۆمۈر - تېسەك ئەكىرىپ قوشلاپ پايدا ئالدى ۋە بۇ ئارىلىقتا ئۇلۇغ مۇقەددەس جاي مەككە - مۇكەررەمگە بېرىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىۋالدى. ئابدۇغوپۇر ھاجىم باي بولغاندا باشقىلاردەك كېرىلىپ كەتمىدى. ئەكسىچە، ئاتا - ئانىسى ۋە يۇرت جامائەتكە يېقىن تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قولىغا - قول، پۇتىغا - پۇت بولدى.

بايكۆلدىكى كونا مەسچىت ئاتالمىش«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا چېقىۋېتىلگەن بولۇپ،

مەسچىتنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشى ئۇزاق مۇددەتلىك داۋام قىلغان ئەرز - داۋا ئارقىلىق ھەل قىلىنغان ئىدى. ئەمدىكى مەسىلە «مەسچىت سېلىشقا كېتىدىغان ئىقتىساد مەسىلىسىنى قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. جامائەت ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ «مەسچىت سېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش قىلىش گۇرۇپپىسى»نى قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلدى. ئابدۇغوپۇر ھاجىم جامائەت تەرىپىدىن مەسچىت سېلىش ھەيئىتىگە رەھبەر قىلىپ كۆرسىتىلدى. ئۇ بۇ ساۋابلىق ئىشنى چىن دىلىدىن قوبۇل قىلدى. مەسچىت سېلىش ئۈچۈن پۇل يىغىشقا پۈتۈن بايكۆل خەلقى سەپەرۋەر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەسچىت سېلىشقا يەتكۈدەك پۇل يىغىلمىغان ئىدى. ئاخىرىدا مەسچىت سېلىش ھەيئىتى ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ كۆزىگە قاراشتى. بۇنى چۈشەنگەن ئابدۇغوپۇر ھاجىم مەسچىت سېلىشقا كېتەرلىك چىقىملارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. جامائەت ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىپ دۇئا قىلىشتى. مەسچىت ئابدۇغوپۇر ھاجىم ھەجگە بارغاندا ئېلىپ كەلگەن بىر گۈمبەز شەكىللىك ئەرەب - تۈرك ئىمارەت لايىھەسى بويىچە لايىھەلىنىپ، ئۈستى - ئاستى ئىككى قەۋەت قىلىپ سېلىندى. ئاستىدا مۇنچا، تاھارەت ئېلىش ئورنى، ھاجەتخانا، بالىلار قۇرئان ئۆگىنىش سىنىپى قاتارلىق

يۇرۇشلەشكەن ئورۇنلار بىرلىكتە سېلىنغان ئىدى. يېڭى پۈتكەن بايكۆل مەسچىتىنى خەلق داغدۇغىلىق تەبرىكلىدى. ئابدۇغۇپۇر ھاجىمنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى.

بايكۆل مەسچىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە شەكىلدە سېلىنىشى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆزىنى قىزارتقان ئىدى. ئەسلىدىكى مەسچىت ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چېقىۋېتىلگەن بولسىمۇ ئەمما، يېڭى مەسچىت ئورنى ئۈچۈن بىر پۇڭ - بىر تىيىنمۇ پۇل بېرىلمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ كۈچى بىلەن سېلىنغان مەسچىتنى تۈرلۈك - تۈمەن قۇسۇر تېپىشقا باشلىدى. ئۇلار مەسچىتنىڭ يەر ئاستى بۆلۈمىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن ئىدى. شەھەرلىك سىياسىي قانۇن كومىتېتى ۋە بىرلىك سەپ بۆلۈمى دېگەن يەرلەردىن مەخسۇس ئادەم كېلىپ، مەسچىتنىڭ پۈتۈن يەرلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. يەر ئاستى قەۋەتتىكى مۇنچا ۋە بالىلار ئوقۇتۇش بۆلۈملىرىنى ئالاھىدە رەسىمگە تارتىپ خاتىرىلەپ كېتىشتى.

ئۇزاق ئۆتمەي يۇقىرىقى ئىككى ئورۇندىن يەنە مەخسۇس ئادەم كېلىپ ئابدۇغوپۇر ھاجىمنى چاقىرتتى ۋە سوراققا تارتتى. ياپما قاپاق، تۈلۈمدەك سەمرىپ كەتكەن بىر خىتاي بۇ «تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى»نىڭ باشلىقى بولسا كېرەك! بىرىنچى بولۇپ سۆز باشلىدى:

— مەسچىتنى نېمىشقا بۇنداق ئەرەپنىڭكىدەك ئېگىز سالدۇردۇڭ؟

— مەسچىت سېلىشتا ئەرەبنىڭ، تۈركنىڭ، ئۇيغۇرنىڭ دېگەن ئۆلچەم يوق. پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتلىرى ئاساسەن ئوخشاش شەكىلدە سېلىنىدۇ. پەقەت ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتلىرىگە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئىقتىساد بېرىلمىگەچكە، بۇرۇن ئاشۇنداق ئاددىي سېلىناتتى. — دېدى ئابدۇغوپۇر ھاجىم جاۋاب قايتۇرۇپ ۋە داۋام قىلدى، — مەسچىت مۇنارى قانچە ئېگىز بولسا، شۇنچە كۆركەم ھەم ساۋابلىق بولىدۇ. چۈنكى، ئېگىز مۇنارلاردا

ئەزان شۇنچە يىراقتا ئاڭلىنىدۇ. ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت بولغان سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى «ھەرەم مەسچىتى»نىڭ مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى يۈز مېتىردىن ئاشىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن خىتاي خادىمنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قالدى. بۇنىڭ ئارقىدا ئۇلاپلا ئوتتۇرا بوي، سىمىزرەك كۆرۈنىدىغان بىر ئۇيغۇر كادىر «مەن مۇئاۋىن باشلىق» دېگەندەك قىلىپ سۆز ئالدى:

ــ نېمىشقا مەسچىت مۇنارىغا «ھىلال ئاي» ئورناتتىڭلار؟

ــ «ھىلال ئاي» بولسا مۇسۇلمانلىقنىڭ سىمۋولى، شۇڭا دۇنيادىكى بارلىق مەسچىتلەرگە «ھىلال ئاي» ئورنىتىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭسىز مەسچىت سىلىنسا ئۆيدىن پەرقى بولماي قالمامدۇ؟ بۇ خۇددى چېركاۋلارغا كىرىست بەلگىسى ئورنىتىلغاندەكلا نورمال بىر ئىش. ــ دەپ چۈشەندۈردى ھاجىم ئۇنىڭغا. ئۇ يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى مىدىرلىتىپ بولغۇچە،

ــ مېنىڭچە، ــ دەپ سۆزگە ئارىلاشتى بىر قازاق خادىم، ــ نېمىشقا مەسچىتنى جۇڭگو پاسونىدا ياكى قازاق ئۆيى شەكلىدە يۇمىلاق سالمىدىڭلار؟ بۇ يەر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى بولغاندىكىن دەيمىنا؟

ئابدۇغوپۇر ھاجىم ئۇنىڭغا ھەيران بولغان ھالەتتە بىر قارىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

ــ ئادەتتە مەسچىتلەر يۇمىلاق سېلىنمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى مەسچىت بولغان قۇبا مەسچىتىنى تۆت بۇرجەك قىلىپ سالدۇرغان. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ قىبلىگە توغرا كېلىش دەرىجىسىنى توغرا تەڭشىگىلى بولىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قازاق خادىممۇ گەپ تېپىپ بېرەلمەي تۇرۇپ قالدى.

ــ نېمىشقا يەر ئاستىغا يەنە بىر مۇنچە ئۆي سالدىڭلار؟ ــ دەپ قاپىقىنى تۈردى بىر ئۇيغۇر خادىم سۆزگە ئارىلىشىپ.

ئابدۇغوپۇر ھاجىم تونۇش كۆرۈنگەن بۇ خادىمغا بىر

قارىۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى باشلىدى:

— يەر ئاستى قەۋەتنى سىلىشتىكى مەقسىتىمىز - يەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن دۇنيادىكى مەسچىتلەردە مۇنچا - قىرائەتخانا، ئوقۇتۇش بۆلۈملىرى بىللە سېلىنغان بولىدۇ. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادىتىنى پاكىز، ياخشى قىلىش ۋە ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈندۇر.

— ئەمما، ئەمما، بۇ سەزگۈر مەسىلە. — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى كېكەچلەپ تۇرۇپ يەنە بىر ئۇيغۇر خادىم، — يەر ئاستى قەۋەتتە قانۇنسىز پائالىيەت قىلىشقىلار ۋە قانۇنسىز كىتابلارنى يوشۇرۇپ قويۇشقىلار مۇمكىن. ئۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ نازارەتچى خادىملىرىمىزنىڭ مەسىلىلەرنى بايقىشى تەسلىشىپ قالامدۇ؟ بۇرۇنقى مەسچىتلەردە يەر ئاستى قەۋەتى بولمايتتىغۇ؟ ئەمدى بولغاندا نەدىن كەلدى بۇ؟ بۇنداق قىلىش بىزنىڭ بۇ رايونغا ماس كەلمەيدۇ.

— توغرا — دەپ ئۇنى قۇۋۋەتلىدى يەنە بىر ئۇيغۇرچىنى بۇزۇپ سۆزلەيدىغان تۇڭگان خادىم، — مەسچىتلەردە قۇرئان كۇرسى ئېچىش ھۆكۈمىتىمىز تەرىپىدىن چەكلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ دۆلەت مائارىپىغا زىت كېلىدۇ. سىلەر ياش - ئۆسمۈرلەرنى ھۆكۈمەتتىن تالىشىپ بىزگە قارشى كۈچلەرنى يېتىشتۈرمەكچىمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس. — دەپ كەسكىن رەددىيە بەردى ئابدۇغوپۇر ھاجىم:

— پۈتۈن دۇنيادا مۇسۇلمانلار پەرزەنتلىرىگە دىنىي تەلىم — تەربىيە بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ يەردىمۇ مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك! ئۇنداق بولمىغاندا،مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دىنىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئەۋلادلىرى ئۈزۈلۈپ قالامدۇ؟ سىلەرنىڭ قۇرئان ئوقۇتۇشنى چەكلىشىڭلار «خەلقئارا دىنى ئەركىنلىك قانۇنى» غا خىلاپ قىلمىشتۇر.

— ھەئە، نېمە ئۇ خەلقئارا دېگەن؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى خىتاي باشلىق. — بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشى، خەلقئارانىڭ

جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلارغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوقتۇر. دۆلىتىمىز ئىسلام دۆلىتى ئەمەس، سوتسىيالىستىك دۆلەتتە دىنىي ئوقۇتۇشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ! ئابدۇغوپۇر ھاجىم يەنە گەپ قىلاي دەپ سۆزىنى باشلاپ بولغىچە، خىتاي باشلىق ۋارقىراپ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى - دە، بىر پارچە قەغەزنى كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— مانا! بۇنىڭغا قول قوي! بىرىنچىدىن، مەسچىتنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىنى تىندۇرۇۋېتىمىز، ئىككىنچىدىن، مەسچىت مۇنارىدىكى «ھىلال ئاي» نى ئېلىۋېتىمىز! - دەپ ھاجىمغا قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئابدۇغوپۇر ھاجىم نېمە قىلىشنى بىلەلمەي جامائەتكە قارىدى، ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى. ئىمام - مەزىن ھەممىسى بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تۇراتتى. ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ تېخىچە قول قويماي قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن خىتاي خادىم زۇكامداپ قالغان چوشقىدەك بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىراپ كەتتى:

— تىز بولمامسەن؟ بىزنىڭ ئۇقتۇرۇشىمىزغا قول قوي! بولمىسا، مەسچىت چېقىپ تاشلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئىمام - مەزىنلەر ئابدۇغوپۇر ھاجىمغا قاراپ باشلىرىنى «قوشۇلىمىز» دېگەندەك قىلىپ لىڭشىتىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇقتۇرۇشقا قول قويۇپ بەردى. ھۆكۈمەت خادىملىرى مەسچىتنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىنى پېچەتلەپ: «تىندۇرۇلدۇ» دېگەن خەتنى چاپلاپ قويۇپ كېتىشتى.

دېگەندەك، ئەتىسى قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، يەر ئاستى قەۋەتنى توپا - تاش بىلەن تىندۇرۇپ سېمونت بىلەن لايلاپ ئېتىۋېتىپ، «ھىلال ئاي»نى يۇلۇۋېتىپ كېتىشتى. ئابدۇغوپۇر ھاجىم ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشى بىلەن بايكۆل مەھەللىسىدىكى ئۆزى سالدۇرغان مەسچىتنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتىدىن چىقىرىۋېتىلدى. دائىرىلەر ئەگەر ئابدۇغوپۇر ھاجىم «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» ئىچىدە بولسا، مەسچىتنى چېقىۋېتىش بىلەن تەھدىت سېلىشقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇغوپۇر ھاجىم مەجبۇرىي ھالدا «مەسچىت

باشقۇرۇش ھەيئىتى»لىكىدىن ئىستېپا بەردى. بۇنىڭدىن كۆڭلى رەنجىگەن ھاجىم بىر مەزگىل مەھەللىدىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن قازاقىستانغا كەلدى. ئۇ ئالمۇتىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، «خەلقئارالىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتى» قۇردى. بۇ شىركەتنىڭ سودىسىمۇ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى ۋە جامائەتنىڭ دۇئاسى بىلەن يۈرۈشۈپ كەتتى. ھاجىم تۈركىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ بازار ئۇچۇرى ئىگىلىدى. بۇ جەرياندا ئاتا ـ ئانىسىنى ھەرەمگە ئاپىرىپ ھەج قىلدۇرۇپ كەلدى. ئارقىدىن قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسىنى ئاپىرىپ ھەج قىلدۇرۇپ كەلدى. يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەجگە بېرىش ئۈچۈن يول كۆرسەتتى ۋە ۋىزا ئېلىپ بەردى.

ئۇنىڭ كۆپرەك ۋاقتى چەتئەللەردە ئۆتمەكتە ئىدى. ئەمما، تۇيۇقسىز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا غۇلجىنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن يامانلىشىپ كەتكەن ئىدى. ھاجىمنىڭ كۆپلىگەن تونۇشلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى تۇتۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئاڭلىشىچە، ئۇلار يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن جايغا ئېلىپ كېتىلىپتۇ. ھاجىم دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قالدى. بەزى تونۇشلىرى ئۇنىڭ چەتئەلگە چىقىپ كېتىشىنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمما ھاجىم بۇنى رەت قىلدى. چۈنكى، ئۇ ئاغرىقچان ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ كېتىشنى خالىمايتتى.

ئىلى دىيارىغا كۈز پەسلى يېتىپ كەلگەن ئىدى. نېمىشقىكىن بۇ يىلقى كۈزدە ئىلگىرىكىدەك مولچىلىق ـ ئاۋاتچىلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئادەملەر قۇدۇققا چۈشكەن پاقىدەك يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ئەتراپ چۆلدەرەپ قالغانىدى. مەزگىلسىز ئەسكەن كۈز شاملى دەرەخ غازاڭلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچۇرتۇپ، خۇددى يىرتقۇچ ئەجدىھادەك بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا قوغلاپ يۈرەتتى. ھاجىمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئۆزىنى تىڭشاپ يۈرۈۋاتاتتى.

جۇمە يانغان ئاخشىمى ئىدى. ھاجىم خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، خۇدايىمدىن تىنىچ ـ ئامانلىق تىلەپ ئۇزۇن دۇئا قىلدى. بالىلىرى ئۇخلاپ قېلىشقان ئىدى. ئايالى بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتى. ئەمدى كۆزى ئۇيقۇغا بېرىشىغا دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلدى. ھاجىم ئويغىنىپ، دەرۋازىنى ئاچماق ئۈچۈن سىرتقا چىقىشىغىلا، ئاللىقاچان تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ بولغان ساقچىلارغا يولۇقتى. ئۇلار ھاجىمنى تۇتقۇن قىلىپ، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ، قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ مېڭىشتى.

ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، ماشىنا بىر يەردە توختاپ «دوكلات» دېگەن ئاۋازدىن كېيىن ئېگىز تاملىق، ئەتراپى تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان بىر جايغا كېلىپ توختىدى ـ دە، ھاجىمنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ بىر بىنانىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ بېشىدىكى خالتىنى ئېلىۋەتتى. ھاجىم دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆزىتىش پونكىتلىرى ۋە تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان تاملارنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ تۈرمىگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلدى.

ــ كىر! بۇ يەرگە. ــ دەپ ۋارقىرىدى ساقچىلار ھاجىمنى ئىتتىرىپ جاللاتلاردەك ۋارقىرىغىنىچە يان تەرەپتىكى بىر كامېرنى كۆرسىتىپ، ــ بۇ يەردە سېنىڭ ھۆكۈمەت كادىرلىرى بىلەن جېدەللەشكەن تىلىڭ سۇغۇرۇۋېلىنىدۇ.

ھاجىم كامېرغا كىرىپلا چۆچۈپ كەتتى. كامېر تاملىرىغا ھەر خىل كالتەك، زەنجىر، تاسما ـ تانا قاتارلىق نەرسىلەر ئېسىقلىق تۇراتتى. ئوتتۇرىدا ھازىرلا پولات تاۋلاش ئوچىقىدىن ئېلىپ چىقىلغاندەك بىرقاپ ـ قارا تۆمۈر ئورۇندۇق تۇراتتى.

ــ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇر! ــ دېدى بىر قىسىق كۆز ساقچى ئۈنىگە ۋارقىراپ، ــ بۇ يەردە سېنىڭ جىنايىتىڭ ئىقرار قىلدۇرۇلىدۇ!

ھاجىم ئورۇندۇققا قاراپ جىم تۇرۇپ قېلىۋىدى، ئىككى ساقچى ئۇنى ئىتتىرگەنچە ئېلىپ كېلىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە پۇت ــ قولىنى ئورۇندۇقنىڭ يان تەرەپ ۋە پۇتلىرىغا چېتىپ،

زەنجىر بىلەن باغلىۋېتىشتى. سوراق باشلانغان ئىدى:

— ئىقرار قىل. — دەپ ۋارقىرىدى ئوتتۇرا بوي، دوغىلاق كەلگەن ساقچى قازاقچە — ئۇيغۇرچە ئارىلاشتۇرۇپ.

— نېمىنى ئىقرار قىلىمەن؟ — دەپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى ھاجىم.

— نېمىنى ئىقرار قىلىمەن دەۋاتامسەن؟ سېنىڭ جىنايىتىڭ ئىنتايىن كۆپ، ھەممىسىنى ئىقرار قىلىشىڭ كېرەك! بىرسىنىمۇ يوشۇرۇپ قېلىشقا بولمايدۇ! — دېدى ئۇ ھاجىمغا ۋارقىراپ، ھاجىم ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەندەك ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ قېلىۋىدى. ئاۋۇ تەرەپتە تۇرغان يەنە بىر ئېگىز بوي ساقچى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەپ گەپ باشلىدى:

— مەسچىت سالغان پۇلنى نەدىن تاپتىڭ؟

— تىجارەت قىلىپ تاپقان. — دېدى ھاجىم قىلچە ھودۇقماستىن.

— ئۇنى چەتئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بەردىمۇ؟

— ياق، مەن ئۇنداق «مىللىي بۆلگۈنچى» دېگەن ئادەملەرنى تونۇمايمەن! مەسچىت سېلىشقا كەتكەن پۇلنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ تىجارەت بىلەن تاپقان پۇللىرىم، مەن ئۇنى مەسچىتكە خالىسانە ئاتىغانمەن، شۇنىڭ بىلەن بىز مەسچىتنى سالدۇق.

— مەسچىتنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە نېمىشقا قۇرئان ئوقۇتۇش ئۆيى سالدۇردۇڭ؟

— بالىلارنى ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلىش ئۈچۈن. — دېدى ھاجىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ.

— سەن بالا ئوقۇتۇشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن ؟

— ياق، مەن ئۇنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن

— خۇپسەنلىك قىلما! سەن ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلدىڭ؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس! بىز ۋە مەن جامائەت مەسلىھەتلىشىپ

باللارنــى ئوقۇتــۇپ، ياخشــى ۋە ئەخلاقلىــق تەربىيىلــەش ئۈچــۈن شــۇنداق قىلغــان ئىــدۇق.

ــ كىــم دەيــدۇ ســاڭا، قۇرئــان ئوقۇشــنى ئۆگەنســە ئەخلاقلىــق بولــىدۇ دەپ؟ ئــۇلار مىللىــي بۆلگۈنچــى، دىنــى ئاشــقۇن بولــىدۇ، ھۆكۈمەتكــە قارشــىلىق قىلىــدۇ!

ــ ئۇنــداق ئەمــەس! مەنمــۇ كىچىكىمــدە قۇرئــان ئوقۇشــنى ئۆگەنگــەن. ھازىرغىچــە ھۆكۈمەتكــە قارشــىلىق قىلمىدىمغــۇ؟

ــ مۇشــۇ قىلغانلىرىڭنىــڭ ھەممىســى قارشــىلىق بولمــاي نېمــە؟ ســېنىڭ جىنايەتلىرىــڭ تېخــى بــۇلارلا ئەمــەس.

ــ يەنــە قانــداق جىنايىتىــم بــار ئىكــەن؟ ــ دەپ سورىدى ھاجىــم چۈشــەنمىگەندەك قىلىــپ.

ــ ســەن ھۆكۈمىتىمىــز تەشــكىللىگەن كوللېكتىــپ ھــەج قىلىــش ئۆمىكىگــە قاتناشــماي، شەخســەن ئــۆزۈڭ تارقــاق ھــەج قىلىپســەن؟

ــ بۇنىــڭ نېمــە پەرقــى بولســۇن؟ ئوخشاشــلا بىــر ھــەج قىلىــش ئەمەســمۇ؟

ــ ئاســمان ــ زېمىــن پەرقــى بار! بىزنىــڭ ھۆكۈمىتىمىــز ھېچقانداق بىــر كىشــىنىڭ تارقــاق، ئــۆز ئالدىغا ھــەج قىلىشــىغا رۇخســەت قىلمايدۇ.

ــ نېمىشقا؟

ــ چۈنكــى، تارقــاق ھــەج قىلغانلارنىــڭ نېمــە ئىــش قىلغانلىقىنــى، كىــم بىلــەن كۆرۈشــكەنلىكىنى، نېمىلەرنــى كۆرگەنلىكىنــى بىزنىــڭ ھۆكۈمىتىمىــز بىلمــەي قالىــدۇ.

ــ ھەجگــە بارغــان كىشــىلەرنىڭ ھەممىســى ياخشــى كىشــىلەردۇر. ئــۇلار ھەرەمگــە ئاللاھنىــڭ ھــەج پەرزىنــى ئــادا قىلىــش ئۈچــۈن بارىــدۇ. كەلســە ــ كەلمــەس ئىشــلارغا ئارىلاشــمايدۇ. ھۆكۈمەتكــە قارشــىلىق قىلمايــدۇ. ــ دەپ چۈشــەندۈردى ھاجىــم.

ــ ئۇنــداق ئەمــەس، ئــۇلار ئاشــقۇنلۇق ئىدىيەســىنى، ئەكسىيەتچى ئىدىيەلەرنــى يۇقتــۇرۇپ كېلىــدۇ. شــۇنىڭ بىلــەن بىزنىــڭ بــۇ يەرگــە كېلىــپ ھۆكۈمەتكــە قارشــىلىق قىلىــدۇ.

— ئەمما، مەن ئۇنداق قىلمىدىمغۇ؟ — دەپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدى ھاجىم.

— خۇپسەنلىك قىلما! ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ، نەچچە يىللاردىن بۇيان ھەجگە ئادەم ئاپارغانلىقىڭنىڭ، ۋىزا ئېلىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەممىسى جىنايەتتۇر.

— ئۇنداق ئەمەس، ھەممىسى ساۋابلىق ئىشلاردۇر. مەن ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى قىلدىم — دېدى ھاجىم ھېچ ئىككىلەنمەي.

— ئۇنداق ئەمەس — دەپ چالۋاقىدى ئۇ ساقچى يەنە، — سەئۇدى ئەرەبىستان بولسا تېرروزلۇقنىڭ تەسىرىنى يۇقتۇرىدىغان يىگىرمە ئالتە دۆلەتنىڭ تىزىملىكى ئىچىدە بار. كىمدە — كىم مەككىگە تارقاق ھەجگە بارىدىكەن ئۇ چوقۇم تېرروزلۇقنىڭ تەسىرىنى يۇقتۇرۇپ كېلىدۇ.

— ئەمما، ھەجگە بارغان ھاجىلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ يەردە تېرروزلۇق قىلمىدىغۇ؟

— ئۇلار تېرروزلۇقنى بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشى مۇمكىن! چۈنكى، ئۇلار تېرروزلۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئاشقۇن ئىدىيەلەرنى يۇقتۇرۇپ كېلىدۇ.

— مەن ئۇنداق دەپ قارىمايمەن. — دېدى ھاجىم يەنە چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ،

— كاپىشىما! سېنىڭ قارشىلىق بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز يوق! بىز ئۆزىمىزنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىمىز. تارقاق ھەج قىلىش — بىزنىڭ سىياسىتىمىزدە جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.

— ئىقرار قىل! سەن ھەجگە كىملەر بىلەن بىللە باردىڭ؟ كىملەر بىلەن كۆرۈشتۈڭ؟ — دەپ سوراققا قېتىلدى قىسىق كۆز، پاناق بۇرۇن بىرى ئۇيغۇرچىنى بۇزۇپ سۆزلەپ.

— ئاتا — ئانام بىلەن باردىم. مەككە — مەدىنىدە باشقا ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدىم. بۇنىڭغا ئاللاھ گۇۋاھ! — دېدى ھاجىم

كۆڭلىدە ئاللاھنى ياد ئېتىپ.

— كاپىشىما! بىز سېنىڭ ئاللاھىڭنى تونۇمايمىز! بىزنىڭ تونۇيدىغىنىمىز بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ قانۇن ۋە قائىدىلىرى — دەپ ۋارقىرىدى يەنە ئۇ:

— قېنى ئىقرار قىل! يەنە قانداق مەخپىي ئىشلارنى قىلدىڭ؟

— مەن ھېچقانداق مەخپىي ئىش قىلمىدىم. پەقەتلا ھەج ئىبادىتىنى قىلدىم. — دېدى ھاجىم ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ،

— ئىقرار قىلمامسەن جاھىل ئۇنسۇر؟

— ياق، ئىقرار قىلمايمەن! مەسچىت سېلىش، ھەج قىلىش جىنايەت ئەمەس، مەن ئۇنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئۇستۈمگە ئالمايمەن.

— ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىز سېنى ئىقرار قىلدۇرالايدۇ. قېنى باشلاڭلار! — دېدى ئەتراپتىكى يالاقچىلىرىغا قاراپ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى سوراقچى ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ باش — كۆزلىرىگە، دۈمبىلىرىگە كالتەك بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى.

سوراقچىلار توختىماي «ئىقرار قىل» دەيتتى. ھاجىم ئىقرار قىلىشنى رەت قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن سوراقچىلار ھاجىمنى يەنە ئۇردى ۋە توك كالتىكى ياقتى. ھاجىم ھوشىدىن كەتتى. سوراقچىلار ئۇنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىپ يەنە ھوشىغا كەلتۈردى ۋە يەنە ئۇردى. شۇ تەرىقىدە بىرىنچى قېتىملىق سوراق يىگىرمە تۆت سائەت داۋام قىلدى. ئەمما، ھاجىم يەنىلا ئىقرار قىلمايۋاتاتتى.

ئىككىنچى قېتىملىق سوراق باشلاندى. ئالمىشىپ كەلگەن سوراقچىلارمۇ يەنە ئوخشاش سوئالنى سورايتتى. ھاجىمنى يەنە ئوخشاش ئۇسۇلدا ئۇردى ۋە قىينىدى. سوراقچىلار ھاجىمنى توختىماي ئىقرار قىلىشقا قىستايتتى. ئەمما، ھاجىم ئىقرار قىلىشنى رەت قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ سوراق ئىككى كېچە — كۈندۈز داۋام قىلدى. ئاخىرىدا سوراقچىلار شۇ قىيىنغانچە ھاجىمنى يېرىم جان ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇپ، كامېرغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىۋېتىشتى.

ھاجىم كامىردا قانچىلىك ياتقانلىقىنى بىلەلمىدى. بىر ۋاقىتتا بىر كامىرداشنىڭ:
— ھاجىمكا، كەچلىك تاماق ۋاقتى بولدى. بۇ گۆشسىز يېسىۋېلەك شورپىسى. شۇنداق بولسىمۇ ئازراق ئىچىۋالسىلا! — دېگەن ئاۋازدىن كۆزىنى ئاستا ئېچىپ، ئەتراپىدىكىلەرگە قارىدى ۋە:
— مەن نەدە؟ — دەپ سورىدى ھاجىم ئۇلاردىن. ئۇلار جاۋاب بېرىپ:
— سىلە ھازىر تۈرمىدە! سىلە مۇشۇنداق ھوشسىز ياتقىلى يىگىرمە تۆت سائەت بولدى. مۇنداق يېتىۋەرسىلە تۈگۈشۈپ كېتىلا! بۇ يەر مەن — مەن دېگەن يىگىتلەرنىڭ جېنىنى ئالغان. بىز ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە يەپ تىنىك تۇرۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك!
بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھاجىم ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولۇۋېدى. ئەمما ماڭالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئولتۇرۇپ تۇرۇپ، كامىرداشلىرى بەرگەن سۇيۇقئاشتىن ئازراق ئىچتى. شۇ چاغدىلا ھاجىم كامىرداشلىرىنىڭ تەقى — تۇرقىنى ئىلغا قىلالىدى. كامىردا چاچ — ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن يىگىرمىدەك كىشى بار بولۇپ، بىر تېرە — بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان بۇ كىشىلەر ھاجىمغا خۇددى ئەرۋاھلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ھەممىسىنىڭ پۇت — قولى زەنجىر — كىشەنلەر بىلەن چېتىپ باغلاپ قويۇلغان ئىدى. ئۇلار كۈن بويى سىرتقا چىقمايتتى. پەقەت كىچىككىنە بىر ھاۋا تەڭشىگۈچى تۆشۈكتىن كىرگەن ھاۋادىن نەپەس ئالاتتى. كامىرنىڭ دېرىزىسى يوق ئىدى. كېچە - كۈندۈز توك چىراغ يورۇتۇپ قويۇلاتتى. كامىر ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ، ئىسسىتىش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغاچقا، ھاجىم ئىنتايىن توڭلاپ كېتىۋاتاتتى. تۇتقۇنلارغا بىر تاللا ئەديال بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئەديالنى سېمونت ئۈستىگە - داق يەرگىلا سېلىپ ياتاتتى. تامىقىغا كۈندە ئىككى ۋاقلىق يېسىۋېلەك شورپىسى ۋە بىر تالدىن ھورنان بېرىلەتتى. ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ قورسىقى

تويمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۇدەك روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، بۇ ئىشلاردىن ۋايساپ كەتكىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى. پەقەت بەزىلىرى ئاندا ـ ساندا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قوياتتى ـ دە، ئۆزىنىڭ ناھەق جازالانغانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ قوياتتى. قارىغاندا تۇتقانلارنىڭ ھەممىسى ئابدۇغوپۇر ھاجىمغا ئوخشاش، تۆھمەت بىلەن تۇتقۇن قىلىنغانلاردەك قىلاتتى.

كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ھاجىم نەچچە ئاي ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە كامېر ئىشىكى ئېچىلىپ، ئىككى گۇندىپاي كىرىشتى ۋە «ساڭا بۇگۈن يېپىق سوت ئېچىلىدۇ» دەپ كامېردىن يالاپ ئېلىپ چىقىشتى ۋە قارشى تەرەپتىكى يەنە بىر بىناغا ئاپىرىپ، چوڭ بىر ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئىشخانىدا قاسقان شەپكىلىك، ئادەتتىكى ساقچىغا ئوخشىمايدىغان ئىككى كىشى تۇراتتى. ئۇلار ئابدۇغوپۇر ھاجىمغا قاراپ مۇنداق دېدى:

ــ بىز باياتىندىن بېرى سېنىڭ جىنايەت ئەھۋالىڭغا قاراپ تەكشۈرۈپ چىقىپ، قانۇن بويىچە ساڭا مۇنداق جازانى بېرىشنى قارار قىلدۇق: «سەن ئابدۇغوپۇر ئابدۇرۇسۇل تارقاق ھەج قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ھەج قىلىشىغا ياردەم قىلىپ، ۋىزا ئېلىپ بەرگەنلىكىڭ، ئاتا ــ ئاناڭ ۋە باشقا ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرىڭنى ھەجگە تارقاق ئېلىپ بارغانلىقىڭ ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت شەكىللەندۈرۈشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك ھېسابلىنىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندىڭ. مانا بۇ سېنىڭ ھۆكۈمنامەڭ» دەپ بىر پارچە ھۆكۈم قەغىزىنى ھاجىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ـ دە، باشقا گەپ ـ سۆز قىلماي چىقىپ كېتىشتى.

گۇندىپايلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ بىر يېپىق سوت بولۇپ، ئۇنىڭغا تۇتقۇندىن باشقا سىرتتىن ھېچقانداق كىشى قاتناشتۇرۇلمايدىكەن. ئاقلىغۇچى ئادۋوكات تەكلىپ قىلىنمايدىكەن، بۇ يەردە بۇنداق

سوت بولۇۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن زامان بولۇپتۇ. بۇنداق سوت بۇ يەردە ھەر كۈنى ئاشۇنداق داۋام قىلىپ تۇرىدىكەن. ھېچكىمنىڭ ئەرز - داۋا قىلىش ھوقۇقى بولمايدىكەن.

# ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مۇدىر

غوپۇرجان ئەسلى قەشقەرنىڭ توققۇزاق ناھىيەسىدىن بولۇپ، 50 - يىللىرى ئوقۇپ يېتىشكەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مىللەتنىڭ سىياسىي ھوقۇقى ۋە ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ۋە بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىلەر يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى پىكىر ۋە قاراش جەھەتتىن كەسكىن تاللاشقا دۇچ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان زىيالىيلار ئۇيغۇرلار ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رېسپۇبلىكا يەنى «ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت» شەكلىدىكى ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى مۇزاكىرە قىلىۋاتقان «شىنجاڭغا ئاپتونومىيە سالاھىيىتى بېرىش لايىھەسى»گە قارشى پىكىر ئېقىمى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەۋاتاتتى. «51چىلەر» دەپ ئاتالغان زىيالىيلار خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە بۇ تەكلىپنى سۇنغان بولسىمۇ رەت قىلىنىپ، ئۇيغۇرلارغا «ئاپتونوم رايون سالاھىيىتى بېرىش» ئۇيغۇن كۆرۈلۈپ، 1955 - يىلى 10 - ئايدا ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان ئىدى.

غوپۇرجان ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان مالىيە - ئىقتىساد تېخنىكومىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇ ئۇزاق قالماي توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولدى. ئايالىنىمۇ مەكتەپ ئاشخانىسىغا ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى. ئۇ تەبىئىي پەن ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىجەزى ئېغىر - بېسىق بولغاچقا سىياسىي ئىشلارغا

بەك ئارىلىشىپ كەتمىدى. ھەم ئاكتىپلىق قىلىپ ئادەم چېقىپ، مەنسەپ ـ مەرتىۋىلەرگە ئىنتىلمىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىمان ـ ئېتىقادلىق كىشىلەردىن بولغاچقا، غۇپۇرجاننى كىچىكىدىلا دىنىي ساۋاتلىق قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئىدى. ئۇ بىر زىيالىي بولسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە ئۆزىنىڭ دىنىي چۈشەنچىسى بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈپ: «ھەممە ئىش ئاللاھ تەقدىر قىلغان بويىچە بولىدۇ. بىز بەندىلەر بېشىمىزغا كەلگەننى ئۆزىمىز ئۆزگەرتەلمەيمىز. ھەر قانداق ئىشقا سەۋر قىلىشىمىز كېرەك. ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر» دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ بوران ـ چاپقۇنلۇق يىللاردىكى سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «سىياسىي ھەرىكەتلەر» ئۆتكۈنچى يامغۇرغا ئوخشاش نەرسە بولۇپ، ئۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ بۇ ھەرىكەتلەرگە ئۆزىنىڭ «كەلسە ـ كەلمەس ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپى» بويىچە مۇئامىلە قىلىپ ئارىلاشمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق بىر تەرەپ بولۇپ تۇگۈلۈپ تۇرۇۋېلىشى ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى ئايالىمۇ ئىنتايىن ياقتۇراتتى. ئۇلار توي قىلغاندىن بۇيان ھازىرغىچە ھېچقانداق ئۇرۇش ـ تالاش قىلماي، ئېجىل ـ ئىناق ياشىدى ۋە كۆپ جان ـ سانلىق ئائىلە بولۇپ قالدى.

60 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇلارمۇ چىدە سىنىپى كۈرەش باشلىنىپ، جەمئىيەت گۇرۇھ ـ سىنىپلارغا ئايرىلىپ، بىر ـ بىرى بىلەن ئىدىيە كۆرۈشى قىلىش باشلىنىپ كەتتى. ئەمما غۇپۇرجان يەنىلا ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمىدى. ئايالى يەنە ئېغىر ئاياغ بولۇپ، ئاي ـ كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ھاملىدار ئانا دوختۇرخانىدا يەڭگىشىنى خالىمايتتى. ئىلگىرىكى بالىلىرىنىمۇ ئۆز ئۆيىدە يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان ئىدى. بۇ قېتىممۇ ئۆيىگە تۇغۇت ئانىسى چاقىرتىپ، ئۆز ئۆرپ ـ ئادىتىمىز بويىچە

يــول تۇتتۇشــنى قــارار قىلــدى. تۇغـۇت ئانىســى ياشــانغان بىــر ئايــال بولــۇپ، ســىلىق ۋە ئىللىــق مۇئامىلىســى بىلــەن ھامىلىــدار ئانىنــى ئــۆز ئانىســىدەكلا ھېــس قىلدۇراتتــى. بــۇ كېچــە ھامىلىــدار ئانىنىــڭ مۆلچەردىكــى ئاخىرقــى كۈنــى ئىــدى. تۇغـۇت ئانىســىمۇ كەلــدى. ئــۇ ھامىلىــدار ئانىغـا ھەمـراھ بولـۇپ كېچىچـە كـۆز يۇممىدى. تاڭ سـەھەرگە يېقىــن تولغــاق يۇقــىرى پەللىگــە چىقتــى. تۇغـۇت ئانىســى بارلىــق ھۈنىرىنــى ئىشـقا سـېلىپ يېرىـم سـائەتتەك ھەپىلەشـتى. ئاخىـرى ئىڭـە - ئىڭـە دېگـەن يېغـا بىلـەن بـوۋاق دۇنياغـا كـۆز ئاچتـى. بـۇ 1960 - يىلىنىــڭ بــوران - چاپقۇنلـۇق قىـش پەسـلى ئىـدى. بوۋاقنىـڭ جانلىـق ئـاۋازدا ئىڭەلىشـى غوپۇرجاننــى بوۋىقىنىــڭ كەلگۈســىدە قولىدىــن ئىـش كېلىدىغــان ئــادەم بولىدىغانلىقــدەك بىــر تۇيغۇغـا كەلتۈرگـەن ئىـدى. ئـۇ ئىلگىرىكـى بالىلىرىغـا ئىسـىم قويـۇپ بەرگـەن موللامنـى چاقىرتىـپ، دىنىـي قائىدىمىـز بويىچـە تەكبىـر ئوقۇتـۇپ، بوۋاققـا خالمـۇرات دېگـەن ئىســمنى قويــدى.

خالمـۇرات يېشـىغا تەگمەيـلا ئايىغـى چىقىـپ ماڭـدى. ئـۇ ئوقـۇش يېشـىغا يەتكۈچـە ئائىلىسـىدە قويـۇق ئۇيغۇرچـە تۇرمـۇش مۇھىتىدا چوڭ بولـدى. ئاتـا - ئانىسىنىڭ چىـڭ تۇتتۇشـى بىلـەن ئـۇ ياخشـى ئۇيغۇرچـە سـۆزلىيەلەيدىغان بولـۇپ يېتىلـدى. شـۇنىڭ بىلـەن بىـر ۋاقىتتا ئـۇ يەنە خىتـاي خوشـنىلىرىنىڭ بالىلىـرى بىلـەن ئوينـاپ يـۈرۈپ، خىتايچىنىمۇ يامــان ئەمــەس ئۆگىنىــپ قالغــان ئىــدى. غوپۇرجــان ئوغلىنىــڭ بــۇ ئالاھىدىلىككــە قــاراپ، ھــەم ئۇيغۇرچــە مەكتەپنىــڭ ئۇلارنىــڭ ئۆيىگــە يىــراق بولغانلىقــى ســەۋەبىدىن خالمۇراتنــى خىتايچــە مەكتەپكــە بــەردى. خالمــۇرات خىتايچــە باشــلانغۇچ، ئوتتــۇرا مەكتەپنــى ئــەلا نەتىجــە بىلــەن پۈتتــۈرۈپ، ئىچكىرىدىكــى تېببىــي ئۇنىۋېرســىتېتنىڭ دورىگەرلىـك كەسـپىگە قوبـۇل قىلىنـدى. ئـۇ ئـۇ يەردىكـى ئوقۇشـىنىمۇ ئـەلا نەتىجـە بىلـەن پۈتتـۈرۈپ، ئۈرۈمچىدىكـى تېببىـي ئۇنىۋېرسـىتېتقا ئوقۇتقۇچىلىققــا تەقســىم قىلىنــدى ۋە ئــۇزاق ئۆتمەيــلا ماگىســتىرلىق ئوقۇشــنى باشــلىۋەتتى.

«خالمۇرات غوپۇر رۇسىيەنىڭ سانت پېتىربورگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا دوكتورلۇق ئوقۇشقا بېرىپتۇ» دېگەن خەۋەر ئۆرۈمچىنى زىل - زىلىگە سالدى. زىيالىيلار ۋە ئوقۇغۇچىلار بۇ خەۋەردىن ھاياجانلىنىپ بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەمدىلا ئاخىرلىشىپ مائارىپتىكى ئوقۇتۇش ئىزچىللىقى ئەمدىلا چىڭ تۇتۇلۇشقا باشلىغان 80 - يىللاردا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئالىلقاچان چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى باشلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، دوكتورلۇق ئوقۇش ئۈچۈن چىققانلار ساناقلىقلا ئىدى. غوپۇرجاننىڭ ئائىلىسى بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشاللىققا چۆمدى. ئوغلى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئوغلىدىن پەخىرلەندى. دۇئا قىلدى. ئاتىسىنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن خالمۇرات دوكتورلۇق ئوقۇشنى تاماملاپ ئۆرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىنمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىپ، ئاۋۋال ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئۇنىڭدىن 2 يىل كېيىن تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. خالمۇرات غوپۇر مۇدىرلىققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئۇنى ئەمەلگە ئېرىشىپ، نام - ئابرۇي قازىنىشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارىمىدى، ئەكسىچە ئۇ: «ئۆز ئەمىلىمىنىڭ يۇكسىلىشى مىنىڭ خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىدۇر، مەن بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىپ، رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى، بولۇپمۇ تىببىي مائارىپىنىڭ رايونىدىكى سالمىقىنىڭ نىسبىتىنى يۇقىرىلىتىپ، تىببىي خادىملارنىڭ كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا، تىببىي خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىم كېرەك» دەپ قارىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ: «سىياسىينى چىڭ تۇتۇش پىكرى» گە قارشى «تەلىم - تەربىيە خىزمىتى» نى چىڭ تۇتۇشنى تەكىتلىدى. شۇ سەۋەبتىن پارتكوم سېكرېتارى بىلەن دائىم تالاش - تارتىش قىلىپ قالاتتى. كۆپىنچە

ۋاقىتتا، ئۇ پارتىيە سېكرېتارىنى مات قىلىپ قوياتتى.
بىر قېتىملىق تالاش - تارتىش مۇنداق بىر مەسىلە ئۈستىدە بولدى: مەكتەپ پارتكوم سېكرېتارى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياغلىق ۋە ھىجاب ئارتىشىنى چەكلىمەكچى بولۇپ، بۇ توغرىسىدا ھۆججەت چىقىرىپ، ئۇنىڭ قول قويۇپ ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. خالمۇرات غوپۇر بۇنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «ياغلىق - ھىجاب ئارتىش ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىنىدۇ دېيىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇنى ئىجرا قىلالمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھۆججەت بىكار قىلىنىشى كېرەك». خىتاي سېكرېتار بۇنىڭغا غىڭ - پىڭ قىلالماي چىقىپ كەتتى.
يەنە بىر قېتىملىق تالاش - تارتىش مۇنداق بولدى: خىتاي سېكرېتار «مىللەتلەر ئىتتىپاقنى كۈچەيتىش» دېگەن باھانىدە مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن خىتاي ئوقۇغۇچىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بىر ياتاقتا ياتقۇزۇش سىياسىتى تۈزۈپ چىقىپ، مەكتەپ مۇدىرى خالمۇرات غوپۇرنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئۇ بۇنى بىر قۇر كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، سېكرېتارنىڭ ئالدىغا قايتۇرۇپ تاشلاپ، بۇنى ئىجرا قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. خىتاي سېكرېتار ئالاقزەدە بولۇپ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى، خالمۇرات غوپۇر مۇنداق دېدى: ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، يېتىپ - قوپۇش ئادىتى ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇرلار توڭگۇز گۆشى يېمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار تاماق قاچىسىنىڭ خىتايلارنىڭ تاماق قاچىسى بىلەن بىر يەردە بولۇپ قېلىشىنى، بىر يەردە يۇيۇشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. خىتايلار كىر يۇيىدىغان داس بىلەن يۈز - كۆزىنى يۇيىدۇ، ئۇيغۇرلار بۇنى يامان كۆرىدۇ، خىتايلار گەپ قىلغاندا ۋارقىراپ - جارقىراپ گەپ قىلىدۇ، ئادەم بار - يوق دېمەي يەل قويۇپ بېرىدۇ، بۇنى ئۇيغۇرلار ئەيىب كۆرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئاخشىمى

بالىدۇر يېتىپ، ئەتىگىنى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرىدۇ، خىتايلار كەچ يېتىپ، كېيىن قوپىدۇ، قالايمىقان مىشقىرىپ ـ تۈكۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى خىتاي ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە يېتىپ قوپۇشقا مەجبۇرلاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۈچىنچى قېتىملىق تالاش ـ تارتىش مۇنداق بولدى: بىر كۈنى خىتاي سېكرېتار مۇنداق بىر لايىھەنى كۆتۈرۈپ كەردى، ئۇنىڭدا مەكتەپ دوختۇرخانىسىدا ئورگان سودىسىنى سىناق قىلىپ ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويۇش بولۇپ، بۇنىڭ پايدىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى ئالاھىدە سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. خالمۇرات غوپۇر بۇنىمۇ رەت قىلىپ، مەكتەپ بىر ئوقۇتۇش ئورنى، مەكتەپتە تېببىي ئەخلاق مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك، ئورگان سودىسىدا ئۆز ئىختىيارلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، مەجبۇرىي ياكى يوشۇرۇن ئورگان ئېلىۋېلىش ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلمىغانلىق، زىيانكەشلىك قىلىش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار بۇ ئىشقا ئادەتلەنمىگەن، ئۇلار بەدەن ئەزالىرىنى ئۆز جېنى بىلەن ئوخشاش كۆرىدۇ، ناۋادا ئۇلارنىڭ رازىلىقىسىز بەدەن ئەزالىرى ئېلىۋېلىنسا، بۇنى ئۆزلىرىگە قىلىنغان قاتىللىق دەپ ھېسابلايدۇ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان خىتاي سېكرېتار بۇ لايىھىسىنىمۇ قايتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

2009 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ياشلىرى خىتاينىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شاۋگۇەن شەھىرىدىكى ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنىڭ ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش ھەم قاتىللارنىڭ جازالىنىشىنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن ئاڭلىق شەكىلدە نامايىش ئۆتكۈزدى، نامايىشچى ياشلار خىتاي دۆلىتىنىڭ قىزىل بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۇلار بۇ قىزىل بايراقنىڭ قانىنىڭ ۋە قاتىللىقىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى

خىيالىغا كەلتۈرۈشمىگەن ئىدى. قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان ئۇيغۇر ياشلىرى شۇ كېچىسى قانلىق باستۇرۇلۇپ، نەچچە ئون مىڭ ياش ئۆلتۈرۈلدى ۋە ياكى ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتتى، سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي دېگەندەك خەلق ھۆكۈمىتى تەتۈر تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنى توپىلاڭچى ۋە تېررورچى قىلىپ كۆرسەتكەنلىكتىن، ئەتىسىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە ئېغىر قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىپ، خىتاي كەلگۈندىلىرى كۆرگەنلىكى ئۇيغۇرنى مەخسۇس ياسالغان كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى.

قولىدا ئوخشاش بىر خىلدا ياسالغان كالتەك كۆتۈرۈۋالغان كەلگۈندى خىتايلار ئىدارىمۇ - ئىدارە، مەكتەپمۇ - مەكتەپكە كىرىپ ئۇچرىغانلىكى ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇشقا ۋە ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. بىر گۇرۇپپا خىتايلار تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا باستۇرۇپ كىرىۋاتاتتى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەكتەپ مۇدىرى خالمۇرات غوپۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، مىللىي ئوقۇغۇچىلارمۇ قوللىرىڭلارغا كالتەك - توقماق ئېلىپ ئۆزۈڭلارنى قوغداڭلار دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ قوللىرىغا كالتەك - توقماقلارنى ئېلىپ ئۆزلىرىنى قوغدىدى. ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتى. شۇ كۈنى ئىككى ئۇيغۇر قىزنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، مەكتەپ ئىچىدىكى بىر دەرەخكە جەسىتىنىڭ ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى ھەممە ئادەم كۆرۈشتى. خىتاي سېكرېتار بۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق توغرا پىكىر قىلماستىن ھۆكۈمەت تەرەپتە تۇردى، كالتەكچى كەلگۈندىلەرنى قوللىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى ئىدى.

5 - ئىيۇل ۋەقەسى قانلىق باستۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلاردا قاتتىق بىر سىلكىنىش پەيدا قىلدى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بىر ۋەھشىي مىللەتنىڭ باشقۇرۇشىدا ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئۈرۈمچى ئاھالىسى ئىككىگە ئايرىلدى. خىتايلار جەنۇبىي

قوۋۇقنىڭ سىرتى يەنى يېڭى شەھەر دەپ ئاتالغان ئەرگۈك، سەنگۈك رايونلىرىغا كۆچۈپ كېتىشتى. جەنۇبىي قوۋۇقتىن باشلاپ دۆڭ كۈۋرۈكتىن - ئۈچتاشقىچە، ئات بەيگە مەيدانىدىن - يامالىق تېغى رايونلىرىغىچە بولغان رايونلارغا ئۇيغۇرلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. باشقا تەرەپتىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ مەركەزلىشىپ يىغىلىشقا باشلىدى. خىتاي كەلگۈندىلىرى ئۆكتەملىكنى خېلى ئۇزاق داۋام قىلدۇردى، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان رايونلاردا ئۇيغۇرلارنى كۆرگەن ھامان ئۇرۇپ - دۇمبالايتتى. ئۇيغۇرلارمۇ يوللۇق قوغدىنىش قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە خىتايلار جەنۇبىي قوۋۇقتىن ئىچىگە كىرەلمىدى، ئۇيغۇرلارمۇ جەنۇبىي قوۋۇقتىن خىتايلار بار تەرەپلەرگە چىقالمىدى. ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلاردىن ئىبارەت ئىككى مىللەتنىڭ قارىمۇ - قارشى ھالىتى خېلى ئۇزاققىچە داۋام قىلدى. ئوقۇغۇچىلارمۇ بىر نەچچە ھەپتىگىچە دەرسكە چىقالمىدى، چۈنكى، خىتاي كەلگۈندىلىرى خېلى ئۇزاققىچە يانلىرىدا كالتەك - توقماقلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشتى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇپ - قوغلاپ، باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىپ، بۇ زېمىنغا ئۆزلىرى خوجايىن بولۇش ئىدى.

خالمۇرات غوپۇر بىلەن مەكتەپ پارتىيە سېكرېتارىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ مەكتەپكە ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئېچىلغان پارتىيە يىغىنىغا قاتناشسىمۇ، ئەمما سىياسىي مەسىلىلەرگە قارىتا ھېچقانداق پىكىر قاتناشتۇرمىدى. ئەكسىچە، مەكتەپتىكى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى كۆچەيتىشنى تەكىتلەپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. سېكرېتار خىتاي ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگەندە يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قوياتتى - يۇ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى. ئۇ خالمۇرات غوپۇر ئۈستىدىن يۇقىرىغا ئەرز قىلغان بولۇپ، مەخپىي ماتېرىيال توپلاۋاتاتتى. خالمۇراتمۇ بۇنى ئالدىقاچان تۇيغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭدىن قورقۇپ

قالىمىدى. ئۇ مۇنداق ئويلايتتى: «مەكتەپ دېگەن مەكتەپتەك بولۇشى كېرەك، مەكتەپ دېگەندە ئوقۇتۇش ۋە ئىلىم - پەن ئاساس قىلىنمىسا قانداق بولىدۇ؟ ھە دېسىلا سىياسىي ئۆگىنىش قىلىمىز دەيدىغانغا بۇ بىر سىياسىي ياكى تەشۋىقات ئورگىنى بولمىسا، بۇنداق قىلىشقا قەتئىي يول قويماسلىقىم كېرەك. يامىنى كەلسە ۋەزىپەمدىن ئېلىپ تاشلىشى مۇمكىن. ئەمما مەن سىياسەتنىڭ قورچىقىغا ئايلىنىپ قالسام بولمايدۇ، سېكرېتارنىڭ ئالدىدا بويۇنۇمنى ئېگىپ، قول قوشتۇرۇپ،«لەببەي» دەپ تۇرۇش مېنىڭ ئىلمىي نوپۇزۇمنى، غۇرۇرۇمنى يەرگە ئۇرغانلىقى بولمامدۇ؟»

خالمۇرات غوپۇرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالمىغان مەكتەپ سېكرېتارى ئۇنى توختىماي يۇقىرىغا چېقىپ يالغان ماتېرىيال توپلاپ، ئۇنى ساداقەتسىز، شۈبھىلىك قىلىپ كۆرسىتىپ مەقسىتىگە يەتتى. خالمۇرات غوپۇر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىك ۋە دورا ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش ئىدارىسىغا يۆتكىۋېتىلدى ۋە ئۇنى «قارا تىزىملىك»كە كىرگۈزۈپ مەخپىي نازارەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن مەخپىي ماتېرىيال توپلىنىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا بىر قارا كۆلەڭگە سايە تاشلاۋاتاتتى. ئۇمۇ ھەر قانداق بىر پېشكەللىك ۋە سۇيىقەستتىن ئۈچۈن ئىدىيەسىدە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاتىسى دائىم دەيدىغان: «ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنى بويىچە بولىدۇ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنەتتى.

2017 - يىلى ئەتىيازنىڭ كىرىشى بىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئەسلى چۆمپەردىسى ئېچىپ تاشلاپ، «ئىككى يۈزلىمىچىلىككە زەربە بېرىش»، «ئىدىيەدىكى زەھەرلىك ئامىللارنى تازىلاش» دېگەن سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، كادىرلىرى ۋە ئاخۇن - مولللىرنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزاقتىن بۇيان پايلاۋاتقان ئولجىلاردىن بىرسى

خالمۇرات غوپپۇر ئىدى. خالمۇرات غوپپۇرمۇ باشقا بارلىق ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش قارا قىسمەتكە دۇچار بولدى. ساقچىلار يېرىم كېچىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ، پۇت ـ قولىغا كويزا ـ ئىشكەل سېلىپ ئېلىپ ماڭىدى. ئۇنى نەگە، قايسى تۈرمىگە ئېلىپ بېرىپ سولىغانلىقىنى ئائىلىسىگىمۇ خەۋەر قىلىشمىدى. جەمئىيەتتىن يوشۇرۇن تۇتتى، ئۇنىڭ قانداق بىر يەرگە قامالغانلىقىنى خېلى ئۇزاققىچە ئىنىس ـ جىنمۇ بىلمىدى.

خالمۇرات غوپپۇرنى سوراق قىلىشقا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، بىخەتەرلىك نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن ئالاھىدە ۋەزىپىدىكى سوراقچىلار كېلىشتى. ئۇلار خۇددى بىرەر ئىنقىلابنىڭ داھىيسىنى ياكى چوڭ بىر تەشكىلاتنىڭ رەھبىرىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغاندەك ئالاھىدە سوراقچى ـ مۇتەخەسسىسلەرنى خاتىرىلىگۈچى كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسلىرىنى ۋە دەھشەت سالغۇچى جاللاتلارغا ئوخشايدىغان سوراقچىلارنى بىللە ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. بۇ ھالەتتە ئۇلار بىر كەسپىي سوراقچىلار قوشۇنىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

سوراق باشلانغان ئىدى. ئالدى بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىن كەلگەن بىرسى سۆز باشلىدى:

ــ جىنايىتىڭنى ئىقرار قىل.

ــ قايسى جىنايىتىمنى ئىقرار قىلىمەن؟

ــ جۇڭگونى پارچىلاش ئۈچۈن قۇرغان تەشكىلاتىڭنى ئاشكارىلا، ئۇنىڭ رەئىسى كىم؟ نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىل، ھەممىنى راستى بىلەن ئېيت!

ــ مەن تەشكىلات قۇرمىدىم. جۇڭگونى پارچىلاشنى خىيال قىلىپ باقمىدىم، ئىسپاتىڭلار بولسا كۆرسىتىڭلار.

ــ بىزنىڭ ئىسپاتىمىز شۇكى، سەن 5 ـ ئىيۇل ۋەقەسىنىڭ 2 ـ كۈنى مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا مەخپىي قوماندانلىق قىلىپ ئۇلارنى، كالتەك ــ توقماقلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ: «سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى

ئــۆزلۈكلار قوغــداڭلار» دەپ خەنزۇلارغــا قارشــى تۇرماقچــى بولغىنىــڭ جىنايــەت ئەمەســمۇ؟

ــ ئۇنــداق ئەمــەس، مــەن ئۇيغــۇر ئوقۇغۇچىلارغــا: «ئۆزلۈكلارنــى يوللــۇق شــەكىلدە قوغــداڭلار، لۈكچەكلەرگــە تاقابــىل تــۇرۇڭلار» دېدىــم.

ــ ھــەي، ئاغزىڭنــى يــۇم! بۇيــۇك خەنــزۇ مىللىتىنــى ھاقارەتلىگۈچــى بولمــا. ســېنىڭ لۈكچــەك دېگەنلىرىــڭ بىزنىــڭ ئىككىنچــى ســەپتىكى مەخپىــي ئەســكەرلىرىمىزدۇر، ئــۇلار چېگــرا رايوننــى قوغــداش ئۈچــۈن كەلگــەن خەلــق ئەســكەرلىرىدۇر.

ــ ئۇنــداق ئەمــەس! ئــۇلار لۈكچــەك بولمىســا، شــۇ كۈنــى ئىككــى ئۇيغــۇر ئوقۇغۇچــى ئۆلتــۈرۈپ دەرەخكــە ئېســىپ قويامتــى؟

ــ ھــە، ئــۇ دېگــەن توپىلاڭنــى تىنچىتىــش ئۈچــۈن بولغــان بىــر جــەڭ، بىزنىــڭ ئەســكەرلىرىمىز جەڭگــە چىققانــدا مــاۋۇ پۇقــرا، مــاۋۇ ئوقۇغۇچــى دەپ ئايرىــپ ئولتۇرمايــدۇ، ئۇيغــۇرلار دېگــەن توپىلاڭچــى. ئــۇلار نېمىشــقا ھۆكۈمەتكــە قارشــى نامايىــش قىلىــدۇ؟



ــ ئۇيغــۇر ياشــلىرى تىنــچ ئۇســۇلدا نامايىــش قىلدىغــۇ؟ ئۇلارنىــڭ قولــدا تۆمۈرنىــڭ ســۇنۇقمۇ يــوق تۇرســا، ئــۇلار ئۆزلىرىنىــڭ ھەقلىــق تەلەپلىرىنــى ئوتتۇرىغــا قويســا، ســىلەر قورالىــق باســتۇردۇڭلارغۇ؟ بــۇ قانــداق ئادالــەت؟ ــ دېــدى خالمــۇرات غوپــۇر بــوش كەلمــەي.

ــ ھــەي، تــولا كاپشــىما، «ئادالــەت» دېگــەن نېمــە ئــۇ، بىزنىــڭ پىرولېتارىيــات دىكتاتورىســى ھەممىدىــن ئۈســتۈندۇر، ســاڭا بىــز پىرولېتارىيات دېكتاتورىسىنىڭ تەمىنى تېتىپ قويمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ! قېنى سىلەر؟ ــ قېيىن ـ قىستاققا تەق بولۇپ تۇرۇشقان يــاۋۇز جاللاتلىرىغــا بۇيــرۇق قىلــدى بــاش ســوراقچى. ــ ئۇنىــڭ ئەدىپىنى بېرىــپ قويــۇڭلار.

بۇنىــڭ بىلــەن تــەڭلا ئىككــى ســاقچى ئېتىلىــپ كېلىــپ، قولىدىكى تۆمــۈر كالتــەك بىلــەن ئۇنــى تــۆت ــ بەشــنى ئۇرۇۋەتتــى ، مەيدىســىگە تــوك كالتىكــى ياقتــى، ئــۇ ھوشــىدىن كەتتــى. ســوراقچىلار ئۇنىــڭ يۈزىگــە بىــر چېلــەك ســوغۇق ســۇ چېچىــپ ھوشــىغا كەلتــۈردى:

ــ ئەمدى سوراش نۆۋىتى بىزگە كەلدى! ــ دەپ بىخەتەرلىك نازارىتىدىن كەلگەن بىر ئەمەلدار سۆز باشلىدى.

ــ قېنى، ئىقرار قىل! سەن مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا قانداق ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلارنى قىلدىڭ؟

ــ مەن ئوقۇغۇچىلارغا ئەكسىيەتچى تەشۋىقات قىلمىدىم، ئىسپاتىڭلار بولسا كۆرسىتىڭلار.

ــ ھە، بىزنىڭ ئىسپاتىمىز شۇكى، سەن مەكتەپتە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئۆرپ ـ ئادىتىڭلارنى قوغداڭلار، كەيىپ ـ ساپاغا بېرىلمەڭلار، ئوقۇشنى چىڭ تۇتۇڭلار، مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭلار، ئۇيغۇرلار سىلەرگە ئېھتىياجلىق، ئۇلارنى كېسەللىكتىن قۇتقۇزۇش سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار دەپ تەتۈر تەشۋىق قىلىپسەنغۇ؟

ــ ئۇنداق ئەمەس،بۇ قانداقمۇ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بولسۇن؟ مەن ئۇلارنى ئوقۇشنى چىڭ تۇتۇشقا، ئەخلاقلىق، تىرىشچان بولۇشقا چاقىرىق قىلدىم. بۇنىڭ نەرى خاتا بولسۇن؟

ــ ھىم، ئۆرپ ـ ئادەت، مىللەت دېگەن گەپنىڭ ئۆزى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتتۇر! جۇڭگودا بىرلا ئۆرپ ــ ئادەت بار،ئۇ بولسىمۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۆرپ ــ ئادىتى.

ــ ئۇنداق ئەمەس! ــ دەپ كەسكىن رەددىيە بەردى خالمۇرات،ــ «جۇڭگودىكى مىللەتلەر ۋە مىللىي سىياسەت» دېگەن كىتابتا جۇڭگودا ئەللىك ئالتە مىللەت بار دېيىلگەن. ئۇلارنىڭ ئۆرپ ــ ئادەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆرپ ــ ئادەتلىرىنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە دېيىلگەن.

ــ ھەي،كاپىشما! ــ دەپ ۋارقىرىدى تىلى تۇتۇلۇپ قالغان سوراقچى، ــ ئۇ دېگەن بۇرۇنقى گەپلەر! ھازىر سىياسەت ئۆزگەردى، بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگودا جۇڭخۇا مىللىتىدىن باشقا مىللەت مەۋجۇت بولمايدۇ! بۇ باش سېكرېتار شى جىنپىڭنىڭ يوليورۇقى! قېنى جىنايىتىڭنى ئېتىراپ قىل.

ــ ياق، ئېتىراپ قىلمايمەن بۇلار جىنايەت ئەمەس! ــ دەپ رەت

قىلـدى خالمـۇرات غوپـۇر.

بۇنـى ئاڭلىغـان سـوراقچى جاللاتـلاردەك ھۆركـرەپ يانـدا تۇرغـان قـول چوماقچىلىرىغـا بۇيـرۇق قىلـدى: بۇنىــڭ ئەدىپىنــى ياخشــراق بېرىــڭلار!

ھېلىقـى ئىككـى ۋەھشـي جاللات ئېتىلىـپ كېلىـپ، ئۇنـى يەنـە كالتـەك بىلـەن ئـۇردى، تـوك كالتىكـى ياقتـى، ئـۇ يەنـە ھوشـىدىن كەتتـى، سـوراقچىلار ئۇنىڭغـا يەنـە سـۇ چېچىـپ ھوشـىغا كەلتـۈردى.

ـ نــۆۋەت بىزگــە كەلــدى! ـ دەپ ئوتتۇرىغـا چىقتـى جامائـەت خەۋپسـىزلىك نازارىتىدىـن كەلگـەن يوغانبـاش، پـاكارراق كەلگـەن ياپمـا قاپـاق بىرسـى. ـ قېنـى ئىقـرار قىـل، ئايرىـم دۆلـەت قـۇرۇپ چىقىـپ، ئۇنىــڭ داھىيسـى بولماقچـى بولغانلىقىڭنـى.

ـ بـۇ يالغـان، سـىلەر مـاڭا تۆھمـەت چاپلاۋاتىسـىلەر! ـ دەپ رەت قىلـدى خالمـۇرات غوپـۇر، ـ قېنـى، ئىسـپاتىڭلار بولسـا كۆرسـىتىڭلار.

ـ بىزنىــڭ ئىسـپاتىمىز شـۇكى،سـەن 2015 - يىلـى تۈركىيەگــە بىــر گـۇرۇپپـا بۆلگۈنچىلەرنــى باشــلاپ چىقىــپ، «ئۇيغــۇر تىبابــەت دوختـۇرخانىسـى» ئاچماقچـى بولغانـدا بەزىلەرگـە: مـەن 2030 - يىلىغـا بارغانــدا شــىنجاڭدا «خەلىپىلىــك» قۇرماقچــى دېگەنلىكىــڭ يالغانمـۇ؟ بـۇ سـېنىڭ پـاش قىلىــش ماتېرىياللىرىڭــدا ئېنىــق خاتىرىلەنگــەن.

ـ يالغـان، قـۇرۇق گـەپ، تۆھمـەت! ـ دەپ خالمـۇرات ئۇنىمـۇ رەت قىلىـپ مۇنـداق دېـدى:

ـ «خەلىپىلىـك» دەپ ھازىرقـى دۇنيـادا ھېچقانـداق بىـر دۆلـەت ۋە تــۈزۈم يــوق، ئىســلام خەلىپىلىكــى بولســا: 1918 - يىلىدىكــى بىرىنچــى دۇنيــا ئۇرۇشــىدىن كېيىــن، ئوســمان ئىمپېرىيەســىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشــى بىلــەن بىللــە مەۋجۇتلۇقىنــى يوقاتقــان. 1923 - يىلــى تۈركىيــە جۇمھۇرىيىتــى قۇرۇلغانــدا ئــەڭ ئاخىرقــى خەلىپــە ياۋروپاغــا سـۈرگۈن قىلىنىــپ، ئۇنىڭدىــن كېيىــن دۇنيــادا خەلىپىلىــك بولـۇپ بولـۇپ باقمىغـان. قانـداق قىلىـپ مـەن دۇنيـادا يـوق نەرسـىنى قـۇرۇپ چىققۇدەكمــەن؟

ــ بولـدى قىـل! سـېنى بىـز تارىـخ سـۆزلەپ بـەر دېمـىدۇق. ئـۆز جىنايىتىڭنـى ئىقـرار قىـل دەۋاتىمىـز!

ــ مەنـدە جىنايـەت يـوق! مەن بىـر ئىلمىي خادىم، مېنى سىياسـىيغا چېتىـپ سـوراق قىلىشـىڭلار توغرىمۇ؟ مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن. ــ دېـدى خالمـۇرات مەسـخىرىلىك كۈلـۈپ.

ــ ھـەي، سـەن تېخـى كۈلۈۋاتىسـەنغۇ؟ كىمنـى مەسـخىرە قىلىۋاتىسـەن؟ كېلىـڭلار! ـ دەپ ھېلىقـى ئىككـى ۋەھشـىي جاللاتقـا بۇيـرۇق قىلـدى، ــ بۇنىـڭ ئەدىپىنـى بېرىـڭلار!

ھېلىقـى ئىككـى جالـلات ئېتىلىـپ كېلىـپ، خالمۇراتنـى يولـۋاس ئورۇندۇققـا ئولتۇرغـۇزۇپ، پـۇت ـ قولىنـى چېتىـپ باغـلاپ، كالتەكلـەر بىلـەن ئۇرۇشـقا باشـلىدى. سـوراقچىلار ئۇنىڭغـا توختىمـاي: «ئىقـرار قىـل» دەيتتـى، ئـۇ رەت قىلاتتـى. ھوشـىدىن كەتسـە سـوغۇق سـۇ چېچىـپ ھوشـىغا كەلتۈرەتتـى ـ دە، يەنـە ئۇراتتـى، سـوراق ئىككـى كېچـە ـ كۈنـدۈز داۋام قىلـدى. ئەممـا، ئـۇ ۋەھشـىي سـوراقچىلارنىڭ قىيناشـلىرى خالمۇراتنـى بـاش ئەگدۈرەلمـىدى.

خالمـۇرات ھوشـىغا كېلىـپ، كۆزىنـى ئاچقانـدا ئۆزىنـى بىـر كامېردا كـۆردى. كامېـردا پـۇت ـ قولـى كىشـەنلەنگەن ئېگىـز بـوي، بۇغـداي ئـۆڭ بىـر كىشـى ئۇنىڭغـا يېقىملىـق كۈلۈمسـىرەپ قـاراپ تۇراتتـى. ئـۇ بـۇ مېھـرى ئىللىـق كىشـىنى بىـر يەردىـن تونۇيدىغانـدەك قىلاتتـى، بـۇ كىشـىنىڭ بېشى تاقىـر قىلىنىـپ، ئۇرۇقـلاپ بىـر تېـرە ـ بىـر ئۇستىخان بولـۇپ قالغاچقـا دەماللىققـا كىـم ئىكەنلىكىنـى بىلەلمـەي تېڭىرقـاپ قالـدى. ئەممـا ئـۇ كىشـىنىڭ سەزگۈ خاتىرىلىـرى جايىـدا بولسـا كېـرەك، ئالـدى بىلـەن ئېغىـز ئاچتـى:

ــ سىز خالمۇرات غوپۇرغۇ؟

ــ ھەئە، مەن شۇ. سىز؟

ــ مەن تاشپولات تېيىپ.

ــ ھـە ـ ئـە، سـىزمۇ قامالغانمـۇ؟ قاچـان؟ ــ دېـدى خالمـۇرات ھەيـران بولـۇپ.

310

ـ تېخى ئىككى ھەپتىدەك بولدى. بىر گۇرۇپپا ئوقۇغۇچىلار بىلەن گېرمانىيەگە ئىلمىي زىيارەت ئۈچۈن يولغا چىققان ئىدۇق، بېيجىڭدا ئايروپىلان ئۈچۈشقا بىر نەچچە سائەت قالغاندا قولغا ئېلىنىشتى.

ــ نېمە سەۋەبتىن؟ــ دەپ سورىدى خالمۇرات تېڭىرقاش ئىچىدە.

ــ ئۇلار ماڭا: «سەن بۆلگۈنچى ئۇنسۇر، جۇڭگونى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان» دېگەن تۆھمەتنى ئارتىشتى. مەن ئۇنى ئېتىراپ قىلمىدىم، ئۇرۇپ ـ تىللاپ، سوراق قىلىشتى، تېخى بىر نەچچە كۈن بولدى بۇ كامېرغا سولاپ قويغىلى.

ــ ھە، مۇنداق دەڭ! ئۇلار ماڭىمۇ تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ! ــ دەپ بىشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان تاشپولات تېيىپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

ــ ھازىرقى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى خاتا بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار يەرلىك مىللەتلەرگە ئىشەنمەيۋاتىدۇ، ئەمما بىز كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئىشەنگەن ئىدۇق. ئۇلارنىڭ ئەزاسى بولدۇق، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلدۇق، مەكتەپتە ئىلمىي خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، مائارىپنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى بولدۇق. بىز ھېچقاچان بۆلگۈنچىلىك قىلىشنى ئويلىمىدۇق، ئۇنداق ئىشلارنى ئۇخلاپ چۈشىمىزدىمۇ كۆرمىگەن ئىدۇق. ئەمدى بولغاندا: «يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپتۇ» دېگەندەك ئىش بولۇۋاتىدۇ.

خالمۇرات غوپۇر بۇنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى، ئۇنىڭمۇ سۆزلىسە گېپى تۈگىمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەردى ئىچىگە سىغمايۋاتاتتى. تاشپولات تېيىپنىڭ گەپلىرى ئۇنى تېخىمۇ ئويلاندۇرۇپ قويدى: توغرا! دېمىسىمۇ ئۇ گۇناھسىز ئىدى. كىچىكىدىن خىتايچە مەكتەپتە ئوقۇدى، خىتايلارنىڭ تەربىيەسىدە يېتىلدى، ئەمما ئۇنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى ئۇيغۇرنىڭ قېنى ئىدى، ئائىلە تەربىيەسى سەۋەبىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ ھېسسىياتىنى،

مەھكۇملىـۇق تەقدىرىنــى، ئارقــىدا قالغــان مائارىــپ سەۋىيەســىنى چۈشــىنىپ يېتىــپ ئۇنــى ئۆزگەرتىــش ۋە ياخشــىلاش ئۈچــۈن كــۈچ چىقارماقچــى بولــدى، بۇنىــڭ ئۈچــۈن ئــۇ پىرىنســىپتا چىــڭ تــۇردى. كوممۇنىســتىك پارتىيەنىــڭ سىياسەتلىرىنى قارىسىغا ئىجرا قىلماستىن، ئۇنىڭدىكــى يوچۇقلاردىــن پايدىلىنىــپ، مىللىــي مائارىپنــى تەرەققىــي قىلدۇرۇشــقا تۆھپــە قوشــماقچى بولــدى. ئۇنىــڭ بــۇ ســاپ نىيىتىنــى خىتــاي ھۆكۈمىتــى ۋە كوممۇنىســتىك پارتىيەســى قوبــۇل قىلالمىــدى، باشقىچە چۈشەندى، ئۇلارغا قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئەمەس، بەلكــى، «لەبىبــەي» دەپ قــول قوشــتۇرۇپ تۇرىدىغــان قورچاقــلار كېــرەك ئىــدى، خــالاس.

يەنــە بىــر قانچــە ھەپتــە ۋە ئايــلار ئۆتتــى، بىــر كۈنــى بــۇ ئىككــى مەكتــەپ مۇدىــرى ئۇقتــۇرۇش تاپشــۇرۇۋالدى. ئۇقتۇرۇشــتا ئــۇلار ئۈچــۈن يېپىــق ســوت ئېچىلىدىغانلىقــى يېزىلغــان ئىــدى. ئۇلارنىــڭ ســوتىغا بىرنەچچــە ســوتچى، ســاقچى ۋە ئۆزلىرىدىــن باشــقا ھېچكىــم قاتناشــتۇرۇلمىدى. ئــۇلار ئۈچــۈن ئاقلىغۇچــى ئــادۋوكات تەكلىــپ قىلىشــقىمۇ رۇخســەت بېرىلمىــدى، ســوتچى ئالدىنئــالا بېكىتىلگــەن ھۆكۈمنامىنــى ئوقــۇپ ئۆتتــى: «خالمــۇرات غوپــۇر، تاشــپولات تېيىــپ ئىككىســى مەكتەپتىكــى مۇنبەردىــن پايدىلىنىــپ، ئوقۇغۇچىلارغــا ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىــپ بارغانلىقــى، كــۆپ قېتىــم چەتئەللەرگــە چىقىــپ ئىلمىــي زىيــارەت قىلىــش نامــى بىلــەن چەتئەللەردىكــى بۆلگۈنچىلــەر بىلــەن ئالاقــە باغــلاپ، يوشــۇرۇنچە بۆلگۈنچىلىــك قىلىــش ھەرىكىتــى بىلــەن شــۇغۇللىنىپ، جۇڭگونــى پارچىــلاپ، ئايرىــم دۆلــەت قۇرماقچــى بولغانلىقــى ئۈچــۈن، 2 يىــل كېچىكتــۈرۈپ، ئۆلــۈم جازاســىغا ھۆكــۈم قىلىنــدى».

# ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىمام

قەھرىمانلار يۇرتى بولغان ئاقتۇ ناھىيەسى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزگە قەدەم باسقاندىن بۇيان ھېچقاچان تىنچلىنىپ باقمىدى. 1990 - يىلى 4 - ئايدا پارتلاپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى چۆچۈتكەن بارىن قوزغىلىڭى ياققان ئىنقىلاب مەشئىلى بارىن خەلقىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار بۇ مەشئەلنى ھېچقاچان ۋە مەڭگۈ ئۆچۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن روھىي دۇنياسىنىڭ تۆرىدە لاۋۇلدىتىپ كەلدى. گەرچە بارىن قوزغىلىڭى باستۇرۇلۇپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان ھەر خىل سىياسىي كۈرەشلىرى، سىياسىي تازىلاش ۋە تۇتقۇن قىلىشلاردا خەلقنىڭ نورمال تۇرمۇشى ۋە ھاياتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، بىگۇناھ خەلققە ئىنتايىن ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ياشاش ئۈمىدىنى، ۋەتىنىگە بولغان ساداقىتىنى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى يوقىتالمىدى. رەھمەتلىك زەيدىن يۈسۈپنىڭ ئىز باسارلىرى ئۇنىڭ ئىنقىلابى ئىدىيەسى ۋە تەبلىغلىرىنىڭ ئەكس سادالىرىنى ئاقتۇنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بۈگۈنگىچە ياڭرىتىپ كەلدى. مۇشۇنداق ئىزباسارلارنىڭ بىرى - ئاقتۇ ناھىيە پىلال يېزا تازىلىق كەنت مەسچىتىنىڭ سابىق ئىمامى ئەبەيدۇللا ئاخۇنۇمدۇر.

ھىيلىگەر خىتاي كوممۇنىستلىرى 2016 - يىلدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سىياسىي تەتۈر قۇيۇن چىقىرىپ «بۆلگۈنچىلىك، تېررورلۇق ۋە ئىككى يۈزلىمىچىلىك»كە قارشى سىياسىي كۈرەشنى قانات يايدۇردى. بۇ سىياسىي كۈرەشتە ئۇلار تارىختىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى

قوروۋش تاكتىكىسى»نى ئىشقا سېلىپ، ئىككى يۈزلىمىچىلەرگە دائىر يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرنى، مەسىلە پاش قىلغۇچىلارنى، نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلاش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، خەلقنى بىر - بىرىنى پاش قىلىشقا كۈشكۈرتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭغا ئالدانغان نادان، ۋىجدانسىز ۋە ئىمانسىز كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە!

2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاقتۇ ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسى بىر يىپ ئۇچى تاپشۇرۇۋالدۇ. بۇ ئۇچۇر پىلال يېزىسى تازىلىق كەنتىدىن كەلگەن بولۇپ، بىر چېقىمچى مۇناپىق تازىلىق كەنت مەسچىتىنىڭ سابىق ئىمامى ئەبەيدۇللا ئىمام ئۈستىدىن پاش قىلىش ماتېرىيالى يوللىغان ئىدى. ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسى شۇ كۈنى كېچىسى تازىلىق كەنتىگە ساقچى ئەۋەتىپ، ئەبەيدۇللا ئىمامنى تۇتقۇن قىلدى. ئەتىسى ئۇلار تازىلىق كەنتىدە بىر مەيدان چوۋقان - سۈرەنگە تولغان «ئاممىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۇچۇق يىغىنى» ئاچتى. يىغىنغا تازىلىق كەنتىدىكى توققۇز يۈزدىن ئارتۇق كىشى مەجبۇرىي قاتناشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەبەيدۇللا ئىمام كەڭ خەلق ئالدىدا مۇنداق بەتناملار بىلەن سازايى قىلىندى: «ئىككى يۈزلىمىچى ئۇنسۇر ئەبەيدۇللا ئىمام دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ، پارتىيەنىڭ دىنىي ۋە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى چىققان، ئۇ باشقىلارنى ئېتىقادىدىن ۋاز كەچمەسلىككە، ھاراق - شاراب ئىچمەسلىككە، ناماز ئوقۇپ - روزا تۇتۇشقا دەۋەت قىلغان. كەنت كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىگە ئارىلىشىپ، دېھقانلارنى ھاشارغا تۇتۇپ، مەجبۇرىي ئىشلەتمەسلىككە تەۋسىيە قىلغان. ئۇ يەنە دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆت پەرزەنتلىك بولغان. ئۆز ئايالىنى تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرمىغانلىقى ئۈستىگە ياغلىق چىگىپ، ئۇزۇن كۆينەك كىيىشكە بۇيرۇغان. يەر ئاستى دىنى مەكتەپ ئېچىپ، باللارغا ئۆز ئۆيىدە مەخپىي دىنىي تەلىم - تەربىيە بەرگەن».

سازايى قىلىش مەيدانىغا ئەبەيدۇللا ئىمام پوت - قولىغا كويزا - كىشەن سېلىنىپ ئېلىپ چىقىلدى. ئامما ئالدىدا جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلاندى ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىن يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدا مۇنداق شوئارلار توۋلاندى: « يوقالسۇن ئەبەيدۇللا ئىمام! يوقالسۇن دىنىي خۇراپاتلىق، ئىككى يۈزلىمچىلەرنى يوقىتايلى! دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان ئەبەيدۇللا ئىمامغا ئېغىر جازا بېرەيلى! ئۇنىڭدىن ھەممە ئىبرەت ئالايلى! دىنى ئاشقۇنلۇققا قاتتىق زەربە بېرەيلى! دىن زەھەرلىك ئەپيۇندۇر!». شوئار توۋلاۋاتقان پارتىيە كادىرى كانىيى يىرتىلىپ كېتەي دېگۈچە ۋاقىرىغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ۋارقىرىمىدى. ھەممە ئادەم بېشىنى يەرگە قارىتىپ جىمجىت تۇراتتى. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بىر نېمىلەرنى دەۋاتقاندەك لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تولۇق بىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى: «بىز نېمە دەپ، بىر ئوبدان ئەھلى ئىلمى ئادەمنى شوئار توۋلاپ ئەيىبلەيمىز؟ ئۇ ئادەمنىڭ بىز كۆرگەن - بىلگەن ھېچ قانداق ئەيىبى يوق تۇرسا، ئۇ ئادەمدە نېمە گۇناھ بولسۇن ؟ بۇ مۆتىۋەر كىشى ئەزەلدىنلا ئېسىل ئادەم ئىدى. خەلققە ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدى. كىم ياردەمگە موھتاج بولسا، شۇنىڭغا ياردەم قىلدى. بىزنى كەيپ - ساپادىن توستى. ياخشى ئادەم بولۇڭلار! ئىبادىتىڭلارنى تاشلىماڭلار! يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاڭلار! ئۆز - ئارا ئۇرۇش - تالاش قىلماڭلار دەپ تەربىيە قىلاتتى. كەنتىمىزدىكى ئەڭ مۆتىۋەر ئادىمىمىز ئىدى. ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمىدى. بىركىمگە ئۇنلۈكرەك توۋلاپ گەپ قىلىپ باققانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز، ھەممە ئادەمگە ئىنتايىن يۇمشاق مۇئامىلە قىلاتتى. كەنت كادىرلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرمۇ، بۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى. ھەتتا كەنت كادىرلىرىمۇ بۇ زاتتىن ئەيمىنەتتى. ئۆزلىرى ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى بۇ زاتنى ئىشقا سېلىپ ھەل قىلاتتى. شۇڭلاشقا كەنتىمىزدە بەرىكەت، خاتىرجەملىك،

ھايات مەۋجۇت ئىدى. ئەمدى بولغاندا بىز نېمە دەپ، ئۇ زاتقا چاپلانغان تۆھمەتلەرگە: توغرا دەپ ئاۋاز قوشقىدەكمىز؟ ئۇ چاغدا بىز ئاللاھ ئالدىدا ئىككى يۈزلىمچى بولۇپ قالمامدۇق؟ قىيامەتتە يۈزىمىزنىڭ قارا قوپۇشىنى ھەرگىز خالىمايمىز! ئەي ئاللاھىم!بۇ مۆتىۋەر زاتنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! ئامىن!»

ئاممىنى ئاگاھلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ئىچىلغان، بۇ «سازايى قىلىش ئۇچۇق يىغىنى» ئىككى سائەتكە يېقىن داۋام قىلدى. ئاقىۋ ناھىيەلىك كومپارتىيە بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن چىققان پارتىيە كادىرلىرى خەلققە تەشۋىق قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن سۆز قىلدى ۋە دوكلات بەردى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى قىلغان سۆزىدە ئىككى يۈزلىمچىلىك ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇققا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدىغانلىقى، ئۇلارنى تولۇپ يىلتىزىدىن يوقىتىدىغانلىقىنى جار سالدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى دەۋاتقان شۇ پەيتتە، تومۇزدىكى كۈن نۇرىنىڭ تەپتىدىنمۇ قانداق، ئۇنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، قولاق ۋە بويۇن تەرىپىدىكى قارامتۇل تېرىسىغا ھېچ ماسلاشمىغان ئىدى. شۇ ھالەتتە ئۇ مەيداندىكى ئاممىغا ئىككى يۈزلىمچىنىڭ دەل ئۆزىدەك كۆرۈنۈۋاتاتتى.

يىغىن تۈگىگەنىدى. ئەبەيدۇللا ئىمام پۇت - قولى كىشەنلەنگەن، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈلگەن ھالەتتە ساقچى ماشىنىسىغا سېلىنىپ ئېلىپ كېتىلدى. ئەبەيدۇللا ئىمامغا قانداق جازا بېرىلگەنلىكى ھەققىدە خەلققە ھېچقانداق چۈشەنچە بېرىلمىگەچكە، ئامما ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ھەر خىل پەرەزلەر ۋە تەخمىنلەر ئوتتۇرىغا چىقتى: بىرسى، ھەي! ئەبەيدۇللا ئىمامنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلارمۇ؟ — دېسە، يەنە بىرسى: نېمىشقا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ ؟ بۇ ئادەم ياكى قاتىللىق قىلمىغان تۇرسا؟ — دەيتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى: مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى مۇمكىن؟ دېسە، يەنە بىرسى نېمىشقا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ؟

بۇ ئادەم تەشكىلات قورۇپ ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان قىلمىغان تۇرسا؟ ــ دەيتتى. يەنە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى: بۇ ئادەم تۈرمىگە سولىنىشى مۇمكىن؟ دېسە، يەنە بىرسى: «نېمىشقا تۈرمىگە سولىنىدۇ؟ تېخى سوت ئېچىلىپ، جىنايىتى بېكىتىلمىگەن تۇرسا؟!» دەيتتى. ئارىدىن بىرسى: «يېپىق تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن دېيىشىدى، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان بىر ئاقساقال ئادەم سۆزگە ئارىلىشىپ: نېمىشقا «يېپىق تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىپ كېتىلگۈدەك؟ ئۇ ئادەمنىڭ يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان تۇرسا، ئۇ يەردە نېمە ئۆگىنىدۇ؟ ــ دېدى.

كىمنىڭ پەرزىنىڭ توغرا چىقىشىنى ئېنىق بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى، ھازىر تۇتۇلۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ تۇتۇلۇش سەۋەبىنى سوراش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن ئادەم سەۋەبسىزلا تۇتۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. «دىنىي ئەسەبىي، ئىككى يۈزلىمچى، دىنىي ئاشقۇن، شۈبھىلىك، ئىدىيەسى چاتاق، ساداقەتسىز» دېگەنلەر ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلەردىن بولۇپ، «دىنىي ئاشقۇنلۇق»نىڭ 75 خىل ئىپادىسىدىكى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىشمۇ تۇتۇلۇشنىڭ سەۋەبى بولۇۋاتاتتى. تۇتۇلغانلار ئاۋۋال «يېپىق كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئاندىن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ۋە شۈبھىلىك دەرىجىسىگە قاراپ، ئېغىر ـ يېنىك قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، تۈرمىلەرگە يوللىناتتى. تۇتقانلارنىڭ تولىسى ئون يىللىقتىنلا كېسىۋېتىلگەن بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن جازاسىمۇ «بەش يىل ئالتە ئايلىق قاماق جازاسى» قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. تۇتۇلۇۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە دىن ئوقۇغان، ئەھلى ـ ئىلمى كىشىلەر ئەڭ ئېغىر جازالىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆلۈم جازاسى، كەينىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىۋاتاتتى.

ئەبەيدۇللا ئىمامىمۇ ھەممە تۇتقۇنلارغا ئوخشاشلا ئاۋۋال يىگىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش «يېپىق كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىپ كېلىندى. ھەممىدە باشقا بارلىق تۇتقۇنلارغا ئوخشاشلا ئۇمۇ

سوراققا تارتىلدى:
– نېمىشقا ساقال قويدۇڭ ؟
– ساقال قويۇش سۈننەت.
– نېمىشقا ناماز ئوقۇدۇڭ ؟
– ناماز ئوقۇش پەرز.
– نېمىشقا قۇرئان ئوقۇدۇڭ ؟
– مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن قۇرئان ئوقۇشۇم كېرەك.
– نېمە ئۇ مۇسۇلمان دېگەن!-دەپ قايناپ كەتتى سوراقچى،- بىزنىڭ بۇ يەردە «مۇسۇلمان» دەپ مىللەت يوق!
– « جۇڭخۇا مىللىتى » بار!-دەپ ۋاقىرىدى سوراقچىدىن يەنە بىرسى.
– « مۇسۇلمان» دېگەن مىللەت ئەمەس، ئىسلام دىنىنىڭ ئۈممەتلىرى يەنى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەتلەردۇر. ئۈممەتنىڭ ئىچىدە ھەر خىل مىللەت بولىدۇ. بىز ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئۈممەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. – دەپ سالماقلىق چۈشەندۈردى ئەبەيدۇللا ئىمام.
– تولا كاپشىما! «مۇسۇلمان، ئۇيغۇر» دېگەننى بىز ئېتىراپ قىلمايمىز. ئۇزاق قالماي ھەممىسىنى يوقىتىمىز! بۇ يەردە پەقەت «جۇڭخۇا مىللىتى» ياشايدۇ! – دېدى يەنە بىر سوراقچى.
– يوقىتالمايسىلەر! ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن، مۇستەقىل دۆلەتلەرنى قۇرغان، قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە، ئۆز ئالدىغا تارىخى، ئايرىم دىنى ۋە ئۆرپ – ئادىتى بار مىللەت. – دېدى ئەبەيدۇللا ئىماممۇ بوش كەلمەي.
– ھەي، يالغان گەپ قىلما! ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە باشقا يەردىن كۆچۈپ كەلگەن. شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگوغا تەۋە بولغان. ئۇ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. – دېدى يەنە بىرسى تىلىنى چايناپ،
– ئۇنداق ئەمەس! «شىنجاڭ» دېگەن ئىسىمنى 1884 – يىلى

چىنىڭ سۇلالىسى ياقۇپبەگ بەدۆلەت قۇرغان «قەشقەرىيە دۆلىتى»نى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغاندا قويۇۋالغان ئىسىم. «شىنجاڭ» دېگەننىڭ مەنىسى ــ يېڭى چېگرا، يېڭى زېمىن دېگەن بولىدۇ! ــ دەپ كەسكىن رەددىيە بەردى ئەبەيدۇللا ئىمام.

ــ تولا كاپشىما! ــ دەپ ۋارقىرىدى تىلى تۇتۇلۇپ قالغان سوراقچى يەنە گەپ تېپىپ بېرەلمەي، ــ بۇ سېنىڭ تارىخ سۆزلەيدىغان يېرىڭ ئەمەس! سېنىڭ ئۇنداق ھوقۇقۇڭ يوق!

ــ سەن ئۆزۈڭنىڭ جىنايىتىڭنى سۆزلە، ئىقرار قىل! ــ دەپ ۋارقىراشتى سوراقچىلار.

ــ مېنىڭ جىنايىتىم يوق! ــ دېدى ئەبەيدۇللا ئىمام قورقماستىن.

ــ ھەي، سەن نېمە دەپ كەنت كادىرلىرىنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئارىلاشتىڭ؟ دېھقانلارنى ھاشارغا تۇتماڭلار دەپسەنغۇ؟ ــ دېدى سوراقچى ــ بۇ يالغانمۇ ؟

ــ ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرى مېنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇردى. دېھقانلار ھاشارغا بېرىشنى رەت قىلىپتىكەن، مېنى چاقىرىپ تەربىيە قىلىپ بەرسىلە! ــ دېيىشتى. مەنچىمۇ دېھقانلارنى ھەقسىز ئىشلىتىش توغرا بولمىغاچقا، دېھقانلارنىڭ قىلغان ئىشىنى توغرا دېدىم. كەنت كادىرلىرىغا سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلىشنى تەكلىپ قىلدىم. ــ دېدى ئىمام بوش كەلمەي،

شۇ كۈنى كۈندۈزى باشلانغان سوراق كېچىچە داۋاملاشتى. سوراقچىلار ئەبەيدۇللا ئىمامنى ئىقرار قىلدۇرالمىغاندىن كېيىن، ھەر خىل كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇپ، يۈز - كۆزىنى يېغىر قىلىۋەتتى. توك كالتىكى يېقىلغاندا بولسا ئىمام ھوشىدىن كەتكەن ئىدى. ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىپ، ھوشىغا كەلتۈرۈپ پۇت - قولىدىن سۆرىگەنچە ئېلىپ چىقىپ، بىر كامېرغا ئەكىرىپ سولىۋەتتى. ئىمام تاياق زەربىسىدىن ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ، ئەس - ھوشى يەنىلا جايىدا ئىدى. تۇتقۇنلار بۇ

ئاقساقال مويسىپىتنىڭ ھالىغا ئىچىنغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا يـاردەم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئـۇ ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن كالپۇكلىرى يېرىلىپ، تىلى قـۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئـۇ: «سـۇ، سـۇ، مـاڭا سـۇ بېرىڭلار!» دەپ بـوش ئـاۋازدا ئىڭراۋاتاتتى. تۇتقۇنلاردىن بىرسى ئۇنىڭغا كامېر ھاجەتخانىسىغا سۇ ماڭدۇرىدىغان كىچىككىنە جۈمەكنى كۆرسىتىپ قويۇپ، «دۆلەت مارشى» ئېيتىشقا چىقىپ كېتىشتى. ئىمام تەسلىكتە ئۆمىلەپ بېرىپ، جۈمەكتىن ئازراق سۇ چۇشۇرۇپ ئىچىۋالدى. ئەمما قولى تىخچە ئاغرىۋاتقاچقا، جۈمەكنى تەتۈر تولغاپ قويۇپ، جۈمەك چوڭ ئېچىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن چاچرىغان سۇ يـۈز - كۆزلىرىنى ھـۆل قىلىۋەتتى. شـۇ ئارىدا كامېردىكى كۆزىتىش كامېراسىدىن بۇنى كـۆرۈپ قالغان نازارەتچى گۇندىپاي يۈگـۈرۈپ كىرىپ، ئۇنى تارتىشتۇرۇپ:

— ھەي، سەن بـۇ يەردە تـەرەت ئېلىپ نامـاز ئوقۇماقچى بولدۇڭمۇ؟ بـۇ يەردە نامـاز ئوقۇشنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ — دەپ، كالتەك بىلەن تـۆت - بەشنى ئۇرىۋەتتى. ئىمام يەنە ھوشىدىن كەتتى. ئـۇ ھوشسىز ھالدا قانچىلىك ۋاقىت ياتتىكىن بىلەلمىدى. بىر ۋاقىتتا بىرسىنىڭ: «قوپسىلا ئاخۇنۇم، ھازىر چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولدى. بۈگۈن جۈمە كۈنى بولغاچقا چۈشتە گۆشلۈك تاماق بېرىدۇ» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، كامېردىكى باشقا يىگىرمىدەك مەھبۇس ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشاتتى. ھەممىسى قوللىرىدا بىر تالدىن سولياۋ تاماق قاچىسى كۆتۈرىۋالدىغان بولۇپ، ئېزىپ قىلىپ، ئاچ قالغاندىن كېيىن، مەنزىلىنى ئاخىرى تېپىۋالغان يولۇچىلاردەك كۆزلىرى تـۆت بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھەممىسىلا بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بولۇپ، ئىمامنىڭ كۆزىگە خـۇددى ئەرۋاھلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئىمام يەنىلا قاتتىق ئۇسسۇز بولغاچقا: «سـۇ، ماڭا سـۇ بېرىڭلار» دېدى. ياشانغان بىر مەھبۇس ئېغىز ئېچىپ:

— ئاخۇنۇم بۇ كامېردا تاماقتىن بۇرۇن سۇ ئىچىشكە بولمايدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇگۈن جۈمە كۈنى بولغاچقا، جۈمەكتە سۇ يوق، سىرتتىن ئېتىۋېتىلگەن. بۇ بىزنىڭ جۈمە نامىزىغا تەرەت ئېلىۋالماسلىقىمىز ئۈچۈندۇر. — دېدى. شۇندىلا ئىمامنىڭ بۈگۈن جۈمە ئىكەنلىكى ئېسىگە كەلدى - دە، ئۇ ئىچىدە:«بۈگۈن جۈمە كۈنى ئىكەن. ئەمما، سۇ بولمىغاچقا تەرەت ئالالمايدىكەنمەن. بەلكىم تەييامۇم قىلىپ، نامازنى ئوقۇۋالارمەن» - دەپ ئويلىدى. ئەمما، ئۇنىڭغىمۇ رۇخسەت يوق ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلمەيتتى.

جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كامېر ئىشىكىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى يوچۇق ئېچىلدى - دە، تۇتقۇنلار قاتار تۇرۇشۇپ، قاچىلىرىنى تۇتتۇشتى. ھەممىسىگە بىر قاچىدىن گۆشلۈك شورپا، بىر تالدىن مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى ھورنان بېرىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئەبەيدۇللا ئىمامغىمۇ بىر قاچا شورپا، بىر تال ھورنان بېرىلدى. تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى بىردەمدىلا شورپىلارنى شالاپشىتىپ ئىچىپ، قاچىلىرىنى قۇرۇقداپ قويۇشتى. ئەبەيدۇللا ئىمام تېخىچە تاماققا ئېغىز تەگمىگەن ئىدى. بۇنى كۆرگەن ياشانغان مەھبۇس:

— ئاخۇنۇم ئىچسىلە، نېمىشقا ئىچمەيلا ؟ ئەگەر كىمدە — كىم بۇ شورپىنى ئىچمەيدىكەن، ئۇ كۈنگىچە تاماق بېرىلمەيدۇ، ئاشلىقتىن ئۈلۈشىنىڭ ئورنى بارمۇ؟ — دېدى.

— بۇ گۆش — نېمە گۆشى؟ بەكلا مايلىق تۇرىدۇ. پۇرىقىمۇ غەلىتە — دېدى ئۇنىڭغا قاراپ ئىمام.

— بۇ توڭگۇز گۆشى، ئاخۇنۇم. ئەمما، بىزنىڭ بۇ نېمە گۆشى — دەپ سوراش ھەققىمىز يوق! ئۇنداق سوراش — ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. — دېدى كۆڭلىدە ئازابلانغاندەك بولۇپ، شۇ ئەسنادا، بۇ ئەھۋالنى كامېرادىن كۆرۈپ تۇرغان كۆزەتچى گۇندىپايلار كامېرغا كىرىپ، ئىمامغا قاراپ:

— نېمىشقا تاماق يېمىدىڭ ؟ — دەپ سورىدى ۋارقىراپ.

— مەن توڭگۇز گۆشى يېمەيمەن. ماڭا مۇسۇلمانچە — ھالال تاماق بېرىڭلار! — دېدى ئىمام.

ــ ھــەي، ســەن جاھىل ــ ئەســەبىي ئۇنسۇر بىلىپ قـوي! بۇ يەردە مۇســۇلمان ــ مۇســۇلمانچىلىق، ھــالال تامــاق دېگــەن نەرســە مەۋجــۇت ئەمــەس. بۇنــى يېمىســەڭ ســاڭا ئــۈچ كۈنگىچــە تامــاق بېرىلمەيــدۇ! ــ دەپ قاچىدىكــى شــورپىنى ھاجەتخانــا تۆشــۈكىگە تۆكۈۋېتىــپ، ئىمامنــى دۈشــكەللەپ ھەيدىگەنچــە يەنــە ســوراقخانىغا ئېلىــپ چىقىــپ كەتتــى. سوراقچىلار ئىمامنــى يولــۋاس ئورۇندۇققــا ئولتۇرغــۇزۇپ، پــۇت ــ قولىنــى ئۇنىــڭ ئىككــى يــان تەرىپىگــە چېتىــپ ــ باغــلاپ، ســوراقنى باشــلىدى:

ــ نېمىشقا شورپىنى ئىچمىدىڭ ؟

ــ ئۇنىڭغا توڭگۇز گۆشى سېلىنغان ئىكەن.

ــ توڭگۇز گۆشىنى نېمىشقا يېمەيسەن ؟

ــ مۇســۇلمانلارغا توڭگــۇز گۆشــى يېيىــش ــ ھــارام قىلىنغــان. مــاڭا ھــالال تامــاق بېرىشــىڭلار كېرەك!

ــ نېمــە ئــۇ «ھــالال، ھــارام» دېگەن. بىــز «ھــالال، ھارام»دېگەننى ئېتىــراپ قىلمايمىــز. ســەن، بىــز نېمــە بەرســەك، شــۇنى يېيىشــىڭ كېرەك! ھالالمــۇ ــ ھاراممۇ؟ دەپ ســوراش ھوقۇقۇڭمــۇ يــوق !

ــ مېنىــڭ ھوقۇقــۇم بولمىغــان بىلــەن ئىمانىــم بــار. ئەگــەر مــەن توڭگــۇز گۆشــىنى يېســەم ــ ئىمانىمنــى يوقاتقــان بولىمــەن.

ــ كاپىشـــىما! ــ دەپ ۋارقىــراپ كەتتــى ســوراقچى باشــلىقى ۋە يېنىدىكــى ياردەمچىلىرىگــە قــاراپ:

ــ بۇنىــڭ ئەدىپىنــى بېرىــپ قويــۇڭلار! ـ دەپ بۇيــرۇق چۈشــۈردى. شــۇ ھامــان ئۇنىــڭ ئىككــى يالاقچىســى يوپۇرۇلــۇپ كېلىــپ، كالتــەك بىلــەن ئىمامنــى يەتتــە ـ سەككىزنى ئــۇرۇپ، ئۇنىــڭ بــاش ـ كۆزلىرىنــى يېرىۋەتتى. ئىمــام ھوشــىدىن كەتكــەن ئىــدى. ســوراقچىلار ئۇنىــڭ يۈزىگــە بىــر چېلــەك ســوغۇق ســۇ چېچىــپ، ھوشــىغا كەلتــۈرۈپ ۋە مەجبۇرىــي يۆلــەپ تۇرغــۇزۇپ، كامېرغــا ئېلىــپ چىقىــپ، داق يەرگــىلا تاشــلاپ قويــۇپ چىقىــپ كېتىشــتى. قانچىلىــك ۋاقىــت ئۆتكەنلىكىــن، بىــر ۋاقىتتــا ئــۇ كۆزىنــى ئېچىــپ قارىغــان ئىــدى. كامېردا يىگىرمىــدەك مەھبــۇس ئۇنىڭغــا قــاراپ تۇرۇشــاتتى. ئۇنىــڭ لەۋلىرىنىــڭ قــۇرۇپ، گــەز

322

باغلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ياشانغان مەھبۇس ئۆزىنىڭ سولياۋ قاچىسىغا ئازراق سۇ ئېلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئىمام بىر ئاز ماغدۇرىغا كىرگەندەك بولدى. ئەمما، يەنىلا ئورنىدىن تۇرالمىدى. چۈنكى، ئۇ ئۈچ كۈندىن بۇيان بىر قوشۇق لوقما ئاغزىغا سالمىغان ئىدى.

يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدىن چىققان سىگنال ئاۋازىدىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، تۇتقۇنلار يۈگۈرۈشۈپ سىرتقا مېڭىشتى. ئەبەيدۇللا ئىمام ماڭالمىغاچقا، ئۇلار بىلەن چىقالمىدى. ئۇ ئاغرىۋاتقان يۈز - كۆزىنى سىلاپ ئولتۇراتتى. ھايال ئۆتمەيلا ئىككى گۇندىپاي كىرىپ:

— سەن نېمىشقا چىقمايسەن قېرى ئەبلەخ، سەن تېخى تەييامۇم قىلىپ نامازا ئوقۇماقچى بولدۇڭمۇ ؟ — دەپ كالتەك بىلەن بەش — ئالتىنى ئۇرىۋەتتى. ئىمام يەنە ھوشىدىن كەتتى. گۇندىپايلار يەنە ئۇنىڭ باش — كۆزىگە سوغۇق سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپ، لاگېر ئىشخانىسىغا ئېلىپ چىقىپ، باشلىقىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلدى.

— ئەبلەخ! — دەپ ۋارقىرىدى پاكىنەك، چوشقىدەك سەمرىپ كەتكەن كامىر باشلىقى، — سەن ئەسەبىي دىنىي ئۇنسۇر، ئۆزگەرمەس جاھىل تېررورچى، سەن ھازىرغىچە بىز بىلەن قارشىلىشىپ كەلدىڭ، جىنايىتىڭنى ئىقرار قىلمىدىڭ، ساڭا ئەڭ ئېغىر جازا بېرىلىشى كېرەك! ساڭا بىز پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ قويىمىز! — دەپ گۇندىپايلارغا بۇيرۇق قىلدى: — ئېلىپ مېڭىڭلار! ئۇنى ۋىلايەتلىك بىرىنچى تۈرمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار ! مانا بۇ ئۇنىڭ ماتېرىيالى، ئۇ يەردىن ئۇنىڭ ئۆلۈكى چىقسا — چىقىدۇكى، تىرىكى چىقمايدۇ! — دەپ بىرمۇنچە قەغەز — ھۆججەتلەرنى گۇندىپايلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

تۆت گۇندىپاي ئەبەيدۇللا ئىمامنى يالاپ، ساقچى ماشىنىسىغا سېلىپ، ۋىلايەتكە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا كۈن قىيام بولغان بولۇپ، يەر شارىغا روبىرو ھالەتتە تىكىلىپ تۇرۇۋاتقان

كـۈن نـۇرى كۈچلـۈك ھـارارەت تارقىتـىپ: «ئاللاھنىـڭ كارامىتىنـى كۆرۈشـۈڭلار، مـەن ھازىـر بەندىگـە نىمـەت، مـەن نىئمىتىـم بىلـەن تەبىئـەت دۇنياسـىنى ياشـنىتىپ، ھاياتلىقـڭلار ئۈچـۈن ھـەر خىـل نازۇ - نېمەتلەرنـى ئاتـا قىلىۋاتىمـەن. تاتلىق مېـۋە - چېۋىلەرنى ھوزۇرۇڭلارغا سـۇنۇپ، ئۇنىـڭ شـىرنىلىرىدىن تەنلىرىڭلارنـى ھوزۇرلاندۇرىۋاتىمـەن. مـۇزلاپ كەتكـەن تەنلىرىڭلەرگـە كۆرۈنمـەس رادىياتسىيە تامچىلىرىـم بىلـەن كـۈچ - قـۇۋۋەت بېرىۋاتىمـەن. ئۇنىـڭ ئۈچـۈن ئاللاھقا شـۈكرى ئېيتىشـىڭلار كېـرەك! بولمىسا، مـەن بىـر كۈنـى تەتۈرىسـىگە - غەربتىـن چىقىمـەن - دە، ئۈسـتۈڭلەرگە قىيامـەت - قايىـم ياغىـدۇ. ئـۇ چاغـدا پۇشـايمان قىلسـاڭلارمۇ ئۈلگۈرمەيـدۇ!» دەۋاتقانـدەك قىلاتتـى.

سـاقچى ماشىنىسـى قىسـقا، قىسـقا ئىككـى قېتىـم توختىغاندىـن كېيىـن، ئەبەيدۇلـلا ئىمامنـى ماشـىنىدىن چۈشـۈرۈپ، بىـر كامېرنىـڭ ئالدىـدا توختىتىـپ، بىشـىدىكى قـارا قـارا خالتىنـى ئېلىۋېتىـپ، ئىشـىكىگە «105 - نومـۇر» دەپ يېزىلغـان كامېرغا سـولاپ قويۇشـتى. ئەبەيدۇلـلا ئىمـام كامېرغـا كىرىپـلا چۆچـۈپ كەتتـى. كامېـردا چـاچ - سـاقاللىرى ئاقارغـان، ئورۇقـلاپ ئەرۋاھتـەك بولـۇپ كەتكـەن تـۆت مەھبـۇس تۇراتتـى. ئۇلارنىـڭ پـۇت - قولـى زەنجىـر بىلـەن بىـر - بىرسـىگە چېتىـپ باغـلاپ قويۇلغـان ئىـدى. ئەممـا، ئۇلارنىـڭ روھـى كەيپىياتـى «كەسـپى قايتـا تەربىيەلـەش لاگېرى»دىكىلەرگـە قارىغانـدا ئۈسـتۈن بولـۇپ، توختىمـاي دۇرۇت ئوقـۇپ، ئـۆز - ئـارا گەپلىشـىپ، خـۇددى بىـر - بىرسـى بىلـەن خوشلىشـىۋاتقاندەك ئـۆز - ئـارا كەچـۈرۈم تىلىشـىپ، پـات - پـات قۇچاقلىشـىپ قوياتتـى. ئوتتۇرىدىكـى بىـر ئۈسـتەلدە پولـۇ، لەڭمـەن، مانتـا - سامسا دېگەنـدەك ھـەر خىـل تاماقلار تۇراتتـى.

— خـۇش كەلدىـڭ ؟ بـۇرادەر. — دەپ ئېغىـز ئاچتـى ئـۇزۇن سـاقاللىق بىرسـى، — بىزگـە قـاراپ ھەيـران قېلىۋاتامسـەن نېمـە؟ ھەيـران قالغۇچىلىكـى يـوق، بـۇ ئادالەتسـىز دۇنيـادا بولـۇپ تۇرىدىغـان ئىشـلار ! ئەممـا، بىـز ئـۇزاق قالمـاي ئادالـەت دۇنياسـىغا سـەپەر قىلىمىـز!

ئۇ يەردە بىز ئەبەدىي خاتىرجەملىككە ئىگە بولىمىز! شۇڭا، بىز بۇ زالىملارنىڭ ئوقلىرىدىن قورقۇپ قالمايمىز! ئۇلارنىڭ ئوقلىرى بىز ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر!

— چۈشەنمەيۋاتامسەن؟ — دېدى كەكە ساقاللىق يەنە بىرسى ئۇنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغىنىغا قاراپ، — بىزنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشتى. بەلكى ئەتە — ئۆگۈن ئىجرا قىلىشى مۇمكىن. نېمىشقا بىر نەچچە كۈن ئارقىغا سوزۇلغانلىقىنى بىلەلمىدۇق. بىز بۇنىڭغا تەييارلىقتا ئىدۇق، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئىجرا قىلسىمۇ ياخشى بولاتتى! بىز بالدۇرراق ھەقتا — ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ، بۇ دۇنيادا قىلغان — ئەتكەنلىرىمىزنىڭ ھېسابىنى بېرىپ، پاكلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھۆر — پەرىلەرگە قوشۇلۇپ، ئەبەدىي ئۆلمەس ھاياتقا قەدەم قويىمىز.

— بىزنى ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ساراڭلارمىكىن دەپ قالما!

— دېدى بىر بومبۇر ساقال، كۆزىدىن باشقا يېرىنى تۈك قاپلاپ كەتكەن بىرسى، — ئىنسانغا ئۆلۈم بىر قېتىم كېلىدۇ. ھېچكىم ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەمما، ئۆلۈمنىڭمۇ پەرقى بولىدۇ! ئىنسان ئۆز ئېتىقادى ئۈچۈن، ۋەتەن — مىللىتى ئۈچۈن ئۆلگەندىلا بۇ ئۆلۈم شەرەپلىك بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇ دۇنيادىكى مۇكاپاتى كاتتا بولىدۇ. شۇڭا، مەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىمدىن قىلچىلىك پۇشايمان قىلمايمەن.

— بىزنى ئۆلىدۇ، تۈگەيدۇ دەپ ئويلاپ قالما! — دېدى، — ياشراق چار ساقال بىرسى، — بىزنىڭ تېنىمىز ئۆلىدۇ ئەمما، روھىمىز ئۆلمەيدۇ! ئۆز ئېتىقادى يولىدا ئۆلگەن كىشى شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. شېھىتلەر «ئۆلدى» دەپ ھېسابلانمايدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تىرىكتۇر! «شېھىتلىك» ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولمايدۇ. پەقەت ئاللاھ ياخشى كۆرگەن ئادەملەرگىلا نېسىپ بولىدۇ. شۇڭا، مەن بۇ «شېھىتلىك شارابى»نى بالدۇرراق ئىچىشنى خالايمەن.

ئەبەيدۇللا ئىمام تەستە ئېغىز ئېچىپ: ــ بەرھەق، بەرھەق! ھەممىڭلارنىڭ گېپى توغرا! مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە جەننەتتە بولۇشنى خالايمەن. ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان، باياملقى ئەك باشتا گەپ باشلىغان مەھبۇس سۆز ئېچىپ: ــ سىزنىمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلارمۇ؟ سەن نېمە ئىش قىلاتتىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ مەن دەسلەپتە، كەنتىمىزدە ئىماملىق قىلغان ئىدىم، كېيىن «ھۆكۈمەتكە ماسلاشمىدى» دېگەن باھانە بىلەن ئىماملىقتىن ئېلىۋەتكەن ئىدى. بۇ قېتىم مېنى «دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇر» دەپ تۇتۇپ كەلدى. ــ دېدى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

ــ ئۇنداق بولسا، سىزنىمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. ــ دېدى ھېلىقى كەكە ساقاللىق كىشى سۆز ئېلىپ، ــ چۈنكى، خىتاي ھۆكۈمىتى بىر دىن دۈشمىنى ھۆكۈمەتتۇر. ئۇلار دىن ئەھلىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىش ئارقىلىق ــ خەلقىمىزنى دىنسىزلاشتۇرۇپ ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقاتماقچى. ــ دېدى ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ــ توغرا! ــ دەپ كەكە ساقالنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ سۆز باشلىدى بومبۇر ساقاللىق كىشى، ــ مەنمۇ مەھەللىمىزدىكى مەسچىتكە ئىمام ئىدىم، ھېچقانداق گۇناھىم بولمىسىمۇ، «ئون يىل بۇرۇن يەر يەر ئاستى قۇرئان كۇرسى» ئاچقان دېگەن باھانە بىلەن تۇتقۇن قىلغان ئىدى. مانا ئەمدى: «ئىقرار قىلمىدىڭ، ئۆزلۈكىڭدىن مەسىلە پاش قىلمىدىڭ، قارشىلىق قىلدىڭ» دېگەن سەۋەب بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشتى.

ــ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ئاكا! ــ دەپ، سۆزگە ئارىلاشتى ھېلىقى چار ساقال، ياشراق مەھبۇس، ــ ھەممىمىز بىر تەقدىرداش ئىنسانلار، بىر يولدا ماڭغۇچىلارمىز! بىز ھەق يولدا چىڭ تۇرغۇچىلارنىڭ بۇ دۇنيادا يېرى يوقتۇر. شۇڭا بىز پانىي ئالەمدىن ــ باقىي ئالەمگە كەتكىنىمىز تۈزۈكتۇر، ئامىن!

ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرى ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، كەچ كىرگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ — تۇيماي قېلىشتى. كەچ بولغاندا ئىمام مەھبۇسلارنىڭ زورلىشى بىلەن تىزىپ قويۇلغان تاماقلاردىن ئازراقتىن تېتىپ قويدى. باشقىلارمۇ بىر — ئىككى كاپامدىن يەپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن كۆزى — قارنى توق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار، ئۆلۈم ئالدىدا بېرىلگەن بۇ تاماقلارنى «ساختا خەيرخاھلىق» دەپ چۈشىنەتتى. ئۇلار دۈشمەننىڭ ساختىلىقلىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ كەلگەن كىشىلەر بولغاچقا، تاماق يېمەسلىكنىمۇ ئۇلارغا بولغان بىر قارشىلىق دەپ بىلەتتى. نېمىشقىدۇر ئۇلارغا بۈگۈن ھېچقانداق چەكلىمە قويۇلمىغان ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە جامائەت بولۇپ، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى بىرلىكتە ئوقۇشتى. ئۇلار بىر نەچچە كۈندىلا ئارىسىدا قىل سىغمايدىغان تەقدىرداشلاردىن بولۇپ قالغانىدى.

ئەبەيدۇللا ئىمام ھەممىدىن بۇرۇن ئۇخلاپ قالغان ئىدى. بىر ۋاقىتتا قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتتى: تۆت يوغان ئەجدىھا كامېردىكى تۆت مەھبۇسقا ئېتىلىپ كېلىپ، ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ «سەنلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن» دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۆز جايىدا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولدى. ئۇلارنى ئويغىتىپمۇ يۈرمىدى. تەييامۇم قىلىپ ئىككى رەكەت تەھەججۇت نامىزى ئوقۇۋالدى. ئاندىن كېيىن ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى. تاڭ سۈزۈلەي دەۋاتقاندەك قىلاتتى، بىر ۋاقىتتا دەھشەت يۇقىرى ئاۋازلىق سىگنال چېلىنىپ، كامېر ئەتراپى ماشىنىلاردىن چىققان سانسىزلىغان چىراغ نۇرىدا يورۇپ كەتتى. يىگىرمىدەك ساقچى ۋە ئەسكەر ماشىنىسى سىگناللىرىنى يۇقىرى دەرىجىدە ئېچىۋېتىپ، ھۇقۇيتقىنىچە تۈرمە ھويلىسىغا كىرىپ كېلىشتى. تولۇق قورااللانغان بىرەر يۈزدەك ساقچى ۋە ئەسكەرلەر ماشىنىلىرىدىن چۈشۈشۈپ كامېرغا قاراپ كېلىشتى. نۆۋەتچى گۇندىپايلارنىڭ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشى بىلەن ساقچى — ئەسكەرلەر تۆت مەھبۇسنى بېشىغا قارا خالتا

كەيــدۈرۈپ، تىلىنــى قىــل ســىم بىلــەن باغــلاپ ئېلىــپ مېڭىشــتى. ئەبەيدۇلــلا ئىمـام ئـۇلار بىلـەن كـۆز ئىشارىسـى بىلەنـلا خوشلىشـىۋالدى. ئـۇلار بىلـەن گەپلىشـىپ: «خەيـر ــ خـوش، سـىلەر بىلـەن جەننەتتـە كۆرۈشـۈمىز!» دېگۈسـى بـار ئىـدى. ئەممـا ئۇنـداق دېيەلمـىدى. قاتىلـلار ئۇلارغــا خــۇددى غالجىــر ئىتتــەك يېپىشىۋېلىشــقان ئىــدى. ئۇلار تــاڭ سۈزۈلمەســتىلا شــەھەر ســىرتىغا ئاپىرىلىــپ ئېتىۋېتىلــدى.

ئەبەيدۇلــلا ئىمــام كامېــردا يالغــۇز قالــدى. ئــۇ ئېتىۋېتىلگــەن كامېرداشـلىرى ئۈچـۈن دۇئـا قىلـدى. بىـر نەچچـە پـارە قۇرئـان ئوقـۇدى. بىـر چاغـدا ئىككـى گۇندىپـاي كىرىـپ، ئۇنـى يـالاپ تۈرمە ئىشخانىسـىغا ئېلىــپ چىقتــى. ئىشـخانىنىڭ ئوتتۇرىســىدا دەپ ئــۈچ كىشــى تۇراتتــى. ئۇلارنىــڭ ئارىســىدىكى ياشـقا چوڭـراق بىرسـى: بىـز ۋىلايەتلىـك ئوتتـۇرا سـوتتىن كەلـدۇق، مانـا بـۇ سـېنىڭ ھۆكۈمنامـەڭ. ــ دەپ بىـر پارچـە تامغىلىـق قەغەزنـى ئىمامغـا تۇتقـۇزۇپ قويدى. ئىمـام قەغەزنـى ئېلىـپ بىـر قـۇر كـۆز يۈگۈرتـۈپ چىقتـى. ئۇنىڭـدا: «دىنىـي ئەسـەبىي ئۇنسـۇر ئەبەيدۇلـلا ئىمـام قانۇنسـىز دىنىـي پائالىيـەت بىلـەن شـۇغۇللانغانلىقى، كەنــت كادىرلىرىنىــڭ باشقۇرۇشــىغا ئارىلىشــىپ، ھۆكۈمەتنــى كۆزگــە ئىلمىغانلىقـى، پاكىـت ئالدىـدا جىنايىتىنـى ئېتىـراپ قىلمـاي، قارشـىلىق قىلىــپ تــوۋا قىلمىغانلىقــى، جاھىللىــق قىلىــپ، گۇندىپــاي - ســاقچىلار بىلــەن قارشىلاشــقانلىقى ئۈچــۈن ئۆلــۈم جازاســىغا ھۆكــۈم قىلىنــدى» دېيىلگــەن ئىــدى.

# قوشماق تۇغقاننىڭ قوش ۋەزىپىسى

گۈلنار بۈگۈن ئىشتىن چۈشۈپ، ئۇدۇل ئۆيىگە بارماستىن سودا سېتىق قىلغىلى بازارغا ماڭدى. چۈنكى، بۈگۈن يەكشەنبە كۈنى بولغاچقا قوشماق تۇغقانلىرى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلارنى ياخشى كۈتىۋالمىسا بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ بازاردىن ھەرخىل كۆكتات، مېۋە ــ چېۋە، گۆش ــ ياغ دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋالدى. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك ئىشتىن ھېرىپ كەلگەن گۈلنار سودىلىق قىلىپ سېتىۋالغان نەرسىلەرنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. گۈلنارنىڭ ئېرى بىر يىل بۇرۇن «يانفوندا قىرائەت ئاڭلىغان» دېگەن باھانە بىلەن ئاتالمىش «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېيىلگەن لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن بېرى گۈلنارغا ئىككى بالىسىنى ئۆزى يالغۇز بېقىشتىن سىرت سودا ــ سېتىق ئىشلىرىنىمۇ ئۆزى قىلىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن ئىدى. چوڭ بالىسىنى مەكتەپتىن، كىچىك بالىسىنى يەسلىدىن ئۆزى ئېلىپ كېلەتتى. گۈلنار ئىشىكتىن كىرىپ ئەمدى نەرسىلەرنى قويۇپ تۇرۇشىغىلا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى:

ــ ۋەي! مەن گۈلنار، سىز كىم؟

ــ مەن ئەتىرگۈل كوچىسى مەھەللە كومىتېتىدىن ياڭ مۇدىر بولىمەن.

ــ ھە شۇنداقمۇ؟ بىر ئورۇنلاشتۇرۇش بارمىدى؟

ــ ھەئە، بىلىسەنغۇ دەيمەن! بۈگۈن ئۆيۈڭگە قوشماق تۇغقىنىڭلار كېلىدۇ. ئۇنى ياخشى كۈتۈۋېلىشىڭ كېرەك!

ــ ھەئە. بىلىمەن ياڭ مۇدىر! مەن ئۇنى كۆتۈۋېلىشقا تەييار! زىياپەت قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل نەرسىلەرنى سېتىۋالدىم. مانا ھازىر كېلىشىم.

ــ ناھايىتى ياخشى! ۋەزىپەڭنى ياخشى تونۇپ، قوشماق تۇغقىنىڭنى ياخشى كۆتۈۋېلىشىڭ كېرەك!

ــ بولىدۇ ياڭ مۇدىر!

ئۇ قولىدىكى نەرسىلەرنى قويۇپلا بالىلىرىنى ئەكېلىش ئۈچۈن، ئالدىراش سىرتقا ماڭدى. ھېلىمۇ ياخشى مەكتەپ بىلەن يەسلىنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس بولۇپ، بەزى كۈنلىرى گۈلنارنىڭ ئۇن بىر ياشقا كىرىپ قالغان قىزى ئەقىدە ئۇكىسى ئەنۋەرنى ئۆزى يەسلىدىن ئېلىپ كېلەتتى. گۈلنار ئۆيدىن چىقىپ يۇز قەدەممۇ ماڭمايلا ئۇكىسىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ئەقىدە بىلەن ئۇچراشتى ۋە بالىلىرى بىلەن ئۆيگە قايتىپ كىردى.

گۈلنار ئۆيگە كىرىپلا بالىلىرىغا سۇ ــ شاكىلاتلارنى بەردى ۋە ئوغلى ئەنۋەرگە ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناپ، غەلۋە قىلماسلىقنى تاپىلاپ قويۇپ، تاماق قىلىش ئۈچۈن كۆكتاتلارنى ئاقلاپ، ئىككى قولنى تۆت قىلىپ دېگۈدەك جىددىي تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى. چۈنكى، قوشماق تۇغقاننى ھەرخىل قورۇما ۋە تاماقلار بىلەن كۈتۈۋېلىشى كېرەك ئىدى. دەرۋەقە، سائەت ئەمدىلا ئالتىدىن ئېشىشىغىلا ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىندى. گۈلنار يۈگۈرۈپ بېرىپ كۈنۈپكىنى بېسىۋەتكەندىن كېيىن ئىشىكنى ئېچىپ، قوشماق تۇغقىنىنى ئۆيگە باشلاش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، چىرايىغا مەجبۇرى كۈلكە يۈگۈرتۈپ، تەكەللۇپ بىلەن قول قورۇشتۇرۇپ تۇردى. بۇ مەھەللە كومىتېتى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان «قوشماق تۇغقانچىلىق» قائىدىلىرىدىن بىرى ئىدى.

ــ ياخشىمۇسەن! ــ دېگەن بوغۇق ئاۋازدىن جىددىيلىشىپ كەتكەن گۈلنار چىرايىغا مەجبۇرى كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ــ ياخشىمۇسىز! ــ دەپ جاۋاب قايتۇردى.

لى ئارتۇق تەكەللۇپ قىلماستىنلا ئىتتىك قەدەم ئېلىپ ئۆيگە كىردى ۋە ئەقىدە بىلەن ئەنۋەرنى كۆرۈپ، چىشىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ: «ياخشىمۇ، ياخشىمۇ؟» دەپ، ھىجايغاچ سافاغا كېلىپ ئولتۇردى.

گۈلنار لى غا ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان چاينى قۇيۇپ بېرىپ:

― چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇڭ لى ئەپەندى! مەن سىزگە تاماق قىلاي! ― دەپ تەكەللۇپ قىلىپ قويۇپ، ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. لى بولسا چاينى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى ― دە، مېھمانخانا ئۆيگە خۇددى بىر پايلاقچىدەك قاراشقا باشلىدى: ئاددىي سەرامجانلاشتۇرۇلغان مېھمانخانىدا ئىككى سافا ۋە بىر ئۇستەلدىن باشقا ئوڭ تەرەپتىكى تامغا بىر ئۇنىۋېرسال ئىشكاپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزور قويۇلغان، ئىشكاپنىڭ سول تەرىپىگە بىر نەچچە تال لوڭقا ۋە فارفۇر قاچىلار قويۇلغان ئىدى. ئوڭ تەرەپ بولسا، كىچىك ― كىچىك تەكچىلەردەك بۆلۈملەنگەن بولۇپ، ئۇ يەرگە ھەرخىل كىتابلار تىزىلغان ئىدى. مېھمانخانىنىڭ سول تېمىغا بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمان قىزى ئىپارخاننىڭ بېلىگە خەنجەر ئېسىلغان ھەيۋەتلىك رەسىمى ئېسىقلىق ئىدى. لى يانفونى بىلەن ئۆي ئىچىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تامغا ئېسىلغان گىلەم قاتارلىق نەرسىلەرنى رەسىمگە تارتىۋالدى. سومكىسىدىن دەپتەر ۋە قەلەم ئېلىپ، ئوڭ تەرەپتىكى ئىشكاپنىڭ يېنىغا كېلىپ، تەكچىلەردە قانداق كىتاب بارلىقى، قانچىلىك كىتاب بارلىقى، ئۇيغۇرچىدىن باشقا غەيرى تىلدىكى كىتابلارنىڭ بار ― يوقلۇقى قاتارلىقلارنى خاتىرىلىۋالدى. ئاندىن يانچۇقىدىن مەقسەتلىك ئېلىپ كەلگەن كەمپۈتلىرىنى باللارغا بەرمەكچى بولۇپ، ئۇلارنى ئىزدەپ ياتاق ئۆيلەرگە سەپ سالدى. بولۇپمۇ، قوش كىشىلىك كارىۋات قويۇلغان چوڭ ياتاق ئۆيگە قاراپ، كۆڭلىدە بىرنېمىنى ئويلىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. باللار ياتاق ئۆيگە كىرىپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان ئەقىدەگە بىر نېمىلەرنى دەپ كولدۇرلاپ، ئۇنىمىغىنىغا

قارىماي، ئۇنىڭ قولىغا بىر نەچچە تال كەمپۈت تۇتقۇزۇپ قويىدى. ئەنۋەر بولسا لى بەرگەن كەمپۈتنى ئېلىشنى خالىمىدى ۋە ئۇنىڭغا يىرگەنگەندەك ھومۇيۇپ قاراپ قويۇپ، ياتاق ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتقان ئاپىسىنىڭ قېشىغا بېرىۋالدى. لى بولسا ئەنۋەرنى قوغلىغاندەكلا ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كىرىپ:

– ئەييا! ئەييا! بالاڭىزا، مەن ساڭا كەمپۈت ئېلىپ كەلدى. سەن كەمپۈتنى ياخشى كۆرمەمدۇ؟ نېمىنى ياخشى كۆرىدۇ؟ – دەپ، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ ئەنۋەرگە كەمپۈتنى تەڭلىدى. ئەنۋەر كەمپۈتنى يەنە ئالمىدى. بۇ ئەھۋالدىن گۈلنار ئوڭايسىزلىنىپ، لىغا قاراپ:

– لى ئەپەندى ئەنۋەر باشقىلار بەرگەن نەرسىلەرنى يېمەيدۇ. سىز خاپا بولماڭ! بۇ يەرگە قويۇپ قويۇڭ. – دەپ، بۇ كىچىككىنە ماجىرانى بېسىقتۇردى.

گۈلنار بىر نەچچە خىل قورۇما ۋە دۈملەنگەن گۈرۈچنى مېھمانخانا ئۆيگە ئېلىپ چىقتى ۋە ئۈستەلگە تىزدى. بۇ ئوخشىتىپ قورۇلغان قورۇمىلارغا قاراپ، لى نىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى – دە،ھىجايغانچە:

– ياخشى، ياخشى! سەن تاماقنى ياخشى قىلىدۇ. مەن ئۇيغۇر تاماقنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. كېلەر قېتىمدا مەن پۇلۇ يېسە بولامدۇ؟ – دەپ خىرىلداپ كۈلۈپ قويدى.

گۈلنار ئۇيغۇر ئادىتى بويىچە چاي ئىچىپ ئادەتلەنگەچكە ئۇنىڭغا يەنە چاي قۇيۇۋىدى، لى تاماقتىن كېيىن چاي ئىچمەيدىغانلىقىنى، پەقەت ياكى ھاراق ئىچىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆيدە پەقەت ياكى ھاراق بار – يوقلىقىنى سورىدى. گۈلنار يوق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن پىۋا - ھاراق ئىچىپ باقمىغانلىقىنى، ئېرىنىڭمۇ ئىچمەيدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، لىنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتتى - دە، دەپتەرنى ئېلىپ بۇ ئەھۋاللارنى يېزىۋالدى. ئاندىن بىرقانچە بەتلىك قىزىل خەتلىك قەغەزنى چىقىرىپ، گۈلنارغا: «بۇنى ئوقۇغىن» دەپ

قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. گۈلنار ھۆججەتنى ئېلىپ، ئادەتتىكىدەك خىتايچە سەۋىيەسى بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇ بىر «قوشماق تۇغقانچىلىق قائىدىسى» بولۇپ، مەجبۇرى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان «مەھەللە كومىتېتى» تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ھۆججەت ئىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق مەزمۇنلار يېزىلغان ئىدى: «قوشماق تۇغقانلار ئۆگىنىشتە، يېتىپ - قوپۇشتا، تاماقتا بىللە بولۇش، ئۆز - ئارا چۈشەنمەسلىكنى تۈگىتىپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش كېرەك!».

ھۆججەتنى ئوقۇغانچە گۈلنارنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئاپئاق نەرسىلەر ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك جىمىرلاپ كەتتى. لى خىتاي بولسا شالاپشىتىپ قورۇملارنى يېگەچ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا گۈلنارغا قاراپ قويۇۋاتاتتى.

تاماق يېيىلىپ بولدى. لى تازا بىر كىكىرىۋېتىپ، ساپاغا يۆلىنىپ ئولتۇردى - دە، ئەمدى قانداق قىلماقچى؟ دېگەندەك قىلىپ، گۈلنارنىڭ بىرنېمە دەپ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. گۈلنار ئۇستەلنى يىغىشتۇرىۋېتىپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىۋالدى - دە، قاچا يۇيغاچ ئويلىنىشقا باشلىدى: «قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بۇ يۈزى قېلىن مېھمان ئۆيۈمدە قونماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۆيدە ئېرىم بولمىسا، بالىلىرىم كىچىك تۇرسا، مەن قانداق قىلىپ بىر يات ئەرنى ئۆيۈمدە قوندۇرالايمەن؟ ئېرىمگە قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟ بالىلىرىمغا نېمە دەپ چۈشەندۈرىمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يات بىر ئەركىشىنىڭ - باشقا بىر ئەركىشى يوق بىر ئۆيدە قونۇشى دىنىمىز ۋە ئۆرۈپ - ئادىتىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىش تۇرسا؟ مەن بىر مۇسۇلمان، ئىمان - ئېتىقادلىق ئائىلىدە چوڭ بولدۇم. ئېرىممۇ شىركەت ئىشچىسى بولۇشىغا قارىماي، ئېتىقادىنى مۇقەددەس بىلەتتى. قۇرئان ئوقۇيتتى. ئىشتىن قايتقاندا يوشۇرۇن ناماز ئوقۇيتتى. كەيپ - ساپادىن يىراق تۇراتتى. ۋىجدان - غۇرۇرى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشتىن يانمايتتى».

ئويلىغانسېرى گۈلنارنىڭ بەدىنى تىكەنلىششكە باشلىدى.

قوشۇمىسى تۇرۇلدى. ئۇ يەنە: «مەن بىر ئايال كىشى، باللىرىم تېخى كىچىك، باللىرىمنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەيلىمنى بېرىپ ياخشى كۈنگە ئېرىشەيمۇ ـ يا؟» دېگەننىمۇ كۆڭلىگە كەلتۈردى ـ يۇ، يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە خىيال ئىچىدە قېتىپ قالغان تەپەككۇرى بىردىنلا دولقۇندەك ئۆركەشلىگىلى باشلىدى: «ياق، مەن بىر ئۇيغۇر قىزى، ئېتىقادىم ـ ئىمانىم ۋە ئېپپىتىم مەن ئۈچۈن مۇقەددەستۇر! پاكلىقىمنى، نومۇسۇمنى قەتئىي قوغدىشىم كېرەك! ھەرگىزمۇ ئېپپىتىمنى يوقاتماسلىقىم كېرەك!» دەپ ئۆز ـ ئۆزىنى بەزلىدى.

ــ «ئاپا، ئاپا! مەن ئۇخلايمەن» دېگىنىچە ئوغلى ئەنۋەر ئاپىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئاشخانىدىن ئېلىپ چىقتى. گۈلنار باللار ياتاق ئۆيگە كىرىپ، ئەنۋەرنى يېشىندۈرۈپ، ئورنىنى سېلىپ بېرىپ، تام تەرەپكە يېقىنراق ياتقىن دەپ جېكىلىدى. ئاندىن قىزىنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ، بىر نېمىنى دېۋىدى. ئەقىللىك قىزى باش لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى ۋە ئۇكىسىنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى. گۈلنار ئۈچۈن بىر كارىۋات ھازىر بولدى.

گۈلنار ئادىتى بويىچە يېتىشتىن بۇرۇن مۇنچىغا كىرىپ، ئېغىزىنى چىش پاستىسى بىلەن يۇيۇپ تازىلىدى. داسقا سۇ ئېلىپ پۇتىنى يۇيۇۋالدى ــ دە، چىراغنى ئۆچۈرۈپ مېھمانخانا ئۆيگە چىقتى ۋە لى بىلەن خوشلىشىپ قويماقچى بولۇپ قارىۋىدى، لى يوق بولۇپ چىقتى. ئەمما، چوڭ ياتاق ئۆيدىن ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ گۈلنالى، گۈلنالى بۇياققا كەل! ــ دەپ چاقىرىۋاتاتتى. گۈلنار چوڭ ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىدىن شۇنداق قاراپلا، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى. لى ئالدىقاچان كارىۋاتقا چىقىۋالغان بولۇپ، كۆسار بىلەنلا ياتاتتى. گۈلنار بېشىنى بۇراپلا كېتەي دەپ مېڭىۋىدى. لى ئۇنى يەنە چاقىردى:

ــ گۈلنالى بۇياققا كەل! بىرگە ئۇخلايلى!

قانداق بىر كۈچنىڭ تەسىرى بولدىكىن گۈلنار غەزەپ بىلەن

تووۇلىۋەتتى:

ــ بولمايدۇ!

گۈلنار خۇددى ھازىرلا لى چىقىپ تۇتىۋالىدىغاندەك ھېس قىلىپ كەتتى ــ دە، يۈگۈرگەنچە باللار ياتاق ئۆيىگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالدى. ھاياسىز لى كوسار بىلەنلا چىقىپ، باللار ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ - تېپىشكە باشلىدى. گۈلنار قىزى ئەقىدەنىڭ ئورۇندۇق - ئۈستىلىنى ئەكېلىپ ئىشىككە يۆلەپ، مەھكەم ئىتتىرىپ تۇرۇۋالدى. لى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىشىكنى ئاچالمىدى. ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك تىركىشىش داۋام قىلدى. ئاخىرى، ئىشىكنى ئاچالمىغان لى توختاپ قالدى.

گۈلنار ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ، لىنىڭ تېلېفون قىلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. لى مەھەللە كومىتېتىگە تېلېفون قىلغان بولۇپ، ئۇلارغا گۈلنار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىۋاتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ساقچى ماشىنىسىنىڭ سىگنال چالغان ئاۋازى بىنا ئالدىدا قۇلاق - مېڭىنى يېرىۋەتكۈدەك دەرىجىدە ياڭراپ كەتتى ۋە ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىنمايلا ساقچىلار ئۆيگە باستۇرۇپلا كىرىشتى. لى بولغان ئەھۋالنى ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم دوكلات قىلدى - دە، كېيىملىرىنى كىيىپ چىقىپ كەتتى. مەھەللە كومىتېتى خادىملىرى ۋە ساقچىلار گۈلنارنى يالغان گەپلەر بىلەن ئالداپ، ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتۇردى. گۈلنار چىقىشىغىلا ئىككى ساقچى ئېتىلىپ بېرىپ، قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، ئۇنىڭ «قوشماق تۇغقان» قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ئەقىدە بىلەن ئەنۋەرنى مەجبۇرى ئويغىتىپ، گۈلنارنى بىر ماشىنىغا، باللارنى باشقا بىر ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. ئالاھەزەل يىگىرمە مىنۇتتەك ماڭغاندىن كېيىن، چوڭ دەرۋازىلىق، تاملىرى تىكەن بىلەن قورشالغان بىر يەرگە ئەكېلىپ كېلىپ ماشىنىدىن چۈشۈردى ۋە ئۇنىڭ شەھەرلىك ئىككىنچى «كەسپى

قايتا بىلەن تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى، بالىلىرىنىڭ بولسا، ھۆكۈمەت تارمىقىدىكى «يېتىم بالىلارنى تەربىيەلەش ئورنى»غا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

# ئايتۇرسۇننىڭ ئانىسى نېمشقا يىغلىمسۇن؟

ئانا پەرزەنت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغۇچىدۇر. ئۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوتىدا كۆيىدۇ. سۈيىدە ئاقىدۇ. ئۇ پەرزەنتىگە ھامىلە بولغاندىن باشلاپلا، تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان ئىسسىق قېنى بىلەن ئوزۇق بېرىپ، ھۈجەيرىلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، يۇمران تېنىگە ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، كېچە - كۈندۈز يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى سۆزلەپ، تۇغۇلغاندىن كېيىنكى بەخت - سائادىتىنى تىلەپ، ۋاقتى توشقاندا بىر قانچە كۈن ئاچچىق تولغاق ئازابىنى تارتىپ، يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇزىدۇ - دە، ئازابلىرىنى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

پەرزەنتى تۇغۇلغاندا بولسا، ئانا چەكسىز خۇشاللىققا چۆمىدۇ. ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر جانلىقنىڭ ئائىلىسىگە يېڭىدىن قوشۇلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، بوۋىقىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ «ئاللاھ بەختىڭنى بەرسۇن! ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن! رىزقىڭنى زىيادە قىلسۇن! دوستۇڭنى كۆپ - دۈشمىنىڭنى ئاز قىلسۇن! جىن - شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىسۇن! ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن كۆيۈنىدىغان، غۇرۇر - ۋىجدانلىق، يۈز - ئابرۇيلۇق، تىرىشچان، ئۆز كۈنىنى - ئۆزى ئالالايدىغان قىلسۇن! خارۇ - زارلىققا قېلىشتىن ساقلىسۇن!» دەپ، دۇئا قىلىدۇ. ئاپئاق سۈتى بىلەن ئېمىتىپ بېقىپ، كېچە - كۈندۈز بۆشۈكنى تەۋرىتىپ، پوق - سۈيدۈكنى ئادالاپ، بۆشۈك ناخشىسى بىلەن ئەللەيلەپ، ئاستا - ئاستا چوڭ قىلىدۇ - دە، ئۆزىنىڭ تارتقان بارلىق جاپالىرىنى بىر كۈندىلا

ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

بوۋىقى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنى «مېنىڭ يۇرەك پارەم» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىدۇ. ئۇنى ئۆز جېنىنى قوغدىغاندەك قوغدايدۇ. ئۇ كۈلسە كۈلىدۇ. يىغلىسا يىغلايدۇ. ئۇنىڭ جېنىغا، بەختىگە قەست قىلىنسا چىدىماي، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولسامچۇ! مەن ئۆلسەمچۇ دەيدۇ. سەنسىز ياشىغىنىمدىن، ياشىمىغىنىم ياخشى دەپ ھاياتىنى پەرزەنتى ئۈچۈن قۇربان قىلالايدۇ. مانا بۇ ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى. مۇقەددەسلىكى ۋە مەڭگۈ سۆيۈلۈشكە تېگىشلىك شەرىپىدۇر.

ئايتۇرسۇن ئائىلىسىنىڭ يالغۇز قىزى ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلاچى بولۇپ ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپنى چەتئەل تىللىرى كەسپىدە ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قەشقەردىكى ھەرقايسى ساياھەت شىركەتلىرىدە تەرجىمان ۋە ساياھەت يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلىدى. خىزمىتىدىكى تىرىشچانلىقى ئۇنى تېزلا يۈكسەلدۈردى. ئۇ ئۆزى ئاخىرقى قېتىم ئىشلىگەن «خۇائەن ساياھەتچىلىك شىركىتى»گە مۇئاۋىن دىرېكتورلۇققا ئۆستۈرۈلدى.

ئۇ ساياھەت شىركىتىگە دىرېكتور بولۇپ ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلىدى. نۇرغۇن قېتىم چەتئەللىك ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى.بەزى چەتئەللىك ساياھەتچىلەرگە ئۆزى بىۋاستە تەرجىمان بولۇپ، قەشقەرنىڭ مۇھىم ساياھەت نۇقتىلىرىنى كۆرسىتىپ ۋە چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈردى. چەتئەللەرگە ساياھەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيەلەرگە بېرىپ كەلدى. بۇلار شۇ چاغدىكى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزى يولغا قويغان نورمال ئىشلار بولۇپ، بۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە تۇتقۇن قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇ ھېچ ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

ئادەتتە، قەشقەردە ئالتىنچى ئاينىڭ كىرىشى بىلەن

ساياھەتچىلىك ئىنتايىن قىزىپ كېتەتتى. ئەمما، نېمىشقىكىن بۇ يىل ئۇنداق بولمايۋاتاتتى. ئىچكىرىدىن ۋە چەتئەللەردىن كېلىدىغان ساياھەتچىلەر بەكلا ئازلاپ كەتكەن ئىدى. چەتئەللەرگە ساياھەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ چىقىش ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چەكلەندى. كىشىلەرنىڭ قولىدىكى پاسپورتلىرى پۈتۈنلەي يىغىۋېلىندى. چەتئەلگە بېرىپ - كەلگەنلەر تۇتقۇن قىلىنىپ، سوئال - سوراق قىلىنىشقا ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» ئېلىپ كېتىلىپ، ئىز - دېرەكسىز يوقۇلۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇ كۆڭلىدە «قىلغان ئىشىڭ توغرا بولسا، خاندىن قورقما دېگەن گەپ بارغۇ؟ مەن ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى چىقىدىغان ھېچ بىر ئىش قىلمىدىم. دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىرەر ئىشنىمۇ قىلمىدىم. مىللىي بۆلگۈنچى، شەرقىي تۈركىستانچى دېيىلگەن كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلمىدىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىپ نەمۇنىچى بولدۇم. ئۇنداقكەن، بىكاردىن – بىكار مېنىمۇ تۇتۇپ كەتمەس؟» دەپ ئويلاپ، ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئەندىشىلىك گەپ – سۆزلەرگە قۇلاق سالماي، شىركەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ كويىدا يۈرۈۋاتاتتى.

ئايتۇرسۇن ئەتىگەندە ئۆيدە ناشتا قىلىپ بولۇپ، ئىشقا مېڭىشنىڭ ھازىرلىقىنى قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىندى.ئۇ كۇنۇپكىنى بېسىۋېتىپ سۆزلەشكۈچنى ئېلىپ:

– كىم؟ – دەپ سورىدى.

– بىز! ساقچى، ئىشىكنى ئاچ! – دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ چۆچۈپ كېتىپ «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ خىيال قىلىپ بولغۇچە، ئالتە ساقچى ئۆيگە باستۇرۇپلا كىرىشتى – دە، «تەكشۈرۈلسەن» دېگەن بىرلا ئېغىز گەپ بىلەنلا بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈلۈپ، قولىغا كويزا سېلىنىپ ئېلىپ مېڭىلدى. ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن ماشىنا بىر يەردە توختاپ، «دوكلات» دېگەن

ئاۋازدىن كېيىن ماشىنا يەنە قوزغىلىپ، بىردەم ماڭغاندىن كېيىن يەنە توختۇتۇلۇپ ئايتۇرسۇننى چۈشۈرۈپ، بىر بىنانىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، بېشىدىكى خالتىنى ئېلىۋەتتى ــ دە، ماۋۇ يەرگە كىر! ــ دەپ ئىتتىرگەنچە بىرىنچى قەۋەتتىكى بىر ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىشتى.

بۇ كامىرنىڭ ئىشخانىسىدەك قىلاتتى. بىر ئۈستەلدە بىرى سېمىزرەك، ياپما قاپاق، يەنە بىرى ئورۇق، ئېگىزرەك كەلگەن، قىسىق كۆز ئىككى ساقچى ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر دوختۇرلۇق كىيىمى كىيىۋالغان ئايال ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

ــ بىلىكىڭنى ئاچ! ــ دېگەن ئاۋازدىن ئايتۇرسۇن چۆچۈپ كەتتى ــ دە، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى ۋە گەپ سورىماقچى بولۇپ، ئاغزىنى ئېچىۋىدى. ئۈستەلدە ئولتۇرغان ساقچىدىن بىرسى ۋارقىراپ:

ــ ئاغزىڭنى يۇم! گەپ قىلىشىڭغا رۇخسەت يوق! بىلىكىڭنى ئاچ! ــ دەپ ۋارقىرىدى. بۇنىڭ بىلەن تەڭلا ياندا تۇرغان ئىككى ساقچى ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كوپتىسىنى مەجبۇرى سالدۇرۇپ، بىلىكىنى ئاچقۇزدى. بۇنىڭ بىلەن ئايال دوختۇر كېلىپ، ئىككى بىلىكىدىن قان ئالدى. ئاندىن نامەلۇم بىر سۇيۇقلۇقنى ئوكۇل قىلىپ ئۇردى. بىر تال دورا كومىلىچىنى مەجبۇرى ئىچكۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئايتۇرسۇننىڭ بېشى قايغانىدەك بولۇپ، كۆزى قاراڭغۇلاشتى ــ دە، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى.

ــ ئېلىپ چىقىڭلار! سوراق باشلانسۇن! ــ دېگەن ئاۋازدىن ئۇ يەنە چۆچۈپ كېتىپ، ئەتراپىقا قاراپ بولغۇچە ئىككى ساقچى ئۇنى ئىتتىرگەنچە ئىشخانىدىن ئېلىپ چىقىپ، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر ئىشىكنى ئېچىپ: «بۇ يەرگە كىر!» دەپ ۋارقىرىغانچە ئۇنى سوراقخانىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزدى. ئايتۇرسۇن كىرىپلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى رىۋايەتلەردىكى قاراقچىلارنىڭ ئۆڭكۈرىگە

كىرىپ قالغانىدەك ھېس قىلىشاتاتتى. سوراقخانا تېمىغا ھەر خىل رەڭلىك كالتەك، زەنجىر ــ كىشەن، تاسما ــ تانا قاتارلىق جازا قوراللىرى قاتارىسىغا ئېسىۋېتىلگەن ئىدى.

ــ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇر! دېگەن ئاۋازدىن يەنە چۆچۈپ كەتكەن ئايتۇرسۇن نېمە قىلىشىنى بىلمەي ھاڭۋىقىپ تۇرۇپ قېلىۋىدى، ئىككى ساقچى ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كېلىپ، ئىتتىرگەنچە تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، مىدىر ـ سىدىر قىلالمايدىغان قىلىپ چېتىپ باغلىۋېتىشتى. سوراق باشلانغان ئىدى:

ــ قانچىلىك دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ساتتىڭ؟

ــ قايسى مەخپىيەتلىكنى، كىمگە سېتىپتىمەن؟

ــ سەن تەرجىمانلىق قىلغان چەتئەللىكلەرگە ساتقان بولۇشۇڭ مۇمكىن!

ــ ياق، مەن ئۇلارغا دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ساتمىدىم. ئۇلارغا يول باشلاپ باردىم. تارىخىي يادىكارلىقلارنى ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن قوللانمىلار بويىچە چۈشەندۈردۈم. باشقا گەپ ــ سۆز قوشمىدىم.

ــ ئۇنداقتا، ئۇلار نېمىشقا ساڭا سوۋغات بېرىدۇ؟

ــ قايسى سوۋغاتنى دەيسلەر؟

ــ مانا ماۋۇنى! ــ دەپ، ئايتۇرسۇننىڭ ئىشخانىسىدىن ئېلىپ كېلىشكەن، ئامېرىكىلىق جون ئىسىملىك بىر ساياھەتچى تەقدىم قىلغان نيۇيورك شەھىرىدىكى «ئەركىنلىك ئىلاھى»نىڭ ھەيكىلىنى كۆرسەتتى.

ــ بۇ بىر ئادەتتىكى سوۋغاتقۇ؟ ــ دېدى ئايتۇرسۇن ئەجەبلىنىپ.

ــ قانداق ئادەتتىكى سوۋغات بولسۇن؟ ئۇ دېگەن بىر بۇرژۇئازىيەچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ سىمۋولى. سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سىياسىي تەشۋىقات قورالى. ــ دېدى سوراقچىلار بۇرنىنى قېقىپ،

ــ مەن ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن؟ ــ دەپ رەددىيە قايتۇردى ئايتۇرسۇن.

ــ قېنى ئېيتە! تۈركىيەگە نېمىشقا باردىڭ؟

ــ ساياھەت ئۈمېكىنى باشلاپ بارغان، تۈركىيەنى ساياھەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن.

ــ تۈركىيەدە نېمە كۆردۈڭ؟ نېمە ئاڭلىدىڭ؟

ــ دېڭىزلارنى، مۇزېي، خاتىرە سارايلىرىنى كۆردۈم، كوچىلاردا ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.

ــ ئۇيغۇرلار بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟ زەيتۇنبۇرنىغا باردىڭمۇ؟

ــ ياق! مەن تۈركىيەدە ھېچكىمنى تونۇمايمەن. ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدىم.

ــ ھىم! يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن، بولمىسا گۇرۇپپاڭدىن ئادەم قاچامتى؟ ئۆتكەن يىلى يازدىكى ساياھەت گۇرۇپپاڭدىن بىر ئادەم قايتىپ كەلمەي ئىستانبۇلدا قېلىپ قاپتىغۇ؟

ــ مەن ئۇنى قەستەنگە قىلمىدىم. ئۇ ئۆزى قېچىپ كەتتى.

ــ ھىم! ئىشەنمەيمىز، يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن، ياخشىلىقچە ئىقرار قىل! ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك، قارشىلىق قىلساڭ ئېغىر جازالىنىسەن!

ــ ياق، مەن نېمىنى ئىقرار قىلىمەن. ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن تۇرسام!

ــ ھىم! ياخشىلىقچە ئىقرار قىلمىساڭ، بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىز سېنى ئىقرار قىلدۇرالايدۇ.

ــ قېنى باشلاڭلار! ــ دەپ ۋارقىرىدى پاكىنەك خىتاي قاراپ تۇرغان چۇماقچىلىرىغا ۋارقىراپ، بۇنىڭ بىلەن ئىككى ساقچى كېلىپ، ئۇنىڭ كۆكرەك ۋە بېقىنلىرىغا توك كالتىكى بىلەن نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. چېچىدىن تۇتۇپ يۇقىرىغا قايرىپ، يۈز ــ كۆزلىرىگىمۇ مۇشتۇملىرى بىلەن بىر نەچچىنى سېلىشتى. ئايتۇرسۇن ھوشىدىن كەتتى. سوراقچىلار بىر چېلەك سوغۇق سۇ ئەكېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە

تۆكتى. بىر ئاز ھوشىغا كېلىشىدى، يەنە ئۇردى. يەنە ھوشىدىن كەتسە يەنە سۇ چاچتى، يەنە ئۇردى.

بىر كېچە ــ كۈندۈز داۋاملاشقان بۇ سوراقتىن كېيىن ئەتىسى ئەتىگەندە كونىلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭىلىرى ئالمىشىپ كەلدى. ئۇلارمۇ ئوخشاش سوئالنى سوراپ، ئوخشاش ۋەھشىيلىك بىلەن قىينىدى. ئۇنىڭغا نە تاماق، نە سۇ بېرىشمىدى. ئۆزلىرى بولسا ھەر يېگىرمە تۆت سائەتتە بىر ئالمىشىپ، ھاردۇقلىرىنى چىقىرىپ، يەپ ـ ئىچىۋېلىشتى. شۇڭا ئۇلار سوراق قىلىشتا ھېرىپ قالمىدى.

سوراق تۆتىنچى كۈنگە قەدەم قويدى. بۇ قېتىم يەنە ئەڭ باشتىكى سوراقچىلارغا نۆۋەت كەلگەن بولۇپ، ئۇلار غالجىرلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندەك ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە كالتەك ۋە توقماقلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئايتۇرسۇننى توختىماي ئۇرۇپ چىقتى. ئەمما، ئايتۇرسۇننى ئىقرار قىلدۇرالمىغانلىقى ئۈستىگە، ئۇنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. چۈشكە يېقىن سوراقچىدىن بىرسى ئايتۇرسۇننىڭ چېچىدىن تۇتۇپ، يۇقىرىغا قايرىپ سەت قىلىق قىلماقچى بولۇشىدى، ئايتۇرسۇن ئاغزىدىكى يىغىلىپ قالغان قاننى ئۇنىڭ يۈزىگە شالاپپىدە قىلىپ تۈكۈرۈۋەتتى. بۇنىڭدىن چىچاڭشىپ كەتكەن جاللات ساقچى ئايتۇرسۇننىڭ كۆكرەك قىسمىغا ئارقا ــ ئارقىدىن ئىككى قېتىم تۇرك كالتىكىنى يېقىۋەتتى.ئۇ يەنە ھوشىدىن كەتتى ۋە بېشى جېنى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك يەرگە ساڭگىلاپ قالدى. جاللاتلار ئۇنىڭغا يەنە سۇ چېچىپ باقتى. ئەمما ئۇ بۇ قېتىم مىدىر ــ سىدىر قىلماي تۇراتتى. پاكىنەك خىتاي كېلىپ، ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ بېقىپ:

ــ ئەييا! ئەييا! ئۇ ئۆلۈپ قاپتۇ!ــ دەپ جىددىيلەشكەن ھالدا بىر يەرگە تېلېفون قىلىشىدى، بىردەمدىلا بىر ساقچى ماشىنىسى كەلدى. ئۇلار جەسەتنى بېسىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىشتى.

ــ يىغلىمىساڭلار سىلەرگە بىر ئىشنى ئۇقتۇرىمىز!ــ دېدى ئىككى ساقچى ئەتىگەندە ئايتۇرسۇننىڭ ئانىسى پاتىگۈل ياسىننىڭ

343

ئۆيىگە كېلىپ. ئۇ ھەيرانلىقتىن تېڭىرقاپ قالدى ۋە سورىدى:

— نېمىشكە يىغلىمايمەن؟ نېمە ئىش بولدى؟ قېنى، گەپنى ئوچۇق دېمەمسىلەر؟

— شۇ، شۇ بىزگە ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ «يىغلىماسلىق، غوۋغا چىقارماسلىق» توغرىسىدىكى ۋەدەڭلار كېرەك. بولمىسا دېيەلمەيمىز.— دېدى ئۇلار كېكەچلەپ،

— قىزىم ئايتۇرسۇنغا بىر ئىش بولدىمۇ؟— دەپ سورىدى ئانا جىددىيلىشىپ،— قېنى دېمەمسىلەر؟ قىزىم ئايتۇرسۇن نەدە؟

— شۇ دېدۇققۇ، سىلەر ئالدى بىلەن بىزگە ۋەدە بېرىشىڭلار كېرەك!

بۇ چاغدا ئايتۇرسۇننىڭ دادىسى گەپكە ئارىلاشتى:

— بولىدۇ، بىز غوۋغا چىقارمايلى. بىز ئەزەلدىن غوۋغا چىقىرىپ باقمىغان. ئەمما يىغلاپ باققان، يىغلىغۇدەك ئىش بولسا يىغلايمىز،بولمىسا يىغلىمايمىز!

ساقچىلار يەنىلا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي، گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، ئايتۇرسۇننىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سوراشقا باشلىدى:

— قىزىڭلار كېسەلمىتى؟ يۈرىكىدە بىرەر مەسىلە بارمىتى؟

— ياق، قىزىمىز ئىلگىرى ساپساقتى، ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ ئاغرىپ باقمىغان، يۈرىكىدىمۇ ھېچقانداق چاتاق يوق ئىدى!

— ھىم، مۇشۇ يېقىندىن بۇيان دەۋاتىمىز! يۈرىكىدىن چاتاق چىققانمۇ؟

— ياق، چىقمىغان!

— ئۇنداقتا، بىرەرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانمۇ؟ مەسىلەن: ئېرى بىلەن، قاتتىق تاياق يېگەنمۇ؟

— ياق قىزىمىز تېخى توي قىلمىغان.

ساقچىلار ئۆزلىرىگە ھېچقانداق بىر «باھانە» قىلغۇدەك يىپ ئۇچى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئۆزئارا كۆز قىسىشىپ، مۇنداق دېدى:

— بىز بىلەن يۈرۈڭلار! قىزىڭلار ئايتۇرسۇن تۈنۈگۈن «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»دە ئاغرىپ قېلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان، ھازىر بېرىپ يوقلىشىڭلارغا رۇخسەت. ئەمما، دوختۇرخانىدا يىغلىشىڭلارغا، غوۋغا چىقىرىشىڭلارغا بولمايدۇ!

ئايتۇرسۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ ئەمما، ساقچىلارنىڭ بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى بولغاي، ساقچىلاردىن قىزىنىڭ نورمال بولمىغان تەقدىرىدە ئېھتىمال تەرەپ قىلىشتىكى ئىشلارغا بولغان سوئالىنى سورىدى، ساقچىلار بۇ سوئالغىمۇ جاۋاب بېرىشنى رەت قىلدى ـ دە، ئۇلارنى يەنە تەھدىت ئارىلاش ئاگاھلاندۇرۇپ:

— بىز دېدۇققۇ! تولا سوئال سورۇشۇڭلارغا، يىغلىشىڭلارغا، غوۋغا چىقىرىشىڭلارغا بولمايدۇ! ھۆكۈمەت قانۇنلۇق ئورۇنلاشتۇرۇش قىلغان بولسا شۇنىڭغا كۆرە ئىش تۇتۇشۇڭلار كېرەك! بولمىسا سىلەر ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشقان بولۇپ قالىسىلەر! ـ دېدى قاپاقلىرىنى تۈرۈشۈپ، ئاندىن ماشىنىسىنى شۇنداق تېز ھەيدەپ، چارەك سائەت ئىچىدىلا شەھەرلىك بىرىنچى دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدى.

ساقچىلار ئايتۇرسۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى نامەلۇم بىر بۆلۈمگە باشلاپ كېتىۋاتاتتى. نېمىشقىدۇر كارىدورنى دوختۇر ـ سېستىرا ئەمەس، غىچچىلا كادىر ـ ساقچىلار قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار بىرەر ئىشتىن ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغان ئادەملەردەك ئالاقزادىلىك ئىچىدە ھەر تەرەپكە قارىشىپ، قاپاقلىرىدىن مۇز ياغدۇرۇشۇپ تۇراتتى. ساقچىلارنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتقان ئايتۇرسۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇلارنى كۆرۈپ ئەندىكىپلا كەتتى. چۈنكى، بۇلار ئۇلارغا خۇددى گۇناھكار كىشىگە قاراشقاندەك تەڭلا ھومىيىشىپ قاراپ قېلىشقان ئىدى. ئۇلار «نامەلۇم بۆلۈم» ئالدىغا كەلگەندە توختىتىلدى. بىر دوغىلاق، قورسىقى ئىككى قات ئاياللارنىڭ قورسىقىدەك يوغىناپ كەتكەن ساقچى ئىشىكنى قىيا ئېچىپ:

— ئەنە قىزىڭلار، ئىچىگە كىرىشكە بولمايدۇ.— دەپ، يۈز

تەرىپى يېرىم ئېچىپ قويۇلغان، كۆزى يۇمۇلغان، تىنىۋاتقانلىقىدىن ھېچقانداق ئالامەت بولمىغان ھالدا مۇردىدەك ياتقان ئايتۇرسۇننى كۆرسەتتى ۋە سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— قىزىڭلار ئاخشام يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتى.— دېدى.

ئايتۇرسۇننىڭ ئاتا - ئانىسى «ۋاي قىزىم! جېنىم قىزىم، سىزگە نېمە بولدى قىزىم؟» دەپ يىغلىغانچە ئىشىكنى ئىتتىرىپ بۆلۈم ئىچىگە كىرمەكچى بولۇۋىدى، ساقچىلار تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىپ كىرگۈزۈلمىدى. بىردەمدىلا پۇقراچە كىيىنگەن تۆت كىشى ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ:

— ئېغىزىڭنى ئېچىشما، چىرقىراشما! ھازىرلا ئۆيۈڭلەرگە قايتىڭلار! جەسەتنى بىللە ئېلىپ مېڭىڭلار. — دەپ ئۇلارنى ئىتتىرگەنچە دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چىقىپ، ماشىنىغا چىقىرىشتى. بىر قانچە ماشىنا تەڭلا قوزغالدى. ئايتۇرسۇننىڭ ئاتا - ئانىسى قىزىنىڭ جەسىتىنىڭ قايسى ماشىنىدا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى.

ھەش - پەش دېگۈچە ماشىنا ئېلى غۇپۇرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلار ھازىدار ئاتا - ئانىنىڭ يىغلىشىغا، ۋارقىرىشىغا، ھەتتا ھېچقانداق بىر ھەرىكەتنى ئۆز ئىختىيارى بويىچە قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. جەسەتنى ساقچىلار ئۆزلىرى ئايرىم بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىشتى - دە، ھازىدارلارنى يېقىن كەلتۈرۈشمىدى. ھازىدار ئاتا - ئانا يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالمايۋاتاتتى. قىزىنىڭ يۈزىنىمۇ بولسا بىر كۆرۈۋېلىشنى ئېيتىپ خېلى ئۇزاق يېلىندى. جەسەتنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ساقچىلار ھازىدارلارغا مۇنداق شەرت قويۇشتى: «يىغلاشقا بولمايدۇ، جەسەتنىڭ يېنىغا يېقىن كەلمەيسىلەر، جەسەت بىر سائەتتىن كېيىن قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىلىپ يەرلىككە قويۇلىدۇ. ئەمما، سىلەر بارمايسىلەر، بۇ ئىشلىرىنى ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۆزلىرى بېجىرىدۇ.»

ئايتۇرسۇننىڭ جەسىتى قويۇلغان ئۆينىڭ ئىشىكى قىيا ئېچىلدى.

ئەمما ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن بىرسى جەسەتنىڭ يۈزىنى ئېچىپ، بېشىدا قاراپ تۇردى. ھازىدار ئاتا ـ ئانا ئۆيىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ قىزىنىڭ يۈزىنى بىر نەچچە مىنۇتلا كۆرۈۋالدى: جەسەتنىڭ يۈزى ئىشىپ، كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، قانداقتۇر بىر زەخىملىنىشنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ھازىدار ئانا:

— ۋاي قىزىم، جېنىم قىزىم، خېنىم قىزىم، ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان قىزىم! ـ دەپ يىغلىغانچە يىقىلىپ چۈشتى. ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ساقچىلار خۇددى ھازىدار ئانىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندەك ئېتىلىپ كېلىشتى. ئەمما، ئۇ ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ، ئېرىنىڭ قۇچىقىدا ياتاتتى. ھازىدار ئاتىنىڭ يېشى ئۇنىڭ يۈزىگە تۆكۈلۈپ، خۇددى شەبنەم تامچىلىرىدەك لىغىرلاپ: «سەۋر قىل ئانا! قىزىڭ جاللاتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، شېھىتلىك مۇقامىغا يەتتى. شېھىتلەر ئۈچۈن يىغلاش جائىز ئەمەستۇر» دېگەندەك سادا چىقىرىۋاتاتتى.

ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ساقچىلىرىنىڭ ھەرىكىتى جىددىيلەشتى. ئۇلار پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ، جەسەتنى ھاپىلا ـ شاپىلا يۆگىۋېلىپ، تاۋۇتقا سالغاندىن كېيىن ماشىنىغا بېسىپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىشتى. قەبرىستانلىققا ھازىدارلاردىن ھېچكىمنىڭ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىمىدى. پەقەت ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن بىر نەچچە ياشانغان موللا ـ ئاخۇنۇملارنى ئېلىپ، قالغانلىرى ھۆكۈمەت خادىملىرى بولۇپ، ئۇن نەچچە ئادەملا مېڭىشتى.

«تۇۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتۇشتى ھازا ئېچىپ كىرگەن قولۇم ـ قوشنىلاردىن بەزىلىرى: «جاھان نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدۇ؟ بىر ئاتا ـ ئانا ئۆز بالىسىنىڭ جەسىتى ئۈستىگە تاشلىنىپ، يىغلىيالمىسا؟ ئۇنىڭ يۈزىنى ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ قانغۇدەك كۆرەلمىسە؟ ئۆز قولى بىلەن يۇيۇپ تارىيالمىسا؟ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزەلمىسە؟ بۇ ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن ئازاب ئەمەسمۇ؟ ھازىدارلارغا قىلىنغان زۇلۇم ئەمەسمۇ؟ بۇ ھۆكۈمەت نېمىشقا ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ ئەسىر

ئېلىشالىدۇ؟ ئۆلۈك تىرىلىپ كېلىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى چىقاتتىمۇ؟ بىز مۇسۇلمانلار يىغا - زارە قىلىپ، مەرھۇمغا بولغان ئىززەت - ھۆرمىتىمىزنى ئىپادىلىسەك نەرى بولمايدىغاندۇ؟ بۇ ئەلمىساقتىن قىلىپ كېلىۋاتقان ئادىتى - يوسۇنلىرىمىزغۇ؟ ئەمدى بىز بۇلارنىمۇ قىلالمىساق، بىزدىكى مۇسۇلمانلىق نەدە قالدى؟ ئاھ، خۇدا! بىز مەزلۇملارغا ئۆزۈڭ باشپاناھ بولغايسەن! مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغايسەن. ئامىن!» دەپ دۇئا قىلىشتى.

ئايتۇرسۇننىڭ دېپىنە ئىشلىرى ئاشۇنداق سىرلىق ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئەل - جامائەت ۋە خولۇم - خوشنىلارمۇ بۇ ئۆلۈمنىڭ سىرىنى چۈشىنەلمىدى. پەقەت مەرھۇمنىڭ ئاتا - ئانىسىلا قىزىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ نورمال ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرگەن ئىدى. بولمىسا تېخى تۆت كۈن بۇرۇن ساق - سالامەت ئادەم شۇنچە تېز ئۆلۈپ كېتەتتىمۇ؟ دەرھەقىقەت، شۈبھە ۋە گۇمان ئۇلارنىڭ كاللىسىدىلا قېلىشى كېرەك ئىدى ۋە شۇنداق بولدى. چۈنكى، ئۇلارغا بۇ شۈبھىنى ئاشكارىلاش ئىمكانى يوق ئىدى. ئەگەر شۇنداق قىلسا ئۇلارنىڭمۇ جىنايەتچى بولۇپ قېلىشى ئايدىڭلىشىپ بولغان ئىدى. شۇڭا، مەرھۇمنىڭ ئۆلۈمى ھازىدار ئاتا - ئانىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر داغ - ھەسرەت قالدۇردى.

ئايتۇرسۇننىڭ جەستى قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېتىلىپ، بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ھۆكۈمەت خادىمىدىن ئىككى كىشى كېلىپ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا: «قىزىڭلار ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يەرلىككە قويۇلدى. سىلەرمۇ كۆردۈڭلار؟ بىز بىلەن بىللە بارغان ئاخۇنۇملار ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى بويىچە دۇئا - تەكبىر قىلىشتى. ئەتە بېرىپ قەبرىسىنى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ. قىزىڭلارنىڭ قەبرە نومۇرى ئەللىك ئۈچ.» - دەپ بىر پارچە قەغەزنى كۆرسىتىپ، — مانا بۇنىڭغا قول قويۇڭلار - دېدى.

— قەبرە نومۇرى دېگەن قانداق گەپ؟ — دەپ سورىدى مەرھۇمنىڭ ئاتا - ئانىسى ھەيران قېلىپ ۋە تېڭىرقىغان ھالدا بىر -

بىرىگە قارىشىپ قالدى. ھۆكۈمەت خادىملىرى يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

ــ سىلەر بىلمەيدىكەنسىلەردە، ھازىر بۇرۇنقى يەرلىك ئەنئەنىۋى قەبرىستانلىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاغدۇرۇلۇپ تۈزلىنىۋېتىلدى. يېڭىدىن قەۋەتلىك قىلىپ، سېمونتتىن ياسالغان زامانىۋى قەبرىستانلىقلار سېلىنىدى. بۇرۇنقى قەبرىستانلىقلاردىكى جەسەت سۆڭەكلىرىدىن ئىگىسى چىققانلىرى يېڭى قەبرىستانلىققا يۆتكىۋېتىلدى. ئىگىسى چىقمىغانلىرى يىغىشتۇرۇلۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى. مۇشۇنداق پارتىيەمىزنىڭ سىياسىتى ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. سىلەرمۇ پارتىيەگە ئەگىشىپ، يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشىڭلار كېرەك! بولمىسا ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى چىققان بولىسىلەر. ئاقىۋىتىڭلار ياخشى بولمايدۇ!

مەرھۇمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. ھازىردار ئانىنى يەنە يىغا تۇتتى. ھازىدار ئاتا خىيالغا كەتتى: «ئەنئەنىۋى مازارلىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى دېيىشىدىغۇ؟ ئۇنداقتا يۇرتىمىزدىكى ھەممە مازارلىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، چېقىپ تۈزلىنىۋېتىلسە ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ئىزىنى نەدىن تاپىمىز؟ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا، خوجا ـ پىرلىرىمىزنىڭ مازارلىرى يوقۇتۇۋېتىلسە كىمگە تاۋاپ قىلىمىز؟ كىمدىن مەدەت تىلەيمىز؟ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە شاھ ـ سۇلتانلار، باتۇر ـ قەھرىمانلارنىڭ مازارلىرىمۇ چېقىۋېتىلەرمۇ؟ ئاھ! بۇ نېمە دېگەن ۋەھشىيلىك! ياۋايىلىق؟ ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتلەر ھەرقانچە زالىم، دىنسىز بولسىمۇ، مازار ـ ماشايىقلىرىمىزغا چېقىلمايتتى. قەھرىمان ـ باتۇرلار ئۆلتۈرۈلسىمۇ ئۆلارنى دەپنە قىلالايتۇق. ئۆلارنىڭ ئىزلىرى قالاتتى. ئۆلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ مەدەت تىلىسەك، ئىزباسار بولىدىغان نەسىللەر يەنە دۇنياغا كېلەتتى! ئەمدى قانداق بولۇپ كېتەر؟ بۇ ھۆكۈمەت بىزنىڭ تىرىكلىرىمىزنىلا قىيناپ قالماي، ئۆلۈكلىرىمىزگىمۇ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ؟ بۇنداق قىلسا ئۆلارنىڭ روھى قورۇلمامدۇ؟ قاچمامدۇ؟

ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ روھى قورۇلۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن بەرىكەت ـ ھوزۇر كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، پاراكەندىچىلىك ـ گۇمراھلىققا يۈز تۇتمايمىزمۇ؟ ئاھ، خۇدا! بىزنى ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!مازار ـ ماشايىقلىرىمىزنى، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالىرىمىزنى قوغدىغايسەن! ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ، قىزىم ئايتۇرسۇننىڭ روھىنى ئۆز دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەتكەيسەن. ئامىن!»

# قىزىم، سېنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم

قاق سەھەر، تۈن قاراڭغۇسى تارقىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، تاڭ تېخى تولۇق سۈزۈلمىگەن ئىدى. ئانارگۈل ئاخشام تېخى بىر ياشقا توشمىغان بالىسىنى ئېلىپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قونۇپ قېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. كۈيۈمچان ئانا ھەرقېتىم ئانارگۈل كەلسە چوڭ ئۆيدە قوندۇرۇۋېلىشنى ئېيتاتتى. ئەمما، ئانارگۈل ئۆيدە ئېرىنىڭ ئۆزىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئانىسىنىڭ يالۋۇرۇشىغا ئۇنىماي قايتىپ كېتەتتى. ئەمما، بۇ قېتىم ئانارگۈل ئانىسىغا ئۆزىنىڭ چوڭ ئۆيدە قونۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، مېھرىبان ئانا باشقىچە خۇشال بولۇپ كەتتى.

نېمىشقىدۇر ئانارگۈل بۈگۈن باشقىچە جىمغۇر بولۇپ قالغان ئىدى. ئانارگۈل ئاپىسىغا تۇنجى پەرزەنتى بولغان بۇ قىزىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئانىسىنىڭمۇ نەۋرىسىنى ئۆزىدەكلا ياخشى كۆرۈشىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئانىسىنىڭ كۆزىگە خېلى ئۇزاق تىكىلىپ قارىۋالدى - دە، خاتىرجەم بولغانلىقىنى ئىپادىلەنگەندەك قىلىپ، پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بىر خىل جىددىيلىشىۋاتقاندەك كۆزلىرى تولا چىمچىقلاپ، زاڭاقلىرى لىكىلداپ كېتىۋاتاتتى. ئانارگۈل كارىۋات يېنىغا كېلىپ بالىسىنى قۇچىقىغا ئالدى ۋە باغرىغا چىڭ بېسىپ، يېنىشلاپ - يېنىشلاپ، بىر قانچىنى سۆيدى. يۈزىنى قىزىنىڭ يۈزىگە يېقىپ خېلى ئۇزاق پۇرىدى، بالا تېخىچە ئويغانماي پۇش - پۇش تىنىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئانارگۈل ئويلىنىپ قالدى: قىزىمنى ئاپامنىڭ يېنىغا قويۇپ قويسام، ئاپام بالىنى ياخشى باقىدۇ، ئۇنىڭدا گەپ

يوق، ئەمما، ئەتىگەندە ئاھالىلەر كومىتېتىغا بارسام، بالاڭ قېنى دېسە نېمە دەردىمەن؟ ئاپامغا بېقىشقا بەردىم دېسەم ئىشىنەرمۇ؟ ئاڭلىسام بالىلارنىمۇ جەننەت باغچىسى دەۋالغان يېتىم بالىلارنى بېقىش ئورنىغا ئېلىپ كېتەرمىش، ئاتا - ئانا ۋە بوۋا - مومىلىرىغىمۇ كۆرسەتمەيمىش! خىتاي تەربىيەچىلەر خىتايچە ئۆگىتەرمىش، ئۆز ئانا تىلىدا گەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلماسمىش، يېمەك - ئىچمەككە نېمە بەرسە شۇنى يېيىشكە مەجبۇرمىش، كىچىك بالىلار قانداقمۇ ھالال - ھارامنى ئايرىشنى بىلسۇن؟ ئەگەر مېنى لاگېرغا ئېلىپ كېتىشسە بالامنى بىر يىل، ئىككى يىل ھەتتا مەڭگۈ كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن. ئاھ! ئۇماق بالام سەندە نېمە گۇناھ؟ مەندە نېمە گۇناھ بار؟ بىزگە نېمە تۆگىمەيدىغان خورلۇق بۇ؟!»

ئانارگۈل يىغلاشتىن تەستە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئانىسى بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىشقا باشلىدى. سائەت سەككىزگىچە ئاھالىلەر كومىتېتىغا بېرىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئاخشام ئاھالىلەر كومىتېتى تەرىپىدىن ئىجتىمائىي نومۇر كۆرسەتكۈچى توقساندىن تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن چاقىرتىلغان ئىدى. قېرىنداشقاندەك يولدا تاكسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، بىر قانچە تاكسى يولدىن ئۆتتى. ئانارگۈل قول كۆتۈرۈپ توسۇۋىدى، ھېچقايسىسى توختىمىدى. چۈنكى، تاكسى شوپۇرى خىتاي ئىدى. ئانارگۈل دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ، ئاراندا بىر ئاپتوبۇس بېكىتىگە يېتىۋالدى. ئاھالىلەر كومىتېتىغا بېرىشقا يىگىرمە مىنۇتتەك ۋاقىت كېتەتتى. سائەت ئاللىقاچان يەتتە يېرىم بولۇپ قالغان ئىدى. ئاپتوبۇس كەلدى. ئەمما، ئادەم تىقما - تىقماق بولۇپ پېتىشمىغانلىقتىن تۇرغۇن ئادەم ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئانارگۈل كىشىلەر ئارىسىدا قىستىلىشىپ ۋە پۇتلىرىنى دەسسىشىپ دېگۈدەك ئاپتوبۇس ئىچىگە كىرىۋالدى. ئاپتوبۇس تولا توختاپ، ئانارگۈلنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ناۋادا ئۇ سائەت سەككىزدىن كېيىن قالسا يەنە نومۇرى تارتىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. سائەت سەككىزگە

بەش مىنۇت قالغاندا ئاپتوبۇس ئانارگۈل تۇرۇشلۇق رايوندىكى ئاھالىلەر كومىتېتىغا يېتىپ كەلدى. ئانارگۈل: «ئۇھ» دەپ ئىچىدە بىرنى تىنىۋالدى ـ دە، ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى. جىرىڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشىك ئېچىلدى، ئانارگۈل كىرىپلا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئاھالىلەر كومىتېتى مۇدىرىنىڭ يېنىدا تولۇق قوراللانغان ئىككى ساقچى قارىشىپ تۇراتتى. ياڭ ئىسىملىك كۆز ئەينەكلىك خىتاي ئايال بىلەن يەنە بىر ئۇيغۇر ئايال ئۇنىڭغا يەۋېتىدىغاندەك ھومۇيۇشۇپ قاراپ «كەل، ئولتۇر» دەپ ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى ۋە ئالدىغا نومۇر كۆرسەتكۈچ دەپتىرىنى تاشلاپ:

ــ كۆردۈڭمۇ؟ سېنىڭ ئىجتىمائىي نومۇر كۆرسەتكۈچۈڭ سەكسەنگە چۈشۈپ قالدى، شۇڭا بىز سېنى «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئەۋەتىشنى قارار قىلدۇق! ـ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئانارگۈل ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى ــ دە، بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ:

ــ مەن ھېچقانداق خاتا ئىش قىلمىدىمغۇ؟ ــ دېدى.

ــ بىزنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرىمىز تولۇق. جىنايەتلىرىڭنىڭ ھەممىسى سىنغا ئېلىنغان، جىنايەتلىرىڭنى بۇ يەردە ئەمەس، سوراقخانىدا تاپشۇرىسەن!

«ئېلىپ مېڭىڭلار!» دېگەن ئاۋاز بىلەن ئىككى ساقچى كېلىپ، ئانارگۈلنىڭ قولىغا كويزا سالدى، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ ئىتتىرگەنچە ھەيدەپ، ساقچى ماشىنىسىغا ئېلىپ چىقىشتى، ئالاھەزەل يىگىرمە مىنۇتتەك ماڭغاندىن كېيىن ماشىنا توختاپ، ئانارگۈلنى «شەھەرلىك بىرىنچى كەسپىي تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان بىر يەرگە ئېلىپ كېلىشتى، ئىككى قېتىم دەرۋازا ۋە ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازىدىن كېيىن ماشىنىنى توختىتىپ، ئانارگۈلنىڭ بېشىدىكى خالتىنى ئېلىۋەتتى. ئانارگۈل ئۆزىنى نۇرغۇن تۆمۈر ئىشىكلىرى بولغان، ساقچىلار كارىدوردا

قوراللىق كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان بىر يەردە كۆردى. بىردەمدىلا ئاق خالات كىيگەن، دوختۇرغا ئوخشايدىغان بىر ئەر، بىر ئايال ئىككى كىشى پەيدا بولدى.

ــ ئاچ بىلىكىڭنى! ـ دېگەن ئاۋازدىن ئانارگۈل چۆچۈپ كەتتى ۋە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلار يەنە ۋارقىرىدى:

ــ بىلىكىڭنى ئاچ دەۋاتىمىز!

شۇندىلا ئانارگۈل خىتايچە دېيىلگەن بۇيرۇقنى ئاڭقىرىدى ۋە بىلەكلىرىنى ئاچتى. ئاق خالاتلىق ئايال ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكىدىن قان ئالدى، يەنە بىرسى سول قولىغا ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان نامەلۇم بىر ئوكۇلنى ئۇردى ۋە قولىغا بىر تال دورا بېرىپ:

ــ بۇنى ئىچكىن! ـ دەپ قاراپ تۇرۇشتى. ئانارگۈل بېشىنى چايقاپ:

ــ ياق! مەن ئىچمەيمەن. مەن كېسەل ئەمەس! ـ، دېۋىدى، يېنىدا قاراپ تۇرۇشقان ساقچىلار: سېنىڭ كېسىلىڭنى بىز بىلىمىز، ئاچ ئاغزىڭنى! ـ دېدى ـ دە، ئانارگۈلنىڭ ئاغزىنى مەجبۇرى ئاچقۇزۇپ، دورىنى ئىچكۈزۈۋەتتى ۋە مەجبۇرى كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئاندىن ئەينەكلىك ساندۇق ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنى تىزگىنەك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئايلاندۇردى. بىر مىنۇتتەك ۋاقىتتىن كېيىن ئەينەكلىك ساندۇق توختىدى. ئاندىن ئانارگۈلنى ساندۇقتىن چىقىرىپ، كىيىملىرىنى تاشلاپ بەردى. ئانارگۈل كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە قولىغا كويزا، پۇتىغا كىشەن سېلىپ سوراقخانىغا ئېلىپ كىردى.

ــ ئاۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇر! ــ دەپ بىر قارا ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى. ئاندىن ئانارگۈلنىڭ پۇت ــ قولىنى ئورۇندۇققا چېتىپ باغلاپ قويدى:

ــ قېنى؟ جىنايىتىڭنى تاپشۇر! ــ دەپ ۋارقىرىدى بىر ئورۇق، ئېگىز بويلۇق كەلگەن، دوناي كالپۇك خىتاي ساقچى.

ــ مەندە ھېچقانداق جىنايەت يوق! ــ دېدى ئانارگۈل

چۇشەنمىگەندەك قىلىپ.

ــ مەندە جىنايەت يوق دەمسەن؟ بىز ھازىرلا سېنىڭ جىنايەتلىرىڭنى كۆرسىتىپ قويىمىز. مانا بۇ سېنىڭ نومۇر دەپتىرىڭ. سېنىڭ ئىجتىمائىي كۆرسەتكۈچ نومۇرۇڭنىڭ سەكسەنگە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئۆزى جىنايەت! سەن ئۈچ قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ. بۇنىڭ ئىسپاتى شۇكى سەن ئۈچ قېتىم ۋىدىيوغا چۈشۈپ قالغان. بىزنىڭ ئاسماندا تور، يەردە قاپقان قۇرۇپ قويغانلىقىمىزنى بىلمەمسەن تېخى؟ ــ دەپ ئۈچ پارچە رەسىمنى كۆرسەتتى. بۇ ئۈچ پارچە رەسىم بىنا ئالدىدىكى كامېرادىن، ئۆي ئىشىكىگە ھەم ئۆي ئىچىگە ئورنىتىلغان«رەقەملىك كود» بىلەن باشقۇرۇلىدىغان شىفىرلاشقان كۆزىتىش ئۈسكۈنىسى بىلەن تارتىۋېلىنغان كۆرۈنۈش رەسىملىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا: «بىرىنچى جىنايەت قىلىپ، ئانارگۈلنىڭ بېشىغا ياغلىق چىگكەن ھالدا ئىشىكتىن چىقىۋاتقان كۆرۈنۈشى بېكىتىلگەنىدى. ئۇ كۈنى سىرتتا يامغۇر ئارىلاش قار يېغىپ كەتكەچكە ئانارگۈل بېشىغا ياغلىق ئارتىۋالغان ئىدى، ئىككىنچى رەسىم بولسا، بىر كۈنى يولدىشىنى سەپەرگە ئۇزىتىۋېتىپ «سىزنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، ئامان بۇلۇڭ» دېگەن ئۇزىتىش سۆزلىرى ئىدى. ئۈچىنچىسى بولسا، يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدا بىر خىتاي يولۇچى ئۇنىڭ پۇتىنى دەسسىۋېتىپ، ئەپۇ سوراشنىڭ ئورنىغا «پۇتۇڭنى تارت» دەپ ۋارقىراپ كەتكەندە، ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويغان بىر كۆرۈنۈش ئىدى. ھەر بىر كۆرۈنۈش ئۈچۈن بەشتىن نومۇر تارتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى توقسان بەش نومۇرى سەكسەنگە چۈشۈپ قالغان ئىدى.

ــ بۇنىڭغا قول قوي! ــ دەپ «جىنايەت ئىقرارنامىسى»نى كۆزىگە تەڭلىدى يەنە بىر سېمىز، پاكىنەك كەلگەن قىسىق كۆز ساقچى ۋارقىراپ تۇرۇپ. ئانارگۈل ئورۇندۇقتا چېتىپ قويۇلغان قولىغا قاراپ:

ــ قولۇم بۇنداق تۇرسا، قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا قول قويالايمەن؟

ــ دەپ پەس ئاۋازدا سورىدى.

— مانا قەلەم! - دەپ زەردە بىلەن بىر تال قەلەمنى ئانارگۈلنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئەمما، كويزىنى ئالماستىنلا قەغەزنى «نومۇر دەپتىرى» نىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قۇچىقىغا تاشلاپ قويدى. ئانارگۈلنىڭ قولى ئورۇندۇقنىڭ يان تەرىپىگە باغلاپ قويۇلغاچقا ھەرقانچە قىلىپمۇ قەغەزگە قولىنى يەتكۈزەلمىدى.

«ھى، ھى، ھى» دېگەن خىرقىراپ كۈلگەن ئاۋازدىن ئانارگۈل بىر نېمىنى سەزگەندەك بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قارىۋىدى، ساقچىلار قوراللىرىنى بىر چەتكە قويۇپ قويغان بولۇپ، ئۆز - ئارا كۆز قىسىشىپ، كىيىملىرىنى سېلىشىۋاتاتتى. ئانارگۈلنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى - دە،

— سەنلەر نېمە قىلىشماقچى؟ ھايۋانلار! - دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى، ساقچىلاردىن بىرسى دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئانارگۈلنىڭ ئاغزىغا بىر تال قاتلانغان لاتىنى تىقىپ قويدى. ئانارگۈل ھەرقانچە قىلىپمۇ ۋارقىريالمىدى. پاكىنەك كەلگەن قىسىق كۆز ساقچى ئانارگۈلنىڭ قولىنى يېشىپ، كويزىنى ئالدى ۋە ھاياسىزلارچە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، تۆۋەنگە قايرىشقا باشلىدى. يەنە بىرى قەغەزنى يېقىن ئەكېلىپ تۇتۇپ بەردى، ئانارگۈل ھەرقانچە قىلىپمۇ قولىنى بوشىتالمىدى. ساقچىلار ئۇنىڭغا مەجبۇرى ئىمزا قويدۇرۇۋالدى - دە، قەغەز - قەلەمنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سۆيۈشكە، كۆكسىنى مۇجۇشقا باشلىدى. ئانارگۈل تىركىشىپ قارشىلىق قىلاتتى، ساقچىلار ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئورۇندۇقتىن يەرگە چۈشۈرۈپ بېسىۋېلىشتى ۋە ئانارگۈلنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇشقا جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇنۇشتى ۋە بىردەمدىلا ئانارگۈلنىڭ كۆينەك - ئىشتانلىرىنى سالدۇرۇۋېلىشتى. كۇسار بىلەنلا قالغان ئانارگۈل قاتتىق قارشىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن يېنىك بىر ئاۋاز شىۋىرلىغاندەك چىقىۋاتقان بولۇپ: «مەن نومۇسۇمنى قەتئىي قوغدايمەن. سەنلەر مېنىڭ ئىپپىتىمنى ئۆلسەممۇ دەپسەندە قىلالمايسەن، مەندە نۇزۇگۇمنىڭ قېنى بار!» دېگەندەك قىلىۋاتاتتى،

ئانارگۈل كۆسىرىنىڭ بېغىنى قاتتىق چىڭ تۇتۇۋالغان بولۇپ، ساقچىلار ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆسارنى سالدۇرالمىدى، ئەمما، بىرسى ئانارگۈلنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالغان بولۇپ، ئانارگۈل بىرلا تولغۇنۇپ، ئۇنى يەرگە دومىلىتىۋەتتى. ئەمدى يەنە بىرسى ئۈستىگە تاشلانغان ئىدى، ئانارگۈل ئۇنىمۇ بىرلا سىلكىنىپ يان تەرەپكە چۆشۈرۈۋەتتى. مۇشۇنداق پومداقلىشىپ يۈرۈپ، ئۇلارسوراقخانىنىڭ ئۇ بىر تەرىپىگە بېرىپ قېلىشقان ئىدى. ساقچىلا «ئەييا، ئەييا» دېيىشىپ يەنە ئانارگۈلنىڭ ئۈستىگە تاشلانماقچى بولۇۋىدى، ئانارگۈل بىرلا ئېغىناپ يەنە بىر تام تۈۋىگە بېرىۋالدى. دەل شۇ ئەسنادا يېنىدىلا تۇرغان ساقچىلارنىڭ ئاپتوماتىغا كۆزى چۈشتى - دە، بىر تال ئاپتوماتنى قولىغا ئېلىۋالدى ۋە ساقچىلارغا قاراتتى. ساقچىلارنىڭ بىرسى جايىدا جىممىدە قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدى. ئەمما پاكىنەك، قىسىق كۆز ساقچى قولىغا بىر تال كالتەكنى ئېلىۋالغان بولۇپ، ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئانارگۈلگە غايىبتىن بىر كۈچ «ئات!» دېگەندەك قىلدى. «تات - تات - تات......» قىلغان ئوق ئاۋازى كامېردىن چىقىپ كارىدورنى ياڭرىتىۋەتتى. ئانارگۈل ئاپتوماتنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتكەن ئىدى. پاكىنەك ساقچى چوشقىدەك چىرقىرىغانچە يەرگە دۈم چۈشتى، ئوق ئاۋازى ئاڭلانغاندىن كېيىن، يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي چېلىنىپ، سىگنال ئاۋازى كامېرنى سايرىتىۋەتتى. كامېر ۋە سوراقخانا ساقچىلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى. ئانارگۈل قورقۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئاپتوماتنى تاشلىۋاتقان بولۇپ، تامغا يۆلىنىپ، يەرگە قارىغانچە جىم ئولتۇراتتى. ساقچىلار كامېرغا بىمالال بېسىپ كىردى ۋە ئانارگۈلنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ ئېلىپ چىقىشتى. پۈتۈن لاگېر ساقچى - ئەسكەرلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، تۇتقۇنلار نەدە بولغان بولسا شۇ يەرگە قاپسىۋېلىندى. ساقچى - ئەسكەرلەرنىڭ ئۇياق - بۇياققا مېڭىشىپ، قورال ھەيۋە قىلىشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق بىر سادا يوق ئىدى. بىر ھازادىن كېيىن ماشىنىلارنى ھۆيقۇتىشىپ، ئون نەچچە ساقچى ماشىنىلىرى

لاگېرغا بورانـدەك كىرىـپ كېلىشـتى. بەلكـى، يۇقىرىدىـن كەلگـەن ئەمەلـدارلار بولسـا كېـرەك، ھەممىسـى دېگـۈدەك سـەمرىپ چوشـقىدەك تىقىلىـپ كەتكـەن بولـۇپ، سېمىزلىكىدىن قەدەملىرىنـى ئـاران ـ ئـاران ئېلىـپ مېڭىشـىپ، لاگېـر ئىشخانىسـىغا كىرىـپ كېتىشـتى. ئانارگۈلنىمـۇ ئـون نەچچـە سـاقچى پـۇت ـ قولـى كىشـەنلەنگەن ھالـدا ئىشـخانىغا ئېلىـپ كىرىشـتى.

ــ قانچىلىـك يۈرىكـى يوغـان نېمىكـىن دېسـەم كىچىككىنـە بىـر نېمىكەنسـەنغۇ؟ بىزنىـڭ مۇنـەۋۋەر خەلـق سـاقچىلىرىمىزنى ئېتىشـقا قانـداق پېتىنىدىـڭ؟ ــ دەپ ئانارگۈلگـە ۋارقىرىـدى يوغـان قورسـاق كەلگـەن باشـلىق چىـراي بىرسـى.

ــ مۇنـەۋۋەر سـاقچىمىش! باسـقۇنچىلار، بىگۇنـاھ خەلقنـى بـوزەك قىلىدىغـان قاراقچىـلار، ئۇلارنـى قانداقمـۇ خەلـق سـاقچىلىرى دېگىلـى بولسـۇن؟ ــ دەپ جـاۋاب قايتـۇردى ئانارگـۈل.

ــ ھىـم، گېپىـڭ يوغانغـۇ سېنىڭ! دەپ باقە سـەن قورال ئېتىشـنى نـەدە ئۆگەنگەن؟

ــ مـەن بـۇرۇن قـورال ئېتىشـنى بىلمەيتتـىم، بۇگـۈن مـاڭا پەرىشـتىلەر ئۆگەتتـى، ئاللاھ كـۈچ بـەردى.

ــ نېمـە ئـۇ پەرىشـتە، ئاللاھ دېگەنلىرىـڭ، سـەن بىزنىـڭ كوممۇنىسـت پارتىيەمىزنىـڭ كـۈچ ــ قۇدرىتىنـى بىلمەيدىكەنسـەندە؟

ــ ئاللاھ ھەممىدىـن كۈچلۈكتـۇر! ــ دەپ قورقماسـتىن جـاۋاب بـەردى ئانارگـۈل.

ــ ھـەي، ئەسـەبىي بۆلگۈنچـى! تېرورىسـت ئۇنسـۇر، نېمە دەيسـەن؟ پارتىيەمىزگـە تىـل تەگكۈزۈشـكە قانـداق پېتىنىدىـڭ؟ ــ دەپ ۋارقىـراپ كەتتـى بـۇ چوشـقىدەك سـەمرىپ كەتكـەن باشـلىق خىتـاي خىرقىـراپ.

ــ ئېلىـپ مېڭىـڭلار! بۇنىڭغـا بىـز پارتىيەمىزنىـڭ كـۈچ ــ قۇدرىتىنـى كۆرسـىتىپ، پرولېتارىيـات دىكتاتورىسـىنىڭ تەمىنـى تېتىتىـپ قويۇشـىمىز كېـرەك! ئېتىـپ تاشلىشـىمىز كېـرەك!

ئـون نەچچـە سـاقچى قوراللىرىنـى بەتلەشـكەن ھالـدا «مـاڭ،

مـاڭ!» دېيىشـىپ، ئانارگۈلنـى ئىشـخانىدىن ئېلىـپ چىقىـپ، سـاقچى ماشىنىسـىغا بېسـىپ ئېلىـپ مېڭىشـتى.

ماشـىنا يولـدا كېتىۋاتقانـدا، ئانارگـۈل ئاسـمانغا قـاراپ، لەۋلىرىنـى مىدىرلىتىــپ بىرنېمــە دېگەنــدەك قىلىۋاتاتتــى. بەلكــى ئــۇ كــۆك ئاسـماندىن پەرىشـتىلەرنى ئىزدىگەنـدۇ! پەرىشـتىگە ئانامغـا، قىزىمغـا مېنىـڭ خەۋىرىمنـى يەتكۈزگــىن، مــەن ئۈچــۈن پېشانىســىنى ســىلاپ، ئومـاق لېۋىگــە سـۆيۈپ قويغــىن دېگەنــدۇ؟ بەلكــى يەنــە ئالالاھقــا: قىزىمنـى سـاڭا تاپشـۇردۇم! ئۇنـى ئـۆز پاناھىڭـدا سـاقلىغىن! مـەن ئۇنـى جەننەتتــە كۈتىمــەن دەۋاتقانــدۇ!؟...

## هايۋان قوغداش ناماىيشىدىن تۇغۇلغان ھېسلار

ئۆكتەبىر ئېيى يېتىپ كېلىپ، دەرەخ غازاڭلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. سانسىزلىغان دەرەخ ياپراقلىرى چىملىقلارنى ئورىۋالغاچقا، يېشىل تەبىئەت بىردىنلا ئۆزگىرىپ، خۇددى زەر - كىمخاپتىن تون كىيىۋالغاندەك سېرىق رەڭگە پۈركەلگەن ئىدى.

ئىش ماشىنامنى ھەيدەپ مارس كوچىسىدىن ئۆتۈۋېتىپ، شەھەرلىك سېرك تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن ئادەمنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار يوغان بىر پىلنىڭ رەسىمىنى كۆتۈرۈشىۋالغان ئىدى. ھەممە يېنىك ئاۋازدا «ھايۋانلارنىڭ ياشاش ھەققىنى قوغدايلى! ھايۋانلار قەپەسكە سولانمىسۇن! سىلەر بېقىۋاتقان ئويۇنچۇق پىل ۋە مايمۇنلار ئۆز ئەركىنلىكىگە قويۇپ بېرىلسۇن!» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاۋاتاتتى. مەن ماشىنامنى بىر بوش يەرگە توختىتىپ قويۇپ، بىر قەدەم - ئىككى قەدەم چامداپ، ئاستا ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم ۋە ناماىيشچىلارغا سەپ سالدىم. ئۇلارنىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىنى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار، ئۇچتىن بىرىنى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەر تەشكىل قىلاتتى ۋە ھەممىسى دېگۈدەك گېرمان مىللىتىدىن ئىدى. مەن ناماىيشچىلارنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ، بىر ئوتتۇرا ياشلىق كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردۇم ۋە ئۇ كىشىگە سالام بەردىم:

— ياخشىمۇسىز؟

— ھەئە. مەن ياخشى! سىزچۇ؟

— ئەلۋەتتە! مەنمۇ ياخشى. — دەپ جاۋاب بەردىم ۋە بۇ مېھرى ئىللىق كىشىدىن سورىدىم:

— ئەپەندىم، بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن نامايىش قىلىۋاتىسىلەر؟

— بىز ھايۋانلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن بۇ يەرگە يىغىلدۇق. بۇ سېرىك ئۆمىكى بۇيەردىكى ئىككى پىل ۋە بىرقانچە مايمۇننى قەپەسكە سولاپ بېقىۋېتىپتۇ. بۇ بىر ھايۋانلارغا قىلىنغان زۇلۇمدۇر. ئۇلارنى ئويۇنچۇق قىلىپ پايدىلىنىۋېتىپتۇ. نېمىشقا ئۇلار بۇنداق قىلىدۇ؟ ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىغا ئەركىن ياشىشى ئۈچۈن قويۇۋېتىلىشى كېرەك! — دېدى ۋە بىردىنلا چىرايىنى تۈرۈپ، ماڭا قاراپ سوئال قويدى:

— سىزچە قانداق؟ بۇلارنىڭ قىلغىنى توغرىمۇ؟

مەن دەرھال جاۋاب بېرەلمەي دۇدۇقلاپ كەتتىم:

— توغرا دەيسىز ئەپەندىم! ھايۋانلارغىمۇ ياشاش ھوقۇقى بېرىلىشى كېرەك! ئۇلار سولاپ قويۇلماسلىقى كېرەك. — دېدىم — دە، كۆزۈمدىن بىر تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. ئۇ ئادەم ماڭا قاراپ ھەيران قالدى — دە، مەندىن سورىدى:

— نېمە بولدى سىزگە ئەپەندىم! سىزنىڭمۇ بىرەر نەرسىڭىز (ھايۋىنىڭىز) سولاپ قويۇلغانمىتى؟

مەن يېشىمنى سۈرتكەچ بۇ ئادەمگە مۇنداق جاۋاب بەردىم:

— ھەئە، ئەپەندىم. مېنىڭ نۇرغۇن سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم سولاپ قويۇلدى. ئۇلار سىز ئويلىغاندەك ھايۋان ئەمەس بەلكى بىزگە ئوخشاش ئادەمدۇر. — دېدىم ۋە داۋام قىلدىم، — ھازىر مېنىڭ ۋەتىنىمدە مىليونلىغان ئىنسان تۈرمە ۋە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولاپ قويۇلدى. يەنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتى ئۈستى ئۈچۈق تۈرمىدە ياشىماقتا. ئۇلار سىزگە ۋە سىزنىڭ خەلقىڭىزگە ئوخشاش ئەركىن ياشىيالمايدۇ. يول — يول ۋە كوچا — مەھەللىلەرگە ئورنىتىلغان مىليونلىغان كامېرالار بىلەن كۈزۈتۈلۈپ، نېمە قىلىۋاتقانلىقى كونترول قىلىنىدۇ. ھېچكىم ئەركىن پىكىر قىلالمايدۇ ۋە يازالمايدۇ. ئادەملەر ھەر يەردە، خالىغانچە تۇتۇپ تەكشۈرۈلىدۇ. ھېچكىم قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە سورىماي كىرەلمەيدۇ. بىر شەھەردىن

باشقا بىر شەھەرگىمۇ سورىماي بارالمايدۇ. ــ دەپ جاۋاب بەردىم.

بۇ ئادەم چۆچۈپ كەتكەندەك بىر سىلكىنىپ قويۇپ، مېنىڭ يېنىمغا يېقىنراق كېلىپ يەنە سوراشقا باشلىدى:

ــ قايسى ئادەملەر، قايسى جايدا مۇشۇنداق خورلىنىۋاتىدۇ؟ كىم ــ كىمنى خورلاۋاتىدۇ؟

ــ ئەپەندىم سىز بىلمەيدىكەنسىزدە؟ ــ دېدىم ۋە قىسقىچە چۈشەندۈردۈم:

ــ مېنىڭ دۆلىتىم شەرقىي تۈركىستاننى 1949 ـ يىلى خىتايلار بېسىۋالغان ئىدى. بىز ئۇ يەردە ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان بىر قانچە قېرىنداش مىللەتلەر باراۋەر ـ ئىناق ياشاپ كەلگەن ئىدۇق. خىتاي كوممۇنىستلىرى بېسىۋالغاندىن بۇيان بىزنىڭ ھەممە ھوقۇقىمىزنى تارتىۋالدى. ئۇلار بىزنى ئۆزى خالىغانچە باشقۇرىدۇ. سوت ـ سوراقسىز تۇتۇپ سولايدۇ. ئەركىن سۆزلىگىلى، يازغىلى رۇخسەت قىلمايدۇ. چەتئەللەرگە بېرىپ ــ كېلىش ئۈچۈن پاسپورت بېرىلمەيدۇ.

جاۋابىمنى ئاڭلىغان بۇ ئادەمنىڭ غەزەپتىن چىرايى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ماڭا تېخىمۇ يېقىنراق كېلىپ يەنە سورىدى:

ــ ئەپەندىم! بۇ ئىش بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دۇنيادا، مۇشۇ زاماندا بولۇۋاتامدۇ؟

ــ ھەئە ئەپەندىم! شۇنداق، دەل مۇشۇ زاماندا 21 ـ ئەسىردە بولۇۋاتىدۇ. ــ دەپ قوشۇپ قويدۇم.

ــ ئۇنداقتا سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش نامايىش قىلىڭلار، بۇنىڭ پايدىسىنى دەرھال كۆرىسىلەر، سىز بىر ئاز ئىلگىرى بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ ئەھۋال ئىگىلىگەن ئېگىز ئادەمنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ كىشى مۇشۇ سېبرك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. بايا بۇيەرگە كېلىپ بىزنىڭ ئەرزىمىزنى ئاڭلىدى ۋە بىزدىن ئەپۇ سورىدى. ــ دەپ ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. مەن ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ئۇلاپلا:

ــ ئەپەندىم! سىز دېگەندەك بىز ھەريىلى 5 ـ 10 قېتىم نامايىش

قىلىمىز. مەن گېرمانىيەگە كەلگەندىن بۇيان 100 قېتىمدىن ئارتۇق نامايىش قىلىپ خىتايلارغا نارازىلىق بىلدۈردۇق. ھەر قېتىممۇ خىتاي باشلىقلىرى چىقىپ بىزنىڭ دەردىمىزنى ئاڭلاپ باقمىدى. 2009 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ياشلىرى تىنچ شەكىلدە نامايىش قىلغان ئىدى. قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ بولمىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتى قوراللىق ئەسكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ قىرىپ تاشلىدى ۋە نۇرغۇن ئادەمنى تۇتۇپ تۈرمىگە سولىدى. ھازىرغىچە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئىز - دېرىكى يوق. - دېدىم ۋە بۇ ئادەم يەنە قانداق ئىپادىدە بولار دەپ چىرايىغا قارىدىم. بۇ ئادەم بۇرۇنقىدىنمۇ بەك قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، قاتتىق غەزەپكە كەلدى - دە، يەنە ماڭا قاراپ بۇرۇنقىدىن سەل ئۆزلۈكرەك قىلىپ سۆزلەپ كەتتى:

- ئەپەندىم! مەن ھازىرقى ۋاقىتتا نامايىش قىلغانلارنى قىرغىن قىلدى دېگەننى ئاڭلاپ باقمىغان. ئەگەر راست شۇنداق بولىدىغان بولسا بۇ ئىنسانىيەتكە قىلىنغان ئېغىر جىنايەتتۇر. بۇنداق جىنايەتلەرنى خەلقئاراغا بىلدۈرۈشۈڭلار، «ب د ت»غا خىتايلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشىڭلار كېرەك ئىدىغۇ! سىلەر بۇنى قىلمىدىڭلارمۇ؟

- ئەلۋەتتە ئەپەندىم! بىز بۇ ئەھۋاللارنى «ياۋروپا پارلامېنتى» ۋە «ب د ت»غا بىلدۈردۇق، بىزنىڭ ئۇيغۇر ۋەكىللىرى ھەر يىلى جەنۋەدە ئېچىلىدىغان «ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى»نىڭ ھەر يىللىق يىغىنىغا قاتنىشىدۇ ۋە بۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما، يىغىنغا كەلگەن خىتاي ۋەكىللىرى بۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇيغۇرلارنى «تېرروررچى، بۆلگۈنچى» دەپ قارا چاپلاپ، يىغىندىن چىقىرىۋېتىشقا ئۇرۇنىدۇ. - دەپ جاۋاب بەردىم.

ئۇ ئادەم بۇنىڭغا تېخىمۇ ھەيران بولدى ۋە يېقىن كېلىپ، قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى:

- ئەپەندىم! سىلەر يەنە توختىماي نامايىش قىلىڭلار!

ئەرزىڭلارنى توختاتماي داۋاملىق قىلىۋېرىڭلار! دۇنيا خەلقى سىلەرگە ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ. «ياۋروپا پارلامېنتى» ۋە «ب د ت» ھامان بىركۈنى سىلەرنىڭ ئەرزىڭلارنى ئاڭلايدۇ! سىلەرگە ئىگە چىقىدۇ.
ــ دەپ ماڭا تەسەللى بەردى. بۇ ۋاقىتتا نامايىشنىڭ ۋاقتى توشقان بولۇپ، كىشىلەر ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ ئادەممۇ ئۆزىنىڭ ماڭا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مەن بىلەن خوشلاشتى.

ھەممە نامايىشچىلار تارقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ مەن كەتمەي يالغۇز قالدىم ۋە مۇنداق خىياللارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم: «دۇنيادا ھايۋان ھەقلىرى ،ھايۋانلارنى قوغداش دېگەندەك ئىشلار بولغان ۋە ئەمەلىيلىشىۋاتقان ئەھۋالدا نېمىشقا ئىنسان ھەقلىرى، جۇملىدىن دەپسەندە قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھەق ـ ھوقۇقى قوغدالمىسۇن؟ چوقۇم قوغدىلىشى كېرەك!. ئۇيغۇرلار چوقۇم تارتىپ ئېلىنغان مۇستەقىللىق ۋە ئىگىلىك ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك!».